ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە

4



مىللەتلەر نەشرىياتى · بېيجىڭ



ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە

(تارىخىي رومان)

4

مىللەتلەر نەشرىياتى



ياسىنجان سادىق چوغلان ◆ 2003 - يىل

## 74

شۇ كۈنلەردە كۆز پەسلى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە رەقىبى يادىكار مۇھەممەد مىرزىنى مەغلۇپ قىلىپ، قىشنى ھىرات شەھىرىدە ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈككەن ھۈسەيىن بايقارا ئالدىراپ قالغانىدى. ھەئە، سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھاكىمىيەت تىكلەش ئارزۇسى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كەتكەن، ھىراتنى خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ياردىمىسىز ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ھىراتقا ئالدىراپ لەشكەر تارتقان خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن كۆرۈنۈشتە بىرلەشكەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئازغىنە لەشكىرى بىلەن ھە ـ ھۇ قىلىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئاساسلىق لەشكىري كۈچىنى مىدىرلاتمىدى. خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن يادىكار مۇھەممەد مىرزا بىرنەچچە قېتىم قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. پۇختا تەييارلىق كۆرگەن يادىكار مۇھەممەد مىرزا ھىرات شەھىرىنى مەھكەم ساقلاپ مۇداپىئەدە تۇرۇۋالغانىدى. ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرۇۋېرىشتىن زېرىكتى. ئۇ يا شەھەرنى ئالالماي، ياكى لەشكەرلەرنى چېكىندۈرۈپ كېتەلمەي تۇرغان پەيتتە، ئايغاقچىلىرى سەمەرقەنتتىكى بىر قىسىم پېشقەدەم ئەمىرلەرنىڭ سەمەرقەنت تەختىگە ئىنىسى سۇلتان مۇھەممەد مىرزىنى ئولتۇرغۇزۇشنى مەسلىھەتلەشكەنلىك ھەققىدىكى مىش ـ مىش خەۋەرنى يەتكۈزدى. بۇ خەۋەر ئۇنىڭ يادىكار مۇھەممەد مىرزىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتا قىساسىنى ئېلىش ئارزۇسىنى بىردىنلا سو-

ۋۇتىۋەتتى. گەرچە خانلىق تەختكە چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىدى-
غانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئاتا قې-
ساسىنى ئېلىشقا ئالدىراپ، تاج كىيىپ، تەختتە ئولتۇرۇش مۇرا-
سىمى ئۆتكۈزمىگەن، ئۆزىنى ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنىڭ قانۇن-
لۇق ھۆكۈمدارى دەپ جاكارلىمىغانىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ
كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. ئۇ سەمەرقەنت تەختگاھىنى ئىنىسىغا
تارتقۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىدى ـ دە، ھىراتنى قامالدىن بوشى-
تىپ، بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن سەمەرقەنتكە قاراپ
يول ئالدى.

ۋەزىيەتنى ئىنچىكە تەھلىل قىلغان ھۇسەيىن بايقارا سەمەر-
قەنتكە قايتقان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ پات يېقىندا يادىكار
مۇھەممەد مىرزىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئالدىرىمايدىغانلىقىنى
جەزملەشتۈردى.

«خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئىنىلىرىدىن ۋايىم يەپ قال-
غان بولسا، ئەمدى سەمەرقەنت تەختگاھىدىن ئالدىراپ ئايرىلماي-
دۇ، يېڭىدىن قولىغا ئالغان سەلتەنەت ئاساسىنى پۇختىلىۋالماي،
ئىنىلىرى ھەم ئوردىسىدىكى ئەمىر ـ بەگلىرىنىڭ ساداقىتىگە
كۆڭۈل توختاتماي تۇرۇپ لەشكىرىي كۈچىنى خوراتمايدۇ. ئەگەر
ئۇ سەمەرقەنتتە مىدىرلىماي تۇرۇۋەرسە، يادىكار مۇھەممەد مىرزا
باشچىلىقىدىكى شاھرۇخىيلەر ھىراتنى مەركەز قىلغان سەلتەنەت-
نى تېخىمۇ مۇستەھكەملىۋالىدۇ، بەلكىم مېنى خۇراساندىن ھەي-
دەپ چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىدەك
كاتتا ھۆكۈمدار ئۆلۈپ كەتكەن بىلەن، مىرانشاھلار ئەۋلادىغا سەل
قاراشقا بولمايدۇ. ئۇلار يەنىلا كۈچلۈك، ئالدىراپ تەڭ كېلىش
مۇمكىن ئەمەس. ئاخىرقى ھېسابتا قاراپ تۇرۇپ تاجۇ تەختىسىز،
زېمىن ـ تەسەررۇپسىز قالىدىغىنى مەن بولۇپ قالامدىمەن ـ نې-
مە؟ توغرا، ھازىر يادىكار مۇھەممەد مىرزا ۋاقىتلىق ئۇستۇنلۇكنى
ئىگىلىگەندەك قىلغان بىلەن، ئۇنىڭ سەلتەنەت ئاساسى پۇختا ئە-
مەس. سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ھە دېگەندە ھىراتنى ئالالماسلى-

قىدىكى سەۋەب ـــ ئاتا قىساسىنى ئېلىشقا ئالدىراپ، جەڭ تەدبىـ
ـرىگە سەل قارىغانلىقىدا. مەن يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىـ
ۋەتنى ساقلاپ، يادىكار مۇھەممەد مىرزىنى يېتىم قالدۇراي.
ھىراتقا لەشكەر تارتىشقا ئالدىرىماي، ئەھۋالنى پۇختا كۆزىتەي،
قاراملىق قىلسام زىيان تارتىمەن. سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ تۇـ
مەنلىگەن لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرالىغان يادىكار مۇھەممەد
مىرزا مېنىڭ نەچچە مىڭ لەشكىرىمگە ئابايامىلا تاقابىل تۇرالايدۇ.
ئۇنى مەغلۇپ قىلىش ئۇچۇن لەشكەرگە ئەمەس، تەدبىرگە تايىناي.
كۆز ئاخىرلىشىپ بولغۇچە ھىراتنى قولۇمغا ئېلىۋالسام سۇلتان
ئەھمەد مىرزىدىن ۋايىم يېيىشىمنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ...»

سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ تۇيۇقسىزلا قامالنى بوشىتىپ
لەشكەر چېكىندۇرگەنلىكىنى كۆرگەن يادىكار مۇھەممەد مىرزا
بۇنى رەقىبىنىڭ ئاجىزلىقى دەپ چۈشەندى. ئۇنىڭ سەمەرقەنتكە
قايتىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندا بولسا خاتىرجەم ھالدا ئوـ
يۇن ـ تاماشاسىنى باشلىۋەتتى. ھىرات ئوردىسىدىكى ئەمىر ـ
سەركەردىلەر ئەمدىلا ئون توققۇز ياشقا كىرگەن بۇ سۇلتاننى كۆـ
يۈ ئوغۇل قىلىۋېلىش ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭ ئىشەنـ
چىگە ئېرىشىپ، يۇقىرى مەنسەپ ـ مەرتىۋىگە، ئىمتىيازلارغا ئېـ
رىشىش ئۇچۇن بەس ـ بەستە مېھماندارچىلىق، باراۋەتلەرنى ئوـ
يۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا كىرىشكەنىدى.

سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرغانلىـ
قىنى مۇبارەكلىگەچ، ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق يادىكار مۇھەممەد
مىرزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ تۇرۇۋاتقان ھۈسەيىن بايقارا ھە
دېگەندە ھىراتقا لەشكەر تارتىشقا ئالدىرىمىدى.

«ئاشكارا ھەرىكەت قىلىپ رەقىبىمنى چۆچۈتۈپ قويماي،
پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ بىر قېتىمدىلا نۇسرەت قازىنىشنى قولغا
كەلتۈرەي. ھازىرچە يادىكار مۇھەممەد مىرزا غەلىبىسىگە مەست
بولۇپ شارابازلىق قىلغاچ تۇرۇۋەرسۇن.»

※ ※ ※

مۇرغاب ۋادىسى كۆز كېلىشى بىلەن خۇددى تولغان
جۇۋانلاردەك باشقىچە گۈزەللىشىپ كەتكەندى. بىشىدىن نۇرغۇن
ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن ھۇسەيىن بايقارا سەركەردىلە-
رىنى ئەۋەتسە مۇھىم ئىشلارنى دەل ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلالماي
چوڭ ئىشقا دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئازغىنە
نۆكەرلىرى بىلەن مۇرغاب ۋادىسىنىڭ ھىراتقا يېقىن بۆلىكىگە
كېلىپ يوشۇرۇنغانىدى. شۇڭلاشقا، ماڭغۇزغان ئايغاقچىلىرى
ھىراتقا ئەتىگىنى كىرىپ، كەچ كىرگىچە قايتىپ چىقىپ، ئىگىد-
لىگەن ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلالايتتى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە يو-
شۇرۇنغىنىغا شۇ كۈنلەردە ئون بەش ـ يىگىرمە كۈن بولاي دەپ
قالغانىدى.

— قانداق بولدى؟ — دېدى ئەتىگەندىن بېرى شەھەرگە كىر-
رىپ كەتكەن ئايغاقچىسىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغان ھۇسەيىن
بايقارا تاقەتتى تاق بولغان ھالدا ئۇنى سۆزلەشكە ئالدىرىتىپ، —
مىرئەلى مىراخور① بىلەن كۆرۈشەلىدىڭمۇ؟

— كۆرۈشتۈم ئالىيلىرى، — دېدى مىرزىنىڭ ئەھۋال ئو-
قۇشقا ئالدىراپ قالغانلىقىنى سەزگەن ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى
كەكە ساقال، دېھقان سىياقىدا ياسىنىۋالغان ئايغاقچى ئېھتىرام
بىلەن قول باغلاپ، — مىرئەلى مىراخور ئالىيلىرىنى ئەتە كەچ-
تىكى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرسۇن، دەيدۇ.

ھۇسەيىن بايقارا نارازىلىق بىلەن قاپىقىنى تۈردى:

— بۇ ئۇنىڭ نېمىدېگىنىكەن، مۇددىئايىمىز ئاشكارىلىنىپ
قاپتىمۇ ـ يا؟

— يوقسۇ ئالىيلىرى، — دېدى ئايغاقچى ھودۇقۇپ، —

① مىراخور — خان ـ سۇلتانلارنىڭ مەخسۇس مىنىدىغان ئېتىنى باقى-
دىغان، توقۇيدىغان خىزمەتكارلارنىڭ باشلىقى.

مىرئەلى مىراخورنىڭ باشقىچە كۆرسەتمىسى بار ئوخشايدۇ. ئەتە ھۇزۇرلىرىغا ئۆزى كىشى ئەۋەتىدىغان ئوخشايدۇ.

ھۇسەيىن بايقارانىڭ قىيسىق كۆزلىرىدە گۇمان، تەشۋىش ئالامەتلىرى بالقىدى.

— شەھەرگە ھۇجۇم قىلىدىغان ۋاقىتنى ئاللىقاچان بېكىتىپ بولغان تۇرساق، ئەمدىلىكتە ۋاقىتنى كەينىگە سۈرسۇن دېگىنى نېمىسى؟ — دېدى ھۇسەيىن بايقارا خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك غۇدۇراپ، — بىز ھازىر يادىكار مۇھەممەد مىرزىنىڭ بۇرنىنىڭ ئاستىدا تۇرۇۋاتىمىز. دېھقان، مەدىكار، سودىگەر، ھۈنەرۋەن - كاسىپ سىياقىدا ياسىنىپ ئىككىدىن - ئۈچتىن بولۇپ مۇرغاب بويىغا ئاران تەستە توپلاشقان لەشكەرلىرىمىزنى قانداقمۇ يوشۇرۇپ قالغىلى بولسۇن؟ ۋاقىتنى كەينىگە سۈرىدىغان بولساق سېزىلىپ قالىمىز. شەپىمىزنى يادىكار مۇھەممەد مىرزا سېزىپ قالىدىغان بولسا دەرھال سەگەكلىشىدۇ، ھازىرلىق كۆرۈۋالىدۇ. ئول چاغدا ھىرى①نى پەم بىلەن ئالماق تەسكە توختايدۇ. سۇلتان ئەھمەد مىرزا نەچچە تۈمەن لەشكەر بىلەن بىرنەچچە ئاي قاتمۇقات قورشاپمۇ ئالالمىغان شەھەر بۇ.

ئايغاقچى گۇناھكارلاردەك بېشىنى تۆۋەن ئەگدى.

— سەن دەرھال شەھەرگە كىرىپ ئول مىرئەلى مىراخورنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەت. ئۇنىڭ ئازراقلا ساتقىنلىق قىلغانلىق شەپىسىنى سەزسەڭ بىزگە دەرھال خەۋەر بېرىۋەت.

— باش ئۇستىگە! — ئايغاقچى دەرھال كەينىگە ياندى.

ھۇسەيىن بايقارا قېشىدا ئولتۇرغان سەركەردىسى مۇزەپپەر بارلاسقا نەزىرىنى ئاغدۇردى:

— سىلى دەرھال يۈز نۆكەرنى ئېلىپ يولغا چىقسىلا. ۋەزىپىلىرى — شەھەرنىڭ ھەرقايسى دەرۋازىسىغا كۆز - قۇلاق بولۇش. ناۋادا ھىرى لەشكەرلىرى شەھەردىن چىقسا، يېنىمغا دەرھال چاپارمەن ماڭغۇزسىلا. قىلچىلىك بىخەستەلىك قىلمىسىلا ھەر

① ھىرى — ھىرات.

ئېھتىمالغا قارشى ئات ئېلىۋالسىلا، قانداق سىياقتا ياسىنىپ ماڭسىلا مەيلى، ئەمما قىلچىلىك چاندۇرۇپ قويمىسىلا.

ــ پەرمانبەردارمەن! ــ دېدى مۇزەپپەر بارلاس دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

ھۇسەيىن بايقارانىڭ بۇنچە ئېھتىيات قىلىشى بىكار ئەمەس ئىدى. چۈنكى، مۇرغاب ۋادىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئون بەش ـ يىگىرمە كۈندىن بېرى ئۇ ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق يادىكار مۇھەممەد مىرزىنىڭ يېقىن مەھرىمى مىرئەلى مىراخورنى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن سېتىۋېلىپ، يادىكار مۇھەممەد مىرزا ھەققىدە نۇرغۇن ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئېرىشكەنىدى. مۇشۇ ئارىلىقتا مىرئەلى مىراخور خاننىڭ مەخسۇس ئاتلىرىنى يايلىتىپ كېلىش باھانىسىدا مۇرغاب بويىغا چىقىپ ھۇسەيىن بايقارا بىلەن بىر قېتىم يۈزتۇرانە كۆرۈشتى ۋە ھىراتقا ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىنى مەسلىھەتلەشتى. كېلىشكەن ۋاقىت بويىچە ھۇسەيىن بايقارا ئەتە تەڭ كېچىدە بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغان، مىرئەلى مىراخور ئىچىدىن ماسلىشىپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىدىغان بولغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ھۇسەيىن بايقارا ھىراتتىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى چۆلدە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ھەر خىل سىياقتا ياسىنىپ مۇرغاب بويىغا يېتىپ كېلىپ جەڭگە ھازىرلىنىشقا بۇيرۇق بەرگەنىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئۈچ مىڭغا يېقىن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى جەم بولۇپ بولغانىدى. ناۋادا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىنى يەنە بىر ـ ئىككى كۈن كېچىكتۈرىدىغان بولسا، ئۈچ مىڭ لەشكەرنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يوشۇرۇپ بولالمايتتى. ئاشكارىلىنىپ قالسا، يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئويۇن ـ تاماشىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، شەھەر مۇداپىئەسىنى قايتىدىن چىڭىتىۋالاتتى، ھەتتا سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ، ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن ھۇسەيىن بايقارا قاتتىق

ئەندىشىگە چۈشكەندى.

※ ※ ※

بۇگۈن ھۈسەيىن بايقارا باش ـ ئاخىرى يوق شۈبھىلىك خىد-يالالار ئىلكىدە ئاران كۈننى كەچ قىلدى. ئەسىر ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ شەھەرگە كىرگۈزگەن ئايغاقچىلىرىدىنمۇ، شە-ھەر ئەتراپىنى كۆزىتىشكە ئەۋەتكەن چەۋەندازلىرىدىنمۇ تېخىچە خەۋەر كەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بارغانسېرى تۇتۇلۇپ كېتىپ بارغىنىغا قاراپ سەركەردىلىرى ئارتۇقچە گەپ سوراشقا پېتىنالمىدى. ھەئە، ھۈسەيىن بايقارانىڭ سەۋر قاچىسى توشۇپ كەتكەنىدى.

«... ئەمدى بۇنداق ساقلاپ تۇرۇۋەرمەي. بۇگۈن كېچىنى قولدىن بېرىپ قويسام، شۇنچىۋالا لەشكەرنى مۇرغاب بويىغا قانداق يوشۇرۇپ بولالايمەن؟ يەرلىك كىشىلەر بۇگۈن ئانچە ئېرەن قىلـ-مىغان بىلەن ئەتە گۇمان قىلىدۇ. بۇ تەرەپلەرگە يادىكار مۇھەممەد مىرزىنىڭ چارلىغۇچىلىرىنى، پايلاقچىلىرىنى چىقمايدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ تەۋەلىكىگە بىرمۇنچە يوچۇن كىشىلەرنىڭ تو-يۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپسا يۇرت ئاقساقاللىـ-رىنىڭمۇ كۆڭلىگە گۇمان چۈشىدۇ، شەھەرگە كىرىپ مىرزىسىغا خەۋەر بېرىشىدۇ. كەينىگە سۈرۈلگەن ھەر بىر دەقىقە ۋاقىت بىز ئۈچۈن پايدىسىز، بەلكىم ھازىر يادىكار مۇھەممەد مىرزا تېخى ھېچ ئىشتىن خەۋەر تاپمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇگۈن كېچىلا شەھەرگە ھۇجۇم قىلاي. مىرئەلى مىراخور شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرەرمۇ؟ ئۇ ھەرقاچان مېنى ئاغزىمىغا قارايدۇ دەپ كارى بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنداق بولىدىغان بولسا شەھەرگە كىرمەك قىيىنلىشىدۇ. دۈشمەن سېزىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنچە ئە-جىر سىڭدۈرگەن مۇددىئايىم سۇغا چىلىشارمۇ؟ قانداق قىلسام بولۇر زادى؟ ئەمدى بولغاندا لەشكەر چېكىندۈرۈشنىڭ ئورنى يوق

ياكى تەۋەككۇل قىلىپ مىرئەلى مىراخورنى يەنە بىر كۆن ساقلى-سامىمىكىن؟ مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئادەم سىرداش، پىكىرداش دوستى-غا ئەجەب موھتاج بولىدىكەن دېسە. قېشىمدىكى مۇنۇ سەركەردى-لىرىمنىڭ ھەممىسى باھادىرلاردىن، ئەمما مەسلىھەتكە يارىمايدۇ، ھەممە ئىشتا خوش ـ خوش ئېيتىپ ئاغزىمغا قارايدۇ، ئوي ـ پى-كىرلىرىنى، تەدبىرلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. ئۇلارنىڭ جاسارىتى بولغان بىلەن پاراستى يوق. شول تاپتا ئەلىشىر بەگ يېنىمدا بولغان بولسا بەك ياخشى بولاتتى، چوقۇم ياخشى مەسلى-ھەت بېرەتتى، يۈز ئاياپ ئولتۇرمايتتى، قىلدەك سەۋەنلىكلىرىمى-مۇ ئۇنىڭ ئۆتكۈر نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالىغان ئەمەس؛ بەرگەن ھەر بىر مەسلىھەتى، كۆرسەتكەن ھەر بىر تەدبىرى ئورۇنلۇق بو-لۇپ چىقاتتى؛ ئوي ـ پىكىرلىرى بەكمۇ ئۆتكۈر ئىدى...»

بىردىنلا يالغۇزلۇق ھېس قىلغان ھۇسەيىن بايقارا بالا ۋاقتىدىكى ھەمساۋاق دوستى، شائىرلىق ئىستېداتى بىلەن پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر، خوراسان ۋادىسىغا تونۇلغان ئەلىشىر نەۋايىنى ئەسلەپ قالغانىدى. شۇ كۈنلەردە تېخى ئوتتۇز ياشقا توشمىغان ئەلىشىر نەۋايى سەمەرقەنتتە ئىدى.

ھۇسەيىن بايقارانىڭ كۆز ئالدىدىن بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئەلىشىر نەۋايى بىلەن ھىرات خانلىق مەدرىسەسىدە، مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ ھۇزۇرىدا بىللە ئوقۇپ، بىللە ئويناپ يۈرگەن غەمسىز، بىغۇبار كۈنلىرى لىپ قىلىپ ئۆتتى. ھەئە، ئۇ بۇ زېھنى ئۆتكۈر، ئاق كۆڭۈل، ھەققانىيەتچى، راستچىل، بەكمۇ ئەدەپلىك، ئىلىمگە ھېرىسمەن، نازۇك تەبىئەت-لىك دوستى بىلەن مىرزا ئۇلۇغبەگ پاجىئەسىدىن كېيىن، ئې-نىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزا ھىراتقا ئەمىر بولغاندىن كېيىن بەلخكە كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ ئايرىلىپ كەت-كەنىدى. ھەئە، كېيىن ئۇلار مەشھەدتە قىسقا مۇددەت جەم بولدى. بۇ چاغدا ياشلىق مەۋسۇمىغا قەدەم قويغان ھۇسەيىن بايقارانىڭ قەلبىگە سەلتەنەت ھەۋىسى چۈشتى. ئۇ ئىلىم تەھسىل قىلىشنى

توختىتىپ، بەلخكە قايتىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا كىرىشتى. ئەلىشىر بەگمۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە ھىراتقا قايتىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خەت ـ ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ھۈسەيىن بايقارا دوستىنىڭ ئون بەش يېشىدا ھىراتتىكى ئوبۇلقاسىم بابۇر مىرزىنىڭ ئوردىسىغا خىزمەتكە كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ بەكمۇ سۆيۈندى ۋە خەت يېزىپ تەبرىكلىدى، يازغان نەزملىرىنى ئەۋەتىپ بەردى. ئۆزىگە «نەۋايى» تەخەللۇسىنى قويغان ئەلىشىر بەگمۇ يازغان شېئىرلىرىنى ئۇ-نىڭغا ئەۋەتىپ تۇردى. كېيىن شېئىر يېزىشقا ئالاھىدە ھەۋەسى بار سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا كىچىك تۇرۇپ شائىرلىق داڭقى چى-قىشقا باشلىغان ئەلىشىر نەۋايىنى ھىراتتىن سەمەرقەنتكە ئەكې-لىۋالدى. ھۈسەيىن بايقارا دوستى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ سەمەرقەنت-كە بارغاندىن كېيىن ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر ئۆلىما سۇلتان مە-لىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ھامىيلىقىدا تۇر-غانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. بۇ چاغدا ئۇ سەلتەنەت دەۋاسى قىلىپ سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا بىلەن قارشىلىشىۋاتاتتى. شۇڭا ئەلى-شىر نەۋايى بىلەن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇشقا پۇرسەت تاپالمىدى. ياش ئەلىشىر نەۋايى بۇ مەزگىلدە سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ نەۋرە قېرىنداشلىرىنى سەلتەنەتتىن چەتلەشتۈرۈپ، چەتكە قې-قىشلىرىنىمۇ، ھۈسەيىن بايقارا، ئوبۇلقاسىم بابۇر، ئەھمەد جوگى-غا ئوخشاش تۆمۈرىيزادىلەرنىڭمۇ سەلتەنەت دەۋاسى قىلىپ ئەبۇ-سەئىد مىرزىغا قارشى چىقىشىنىمۇ قوللىمايتتى. ھەممەيلەننىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، بۈيۈك ئىستېلاچى ئەمىر تۆمۈر ئا-ساس سالغان ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنى قايتىدىن قۇدرەت تاپقۇ-زۇشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. شۇڭا بۇ ياش، شۆھرەتلىك شائىر بىلەن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئوتتۇرىسىدا پىكىر بىرلىكى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەشەددىي رەقىبى ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ساۋاقداش، يېقىن دوستلاردىن ئىكەنلىكى-دىن، يات ـ يات خەت ـ ئالاقە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر

تاپقان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا نەۋايىغا ئانچە ئېتىبار بىلەن قا-رىمىدى، ئۇردىغىمۇ خىزمەتكە تەكلىپ قىلمىدى. ئەلىشىر نەۋا-يىمۇ ئۆز بېشىمچى، زالىم، شارابخور بۇ ھۆكۈمدارغا يېقىنلى-شىشنى خالىمىدى.

پەقەت سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا سەمەرقەنت تەختگاھى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ھۆسەيىن بايقارا خانزادە سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن كۆرۈشۈش باھانىسىدا سە-مەرقەنتكە كېلىپ، ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان بۇ دوستى بىلەن قايتىدىن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولدى، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ، كەلگۈسىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بايان قىلىشتى. ما-ۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتمەي بىر تەخت ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشىنى، يەنى بۈيۈك ئىستېلاچى ئەمىر تۆمۈر دەۋرىدىكىدەك قۇدرەت تېپىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئەلىشىر نەۋايى دوستى ھۆسەيىن بايقارانىڭ ئۆز ئالدى-غا مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇش ئارزۇسىنى ئانچە قوللاپ كەت-مىسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئىشلىرىغا نۇسرەت تىلىدى؛ ھەرقانداق ئىشتا ئەل ـ يۇرتنى، ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاشنى، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئۇرۇشلاردىن ساقلىنىپ، تىنچلىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنى سۆھبەت ـ بىتىم ئار-قىلىق ھەل قىلىشنى ئالاھىدە تاپىلىدى. ھۆسەيىن بايقارا سەمەر-قەنتتىن كېتەر چېغىدا ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە كېتىشكە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ دوستانە تەكلىپنى ئەلىشىر نەۋايى نېمە ئۈچۈندۇر سىلىقلا رەت قىلىۋەتكەنىدى.

«ھىرىنى قولۇمغا ئالسام ئەلىشىر بەگنى چوقۇم يېنىمغا ئەكىلىۋالىمەن، سەلتەنەت، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا مەسلىھەتى-نى ئالىمەن، ئۇردا ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىمەن...»

ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن خاس مەھرەم ھۆسەيىن بايقارانىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى.

— مەلۇم بولغاي، مىرئەلى مىراخوردىن چاپارمەن كەلدى.

ــ باشلاپ كىرسۇنلار، ــ دېدى ھۇسەيىن بايقارا چاپارمەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي، ــ دېدى چاپارمەن سالام بېرىپ.

ھۇسەيىن بايقارا سالامنى ئىلىك ئېلىشنىڭ ئورنىغا قاپىقىدىنى تۈردى:

ــ قائىدە ـ يوسۇننى قويۇپ نەق گەپنى دە!

ــ مىراخور بەگ ئالىيلىرىغا شۇنى يەتكۈزۈشۈمنى ئېيتتىكى: سۇلتان يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئالىيلىرى بۈگۈن كەچ قەلئە سىرتىدىكى باغى زاغاندا بىرقانچە يېقىن مەھرەملىرى بىلەن باراۋەت قىلماقچى، بايقارا ئالىيلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتقاي.

ــ باغى زاغانغا قانچىلىك نۆكەرنىڭ قورۇقچىلىقىدا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتىمۇ؟

ــ خان ئالىيلىرى باراۋەتكە ئادەتتە كۆپ نۆكەر ئېلىۋالمايدۇ، بەلكىم ئېشىپ كەتسە ئەللىك نۆكەر ھەمراھ بولۇر.

ــ ئۇنداقتا باغى زاغانغا سەن يول باشلا، ــ دېدى ھاياجانلانغان ھۇسەيىن بايقارا.

ــ بېشىم بىلەن! ــ دېدى چاپارمەن.

※ ※ ※

ئەلياتقۇ مەھەل.

بۈيۈك ئىستېلاچى ئەمىر تۆمۈر زامانىسىدا ئەھيا قىلىنغان باغى زاغان كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، سورۇنخانىلىرىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكى، ئەھيا قىلىنغان گۈل ـ گىياھ، مېۋىلىك دەرەخلىرىنىڭ تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ھىراتتىكى ئارامگاھلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ھېسابلىناتتى. شۇ تاپتا باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ھەشەمەتلىك سورۇنخانىدا بەزمە قىلىپ ئولتۇرغان يادىكار مۇھەممەد مىرزا بارلىق ئۈلپەتلىرى بىلەن غەرق مەست ئىد-

دى. غەپلەت باسقان يادىكار مۇھەممەد مىرزا بۇگۇن شۇنچىلىك بىخۇدلۇق قىلغان ئىدىكى، شەھەر سىرتىغا ئاران ئەللىك نۆكەرنى ھەمراھ قىلىپ چىققانىدى. ئۇلار ھۇسەيىن بايقارانىڭ شەپە چىدـ قارماي يېتىپ كەلگەن بەش يۈز خىللانغان نۆكەرلىرىنىڭ قولىدا غىڭ قىلىپ ئاۋاز چىقىرىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي جېنىدىن ئايرىلدى.

ھەئە، ھۇسەيىن بايقارا ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتقان يادىـ كار مۇھەممەد مىرزىنىڭ كاللىسىنى ئۆز قولى بىلەن كېسىۋالـ دى، ئاندىن ھېلىقى چاپارمەننىڭ يول باشلىشى بىلەن شەھەرگە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا مىرئەلى مىراخور شەھەرنىڭ فىرۇزە ئاباد دەرۋازىسىنى ئېچىپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۈچ مىڭ لەشكەر ھىرات شەھىرىگە توسقۇنسىزلا كىرىپ كەلدى ـ دە، بىر قىسمى سەرـ كەردە مۇزەپپەر بارلاسنىڭ باشچىلىقىدا ھەرقايسى دەرۋازىلارنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەرگە قاراپ، يەنە بىر قىسمى ھۇسەيىن بايـ قارانىڭ باشچىلىقىدا يادىكار مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ھۇجۇم باشلىدى. تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن ھىرات لەشكەرلىرى تېزلا پىتىراپ كەتتى.

ھۇسەيىن بايقارا ھىرات شەھىرىنى ئەنە ئاشۇنداق ئاسانلا قولغا ئېلىپ مۇستەقىل ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچـ تى ۋە يادىكار مۇھەممەد مىرزىنىڭ بېشىنى بىر پارچە مەكتۇپ بىلەن سەمەرقەنتتىكى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئەۋەتىپ بەردى.

※ ※ ※

ھىراتتىن ئالمان ـ تالمان لەشكەر چېكىندۇرۇپ دادىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا نەچچە ئاي مۇھاسىرە قىلىپمۇ ئالالمىغان ھىرات شەھىرىنى ھۇسەيىن بايقارانىڭ تېزلا بويسۇندۇرغانلىقىدىن بەكمۇ ھەيران قالدى. يادىكار مۇھەممەد مىرزىنىڭ قانغا بويالغان بېشىنى كۆرۈپ، يۈرىكىدە لاۋۇلداۋاتقان ئاتا قىساسى بىرئاز بېسىلغاندەك بولدى. بىراق، ھۇسەيىن بايقاراـ

نىڭ يوللىغان مەكتۇپىنى ئوقۇپ، خېلى ئۇزاققىچە ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، بىر ئازدىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، خەتكە قايتا نەزەر تاشلىدى:

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*يۈكسەك سەلتەنەت ئىگىسى ۋە تاجدارى، مەردلىك، ئېسىللىق، كەڭ قورساقلىقنىڭ نامايەندىسى جانابى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىغا دوستلۇق بېغىمىنىڭ سەمىمىيەت، ۋاپا گۈللىرىدىن گۈلدەستە تىزىپ سالام يوللايمەن.*

*ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى يېگانە ئاللاھ تەڭداشسىز ھېكمىتى بىلەن ئۈمىدسىزلىك ۋادىسىدا سەرسان بولغانلارنىڭ يۈزىگە ھىممەت ئىشىكىنى ئېچىپتۇ، غەم ـ قايغۇ كوچىلىرىدا سەرگەردان بولغانلارنىڭ قولىغا ئۈمىد گۈللىرىنى تۇتقۇزۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ دەرگاھىدا يەر يۈزىنىڭ تەكەببۇرلىرى خارۇزار ۋە بىئېتىباردۇر. بىزلەركىم بۈيۈك ئەمىر تۆمۈرنىڭ پۇشتىپاناھى بولمىش سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ئاۋۋال ئاشۇ يېگانە قۇدرەت ئىگىسىنىڭ چەكسىز مەدىتى، ئاندىن قالسا جەننەتماكان بابائى بۇزرۇكلەرنىڭ پاك روھىناتلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئەقىل ـ پاراستىمىز ۋە جاسارىتىمىزگە تايىنىپ، تەكەببۇر، بىئەدەپ ئەغيارىمىز يادىكار مۇھەممەد مىرزىنى مەغلۇپ قىلىپ، جەننەتماكان پەدەرلىرى بولمىش مەرھۇم بۇسەيىن سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ خۇن ـ قىساسىنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق ھەمدە بۇ ئىشىمىزدىن ئۆزىمىزنى بىھېساب بەختىيار ھېسابلىدۇق.*

*ئېھتىيات ۋە پاراسەت ئىگىلىرى كۆزلىرىنى بىردەم بولسىمۇ مۇراد يولىدىن ئۈزمەيدۇ. چاڭقىغان كىشىمۇ ئىمكان بار سۇنىڭ سۈزۈكىنى، پاكىزىنى ئىچىشنى ئىستەيدۇ. نىجاسەت بىلەن بۇلغانغان سۇنى ئاغزىغا ئېلىپ بولغان بولسىمۇ تۈكۈرۈۋېتىدۇ. كەمىنىلىرى دەل ئاشۇ مۇراد ئىزدىگۈچى ۋە پاكىز، سۈزۈك سۇ ئىچىشنى خالايدىغان چاڭقىد-*

غۇچىدۇرمەن. ھەرنى قولۇمغا ئېلىپ ئۇزۇندىن بېرى ئار-
مان قىلغان مۇراد مەنزىلىمنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئەمدى
بىرپەس بولسىمۇ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، مۇراد سەپىرىدە
چاڭقىغان دىلىمنى تەشنالىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرماقچىمەن.
بەلكىم بۇ ئۇسسۇزلۇقۇمنى ھازىرچە خۇراسان ۋىلايىتى
قاندۇرار دەپ ئويلايمەن. جانابى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئا-
لىيلىرىنىڭمۇ دوستلۇقنى، قېرىنداشلىقنى ئەلا بىلىپ
ھەم ۋۇجۇدىدىكى مەردلىك پەزىلەتلىرىنى تېخىمۇ كامال
تاپقۇزۇپ، كەمىنە ئۇسسۇزغا مەردلىك بىلەن شەربەت سۇ-
نىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

كەمىنە سۇلتان ھۇسەيىن بايقارامۇ ئالىيلىرىغا ئوخ-
شاشلا بۈيۈك جاھانگىر، جەننەتماكان بابائى بۇزرۇكىمىز
ئەمىر تۆمۈر ئالىيلىرىنىڭ پۇشتىدىندۇر. دېمەك، بىز
دوستلا ئەمەس، بىر ئۇرۇقتىن ئايرىلغان قان - قې-
رىنداشلارمىز. قېرىنداشلار ئۇچۇن تەسەررۇپ، سەلتەنەت
تالىشىپ جەڭگە - جېدەل، نىزا - ئاداۋەت قىلىشماق ئې-
غىر گۇناھتۇر ھەم ئۇياتلىق ئىشتۇر. شول بائىستىن جانا-
بى خان ئالىيلىرى بىلەن قان - قېرىنداشلىق، ئۇرۇق -
تۇغقاندارچىلىق مېھرىنى ئۇلغايتىپ، ئىناق، ئىتتىپاق ئۆ-
تۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن، ھەمدە ئالىيلىرىنىڭمۇ
شۇنداق ئارزۇدا ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىمەن. ئىشەن-
چىم كامىلكى، ئىككى ئەلدىكى رەئىيەت بىزنىڭ دوستلۇ-
قىمىزدىن، ۋاپادارلىقىمىزدىن ئەندىزە ئېلىپ ئىجىل -
ئىناق ئۆتىدۇ، پاراغەت، ئاسايىشلىقتا ئېرىشىدۇ.

ياراتقان ئىگەمدىن ئۈمۈرلىرىگە بەرىكەت، سەلتەنەت-
لىرىگە قۇدرەت تىلەيمەن. ئەغيارلىرىمىز ھەرقاچان خار -
زەبۇن بولغاي.

بۈيۈك خۇراسان ئېلىنىڭ خانۇ خاقانى سۇلتان ھۇسە-
يىن بايقارادىن دەپ بىلۇرلا.

نامە تامام ۋەسسالام.»

سۇلتان ئەھمەد مىرزا خەتنى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇپ چىقـ. قاندىن كېيىن ھىراتنى قولىغا ئالغان ھۇسەيىن بايقارانىڭ سىد. لىق ـ سىياسىي بىلەن مۇستەقىللىق ئېلان قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، قولىدىكى بۇ خەتنىڭ ئاددىي بىر سالامنامە ئە. مەس، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بىر ھۆكۈمدارنىڭ تىنچلىق، ئىتتـ. تىپاقلىق، باراۋەرلىك شەرتى يۇتۇلگەن دۆلەت خېتى ئىكەنلىكىگە تامامەن ئىشەندى. شۇ دەقىقىدە ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ رېئاللىقتا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى بىلەلمەي قالغاندى، ئەلۋەتتە. ئۇ خۇراساندەك كەڭرى زېمىننىڭ تەسەررۇپىدىن ئايرىلىپ كېتىشىـ. نى زىنھار خالىمايتتى، ئەمما دەرھال لەشكەر تارتىپ بېرىپ بۇ زېمىننى ھۇسەيىن بايقارادىن تارتىۋېلىشقىمۇ ئىشەنچى يوق ئى. دى؛ شۇڭا ئۇ ئامالسىز سۈكۈت قىلىشقا، سۇلتان ھۇسەيىن باي. قارانىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ شەرق تەرىپى بەلخ، غەرب تەرىپى دامغان ۋە بىستام، شىـ. مال تەرىپى خارەزىم، جەنۇب تەرىپى قەندىھار بىلەن تۇتىشىدىغان، ھىراتتەك سەلتەنەتلىك، گۈزەل، مەشھۇر شەھەرگە ئىگە خۇراسان ۋادىسى ئۇنىڭ تەسەررۇپىدىن چىقىپ كەتتى.

75

قىش كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاقسۇغا قايتىشقا ئامالسىز قالغان سۇلتان يۇنۇسخان ئىلاجسىز تاشكەنتتە تۇرۇپ قالغاندى. ئۇ ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق ھۇسەيىن بايقارانىڭ يادىكار مۇھەممەد مىرزىنى ئۆلتۈرۈپ ھىراتنى مەركەز قىلغان پۈتكۈل خۇراسان ۋادىسىنى ئىلكىگە ئېلىپ مۇستەقىللىق جاكارلىغانلىقىنى، بۇ ۋەقەگە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بول.

غانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى. شۇنداقتىمۇ مەر-
ھۇم سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىغا ئاتاپ ئېلىنىۋالغان ئالتۇن ـ كۈ-
مۈش، جاۋاھىراتلار بىلەن شايى ـ ئەتلەس، تاۋار ـ دۇردۇن، مەخ-
مەل ـ كىمخاب... قاتارلىق سوۋغاتلارنى سەمەرقەنت ئوردىسىغا ـــ
سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ بەردى ۋە بۇ سوۋ-
غاتلارغا قوشۇپ يوللىغان مەكتۇپىدا مەرھۇم سۇلتان ئەبۇسەئىد
مىرزىنىڭ ۋاپاتىغا كۆپ قايغۇرغانلىقىنى، سۇلتان ئەھمەد مىرزى-
نىڭ ئاتا تەختىگە ئولتۇرۇپ سەلتەنەت تىزگىنىنى قولىغا ئالغان-
لىقىنى مۇبارەكلەيدىغانلىقىنى بىلدۇردى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تاش-
كەنت شەھىرىنىڭ دورغا بېگى شەيخ جامالىددىنىڭ ئالدىمىغا
چۈشۈپ، ئۇزۇن مەزگىل تۇتقۇن بولۇپ قالغانلىقىنى، ئەمىر ـ
سەركەردىلىرىنىڭ شەيخ جامالىددىننى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى تۇتقۇن-
لۇقتىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلدى، ئەمما خۇرا-
سان مەسىلىسىنى تىلغا ئالمىدى.

«ھۇسەيىن بايقارانىڭ نائىنسابلىقىنى تىلغا ئېلىپ خانزادى-
نىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەنىنىڭ پايدىسى يوق، ـــ دەپ ئوي-
لىدى ئۇ ئەلچىلىرىنى سەمەرقەنتكە يولغا سېلىۋەتكەندىن كې-
يىن، ـــ خانزادە يېڭىلا تەخت ـ سەلتەنەتكە ۋارىسلىق قىلدى.
ئۇنىڭ ئۇلى تېخى مۇستەھكەم ئەمەس، ئوردىدا باشقا خانزادىلەرنى
تەختتە ئولتۇرغۇزۇش خىيالىدا بولغان ئەمىرلەرنى يوق دېگىلى
بولمايدۇ. مۇشۇنداق پەيتتە خۇراسان مەسىلىسىنى تىلغا ئالسام
ئۆزىنى ھىراتقا لەشكەر تارتىشقا دەۋەت قىلغان بولۇپ قالىمەن.
ناۋادا سۇلتان ئەھمەد مىرزا خۇراساننى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن
ھۇسەيىن بايقاراغا قارشى لەشكەر تارتسا، سەمەرقەنت ئوردىسىدى-
كى بىر قىسىم ئەمىرلەر ئاستىرتىن سەلتەنەتنىڭ ئۇلىنى
كولاشقا ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن، بۇ يېڭىدىن تەختتە ئولتۇر-
غان خانزادە ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز. ھۇسەيىن بايقارادىن خۇرا-
ساننى قايتۇرۇۋالالىسىغۇ ياخشى، ناۋادا قايتۇرۇۋالالماي قالسا
سەمەرقەنت تەختگاھىنىمۇ ساقلاپ قالالماي قالىدۇ. ھۇسەيىن باي-

قارانى بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مەرھۇم بۇسەيىن سۇلتان ئالىيلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە مەرتەم جەڭ قىلىپ نۇسرەت قازىنالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە خانزادە ھىراتقا لەشكەر تارتسا ئىنىلىرىنىڭ ھەمدەمدە بولۇشى ناتايىن. ئەڭ ياخشىسى بىر مەزگىل ياغى قىلىشنى ئويلىماي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىۋالغىنى ئەۋزەل. كېيىنچە خۇراساننى قايتۇرۇۋېلىش خىيالىدا بولۇپ قالسا سەركەردە ـ لەشكەر ئەۋەتىپ ھەمدەمدە بولۇرمەن... ھە راست، پەرغانە ۋادىسى مەرھۇم بۇسەيىن سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ تۆتىنچى خانزادىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى، تاشكەنتمۇ ئۇنىڭ تەسەررۇپىدا. ئۇن ـ تىنسىزلا تاشكەنتتە تۇرۇۋالسام ياخشى بولماس. گەرچە ئۆمەر شەيخ مىرزا كىچىك بولسىمۇ يەنىلا مۇشۇ تەسەررۇپنىڭ نائىب ئەمىرى، شۇڭا ئەھۋالىمدىن ئۇنىمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي. ئارىدا ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىپ، پىتنە ـ پاسات پەيدا بولۇپ قالمىسۇن يەنە. ئەتىيازدا موغۇلىستانغا كېتىش خىيالىمنى بىلمەي، مەرھۇم سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ۋاپاتىدىن پايدىلىنىپ تاشكەنتنى بېسىۋالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالمىسۇن...»

سۇلتان يۇنۇسخان يەنە بىر ئاز سوۋغات تەييارلاپ، ئۇنى بىر پارچە مەكتۇپ بىلەن قوشۇپ ئەلچىلىرى ئارقىلىق ئەندىجاندىكى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ بەردى.

ئۆمەر شەيخ مىرزا ئەمدىلا ئون بەش ـ ئون ئالتە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغانىدى، لېكىن ياشتا كىچىك بولغىنى بىلەن، سەلتەنەت ئىشلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشتا خېلىلا كۆزى پىشقانىدى. سەككىز ـ توققۇز ياش ۋاقتىدىلا دادىسى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئۇنى كابۇلنىڭ نائىب ئەمىرلىكىگە تەيىنلەپ، ساداقەتمەن ئەمىرى بابا كابۇلىنى بەگ ئەتكە① قىلىپ بەرگەن بولغاچقا، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا كىچىكىدىنلا پىشقانىدى. كېيىن سۇلتان

① بەگ ئەتكە ـــ خانزادىنى تەربىيەلەش، قوغداشقا مەسئۇل بەگ، «ئەتكە»مۇ دېيىلىدۇ.

ئەبۇسەئىد مىرزا ئۇلۇغ بوۋىسى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئىككىنچى ئوغ-
لى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا پەرغانە ۋادىسىنى سويۇرغال قىلىپ بەر-
گىنىگە تەقلىد قىلىپ، ئاشۇ تاغا بوۋىسى بىلەن ئىسمداش بۇ
ئوغلىغا پەرغانە ۋادىسىنى بەرگەنىدى. مۇشۇ بەش ـ ئالتە يىلدىن
بېرى پەرغانىنىڭ نائىب ئەمىرلىك مەرتىۋىسى بىلەن ئەندىجاندا
تۇرۇۋاتاتتى. گەرچە تاشكەنت شەھىرىمۇ پەرغانىنىڭ تەۋەلىكىدە
بولسىمۇ، لېكىن شەھەر دورغىسى شەيخ جامالىددىن ئۆزىنى باشقا
ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمىرلىرى بىلەن تەڭ دەرىجىدە تۇتۇپ، ھۆكۈمەت
ئىشلىرىنى خانزادە ئۆمەر شەيخ مىرزىغا ئەمەس، بىۋاستە سۇلتان
ئەبۇسەئىد مىرزىغا مەلۇم قىلاتتى ۋە ھەرقانداق ئىشتا بىۋاستە
سەمەرقەنت ئوردىسىنىڭ يارلىق ـ پەرمانى بولۇشنى تەلەپ قىلات-
تى. ئەبۇسەئىد مىرزىمۇ شەيخ جامالىددىننىڭ بۇ ئارزۇسىغا ھۆر-
مەت قىلىپ ئۇنىڭغا يول قويغانىدى.

كىچىكىدىن باشلاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن، زامانىسىنىڭ ئالىم ـ پازىللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە خۇش-
تار، بوش ۋاقىتلىرىدا خەمسە، مەسنەۋى، تارىخ كىتابلىرىنى ئو-
قۇيدىغان، بولۇپمۇ «شاھنامە»نى ئوقۇشقا ئالاھىدە زوق ـ ئىشتى-
ياقى بار ئۆمەر شەيخ مىرزا، تاشكەنت دورغا بېگى شەيخ جامالىد-
دىننىڭ ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، بىۋاستە ئوردا
بىلەن مۇناسىۋەت قىلغانلىقىنى ئانچە كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمىگە-
نىدى. شۇڭلاشقا ئۇ مەيلى تاشكەنت، مەيلى شەيخ جامالىددىنغا مۇ-
ناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىشلارغا پەقەتلا ئارىلاشمايتتى. ئاشۇ سە-
ۋەبتىن ئۇ شەيخ جامالىددىننىڭ سۇلتان يۇنۇسخاننى نەزەربەند
قىلىپ قويغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى.

ھەئە، ئۇ دادىسى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ يادىكار مۇ-
ھەممەد مىرزا تەرىپىدىن ھىراتتا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاتا
قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئې-
لىپ ھىراتقا بېرىشقا تەييارلاندى. ئەمما ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد
مىرزا ئۇنى توسۇپ قويدى ۋە ئەندىجاندىن مىدىرلىماي پەرغانە

ۋادىسىنى پۇختا ساقلاشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئاتا يولۇق ئاكىسىـ
نىڭ پەرمانىنى يېرىشقا ئامالسىز قالدى. شۇنداقتىمۇ ئايغاقچى
ماڭغۇزۇپ ئاكىسى بىلەن يادىكار مۇھەممەد مىرزا ئوتتۇرىسىدىكى
جەڭگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئاكىسىنىڭ جەڭنى يېرىم
يولدا تۇيۇقسىز توختىتىپ سەمەرقەنتكە قايتىپ دادىسىنىڭ تەخـ
تىدە ئولتۇرۇپ خانلىق ئېلان قىلغانلىقىدىن تاسادىپىيلىق ھېس
قىلغان، بۇ ئىشنى بىھۇدە ئالدىراڭغۇلۇق دەپ ھېسابلىغان بولـ
سىمۇ، يەنىلا نارازىلىق بىلدۈرمىدى، سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ ئاـ
كىسىنى قۇتلۇقلىدى. بىراق يادىكار مۇھەممەد مىرزىنى ئۆلتۈـ
رۈپ، ھىراتنى تارتىۋالغان ھۈسەيىن بايقارانىڭ خۇراساندا مۇسـ
تەقىل ھاكىمىيەت تىكلىشى قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئاـ
كىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا مەكتۇپ يوللاپ نارازىلىقىنى ئوـ
چۇق بىلدۈردى ۋە ئۇنى لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئاتا مىراس زېمىـ
نىنى قايتۇرۇۋېلىشقا دەۋەت قىلدى. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئارقىمۇـ
ئارقا يوللىغان مەكتۇپلىرى جاۋابسىز قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ
كۆڭلىنى بەكلا غەش قىلغانىدى.
ئەنە ئاشۇنداق غەشلىك، بۇرۇقتۇرمىچىلىقتا تۇرغان ئۆمەر
شەيخ مىرزا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ بىرـ
دىنلا جانلاندى. بولۇپمۇ شەيخ جامالىددىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى،
تاشكەنتنىڭ رەسمىي يوسۇندا ئۆزىگە تەۋە بولغانلىقى ئۇنىڭ دىلـ
خەستەلىكىگە باشقىچە خۇشاللىق بېغىشلىغانىدى. شۇڭا ئۇ مەكـ
تۇپنى تاپشۇرۇۋېلىپلا سۇلتان يۇنۇسخانغا سالام بېرىش ئۈچۈن
دەرھال تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىقتى.
«سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى بۈيۈك موغۇلستاننىڭ ھۆـ
كۈمدارى، يەنە بىر تەرەپتىن مەرھۇم جەننەتماكان خان ئاتامنىڭ
يېقىن بۇرادىرى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەجا كەلـ
تۈرۈش يولۇم بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى
دوستانە بېرىپ ـ كېلىشلەردە ئۆتەشكە تېگىشلىك قائىدە ـ يوـ
سۇنلارغىمۇ ئۇيغۇن. خان ئاتام ھايات ۋاقتىدا سۇلتان يۇنۇسخان

ئالىيلىرىنىڭ گېپىنى تولا قىلاتتى، ئىسىل پەزىلەتلىرىنى ماخ-تاپ بېرەتتى. بەلكىم ھايات بولغان بولسا پەرمان جاكارلاپ يول بويىدىكى يۇرت ـ شەھەرلەرنىڭ ئەمىرلىرىنى ئۇنى كاتتا ھەشەم بىلەن كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇغان، ھەتتا ئىستىقبالىغا شەخسەن ئۆزى چىققان بولاتتى. شەيخ جامالىددىن ئۇنىڭغا كۆپ ئەدەپسىزلىك قى-لىپتۇ، بېرىپ ئەپۇ سوراي، دوستلۇق بۇرچۇمنى بەجا كەلتۈرەي ھەم مۇشۇ باھانىدا تاشكەنتنى قولۇمغا ئالاي...»

ئۇ تاشكەنتكە كېلىپ، سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان تاغا ـ جىيەنلەردەك قىزغىن كۆرۈشتى.

تېخى ئەمدىلا ياشلىق مەۋسۇمىغا قەدەم باسقان بولسىمۇ يە-گىرمە بەش ـ ئوتتۇز ياشلىق يىگىتلەردەك سالماق، ئېغىر ـ بې-سىق، قائىدە ـ يوسۇنلۇق كۆرۈنىدىغان ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى، تەۋازۇ بىلەن سۆزلەشلىرى، ھۆرمەت بىلدۈ-رۈشى سۇلتان يۇنۇسخاننى ھەم خۇشال قىلدى ھەم قايىل قىلدى.

— ئىسمى ئەرشتىن چۈشىدۇ، لەقەمنى خىزىر قويىدۇ دېيى-شىدىكەن پازىللار، — دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ شەرىپىگە تەييارلىغان داستىخاندا تەۋازۇ بىلەن سۆزلەپ، — ئول شەيخ جامالىددىنغا «خەر»[1] دېگەن لەقەم بىكارغا قويۇلمىغانىكەن. دېمىسىمۇ ھەقىقەتەن خەر خۇيلۇق ئادەم ئىدى. گەرچە جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكىمىز بىزگە پەرغانە ۋادىسىنى سۇيۇرغال قىلىپ بەر-گەن بولسىمۇ، شەيخ جامالىددىن مېنى كىچىك بالا كۆرۈپ ئىنائەت گەردىنىنى سۇنۇشنى ئار كۆردى ۋە ھەر ئىشتا ئوردىنىڭ ئاغزىغا قارىدى، مەنمۇ مەرھۇم خان ئاتامغا ئارتۇقچە باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىشنى خالىماي ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكەنىدىم. ناھايىتى-مۇ ئەپسۇس، ئول خەر مەسەللىك بەتبەخت كورلۇق قىلىپ ئو-لۇغلارنى كۆزگە ئىلماي، ئالىيلىرىنىڭ خانلىق مەرتىۋىسىگە رىئايە قىلمىغاننى ئاز دەپ، ھەددىدىن ئېشىپ كۆپ زۇلۇم ساپتۇ. ئەگەر بول ئىشلاردىن ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان بولسام، ھەر ئامالنى قىلىپ

① خەر — ئېشەك.

ئۇنى بۇ يامانلىقتىن توسۇغان بولاتتىم. ئالدىلىرىدا كۆپ خىجىلمەن ئالىيلىرى. يەنە بىر مەرتەم ئەپۇ سورايمەن.

— ئەپۇ سوراشلىرى بىھاجەت خانزادەم، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان كەڭ قورساقلىق بىلەن، — بېشىمىزغا كەلگەن بول دىشۋارچىلىقتا ھەرگىزمۇ سىلىنىڭ سەۋەنلىكلىرى يوقتۇر. ئۇنى ھەم كورلۇق قىلدى دېگىلىمۇ بولماس. ئەسلىدە شەيخ جامالىددىن بىلەن ئوتتۇرىمىزدا كونا ئاداۋەتلەر بار ئىدى، بۇ ئىش خانزادەمگە قاراڭغۇ، ئۇ ئاشۇ ئاداۋىتىنىڭ ئۆچىنى ئالدى.

سۇلتان يۇنۇسخان مەرھۇم سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ دەۋىتى بىلەن تۇنجى قېتىم ئىنىسى ئىسان بۇغاخانغا قارشى قەشقەرگە لەشكەر تارتقىنىدا يېڭىلىپ قېلىپ، بىر مەزگىل پاناھداش ئۇچۇن تاشكەنتكە كەلگەنلىكىنى، بىراق شەيخ جامالىددىنىنىڭ كۆرۈشۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، قوپال، بىئەدەپ مۇئامىلە بىلەن ئۆزىنى شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغانلىقىنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردى.

— شول چاغدا تاشكەنتتە پەقەت بېشىمنى تىقىپ كىرگۇدەك بىر ماكانغا موھتاج ئىدىم. ئول چاغدا مەرھۇم جەننەتماكان بۇسەيىن سۇلتان ئالىيلىرى ئەھمەد جوگى، مۇھەممەد جوگى قاتارلىق تەخت دەۋاسى قىلىشۋاتقان خانزادىلەر بىلەن ياغى قىلىشۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئول خانزادىلەرنى دەشتى قىپچاق سۇلتانى ئوبۇلخەيرخان ئاستىرتىن قوللاۋاتاتتى. شەيخ جامالىددىن مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىراشچىلىقىدىن پايدىلىنىپ مەندىن يوقنىڭ ئورنىدىكى ھىممىتىنىمۇ ئايىغانىدى.

— شەيخ جامالىددىن ھەقىقەتەن يولسىزلىق قىلغانىكەن، ئەدناسى سەلتەنەت يوسۇنلىرىغىمۇ رىئايە قىلمىغانىكەن، — دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈپ، — بەلكىم بۇ نۆۋەت كەلگەنلىرىدە ئاشۇ چاغدا قىلغان ئەدەپسىزلىكىدىن خۇدۇكسىرەپ قالغان ۋە قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر، دېگەندەك، ئالدىن قول سالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ مەزگىلدە مەرھۇم

خان ئاتام تولىمۇ يىراقتا لەشكىرىي يۈرۈشتە بولغاچقا، ئاشۇنداق ھاياسىزلىق قىلىشقا پېتىنغان گەپ.

ــ بۇنىمۇ يىراق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇل شەيخ جامالىددىن تولىمۇ ساداقەتسىز كىشى ئىدى. ئەينى يىلى مۇھەممەد جوگى ۋە بۇرگە سۇلتانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سەمەرقەنتكە لەشكەر تارتىپ كېلىشكە پېتىنالىغانىدى. شول چاغدا مەرھۇم خان ئالىيـ. لىرى دەل ۋاقتىدا سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ رەزىل سۈيىقەستىنى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە شەيخ جاماـ. لىددىننىڭ قىلغان ئاسىيلىقىنى قىلچىلىك يۈزىگە سالماي يەنە تاشكەنتكە قايتۇرۇۋەتكەنىدى.

ــ ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، ــ دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا ھاياـ. جانلىنىپ، ــ شول چاغدا سىلى يەتتە كەنتتىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ خان ئاتامغا ھەمدەمدە بولغان ئىكەنلا، جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇك بۇ ۋەقەنى كۆپ تىلغا ئالاتتى. سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى ھالقىلىق پەيتتە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ، مېنى ھەم سەلتەنەتنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان، دېگەنىدى.

ــ جەننەتماكان خان ئالىيلىرىنىڭ بۇنچىلىك مىننەتدار بولۇشىغا ئەرزىگۇدەك ئىش ئەمەس ئىدى، ــ دېدى يۇنۇسخان كەمتەرلىك بىلەن، ــ بۇ مېنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچۇم ئىدى. مەن پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمنى قىلدىم. يەنە كېـ. لىپ ئۇ ئىش ياراتقان ھەقتائاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاشۇنداق توغرا كېلىپ قالغان. ئاللاھ ئىگەم ھەر بەندىسىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسا بىر سەۋەبلەر بىلەن ساقلاپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قۇدـ. رىتى پاختىنىڭ ئارىسىدا ئوت ساقلاشقا قادىر ئەمەسمۇ خانزادەم، ھە راست، ــ دېدى ئۇ بىردىنلا قەددىنى رۇسلاپ، ــ مۇھىم بىر ئىشنى ئېسىمدىن چىقىرىپتىمەن. سەركەردىلىرىم ئۇل شەيخ جاـ. مالىددىننى باقىيغا ئۇزاتقاندىن كېيىن تاشكەنتتىكى ئەمىر ـ بەگلەر مالىماندىن پايدىلىنىپ كەتمىسۇن دەپ خانلىق خەزىنە بىـ. لەن ئاشلىق ئامبارلىرىنى، ھېساب دەپتەرلىرىنى، شۇنداقلا

شەيخ جامالىددىنىنىڭ شەخسىي خەزىنىسىنى پىچەتلەتكۈزۈۋەتكەنىدىم. ئۇل خەزىنىلەرنى ھازىرمۇ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم قاتتىق ساقلاۋاتىدۇ. ۋاقتىدا كۆزدىن كەچۈرۈپ تاپشۇرۇۋالغايلا. ھېساباتچىلار ھېسابات دەپتەرلىرى بىلەن خەزىنىدىكى مال ـ مۈلۈك، ئاشلىقلارنى سىلىشتۇرۇپ، نەقلەشتۇرۇپ چىققاي.

ــ خان ئالىيلىرى ھەقىقەتەن ئىنچىكە ئىش قىلىدىكەنلا، ــ دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا قايىللىقىنى بىلدۇرۇپ، ــ خەزىنىنى پىچەتلەتكۈزمىسىلىمۇ بولاتتى.

ــ شۇنداقتىمۇ ھېساب ـ كىتابنىڭ ئېنىق بولغىنى ئەۋزەل خانزادەم. تاشكەنتنىڭ ئىشلىرىغا بۇگۈندىن باشلاپ ئۆزلىرى ئىگە بولسىلا، مەن مېھمانلىق سۈپىتىمنى ساقلاي.

ــ بۇنداق دېسىلە قانداق بولىدۇ ئالىيلىرى؟ بىر كۈن تۇرسىلا تاشكەنت بىر كۈن ئىختىيارلىرىدا بولىدۇ. بىز پەقەت خىزمەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىساق ئۆزىمىزنى چەكسىز بەختىيار ھېس قىلىمىز.

ــ ھىممەتلىرىگە تەسەننا. شۇنداقتىمۇ ھەر ئىشنىڭ ئۆز يولىدا، قائىدە ـ يوسۇن ئىچىدە بولغىنى ياخشى. بىز دېگەن باشقا ئەلنىڭ پاسىبانىدۇرمىز. تەسەررۇپلىرى تەۋەسىدىكى ھەرقانداق زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىساق سەلتەنەت قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، مېنى تەكلىكتە قويمىسىلا. تاشكەنتتە پەقەت قىش چىقىپ كەتكۈچە تۇرساقلا بولدى.

ــ بوپتۇ ئەمىسە. ئەدەپتىن ئەمىر ئۇلۇغ دەپتىكەن. ئۇنداق بولسا ئالىيلىرى تاشكەنتتىن ئايرىلغىچە يانلىرىدا تۇرۇپ خىزمەتلىرىدە بولۇشۇمغا ئىجازەت بەرسىلە.

ــ خىزمىتىمدە بولىمەن دەپ تۇرۇۋالسىلا ئەڭ ياخشىسى ئەتىلا ۋەتەنگە قايتاي. ئەگەردە ھەمراھ بولىمەن دېسىلە ئىجازەت.

ــ ماقۇل، ئۇنداق بولسا ھەمراھ بولاي، ــ دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا كۈلۈپ.

ــ ھە، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان

مەمنۇنلۇق بىلەن.

شۇنداق قىلىپ ئۆمەر شەيخ مىرزا سۇلتان يۇنۇسخانغا ھەمراھ بولۇپ تاشكەنتتە تۇرۇپ قالدى. ئۇلار كۈنلىرىنى گاھى تاشكەنت ئەتراپىدىكى سەھرالارغا چىقىپ شىكار قىلىش بىلەن، گاھى ئىسسىق سارايلاردا مېھماندارچىلىق بىلەن، گاھى تۈرلۈك ئىلىملەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر بىلەن ئۆتكۈزەتتى. شېئىر يې-زىشقا قىزىقمىغىنى بىلەن تۈرلۈك نەزم ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ئالاھىدە زوقمەن ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن سۇلتان يۇ-نۇسخاننىڭ سۆھبەتلىرى كېچە ـ كېچىلەپ داۋاملىشاتتى.

سۇلتان يۇنۇسخان ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ھىراتتا ئىلىم بەر-گەن ئۇستازى مەۋلانە شەرەفىددىن ئەلى يەزدى، مەۋلانە لۇتفى، مەۋلانە سەئىددىن كاشغەرىي قاتارلىق ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا باغداد، شىرازلاردا تونۇشقان ئالىم ـ ئۆلى-مالار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. «شاھنا-مە»، «خەمسەتەيىن»[1]، «قۇتادغۇبىلىك»... قاتارلىق مەشھۇر ئە-سەرلەر ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشاتتى. بولۇپمۇ شۇ مەزگىللەردە ئەل ئارىسىغا تارقىلىشقا باشلىغان ئەلىشىر نەۋائىينىڭ لىرىك غەزەللىرىنى ھۇزۇرلىنىپ ئوقۇشاتتى. ئۇنىڭ شېئىرىي ئىستېدا-تىغا بولغان قايىللىقىنى بىلدۈرۈشەتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ تارىخقا بەكمۇ قىزىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان يۇنۇسخان ئۇستازى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى يازغان، تولا ئوقۇپ سۇدەك ياد بولۇپ كەتكەن «زەپەرنامە»نى سۆزلەپ بېرەتتى. تارىخنىڭ گېپى چىقسا ئۆمەر شەيخ مىرزا باشقىچە جانلىنىپ كېتەتتى. ئاتا ـ بو-ۋىلىرىنىڭ شانلىق ھاياتى خاتىرىلەنگەن ئاشۇ تارىخنىڭ ئۆزى مۇجمەل دەپ قارىغان يەرلىرىنى، ئۇنىڭغا بولغان گۇمانىي قاراش-لىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى، تېگىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايتتى.

— ھەممىمىز ئاشۇ بۈيۈك جاھانگىر ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئەۋلا-

① «خەمسەتەيىن» — ئىككى خەمسە، بۇ يەردە نىزامى بىلەن دېھلىۋىنىڭ خەمسىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

دى تۇرۇپ نېمىشقا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەشەددىي رەقىبلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن بولغىيتتۇق؟ ــ دەيتتى ئۆمەر شەيخ مىرزا ئەپسۇسلانغان ھالدا، ــ جانابى شاھرۇخ مىرزا ھەزرەتلىرى ئاغا ـ ئىنىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوردىدىن چەتلەشتۈرمىگەن، تەسەر ـ رۇپىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە بۆلۈپ بەرمەي، ئاغا ـ ئىنىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگىمۇ ئادىل مۇئامىلە قىلغان بولسا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاشۇنداق قانلىق قىرغىنچىلىقلار يۈز بەرمەس بولغىيتتى؛ مىرانشاھلار، شاھرۇخىيلار، ئۆمەر شەيخ ئەۋلادى دې ـ گەندەك گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ، تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاسى قىلى ـ شىپ، بۇ بۈيۈك ئەلنى پارچىلىماس بولغىيتتى؛ بىر ـ بىرىگە قارشى لەشكەر تارتىپ، بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشمەس بول ـ غىيتتى. مانا مەرھۇم جەننەتماكان خان ئاتامىمۇ مۇشۇ پاجىئەنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. بولمىسا يادىكار مۇھەممەد مىرزىمۇ ئۆز قېرىندىشىمىز ئىدىغۇ؟ خۇراساننى ئايرىپ چىقىپ مۇستەقىل سەلتەنەت تىكلىۋالغان ھۇسەيىن بايقارامۇ يات كىشى ئەمەس ئى ـ دىغۇ؟ ھەممىمىزنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى ئاشۇ بابائى بۈزرۈك ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىران ھەزرەتلىرىنىڭ قېنى ئىدىغۇ ئاخىر؟! ئەمدىلىكتە بۈيۈك سەلتەنەت چاك ـ چېكىدىن ئاجراپ، پارچىلى ـ نىپ كېتىپ بارىدۇ. ئەتە ـ ئۆگۈن يەنە قايسىبىر تۆمۈرىيزادە تەخت دەۋاسى قىلىپ چىقىدۇ تېخى؟! كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، جەننەتماكان خان ئاتامۇ ئاشۇ پاجىئەلەردىن ساۋاق ئالمىغانىكەن. يادىكار مۇھەممەد مىرزا بىلەن ھۇسەيىن بايقارانى ياراشتۇرۇپ، ئۇلارنى تەختگاھ ئەتراپىغا جەمئىي بولۇشقا قايىل قىلالىغان بولسا، ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتى بۈگۈنكى كۈنگە قالماسىدى.

سۇلتان يۇنۇسخان قايىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى.

ــ جاھاننىڭ ئىشلىرىغا بىر نېمە دېمەك تەسكەن خانزادەم. ھەممىگە قادىر بولغان مۇقەددەس تەڭرىنىڭ يۈكسەك ھېكمىتى بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى بىر سەۋەبنىڭ تۇغۇلۇشىغا قاراشلىق

قىلىپتۇ ۋە ھەر مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى بىر ۋاستە ئار ـ قىلىق يەنە بىر سەۋەبكە باغلىق قىلىپتۇ. ھېچكىم ئۆز تەقدىرىنى بىلەلىگەن ئەمەس. مانا مەنمۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمدە ئاشۇ تەخت ـ سەلتەنەت سەۋەبىدىن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ۋەتىنىمدىن قوغلانغاندىم. مەرھۇم جەننەتماكان خان ئاتامنىڭ ئەمىرلىرى نېمە ئۈچۈندۇر ئىنىمنى تەخت ۋارىسى قىلىپ مىنى تاجۇ تەخت ـ تىن مەھرۇم قىلدى؛ تاكى قىرىق ياشقا كىرگىچە ياقا يۇرتلاردا لاماكان بولۇپ يۈردۇم، ئاخىرى جەننەتماكان پەدەرلىرىنىڭ كۆپ مەدىتى بىلەن ۋەتەنگە يۈزلەندىم. ئاۋۋال ئىنىم بىلەن، كېيىن ئۇ ـ نىڭ خانزادىسى بىلەن كۆپ جەڭلەرنى قىلدىم. نۇرغۇن باشلار كېسىلدى، بىھېساب قانلار تۆكۈلدى. بىلگۈچى ياراتقان ئىگەمدۇر. قانچىلىك گۇناھلارنى سادىر قىلدىم، بۇنى بىلمەيمەن. ھەر ۋاق نامىزىمدا ئاللاھتىن گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن. ھەممىمىز مىڭ ياشقا كىرمەيدىغانلىقىمىزنى، بۇ دۇنيانىڭ ئالتە كۈنلۈك قونالغۇ ئىكەنلىكىنى، ئۆزىمىزنىڭ بۇ پانىي ئالەمدىكى يولۇچى، مېھمان ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ تۇرىمىز ـ يۇ، ئەمما يە ـ نىلا ئۇنىڭدىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمەيمىز. سەلتەنەت، تاجۇ تەخت ئادەمنى ئىشق ئوتىدا كۆيدۈرىدىغان، ئەمما ۋىسال شارابىنى بىردە تەڭلەپ، بىردە ناز بىلەن قېچىپ تۇرغان شوخ نازىنىنغا ئوخشاش ئۆزىگە رام قىلىپ، ئادەمنىڭ ئەس ـ ھوشىنى قويمايدىكەن. سەل ـ تەنەت ئىشلىرىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ قالدىڭلا خانزادەم.

بۇنداق سۆھبەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ھەر ئىككىلىسى ئە ـ چىگە تىنىپ چوڭقۇر خىياللارغا ئەسىر بولاتتى. سۆھبەت خۇلا ـ سىسىز، جاۋابسىز ئاخىرلىشاتتى.

سۇلتان يۇنۇسخان بىر قىشنى تاشكەنتتە ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن بەكمۇ كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئاتا ـ بالىدەك بولۇپ قېلىشقانىدى.

قىش ئاخىرلىشىپ، ئەتىياز پەسلىنىڭ كېلىشىگە ئەگە ـ شىپ، سۇلتان يۇنۇسخان ئاستا سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئۇ ھەر قېتىم ئاقسۇغا قايتىدىغان ۋاقتىنى خىيال قىلغىنىدا، كۆز

ئالدىغا ئۆمەر شەيخ مىرزا كېلىۋالاتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزىمۇ ئۇ-نىڭ بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇۋالماقچى بولغاندەك ئىلگىرىكىدەك بىر ـ ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئەمەس، كۈندە بىر ـ ئىككى قې-تىم سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ قېشىغا كېلەتتى.

— ھەي ئىسست، بۇ قىش ئەجەب تېز ئۆتۈپ كەتتى دېسە، — دەيتتى ئۇ كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي، — راست گەپنى قىلسام، سىلىدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايۋاتىدۇ ئالىيلىرى. خۇددى ئا-تا ـ بالىدەكلا كۆنۈشۈپ قالغانىكەنمىز. ئىشقىلىپ يولغا چىقىشقا ئالدىرىمىسىلا، قاشلىرىغا تولا كېلىۋېلىپ زېرىكتۈرۈپ قويمى-غاندىمەن ـ ھە، زېرىكسىلىمۇ مەيلى، كۆپرەك دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇۋالاي دېدىم. ئەمدى كەتسىلە قاچان كۆرۈشىمىز دېسىلە، ئا-رىلىق يېقىنراق بولسىچۇ كاشكى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ۋۇجۇدىدا گۈر-رىدە ھاياجان پەيدا بولاتتى. ھەئە، ئۇنىڭ ئىككى خانزادىسى — سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەدخانمۇ ئۆمەر شەيخ مىرزىغا بەكلا ئىچىكەپ كەتكەنىدى. ئۇنى كۆرسە ئاكاجان دېسە ئاكاجان دەپ ھالى قالمايتتى، ھە دېسە ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ قەسرىگە قېچىپ كېتەتتى.

ئۆمەر شەيخ مىرزىغا بۇ دەرىجىدە مېھرى چۈشۈپ قالغانلى-قىدىن سۇلتان يۇنۇسخان ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى.



تاشكەنتتە تېرەكلەر پوتلا بولۇپ كۆكلەمنىڭ شەپىسى كەل-دى. قىشتىن بېرى تۈزۈك قار ياغمىغىنىغا قارىماي ھاۋا ئوچۇق بولۇۋاتاتتى. سەپەر تەييارلىقلىرىنى ئاساسەن پۈتكۈزۈپ بولغان

سۇلتان يۇنۇسخان بېجىرىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر ئىشنى چالا قالغاندەك يولغا چىقىشقا ئالدىرىمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىيالچان تۇرقىدىن غەم بېسىۋالغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى.

«بۇ يەردە ھاۋا ئىللىپ كەتكەن بىلەن تاغ يوللىرى تېخى ئېچىلمىدى. ئالدىراپ يولغا چىقسام قارلىق داۋانلاردا قىيىنلىپ قالىمىز. بولۇپمۇ ئاياللار بىلەن باللارغا جاپا بولىدۇ. ۋەتەندىن، تاجۇ تەختتىن ئايرىلىپ تۇرغىلى بىر يىلدىن ئېشىپتۇ. ئەمرۇل ئۇمەرا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ يوللىغان مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، ئەل ـ يۇرت تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋېتىپتۇ. ئىلى ۋادىسىمۇ تىنچىپ قاپتۇ. ھېلىمۇ ئۇل ساداقەتمەن ئەمىر بولۇپ قاپتىكەن، بولمىسا سەلتەنەت ئىشلىرى نېمە بولۇپ كېتەرىدىكىن تاڭ؟ خۇدايىم قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىسىمۇ ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ، دېگىنى شۇ بولسا كېرەك. تاشكەنتتە شۇنچە ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشىمنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. ئادەم پەقەت ئەتىسىنىلا قىياس قىلالايدىكەن، ئەمما قانداق تەقدىر ـ قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ھەرگىز بىلەلمەيدىكەن. نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلارنى، نىيەت ـ مۇددىئالارنى كۆڭلىمىزگە پۈكىدىكەنمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدىكەنمىز. يەنىلا تاجۇ تەختسىز كۆڭلىرىم خاتىرجەم ئۆتكەنىكەن. بىراق، ئۇل خاتىرجەملىكنى دەپ تاجۇ تەختتىن ۋاز كەچكىلى بولمايدىكەن. شۇنداق، ئۆز خاتىرجەملىكىمنى ئويلىسام ئابا ـ ئەجدادلىرىمنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويىمەن. چۈنكى، بۇل سەلتەنەت، تاجۇ تەختنى ئاشۇ بابائى بۇزرۇكلەر قان كېچىپ قولغا كەلتۈرگەن، بىزگىچە ئۇلاشتۇرغان، مەنمۇ ئۇنى ئەۋلادلىرىمغا تاپشۇرۇشۇم، ئەل ـ يۇرتنىڭ خاتىرجەملىكى، ئاسايىشلىقى ئۈچۈن تىرىشىشىم كېرەك. بولمىسا، ئۇنى ياتلار تارتىۋالىدۇ، ئەل ـ يۇرتنى پايخان قىلىدۇ. ئاۋام ـ رەئىيەت مەھكۇملۇققا مۇپتىلا بولىدۇ... سەمەرقەنتكە بېرىپ سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، مەرھۇم بۇسەيىن سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ

يانسام ياخشى بولاتتى، لېكىن ۋاقىت ئۆزىراپ كەتكۈدەك. ھېلىمۇ تاجۇ تەختنى بىر يىلدىن ئارتۇق تاشلاپ قويدۇم. ئادەمگەرچىلىك-نى دەپ ۋەتىنىمنى، تەخت ـ سەلتەنەتىمنى تاشلاپ قويسام ياخشى بولمىغۇدەك. مېنىڭ ئورنۇمدا قىزىم مېھرىنىگار خېنىم تەسەللى بېرەر. شاھبانۇ ئىسان دۆلەت خېنىم بۇ ئىشقا نېمە دەركىن؟ ھەر ھالدا مەسلىھەتكە سېلىپ قوياي، ئىشقىلىپ بۇ قارارىمدىن ياذ-مايمەن...»

ـــ يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قاپتىلىغۇ ئاتا؟

سۇلتان يۇنۇسخان خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ بېشىنى كۆتۈر-دى. ئالدىدا چوڭ مەلىكىسى مېھرىنىگار خېنىم ئەدەپ بىلەن كۇ-لۇپ تۇراتتى.

ـــ كەلسىلە، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرسىلا، ـــ دېدى ئۇ قى-زىغا مېھرى بىلەن قاراپ، ـــ سىلىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرات-تىم قىزىم.

مەلىكە مېھرىنىگار خېنىم دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئول-تۇرغاچ سورىدى:

ـــ مېنى دەمدىلا ئاتا، خوش، ئول خىياللىرىنى بىلىپ باق-سام بولامدۇ؟

سۇلتان يۇنۇسخان ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىپ يەنە جىمىۋال-دى. بۇ نازۇك ئىشنى قىزىغا دېيىشنى بىئەپ كۆردى.

«يەنىلا ئانىسى دېگىنى تۈزۈكتەك قىلىدۇ. مەندىن ئاڭلىسا چوقۇم خىجىل بولىدۇ. مەنمۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالغۇدەكمەن. ئو-غۇل بولسىدى... قىز ئانىسىغا يېقىن، دېگەن گەپ يەنىلا راست ئىكەن...»

ـــ نېمانچە يىلىڭ كېينىۋالدىلا، تومۇداپ قالمىسىلا يەنە، ـــ دېدى يۇنۇسخان گەپنى بۇراپ.

ـــ ھاۋا خېلىلا ئىللىپ قالدى، قىشلىق كىيىملەر بىلەن يۇرسەم ئىسسىقلاپ قالىدىكەنمەن، ـــ دېدى مېھرىنىگار خېنىم تاتلىققىنا كۇلۇپ، ـــ سىلىمۇ سۆسەر جۇۋىلىرىنى كىيمەپتىلى-

غۇ مانا. ئاتەشدانىڭ ئوتى ئۆچۈپ خابگاھلىرىمۇ سوۋۇپ قاپتۇ. سالامەتلىكلىرىنى ئاسرىسىلا، ئاغرىپ قالسىلا ۋاقتىدا يولغا چىدىقالماي قالىمىز.

ــ يۇرتنى سېغىنىدىلىمۇ قىزىم؟

ــ سېغىنمامدىغان، كۆزۈمنى يۇمۇپ ـ ئاچسىلا ئۆزۈمنى ئاقسۇدا كۆرسەم دەيمەن. يەنىلا ئۆز ئاستانىمىز ـ دە، ئۇ.

قىزىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ يۈرىكى پىژژىدە ئېچىشىپ كەتتى.

«ئى تەڭرىم، بۇ يۇرەك پارەمدىن ئايرىلىشقا بەرداشلىق بېرەلەرمەنمۇ؟ نە چارە. بەربىر قىز چوڭ بولسا ياتلىق قىلىدىغان گەپ...»

ــ خانىش ئانام: «ئاتلىرىدىن سوراپ باقسىلا، كۆك چۆچۈرىسىگە كۆڭلى تارتامدىكىن؟» دېگەنىدى.

ــ كۆك چۆچۈرىسى؟ ــ سورىدى يۇنۇسخان ئەجەبلىنىپ، ــ ھازىر كۆك چىقىپ بوپتىمۇ؟

ــ ھەئە، ــ دېدى مېھرىنىگار خېنىم ئەركىلەپ، ــ باشقىلار كۆك چۆچۈرىسىگە ئېغىز تەگكىلى ھەپتە بولدى.

ــ كۆك چۆچۈرىسىگە كۆڭۈل تارتمايدىغانمۇ ئىش بولامدۇ. تاماق ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ بارىمەن. بىللە ئولتۇرۇپ غىزالىنايلى. خانىش ئانىلىرىغا دەپ قويسىلا، خابگاھىمغا چىقسۇن.

ــ خانىش ئانامدىن قايسىسىغا خەۋەر بېرىمەن؟

ــ ھەر ئىككىلىسىگە.

مېھرىنىگار خېنىم ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپ چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

«كۆك چىققان بولسا ئەمدى يولغا چىقساق بولغۇدەك، مەلىكە مېھرىنىگار خېنىمنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋە-

تىدىغان ئىشنى ئەمدى كەينىگە سۈرمەي، بۇ نىكاھ ئىشىغا خانىش ئايىملار نېمە دەركىن؟ قىزىدىن ئايرىلىشقا، يۈرەك پارىسىنى شۇنچە يىراقتا قالدۇرۇپ كېتىشكە يۈرىكى چىدىمايدۇ ئەتىمالىم. لېكىن، شۇنداق قىلماي ئامال يوق. بۇ ئىش نەسەبىمىزگىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازكەم يۈز يىللاردىن بېرى تۇغلۇق تۆمۈر جەمەتى بىلەن ئەمىر تۆمۈر جەمەتىدىكى خان ـ سۇلتانلار ئۆزئارا قىز بېرىشىپ، قىز ئېلىشىپ، قۇدا ـ باجا بولۇشۇپ كەلگەن. دېمەك، بۇ بابائى بۇزرۇكلەردىن قالغان ئۇدۇم. شۇڭا سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى كۈيۇ ئوغۇل قىلىۋالسام تامامەن بولىدۇ...»

يېقىندىن بېرى سۇلتان يۇنۇسخان چوڭ مەلىكىسى مېھرىنىگار خېنىمنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا نىكاھلاپ بېرىشنى خىيال قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىيالىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمىگەنىدى. مانا ئەمدى ھاۋا ئىللىپ، ۋەتەنگە قايتىدىغان ۋاقىتنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ بىردىنلا ئالدىراپ قالدى ۋە بۇ مۇددىئاسىنى خانىشلىرىغا بىلدۈرۈشنى قارار قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئانھەزرىتىمگە ئېھتىرام بولغاي.

سۇلتان يۇنۇسخان ئىككى خانىشنىڭ سالامىنى ئولتۇرغان ئورنىدىن بىرئاز قىمىرلاپ ئىلىك ئالدى.

— قېنى، جاي ئالسۇنلا.

ئىككى خانىش ئۇنىڭ ئۇدۇل تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— ئىككىڭلارنىڭ سەمىگە بىر ئىشنى سالماقچىمەن، لېكىن بۇ مەسلىھەت ئەمەس، قارارىمدۇر.

مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن چاقىرتىلغانلىقىنى پەملىگەن ئىككى خانىش قەددىنى رۇسلاپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى ئەگدى:

— خوش، قۇلىقىمىز قىبلىگاھىمىزدا.

— ھاۋا ئوبدانلا ئىللىپ قاپتۇ، مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يولغا چىقمىساق بولمايدۇ، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان خانىشـ

لىرىغا تەكشى نەزەر تاشلاپ، ــ يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال مەلىكە مېھرىنىگار خېنىمنى سەمەرقەنتتىكى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىشنى قارار قىلدىم. مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە توي جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ، مەلىكىنى ئۇزىتىپ قويۇش ھازىرلىقىنى كۆرۈشكەيلا.

تاسادىپىيلىق ھېس قىلغان ئىككى خانىش شاققىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇنۇسخاننىڭ كۆزىگە قارىدى.

ــ بۇ... بۇ...، ــ دېدى خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم دەماللىققا كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلىيەلمەي، ــ جانابى ئالىھەزرىتىمنىڭ قانداقسىگە بۇنداق قارارغا كېلىپ قالغانلىقىنىڭ بائىسىنى بىلسەم بولۇرمۇ؟

خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ قىزىدىن تۇيۇقسىز ئايرىلىشقا چىدىماي كۆز يېشى قىلىپ نارازىلىق بىلدۈرۈشىدىن ئەنسىرىگەن سۇلتان يۇنۇسخان چىرايىغا قەستەن سۇرلۇك تۈس بېرىپ قاپىقىنى تۈردى:

ــ سەۋەبى ئاددىي، قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ.

خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم جاۋاب قايتۇرۇشقا پېتىنالماي بېشىنى تۆۋەن سالدى. خانىنىڭ تۇيۇقسىز بىلدۈرگەن قارارىنىڭ چوڭ خانىشقا بەكمۇ تاسادىپىي تۇيۇلغانلىقىنى ھەمدە قىزىدىن ئايرىلىپ ياشاشقا چىداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان خانىش شاھ بېگىم قىسقا يۆتىلىپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

ــ ئۇغۇ شۇنداق. ئەمما ئالىھەزرىتىم بۇ ئىشنى بەكمۇ تۇيۇقسىز قارار قىلىپتىلا. توينى بۇنچە ئالدىراش ـ تېنەش قىلساق جايىدا بولۇرمۇ، بۇنى ئويلىشىپ كۆردىلىمىكىن؟! يەنە كېلىپ مەلىكىنى ياتلىق قىلىش سەلتەنەتىمىزنىڭ چوڭ ئىشىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە توي جابدۇقلىرىنى ئىككى كۈندە پۈتكۈزمەك بەسى مۇشكۈل. مەلىكىنىمۇ ئۆز يارىشىقىدا جابدۇمىساق بولماس تېخى.

ــ بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان كىچىك خانىشنىڭ ئۆزىنى قوللىمىغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، ــ توي

جابدۇقى ئىككى كۈندە پۈتمىسە، بەش كۈندە پۈتەر، بۇنىڭدىن ئار -
تۇق مۆھلەت بېرەلمەيمەن.
خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ سورىدى:
ــ سەمەرقەنتتىن ئەلچى كەلگەنلىكىدىن ئەجەب خەۋىرىمىز
يوقكىنا؟! ئانهەزرىتىمىز بۇ خۇسۇستا ئېغىز ئاچمىغانىدى.
ــ مانا مەن سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئەلچىسى. قىزىمغا
ئۆزۈم ئەلچى بولماقچىمەن، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان خانىشنىڭ
جاھىللىقىغا نارازى بولۇپ، ــ مۆھتەرەم خانىش ئايىمدىن مەلىكە
مېھرىنىگار خېنىمنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا خۇدايى ھەمراھلىققا
بېرىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن.
خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم لېۋىنى چىشلىدى.
«بۇ قانداق قائىدە ئۆز قىزىغا ئۆزى ئەلچى بولىدىغان؟ گې -
پىنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، بۇ نىكاھ ئىشىدىن كۈيئو ئوغۇل بول -
غۇچىنىڭمۇ خەۋىرى يوقتەك قىلىدۇ. ئاتا ـ ئەجدادلىرىمىزنىڭ
قىز ياتلىق قىلىش، ئوغۇل ئۆيلەش يوسۇنى بويىچە ئاۋۋال ئالدى -
مىزغا ئەلچى كېلىشى، ئاندىن رازىلىقىمىز بويىچە نەسەبىمىزنىڭ
شەۋكىتىگە يارىشا شاھانە توي قىلىپ قىزىمىزنى ئۇزىتىپ قو -
يۇشىمىز كېرەك ئىدىغۇ؟ بۇنچە ئالدىراپ كەتكۈدەك مەلىكىنىڭ
يېشى چوڭ بولمىسا. يەنە بىرەر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن توينى
قىلساقمۇ بولۇۋېرەتتىغۇ؟ قىزلىرىمنىڭ توينى ئەل ـ يۇرتقا ئاش
بېرىپ ھەشەم بىلەن قىلىمەن، دېگەن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم نەگە
كەتتى ئەمدى. مەلىكە مېھرىنىگار خېنىم ئاشۇنداق ئابرۇيسىز،
قەدىرسىز ياتلىق بولۇپ كېتەرمۇ...»
خانىشلىرىنىڭ چىراي ئىپادىسىنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ تۇر -
غان سۇلتان يۇنۇسخان قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ، سۇر ـ ھەيۋىسى -
نى نامايان قىلىپ تۇرغىنى بىلەن، يۈرىكى ئۇلاردىن بەتتەر ئې -
چىشىپ كېتىپ باراتتى.
«كۆكۈللىرىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن. سىلىنىڭ مەلىكىنى
كاتتا ھەشەم ـ دەرەم بىلەن ئۇزىتىپ قويغىلىرى بار. لېكىن

بۇنداق قىلايلى دېسەك، ۋاقىت بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ. قىزىمىزنىڭ تويىنى دەپ سەلتەنەت ئىشلىرىنى تاشلاپ قويساق بولماس. ھېلىمۇ ۋەتەندىن ئايرىلىپ تۇرغىلى بىر يىلدىن ئاشتى، قارارىمنى توغرا چۈشەنگەيلا...»

— ئىككى ئەلنىڭ قۇدىلىشىشى سەلتەنەتىمىزگە پايدىلىق. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۆز پەرزەنتىمىزگە ئوخشاش، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان تەلەپپۇزىنى بىرئاز يۇمشىتىپ، — مەرھۇم سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرى ھايات بولغان بولسا، بەلكىم بۇ تويىنى سىلىنىڭ ئارزۇلىغانلىرىدەك قىلىشىمىز مۇمكىن ئىدى. بۇسەيىن سۇلتان ئالىيلىرى ۋاقىتسىز كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئاتا - ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈش بىزنىڭ بۇرچىمىز. سىلىگىمۇ ئايان، مەرھۇم خاننىڭ ۋاپاتىغا تېخى بىر يىلمۇ توشمىدى. بۇنداق ۋاقىتتا تويىنىڭ داغدۇغىسىنى قىلىش ياخشى ئەمەس. ئەھلى جامائەتكە سىر ئەمەسكى، مەرھۇم سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرى ئۆز ۋاقتىدا مېنى شىرازدىن ئالدۇرۇپ كېلىپ، مېھىر - شەپقىتىنى ئايىماي كۆرسىتىپ، ئىككى ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنى دوستلۇققا ئالماشتۇرغانىدى. ئەمدى مەن ئول دوستلۇقنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئۇنى تۇغقاندارچىلىق، قېرىنداشلىققا ئايلاندۇرماقچىمەن. ئاللاھ خالىسا ھەممە قىزلىرىمنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا بېرىمەن.

ئىككى خانىش لام - جىم دېيەلمىدى. ئەمدى نارازىلىق بىلدۈرۈشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىككى خانىشنى يۇنۇسخاننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى قايىل قىلغانىدى.

— پەرمانبەردارمىز، — دېدى خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم، — ھازىردىن باشلاپ مەلىكىنى ئۇزىتىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆرەيلى.

— بۇ نىكاھ ئىشى مەلىكىنىڭ كاللىسىدىن دەماللىققا ئۆتمەسلىكى مۇمكىن. شول تاپتا مەلىكىنىڭ ئەس - يادى ۋەتەنگە تېزرەك قايتىشتا. ئىككىلىرى ئۇنىڭغا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قايىل

قىلسىلا. ئەقىللىق مەلىكە ئاتا ئارزۇسىنى يەردە قويماس، دېگەن ئۈمىدىم بار. بول ئىشنى ئىككىلىرىگە تاپشۇردۇم.

ــ باش ئۈستىگە!

ئىككى خانىش ئېسەنلىك تىلەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

※ ※ ※

سۇلتان يۈنۈسخاننىڭ چوڭ قىزىنى ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا بەرمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئۆمەر شەيخ مىرزا ئاكىسىنىڭ ئورنىدا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

ــ مەگەر ئىنسان خەيرخاھلىق، گۈزەللىك، ئالىيجانابلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىقتا باشقا ئادەملەر ئارقىلىق ئەمەس، ئۆزى ۋە ئۆز روھى ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت نەرسە ئارقىلىق ئېرىشىدىغان بولسا، ئۇل چاغدا ئۇل ئادەم ئىنسانىي كامىللىقتا يەتكەن بولىدۇ، ــ دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، ــ خان ئالىيلىرى بىلەن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن تۈنجى كۈندىن باشلاپلا پەزىلەتلىرىدىن قىلچىلىك گۇمانلانغان ئەمەسمەن. بىزنى ئۆز پەرزەنتلىرىدەك كۆرگەنلىرىدىن كۆپ مىننەتدارمەن. ئىشەنچىم كامىلكى، جانابى خان ئاغامۇ بول ھىممەتلىرىدىن كۆپ خۇرسەند بولىدۇ ۋە ھايات گۈلزارلىقلىرىدا ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرگەن ئۇل نازۇك غۇنچىنى بىباھا گۆھەر بىلىپ چېكىسىگە قىسىدۇ.

ــ مەنمۇ شۇنداق ئىشەنچتە، ــ دېدى سۇلتان يۈنۈسخان ھاياجانلانغان ھالدا، ــ بۇ پەزىلەتنى مەن مەرھۇم جەننەتماكان پەدەرلىرىدىن ئۆگەنگەن. جانابى بۇسەيىن سۇلتان ئالىيلىرى ۋاپا ۋە مەردلىكنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئوتتۇرىمىزدا دوستلۇق ئىمارىتىنى بىنا قىلىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. مەن بولسام ئۇل ئىمارەتنىڭ ئۇلىنى تۇغقاندارچىلىق لېيى بىلەن ئۇلاپ، تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ قويۇشقا تىرىشتىم خالاس.

— ئارى. ئىككى ئەلنىڭ خان ـ سۇلتانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بول تۇغقاندارچىلىق ئىككى ئەلدىكى ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى چىڭىتىشقا سەۋەب بولغۇسى.

— ئەينى مۇددىئا، ئىككى ئەلدىكى رەئىيەت يات كىشىلەر ئەمەس، يىلتىزى، تىلى، دىنى بىر قان ـ قېرىنداشلاردۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەممىمىز بىر قوۋمدىنمىز. بۇ ئىشىمىز ئەۋلادلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئۆرنەك بولسا ئەجەب ئەمەس.

ئۆمەر شەيخ مىرزا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ سۆزلىرىنى مەمنۇنىيەتلىك بىلەن تەستىقلاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇنداقتا، مەن خان ئاغامغا خەۋەر بېرەي، توي تەييارلىقىغا كىرىشكەچ تۇرسۇن.

بۇ تەكلىپنى سۇلتان يۇنۇسخان كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى:

— ھاجەت ئەمەس. قائىدە بويىچە جەننەتماكان بۇسەيىن سۇلتان ئالىيلىرىغا بىر يىل ماتەم تۇتۇپ مۇسىبەتتە تۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى. بىراق، «قالۇ ئىننالىللاھى ۋەئىننا ئىلەيھى راجىئۇن» يەنى «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمى بىلەن، زىيادە قايغۇرۇپ، جانابى قۇدرەت ئىگىسىگە جان دەۋاسى قىلغان بولۇپ قالمايلى دەپ، كۆڭلىمىزنى خۇشال ـ خۇرام تۇتۇشقا تىرىشىپ كەلدۇق. شۇنداقتىمۇ جەننەتماكان خان ئالىيلىرىنىڭ يىلى توشماي تۇرۇپ توي تەنتەنىسى قىلىپ يۈرمەيلى. قىزىمنى مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ ئوغلىغا بېرەلىگىنىمنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن بىھېساب خۇشاللىقتۇر.

※ ※ ※

ھەپتىدىن كېيىن سۇلتان يۇنۇسخان چوڭ قىزى مەلىكە مېھرىنىگار خېنىمنى قىرىق نەپەر خاس كېنىزىكى بىلەن قوشۇپ

سەمەرقەنتكە يولغا سالدى.
ــ جېنىم قىزىم، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان تولا يىغلاپ
كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن مەلىكە مېھرىنىگار خېنىمنىڭ قوش ـ
قوش ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان نازۇك بارماقلىرىنى ئاتىلىق مېھ ـ
رى بىلەن مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، ــ سىلى مېنىڭ يۈرەك پارەم،
جان جىگەرىم، ئەلۋەتتە سىلىدىن ئايرىلىشقا مەنمۇ چىدىمايمەن.
نە چارە؟! قىز چوڭ بولسا ياتلىق قىلىش ئادەم ئاتمىز بىلەن
ھاۋا ئانىمىزدىن قالغان ئۇدۇم ئىكەن. سىلى شول تاپتا مېنى
باغرى قاتتىقلىقتا ئەيىبلەۋاتقانلا. ئەمما يۈرىكىمنىڭ ئايرىلىش
ئازابىدا قايسى ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىر ئۆزۈم بىلىمەن. ئا ـ
تىلىرىنىڭ سىلىگە نەقەدەر ئامراقلىقىنى، ھەرقاچان غەملىرىنى
يەپ، ياد ئېتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىرىدە مەھكەم تۇتسىلا. ھا ـ
زىردىن باشلاپ ئارىلىقىمىز چەكسىز ئۇزىرايدۇ. مەيلى سىلى
مەندىن قانچىلىك يىراقلىقتا تۇرسىلا، يۈرەكلىرى ھەرقاچان يۇ ـ
رىكىمگە ھەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ. سىلى ھازىردىن باشلاپ مېنىڭ
قىزىملا ئەمەس، ئايالىق سۈپەتلىرى بىلەن بىر ئەرنىڭ خوتۇنى.
خانىشلىق مەرتىۋىلىرى بىلەن بىر ئەلنىڭ ئانىسى بولىدىلا. ھەر ـ
قاچان ئايالىق پەزىلەتلىرىنى ساقلاپ كۆيۈلىرىگە ساداقەتمەن،
ئىتائەتمەن بولسىلا. ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىلىرىغا كۆيۈنگەندىنمۇ زى ـ
يادە كۆيۈنسىلە. ئاتا ـ ئانىلىرىنى سۆيگەندىنمۇ زىيادە سۆيسىلە.
ئايالىق پەزىلەتلىرىگە زىنھار داغ چۈشمىسۇن. ناۋادا ئايالىق پە ـ
زىلەتلىرىگە تىرناقچىلىك داغ چۈشىدىكەن، ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ
شەنىگە ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە داغ چۈشىدۇ. سىلىنى ساپ
ھاۋاسى، شەربەتتەك سۈيى، ھالال نازۇ نېمەتلىرى بىلەن پەپىلەپ
ئۆستۈرگەن ئەل ـ يۇرتلىرىنىڭ شۆھرىتى يەكسان بولىدۇ. خا ـ
نىشلىق مەرتىۋىلىرىنى قەدىرلىسىلە. باشقا خانىشلارنىڭ مەرتى ـ
ۋىسىگە رىئايە قىلسىلا. ئۇلارنى بىر تۇغقان ھەمشىرىلىرىدەك
كۆرسىلە، ھۆرمەتلىسىلە، كۆيۈنسىلە. مىسالەن، ۋالىدەلىرى ئى ـ
سان دۆلەت خانىش بىلەن كىچىك ۋالىدەلىرى خانىش شاھ بې ـ

گىمنىڭ دوستلۇقىنى، مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ھەرقاچان كۆز ئالدىلىرىغا كەلتۈرسىلە، ۋۇجۇدلىرىغا كۈندەشلىك زەھىرىنى يې-قىن يولاتمىسىلا، غەيۋەت ـ شىكايەتتىن يىراق تۇرسىلا. ئىنسان ئۆزىنى ئۇششاق سۆزلۈك، ئاداۋەتخورلۇق، داغۋازلىق، ھاكاۋۇر-لۇق، ئىچى تارلىق، ۋاپاسىزلىق، ساداقەتسىزلىك ئىللەتلىرىدىن خالىي قىلىپ چىقمىغۇچە شول خىل ئىپلاس ۋە پەسكەش خاراك-تېردىن ئازاد بولالمايدۇ. مەن سىلىنى كۆيۈ ئوغلۇم سۇلتان ئەھ-مەد مىرزىغا ئۇسسۇلۇق، غىزا، ئۇيقۇ قىلىپ بەردىم. سۆزۈمنىڭ تېگىگە يەتسىلە. سىلىنى كۆيۈ ئوغلۇمنىڭ ئۇسسۇلۇقى دېگىنىم: ئەر دېگەن ھەرقاچان ئەل غېمى بىلەن يۈرىدۇ. غەم ئۇنى ھاردۇرى-دۇ، تالدۇرىدۇ، جىسمانىي ۋە ئەقلىي قۇۋۋىتىنى خورىتىدۇ. بۇنداق ھالەت مىسالى كىشىنىڭ چاڭقىغىنىغا ئوخشايدۇ. ھەرقا-چان ئۇنىڭ غېمىگە غەمخان بولالىسىلا، غېمىنى ئازراقمۇ بولسا يەڭگىللىتەلىسىلە خۇددى چاڭقىغاندا ئۇسسۇلۇق ـ شەربەت بەر-گەنگە ئوخشاش بولىدىلا. سىلىنى كۆيۈ ئوغلۇمنىڭ غىزاسى دې-گىنىم: بىر ئەلنىڭ سۇلتانى تەسەررۇپىدىكى ئاۋام ـ رەئىيەتنى ئاچ ـ زېرىن قويماسلىقى كېرەك. قايسى ئەلدە قەلەندەر ـ تىلەم-چى كۆپىيىدىكەن، شول ئەلنىڭ سەلتەنەتى ئاسان زاۋاللىقا يۈز تۇتىدۇ. ئېسىل مەئىشەتلەردىن يىراق تۇرۇپ، ئاددىي ـ ساددا يا-شاشنى ئادەتلەندۈرسىلە. خەزىنىنى تېجىسىلە، سىلىنىڭ تېجىگەن خەزىنىلىرى بىلەن مىڭلاپ ئاۋامنى تويۇندۇرۇش مۇمكىن. ئاۋام ـ رەئىيەت ئاچ قالسا، ئاشۇ ئاۋامنىڭ ھۆكۈمدارىمۇ ئاچ قالىدۇ. ھەرقاچان ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ قورسىقىنىڭ غېمىنى يېسىلە كۆ-يۈلىرىگە ئېسىل غىزا بەرگەن بولىدىلا. سىلىنى كۆيۈ ئوغلۇمنىڭ ئۇيقۇسى دېگىنىم: ئادەم غەم ـ قايغۇدىن، كۆڭۈلسىزلىكلەردىن، رەنجىشلەردىن خالىي بولسا خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ. ئاددىي ئاۋامغا سېلىشتۇرغاندا بىر ئەلنىڭ پاسىبانىنىڭ غەم ـ قايغۇسى، باش ئاغرىقى، قىلىدىغان ئىشلىرى، ئويلايدىغان ئويى نەچچە مىڭ ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. ئەرنىڭ غېمىنى يەڭگىللىتىدىغانمۇ ئايال،

كۆپەيتىۋېتىدىغانمۇ ئايالدۇر. سىلى كۈيۈلىرىگە نەپەسداش بولۇپ، خاتىرجەملىككە يۈزلىنىشىگە كۈچ چىقارسىلا ئۇنىڭغا شېرىن ئۈيقۇ ئاتا قىلغان بولىدىلا. چۈنكى، خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادە-لىك شېرىن ئۈيقۇغا ئوخشاش راھەتلىكتۇر. كۆز ياشلىرىنى توخ-تىتىپ، خۇشال كۈلكىلىرى بىلەن يولغا چىقسىلا قىزىم. سىلى-نى ئاۋۋال ياراتقان ئاللاھ ئىگەمگە، ئاندىن مەرھەمەتلىك كۈيۇ ئوغلۇم سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا تاپشۇردۇم. ھەرقاچان يېرىم دىدار بولمىش مەكتۇپلىرىنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ تۇرۇپ ئوقۇشقا نېسىپ بولغاي.

سۇلتان يۇنۇسخان قىزىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۆ-مەر شەيخ مىرزا بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ، بۈيۈك سەلتە-نەتنىڭ پايتەختى ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى.

## 77

ئاقسۇ، كۈن چۈشتىن قايرىلغان مەھەل.

سارغىيىپ پىشقان ئۆرۈكلەر ياپيېشىل يوپۇرماقلار ئارىسى-دىن تارتىنچاق قىزلاردەك ماراپ كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوز-غايتتى. ئوردا بېغىدا قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە خىيال سۈرۈپ كېتىپ بارغان سۇلتان يۇنۇسخانىنىڭ مەي باغلاپ پىشقان ئۆرۈك-لەرگە قاراشقا ھەپسىلىسى يوق ئىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كاللى-سىغا ئەتىگەن ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ بىلەن ئېلىپ بارغان قىسقىلا سۆھبىتى كىرىۋالغانىدى. ئۇ بۇ كۆڭۈلسىز سۆھبەتنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ھەرقانچە تىرىشسىمۇ پەقەتلا كاللىسىدىن نېرى قىلالمايۋاتاتتى.

ھەئە، ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن كېيىن خاس خانىسىدا دەستار-

پىچىنىڭ ياردىمىدە مۇراسىم كىيىملىرىنى سېلىۋاتقان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ يېنىغا باش مەھرەم كىرىپ كەلدى.

ــ مەلۇم بولغاي. ئەمىر لەشكەر ئابدۇلقۇددۇس بەگ كۆرۈ- شۇشكە ئىجازەت سورايدۇ.

«ھازىرلا شاھىنشىندا كۆرۈشكەن ئىدۇققۇ، ئەجەب يەنە كۆ- رۈشكۈسى كېلىپ قاپتا...»

ــ نېمە ئىشى بار ئىكەن؟ ــ سورىدى خالىمىغان ھالدا.

ــ ئېيتمىدى، ــ دېدى باش مەھرەم قول باغلاپ تۇرۇپ، ــ ئالىيلىرىغا يەتكۈزىدىغان مۇھىم مەلۇمات بار ئىدى، دەيدۇ.

ــ ئىجازەت، ــ دېدى يۇنۇسخان بىر ئاز تەئەججۇپلىنىپ.

ــ ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، دەپتىكەن، ــ دېدى بوسۇغا ئاتلاپ كىرگەن ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ پەگادا قول باغلاپ تۇرۇپ، ــ دۆلەتپاناھ ھەرقانچە گۇناھقا بۇيرۇسىلىمۇ ئۇل ئەمىر ـ سەركەر- دىلەرنىڭ ئەرزىنى يەتكۈزمەسلىككە ئىلاجىم يوقتۇر.

ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق گەپلىرى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ــ خوش، ــ دېدى ئۇ ناخۇشلۇق بىلەن، ــ قانداق ئەرزكەن ئۇ؟

ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ بىرنەچچە دەقىقە دېلىغۇللۇقتىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

ــ تۈنۈگۈن لەشكىرىي دىۋاندىكى بىر قىسىم سەركەردىلەر كەمىنىلىرىگە بىر پارچە ئەرز تاپشۇرۇپ، ئالىيلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشىمنى ئۆتۈنگەنىدى. ئەرزنى ئالىيلىرىغا خاس يەتكۈزۈشنى لايىق تاپقانلىقىم ئۈچۈن بايام شاھىنشىندىكى قوبۇلدا ئېغىز ئې- چىشنى بىئەپ كۆردۈم.

ــ ئۆزلىرىنى بۇنچىلىك تەڭقىسلىقتا قويغۇدەك قانداق ئەرزكەن ئۇ؟

ــ ئانھەزرىتىمگە تېخى قاراڭغۇ بولسا كېرەك. بىر قىسىم ئەمىر ـ سەركەردىلىرىمىزگە ماڭلايسۆيەنىڭ ئاب ـ ھاۋاسى پە-

قەتلا ياقماپتۇ. ئۇلار ئەزەلدىن يايلاق ـ قىرلاردا ئازادە ياشاپ كۆ-
نۈپ قالغان بولغاچقىمۇ، قەشقەر، ئاقسۇدەك كاتتا شەھەر، ۋىلايەت-
لەردە تۇرۇشقا تازا كۆنەلمەيۋېتىپتۇ. ئۇلار ھەرقاچان تاغ ئېتەك-
لىرىگە جايلاشقان كەڭرى يايلاقلارنى سېغىنىدىكەن، كۆنلىرىنى
ئاشۇ يايلاقلاردا ئوۋ تاماشاسى قىلىپ ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدى-
كەن. ئۇلار يەنە...

ئۇ سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ چىرايىدىكى نارازىلىق ئالامەتلىرى-
نى كۆرۈپ جىمىپ قالدى.

ــ دەۋەرسىلە، ــ دېدى يۇنۇسخان، ــ ئۇلار يەنە نېمە دەي-
دۇ؟

ــ ئۇلار قىبلىگاھىمىزنىڭ شەيخ جامالىددىن بىلەن تىل
بىرىكتۈرۈپ ئاسىيلىق قىلىشقا پېتىنغان مىرسالى بايىرىن قاتار-
لىق تۆت ئەمىرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكەنلىكىدىن بەكمۇ سۆيۈنىدۇق؛
ئەسلىدە ئۇلارنىڭ خان ئالىيلىرىغا ئاسىيلىق قىلىش مۇددىئاسى
يوق ئىدى، ئەمما قىبلىگاھىمىز ھە دېسىلا شەھەر ـ ۋىلايەتلەردە
تۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى، لەشكەرلەرنى تېرىقچىلىق قىلىش-
قا بۇيرۇدى، بىز بولساق پەرمانغا ئامالسىز بويسۇندۇق؛ ماڭلايسۆ-
يەنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق ھەم قۇرغاق؛ نۆكەر ـ لەشكەرلىرىمىز
بۇنداق ھاۋاغا ھەمدە تېرىقچىلىققا كۆنەلمەيدىكەن؛ ئۇلار ھەدېسىلا
يايلاققا كەتسەك بولاتتى، دەپ باش ئاغرىقى قىلىۋاتىدۇ؛ بەك
زورلايلى دېسەك، قېچىپ كېتىشى مۇمكىن؛ قاچمىدى دېگەندىمۇ
چاتاق چىقىرىشى، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ماجىرالىشىشى، ھەتتا
ئالىمادىس ياغى بولۇپ قالسا جەڭگە سۇسلۇق قىلىشى مۇمكىن؛
تېرىقچىلىق قىلىش دېھقاننىڭ، ياغى قىلىش لەشكەرنىڭ ئىشى؛
شۇڭلاشقا قىبلىگاھىمىز بىزنى شەھەر ـ ۋىلايەتلەردە تۇرۇشقا
مەجبۇرلىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز؛ چۈنكى، بىزنىڭ شەھەر ـ
ۋىلايەتلەردە تۇرۇشىمىز مۇۋاپىق ئەمەس، بەلكى ناھايىتىمۇ مۈش-
كۈلدۇر، دەيدۇ.

سۇلتان يۇنۇسخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. تاشكەنتتە ئۆ-

زىگە ساتقىنلىق قىلغان تۆت ئەمىرنى جازالىماي كەچۈرۈۋېتىپ توغرا قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىگە ئەگىشىپ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىشىغا كۈچ چىقارغان ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ شەھەردە تۇرغۇسى يوقلۇقىنى ئاقسۇغا كېلىپ تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۇرۇشخۇمارلىقىدىن بولغان، ئۇلار دائىم ئۇرۇش ئارقىلىق مال ـ دۇنيا ئولجا ئېلىپ كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، ئوردىدىن تەمىنات ئېلىپ شەھەردە مۇقىم تۇرۇشقا دەماللىققا كۆنەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ كۆنۈپ قالىدۇ دەپ ئويلىغانىدى.

ــــ مەن تەسەررۇپىمدىكى شەھەرلەردە سەمەرقەنت، ھىراتتەكىگە ئوخشاش كاتتا ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىشنى، ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بۇ يۇرتنى ئېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، ــــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ــــ ئول ئەمىر ـ سەركەردىلەر بۇ ئارزۇيىمىزنى چۈشەنگەن بولسا تولىمۇ ياخشى بولاتتى.

ــــ ئاللاھ خالىسا ئاشۇنداق كاتتا ئىمارەتلەرنى ئەمىر ـ سەركەردىلىرىمىز تۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان يايلاقلاردىمۇ بىنا قىلغىلى بولار ئالىيلىرى.

سۇلتان يۇنۇسخان شارتتىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ كۆزىگە قارىدى. خاننىڭ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئەمىر دەرھال يەرگە قارىۋالدى. شۇ تاپتا سۇلتان يۇنۇسخان ئۆز ئارزۇسىنى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ چۈشىنىشىنى ۋە قوللىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ئۇ ئاشۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئۆز خىيالىنىڭمۇ ئاشۇ ئەمىر ـ سەركەردىلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى.

«ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشنىڭ ئورنى قالماپتۇ. بولدىلا ئاغزىمنى ئۇپراتماي...»

ــــ سىلى چىقىپ تۇرسىلا، ــــ دېدى يۇنۇسخان ئارىدىكى ئې-

غىر سۈكۈتنى بۇزۇپ، ــ بۇ ھەقتە ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرەي.

ــ ماقۇل ئەمىسە، مەن ياناي، ــ دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ تەۋازۇ بىلەن بېشىنى ئېگىپ، ــ ئۇل ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى بىرنەچچە ۋاق تەخىر قىلىپ تۇرۇشقا ئۈندەي.

سۇلتان يۇنۇسخان قايتا ئېغىز ئاچمىدى ۋە سالام بېرىپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئەمىرگە قاراپمۇ قويمىدى.

ئۇ ئەتىگەندىن بېرى باشلانغان ئىچ پۇشۇقىنى ئازراقمۇ بولسا بېسىش ئۈچۈن ئوردا بېغىغا چىققانىدى.

«قارىغاندا ئۇلار قەتئىي نىيەتكە كەلگەن ئوخشايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ مەجبۇرلىغىلى بولسۇن؟ ئاشۇ ۋاپاسىز تۆت ئەمىرنىڭ ئىشلىرى ئۇلارغا ئىبرەت بولۇر دەپ ئويلىغانىكەنمەن. ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگمۇ شۇلارنى ياقلايدىكەن. لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئەمىرى ئاشۇنداق خىيالدا بولغان يەردە باشقىلارغا نېمە دېگۈلۈك، ئۇلاردىن ۋاز كېچىشىم مۇمكىن ئەمەس. سەلتەنەتنىڭ ئاساسى سەركەردە ـ لەشكەرلەر بىلەن پۇختىلىنىدۇ. لەشكەرلەرگە دېھقانچىلىق قىلىدىغانغا يەر بۆلۈپ بەرسەم مەندىن مىننەتدار بولىدۇ، قېرىپ لەشكەرلىكتىن چېكىنگەندە تىرىكچىلىكتىن قىينالمايدۇ دەپ ئويلىغانىكەنمەن تېخى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمغا ئوخشاش يايلاقتا كۆچمەن بولۇپ ياشاش قىسمىتىدىن مەنمۇ قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن. ھەي ئىست، ئاقسۇ بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ ئاستانىسى قىلىشقا تولىمۇ باب شەھەر ئىدى. كۆڭلۈمدە بۇ يىل ئوردا قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلارمەن دەپ ئويلىغانىكەنمەن. ئەمىر تۆمۈر بىنا قىلدۇرغان سەمەرقەنت ئوردىسىغا ئوخشاش كاتتا، ھەشەمەتلىك ئوردا سارىيى بىنا قىلدۇرۇپ خاتىرجەم، پاراغەتتە ياشىغان بولسام نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! لېكىن ئۇلارنىڭ ئارزۇسىغا كۆنمەيمۇ ئىلاجىم يوق. مەجبۇرلىسام دەردىنى ئاۋامدىن ئالىدۇ، چاتاق چىقىرىدۇ، ھەتتا ماڭا قارشى چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئۇلارنىمۇ ئاشۇ ۋاپاسىز تۆت ئەمىرنى دورىمايدۇ دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ مەيلىلا، ۋاقتىنچە ئۇلارنىڭ

رايىغا بارسام باراي. ماڭلايسۆيەنى ئەمىرۇل ئۆمەرا مۇھەممەد ھەيـ. دەر مىرزىغا تاپشۇرۇپ بىر مەزگىل يايلاقتا تۇراي. خانزادىلىرىم تېخى كىچىك، سەلتەنەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئۇل سەر ـ كەردە ـ لەشكەرلەرگە تايىنىپ قالماسلىقنىڭ بىردىنبىر ئامالى شەھەر ـ ۋىلايەتلەردىكى ئاۋامدىن كۆپلەپ لەشكەر ئېلىش، ئۇلار ـ نى پۇختا مەشقلەندۈرۈپ جەڭگە يارىغۇدەك قىلىش. شول چاغدىلا ئاندىن شەھەر ـ ۋىلايەتلەردە تۇرۇش، سەلتەنەتلىك شەھەر، ھەشە ـ مەتلىك ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدۇرۇش ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئا ـ شۇرالايمەن...»

— مەلۇم بولغاي، ئەمىرۇل ئۆمەرا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرى كەلدى.

سۇلتان يۇنۇسخان خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ قول باغلاپ تۇر ـ غان مەھرەمگە قارىدى.

— كۆل بويىدىكى سورۇنخانىغا باشلاپ كەلسۇنلا.

مەھرەم ئالدىراپ كەينىگە ياندى.

ئەتىگەندىن بېرى ئەمىرلەرنىڭ رايىغا بېقىش ـ باقماسلىق ئىشىدا ئىككى تايىن بولۇپ قالغان سۇلتان يۇنۇسخان تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى چاقىرتقانىدى.

«بۇ ئىشقا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قانداق قاراركىن؟ — ئۇ خىيال سۈرگەچ كۆل بويىدىكى سورۇنخانىغا قاراپ ماڭدى، — ئۇ مېنىڭ ئاقسۇدىن كېتىشىمنى خالامدىكىن؟ جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ مۈرەككەپ بولىدىكەن. شۇنچە يىل تاجۇ تەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپتىمەن، ئەمما ئۇنى قولۇمغا كەلتۈرگەندە بولسا بىردەممۇ خاتىرجەملىك تاپالماپتىمەن، ئارمان قىلغان تەختتە تۈزۈك ئولتۇرۇپ باقماپتىمەن. يەنە شول تەخت ـ سەلتەنەت ئۇ ـ چۈن تۇرپان، ئىلىبالىق، تۈركىستانلارغا لەشكەر تارتىپتىمەن. تەسەررۇپىمغا تەئەرۇز قىلىشقا پېتىنغان موغۇللارنى چېكىندۈ ـ رۈپتىمەن. بۇرۇج ئوغلاننى ئۆلتۈرۈپتىمەن. شەيخ جامالىددىننىڭ

تۇتقۇنغا ئايلىنىپ نەچچە ئايلاپ نەزەربەندتە ياشاپتىمەن. تەخت ـ سەلتەنەت ئۈچۈن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققىنىمدا ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئاشۇ ئەمىر ـ سەركەردىلىرىمگە قانچىلىك ئىشەنچ باغلىغان، ئۇلاردىن قانداق زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدىم ـ ھە؟! بۇ سەلتەنەتنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە روناق تاپقۇزۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئەمەسمىدىم؟ مىڭ ئەپسۇس، ئاشۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ياتلارغا تۇتقۇن بولدۇم، شانۇ شەۋكىتىمگە نۇقسان يەتتى. ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ كۆرسەتكەن ساداقىتى، پىداكارلىقى قەلبىمدىكى جاراھەتلەرگە ئاز ـ تولا مەلھەم بولغانىدى. مانا ئەمدى يەنە ئاشۇ سەركەردىلەرنىڭ سەۋەبىدىن ئارزۇ قىلغان شەھەردە تۇرۇش، كاتتا پايتەخت بىنا قىلىش ئارزۇيۇمدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. يەنىلا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ساداقەتمەن ئىكەن، بىر يىلدىن بېرى مەن بولمىسامۇ، خەۋىرىمنى ئالالمىسىمۇ قىلچىلىك ئالا كۆڭۈللۈك قىلماي ساداقىتىنى بىلدۈردى، تاجۇ تەختنى ئىگىلىۋېلىش خىيالىدا بولمىدى؛ يوقلۇقۇمنى، تەخت ـ سەلتەنەتنىڭ پاسىبانسىز قالغانلىقىنى بىلىندۈرمىدى. شەھەر ـ ۋىلايەتلەردىكى ئاۋامدىن لەشكەر ئېلىش ئىشىنى شۇنىڭغا تاپشۇراي. بىر مەزگىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ...»

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

سۇلتان يۇنۇسخان خىيالدىن باش كۆتۈردى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئېھتىرام بىلەن قول باغلاپ تۇراتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى يۇنۇسخان سالامنى ئىلىك ئېلىپ.

— گۇناھىمدىن ئۆتكەيلا ئالىيلىرى. پەرمانلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان بولسامۇ، دەل ۋاقتىدا يانلىرىغا كېلەلمىدىم.

— ھېچقىسى يوق. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتىم، — دېدى يۇنۇسخان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئايجامال ئاغىچىنىڭ كۆزى يورىدىمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى. ساق ـ سالامەت كۆزى يورىدى.

— تۈلكىمۇ، بۆرىمۇ؟

— شەپقەتلىك ئىگەم بۆرە ھىممەت قىلدى ئالىيلىرى.

— مۇبارەك بولسۇن، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ئۇنى چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلەپ، — جانابى ئاللاھنىڭ بەندىسىگە بەرمەسكە ۋەدىسى يوق. مانا ئاخىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ئوغۇللۇق بولدىلا. ئاۋۋال ھىممەتلىك تەڭرىم، ئاندىن قالسا ئايجامال ئاغىچا خېنىم ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇش ئارزۇلىرىغا يەتكۈزدى.

— رەھمەت ئالىيلىرى. بۇ بەختتىن چوڭ ئاغىچام مەلىكە دۆلەتنىگار خېنىممۇ كۆپ خۇشال.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ چۆرىسى ياغاچ سالاسۇنلار بىلەن قورشالغان، تۇۋرۇك ـ تورۇسلىرى نەقىشلەنگەن سورۇنخانىنىڭ سۇپىسىغا چىقىپ جاي ئېلىشتى.

شۇ تاپتا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى. كېچىكىپ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن سۇلتان يۇنۇسخان ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا بۇ ساداقەتمەن ئەمىرگە كۆڭۈل ئاغرىقىنى ئاشكارىلاشقا ھە دېگەندە ئالدىرىمىدى.

ھەئە، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا چوڭ ئاغىچىسى سۇلتان دۆلەت مەلىكىلا ئەمەس، باشقا توقاللىرىمۇ خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا قىز تۇغۇپ بەرگەنىدى. مۇشۇ ئىش تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ئىدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان قازا قىلغاندىن كېيىن ئاقسۇغا لەشكەر تارتىپ كەلگەن سۇلتان يۇنۇسخان ھەرەمدىكى تۇل قالغان خانىش ـ توقاللار ئارىسىدىن سۇرۇشتە قىلىپ ئايجامال ئاغىچىنى ئوردىغا چاقىرتتى ۋە ئۇنى خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم، شاھ بېگىملەر بىلەن بىللە ھەرەمدە تۇرۇشقا، خانىشلار بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇشقا بۇيرىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئەمىرزادىسى — مىرزا ئابابەكر بىلەن ئۆمەر مىرزىغىمۇ ئەمىرلىك مەرتىۋىسى بەردى. شۇنداق، بۇ سۇل-

تان يۇنۇسخاننىڭ بۇندىن نەچچە يىل بۇرۇن ئۆزىنى قەشقەرگە
يوشۇرۇنچە تەكلىپ قىلىپ، تەخت ـ سەلتەنەتنى قولىغا ئېلىشقا
مەدەت بەرگەن مەرھۇم سانىز مىرزىغا بىلدۈرگەن ھۆرمىتى ئى-
دى. ئاشۇ ۋاقىتتا مەرھۇم سانىز مىرزىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىنى باھا-
نە قىلىپ ياركەنتكە بارغان سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ شى-
رىن ـ شېكەر سۆزلىرى ۋە يالغان ۋەدىسىگە ئالدىنىپ، كۆڭلى-
نىڭ بىر دەملىك ئازدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، خانىشلىق
مەرتىۋىسىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا ياتلىق
بولۇپ ئاقسۇغا كەلگەن ئايجامال ئاغىچا ھەرەمدە ئىلگىرىكىدىنمۇ
بەكرەك يالغۇزسىراپ، خانغا ياتلىق بولغىنىغا كۆپ پۇشايمان يې-
گەنىدى. ئۇ بۇ دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئىك-
كى خانىشىغا يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە قالدۇرماي سۆزلەپ بەر-
دى. نېمىلا دېگەنبىلەن تېخى قىرىق ياشقا ئۇلاشمىغان ئايجامال
ئاغىچا تېخى ياشلىق جەزبىسىنى يوقاتمىغان، چىرايىدىنمۇ كەت-
مىگەنىدى. ئىككى خانىشنىڭ بۇ تۇل جۇۋانغا ئىچى ئاغرىپ قالدى
ۋە مۇۋاپىق پەيتنى تېپىپ، ئۇنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى سۇلتان
يۇنۇسخانغا بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. «ئەمىر ـ بەگلەر ئارىسىدىن
مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرى بولسا ئايجامال ئاغىچىنى نىكاھلاپ قوي-
غان بولساق» دېيىشتى ئۇلار.

سۇلتان يۇنۇسخان ئىككى خانىشنىڭ تەۋسىيىسىنى مۇۋاپىق
كۆردى. ئەمىر ـ بەگلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈ-
رۈپمۇ بىرمۇ مۇۋاپىق نامزات تاپالمىدى. شۇ ئارىلىقتا خانىشلار
بۇ ئىشنى يەنە بىرنەچچە قېتىم سەمىگە سالدى. تازا بېشى قېتىپ
تۇرغان يۇنۇسخاننىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىز مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا
كەلدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا مەرھۇم سانىز مىرزىنىڭ ئاتا بىر
ئانا بۆلەك ئىنىسى بولغاچقا، ئايجامال ئاغىچىنى نىكاھىغا ئېلىش-
قا ئەڭ مۇۋاپىق كېلەتتى. ئۇنى دېمىگەندىمۇ، ئۆلۈپ كەتكەن ئا-
كىسىنىڭ تۇل قالغان ئايالىنى ئىنىسىنىڭ نىكاھىغا ئېلىشى ئە-
زەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە ئىدى. بىر قارارغا كەلگەن

سۇلتان يۇنۇسخان ئايجامال ئاغىچا ئۇچۇن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ئەلچى بولدى. ئاكىسىنىڭ ئىككى ئوغلى ۋە بىر قىزىغا ئاتا بولۇپ تەربىيەسىگە ئېلىش ھەمدە تۇل قالغان يەڭگىسىگە ھامىي بولۇش بۇرچى بارلىقىنى ھېس قىلغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ تەكلىپىگە تېزلا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ سۇلتان يۇنۇسخان ئايجامال ئاغىچا بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويغانىدى. مانا ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئايجامال ئاغىچىدىن ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆردى.

— ئاي ـ كۈنده بەرىكەت يوق ئىكەن، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان، — كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئىككى ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇپ قاپتىلا. پەمىمچە، چوڭ ئەمىرزادە مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ تېخى تەم ـ تەم ئايىغى چىقتىمۇ دەيمەن.

— شۇنداق ئالىيلىرى، ئايىغى بىلەن تىلىمۇ تەڭ چىقتى.

— ئىككىنچى ئەمىرزادىگە ئىسىم ئويلاشتىلىمۇ؟

— ياق تېخى.

— ئۇنداقتا مەن بىر ئىسىم تەقدىم قىلاي. ئول ئىككىنچى ئەمىرزادىلىرىنىڭ ئىسمى سەيىد مۇھەممەد مىرزا بولسۇن.

— ھىممەتلىرىگە تەسەننا. كەمىنىلىرىنى خويمۇ بەختىيار قىلدىلا ئالىيلىرى، — خاننىڭ ئۆزىنى جىددىي چاقىرتقانلىقىنى ئېسىگە ئالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەرھال ئېسىنى يىغدى، — ھە راست، ئانھەزرىتىمنىڭ قانداق پەرمانى باركىن؟

سۇلتان يۇنۇسخان كۆڭۈل غەشلىكىنى قايتىدىن ئېسىگە ئالدى.

— پەرمان يوق. بىردەم ھال ـ مۇڭ بولغۇم كېلىپ چاقىرتقاندىم، — دېدى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — جانابلىرىنى يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان پەرزەنتىنىڭ مېھرىگە قانغىلى قويماي چاقىرتىۋېلىپ ياخشى قىلماپتىمەن. باشقا كۈنى ھال ـ مۇڭ بولۇشساقمۇ بولىدۇ، قەسىرگە قايتقايلا.

يۇنۇسخاننىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇقنى كۆرگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىرەر مۇھىم ئىش بارلىقىنى ھېس قىلدى.

ــ ھازىرچە قەستىرگە قايتمىسامىمۇ بولىدۇ. مېنىڭمۇ ئالىيلىرى بىلەن مۇڭداشقۇم كېلىپ تۇراتتى، ھۇزۇرلىرىدىن قوغلىمىغايلا.

ــ بوپتۇ ئۇنداق بولسا، ــ دېدى يۇنۇسخان ۋە سۇپىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قول باغلاپ تۇرغان بىكاۋۇل بەگكە قارىدى، ــ ئۇسسۇلۇق كەلتۈرسۇنلا.

ــ دۆلەتپاناھىنىڭ قىمىزغا مەيلى بارمىكىن؟ ــ ئېھتىيات بىلەن سورىدى بىكاۋۇل بەگ.

ــ ھەببەللى، كۆڭلۇمدىكىنى تاپتىلا، ــ دېدى يۇنۇسخان چىرايىغا پاللىدە كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

بىكاۋۇل بەگ خىزمەتكارلارنى بۇيرۇپ بىر كوزا قىمىز بىلەن بىر تەخسە توغرالغان قېزا كەلتۈردى.

ــ باشقىلار كەتسۇن، ساقىيلىقنى ئۆزلىرى قىلسۇنلا، ــ دېدى يۇنۇسخان بىكاۋۇل بەگكە قاراپ.

ھاۋا ئىسسىق بولغاچقىمۇ ياكى ئىچ پۇشۇقى تارتىپ قالغاچقىمۇ قىمىز ئۇلارغا ياققانىدى.

ــ راستتىنلا ئېسىل قىمىزكەن، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ئاغزىغا بىر توغرام قېزا سېلىپ تۇرۇپ، ــ دېمىسىمۇ يايلاقنىڭ نېمەتلىرىنىڭ ھۇزۇرى باشقىچە. بۇنداق ئېسىل قىمىزنى شەھەردە تاپماق تەس. بىلىمىدىم، ئول ئەمىر ـ سەركەردىلەر يايلاقنىڭ بۇ مەئىشەتلىرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدىمىكىن تاڭ، ــ ئۇ ئاغرىنىشلىرىنى ئىختىيارسىز تۆكۈپ تاشلىدى، ــ لېكىن تاجۇ تەختنىڭ مۇستەھكەملىكى، سەلتەنەت ـ تەسەررۇپىنىڭ ئاۋاتلىقى يايلاق بىلەن ئەمەس، شەھەر بىلەن ۋايىغا يېتەتتى. ئول ئەمىر ـ سەركەردىلەر ئۈچۈن ھەممە ھىممەتلىرىمنى ئايىمىدىم، ئىمكان بار رايىغا باردىم. قوۋمىمىز، ئەل ـ ئۇلۇسىمىز شەھەردە ئولتۇراقلاشمىغۇچە ھەرگىزمۇ بۈيۈكلۈك ماقامىغا يېتەلمەيدۇ.

سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تازا چۈ-
شىنەلمىگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئېھتىيات بىلەن ئېغىز
ئاچتى:

— ئارى، ھەق گەپنى قىلدىلا. ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزدىن
بولغان ئوغۇز ـ ئۇيغۇر تۈركلىرى تۈركىي قوۋملەر ئارىسىدا ئەڭ
ئاۋۋال شەھەر بىنا قىلىپ، ئول شەھەر ـ قەسەبەلەر ئارقىلىق
چېچىلىپ كەتكەن ئەلكۈننى بىر مەركەزگە ئۇيۇشتۇرۇپ تەخت ـ
سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەش، روناق تاپقۇزۇش مەقسىتىگە يەتكە-
نىكەن. شول سەۋەبتىن تەسەررۇپىمىزدا تۇرپان، قەشقەر، يار-
كەنت، خوتەن، كۇچار، قومۇل، بېشبالىق، ئىلىبالىق، ئالمالىق...
كەبى بىر ـ بىرىدىن سەلتەنەتلىك شەھەرلەر پەيدا بولدى ۋە نامى
يىراق ـ يىراقلاردىكى ئەللەرگە تارالدى. خان ـ سۇلتانلارمۇ
ئىزچىل تۇردە شەھەرنى تاشلىمىدى. بۇزرۇكۋار تۇغلۇق تۆمۈرخان
ئالىيلىرىمۇ ئەجدادلاردىن قالغان بۇ ئۇدۇم بويىچە ئاۋۋال بېشبا-
لىقتا، كېيىن تۇرپاندا ئۆز تەختگاھىنى قارار تاپقۇزۇپ، سەلتەنە-
تىنى شەھەردە مۇستەھكەملەش يولىنى تۇتقانىدى. ھالا بۈگۈنكى
كۈنگە كەلگەندە، بۈيۈك تاجۇ تەخت قۇدرەتلىك ئالەمپاناھقا قارار
تاپتى. ئەمدى قىبلىگاھىمىزنىڭ دانىشمەنلەرچە ئەقىل ـ پاراسى-
تىنىڭ رەھنەمالىقىدا شەھەر ـ ۋىلايەتلىرىمىزنى تېخىمۇ
ئاۋاتلاشتۇرۇپ، ئەۋلادلىرىمىز پەخىرلەنگۈدەك، ئىزى ئۆچمەس ئا-
بىدە كەبى ئىمارەت ـ ئىنشائاتلارنى بىنا قىلغايمىز.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ سۆزلىرى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ
يۈرىكىدىكى ھەسرەتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى.

— بىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىمىزمۇ مۇشۇ ئىدى، — دېدى
سۇلتان يۇنۇسخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — تولىمۇ ئەپسۇس،
سەلتەنەتىمىزنىڭ تۈۋرۈكى بولمىش بىر قىسىم ئەمىر ـ سەر-
كەردىلىرىمىزنىڭ شەھەر ـ دىيارلاردا تۇرۇشقا رايى يوق ئىكەن.
شول كۈنلەردە ئۇلار يايلاق ـ قىرلارغا كېتىش غەلۋىسىنى قىلىپ
بېشىمنى ئاغرىتىۋاتىدۇ. كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، بۈيۈك

سەلتەنەت ئۇلىنى يايلاقتا كۆچۈرگۈم پەقەتلا يوق. مۇشۇ سەۋەبتىن جانابلىرىنى قىچقارتقانىدىم.

بىر قىسىم ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ بۇ مۇددىئاسىدىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭمۇ ئاز ـ تولا خەۋىرى بار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ سۇلتان يۇنۇسخاننى بۇ دەرىجىدە قىستاپ تەڭلىكتە قويۇشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

— ئۇلارغا چۈشەندۈرەيلى، نەسىھەت قىلايلى ئالىيلىرى.

— نەسىھەت كار قىلمايدۇ، — دېدى يۇنۇسخان بىر ئاپقۇر قىمىزنى بىراقلا ئىچىۋېتىپ، — مەجبۇرلىساق بىزدىن يۈز ئۆرۈشى مۇمكىن.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بېشىنى تۆۋەن سالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىغا خانغا بەرگۈدەك مۇۋاپىق بىر مەسلىھەت، تەدبىر كەلمەيۋاتاتتى. سۇلتان يۇنۇسخان قايىل قىلىشقا ئامالسىز قالغان ئاشۇ ئەمىرلەرنى ئۆزىنىڭ تېخىمۇ قايىل قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

— بىلمىدىم، ئەمىر جانابلىرى ئۇلۇغ بابىمىز، ئالىملارنىڭ ئالىمى بولمىش ئەل فارابى ھەزرەتلىرىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» دېگەن رىسالىسىنى ئوقۇغانمىكىن؟

— ئوقۇغان، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا پەخىرلەنگەن ھالدا، — گەرچە ئۇل رىسالىدىكى ھېكمەت خەزىنىسىنىڭ تەكتىگە شۇڭغىغۇدەك ئىستېداتىمىز بولمىسىمۇ، ئىككى مەرتەم تولۇق ھەجىلەپ باققانمەن. مۇنۇ ھېكمەت ئۇل رىسالىگە تەئەللۇقتۇر، — مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىر دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ داۋام قىلدى، — «ئەڭ زور ياخشىلىق ۋە يۈكسەك كامالەتكە شەھەردىن كىچىك بولغان جامائەت مەركەزلىرىدە ئەمەس، ھەم شەھەر دائىرىسى سىرتىدا ئەمەس، بەلكى شەھەر دائىرىسى ئىچىدە ئېرىشكىلى بولىدۇ.»

— بارىكاللا، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ھاياجانلانغان ھالدا، — مەنمۇ سۆيۈملۈك ئۇستازىم شەرەفىددىن ئەلى يەزدىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن باغداد، شىراز قاتارلىق شەھەرلەردىكى

مەدرىسە ـ ئوقۇللاردا ئىلىم تەھسىل قىلغىنىمدا ئۇشبۇ شاھانە رىسالىنى ئوقۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولغانمەن. ئول رىسالىنى ھېكمەت خەزىنىسى دەپ تولىمۇ جايىدا باھالىدىلا. بابائى بۇزرۇك ئەل فارابى ھەزرەتلىرى يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «ھەر بىر ئىنسان ياشاش ۋە يۈكسەك كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرگە موھتاج ھالەتتە يارىتىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يالغۇز قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار بىر ـ بى-رىگە موھتاج بولىدۇ ۋە بىر يەرگە توپلىنىشقا ھاجەت بولىدۇ، بىر ـ بىرىنى بۇ ئېھتىياجلارنىڭ بىر قىسمى بىلەن تەمىن ئې-تىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرلىرى ئالدىدىكى ھاجەتلىرى مانا مۇشۇ مەركەزدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم تەبىئىيكى مۇكەممەللىككە يېتىش ئېھتىياجىنى پەقەت باشقا ئىنسانلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە بىر يەرگە جەمئىي بولۇش بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەنە ئاشۇ بىر يەرگە جەم بولۇشتىن شەھەر جا-مائەتى پەيدا بولىدۇ. بۇ جامائەتنىڭ بەزىلىرى تولۇق، بەزىلىرى كەمتۈكتۇر. تولۇق بولغانلىرى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. چوڭ جامائەت يەر يۈزىدىكى كۆللى ئىنساندۇر، ئوتتۇرا جامائەت ھەرقايسى قوۋم ـ مىللەتلەردۇر، كىچىك جامائەت بىر قوۋم ـ مىللەتنىڭ زېمىنىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە توپلىنىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر ئاھالىسىدىن ئىبارەتتۇر. ئاھالىلىرى بەختكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆزئارا ھەمكارلاشقان شەھەر پەزى-لەتلىك شەھەردۇر. چۈنكى، بەختكە ئېرىشىش مەقسىتى بىلەن تەشكىللەنگەن ھەرقانداق بىر جامائەت ــ پەزىلەتلىك جامائەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك پۈتۈن شەھەرلىرى بەختكە ئېرىشىش يولىدا قول تۇتۇشۇپ تىرىشىۋاتقان بىر مىللەتمۇ پەزىلەتلىك مىللەتتۇر. پۈتۈن مىللەتنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش مەقسىتىدە ھەمكارلاشقان دۇنيامۇ پەزىلەتلىك دۇنيا بولىدۇ»، ــ يۇنۇسخان بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، ــ قارىسىلا جانابى ئەمىر، دانىشمەن بابىلىرىمىز بىزگە قانداق ئېسىل نەسى-

ھەتلەرنى قالدۇرغان ـ ھە! مەن كۆرگەن باغداد، شىراز، ھىرات، سەمەرقەنت قاتارلىق كاتتا شەھەرلەر، ئۇل شەھەرلەردىكى ئابىدە مىسالى ئىمارەتلەر، ئوقۇل، مەدرىسە، شىپاخانىلاردىن تەركىب تاپقان ئىلىم دەرگاھلىرى، ئىلىمگە ھېرىسمەن، ئەدەپلىك، پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى قەلبىمدە ئاجايىپ ئېسىل ئارمانلارنى ئويغاتقانىدى. ئۇشبۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم ئەل ـ ئۇلۇسىمىزنى شەھەردە مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇشنى، ئابا ـ ئەجدادلىرىمىز بىنا قىلغان بۇ شەھەرلەرنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. سىلىشتۇرۇپ كۆرسىلە، قەشقەر، ئاقسۇ، ياركەنت، خوتەن، كۇچار، تۇرپان، قومۇل، بېشبالىق، ئىلىبالىق، ئالمالىق... قاتارلىق شەھەرلىرىمىزنىڭ ئۇل شەھەرلەردىن قېلىشقۇچىلىكى يوق ئىدى. بەلكىم بىنا بولۇشىنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەن ئۇل شەھەرلەرنىڭ ئانىسى ھېسابلىناتتى. تېخىچە يايلاقتىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن بىر قىسىم ئەل ـ ئۇلۇسلىرىمىز بول شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشسا، ئەۋلادلىرىغا پەزىلەت ئۆگەتسە، سەلتەنەتىمىزنىڭ شەۋكىتى ئاشاتتى ئەمەسمۇ، مىڭ ئەپسۇس...

سۇلتان يۇنۇسخان مەيۇسلەنگەن ھالدا بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئۇل ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە سەلتەنەتنىڭ سۇرى راستىنلا كار قىلماسمۇ ئالىيلىرى؟ — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئويچانلىق بىلەن.

— سەلتەنەتنىڭ سۇرى ئاددىي ئاۋامغىلا كار قىلىدۇ، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — سەلتەنەت سۇرىنى ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە كۆرسىتىمىز دەيدىكەنمىز، بۇ قارشىلىققا، رىياغا سەۋەب بولىدۇ. تاشكەنتتە يۈز بەرگەن تۆت ئەمىر ۋەقەسى بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر. ئۇلارغا سىياسەت قىلساق سەلتەنەتتىن رايى يېنىپ قېلىشى چوقۇم. ئۇلارنى رايىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. ئىنساننى بويسۇندۇرماق ئاسان بولغىنى بىلەن، كۆڭۈل خاھىشىنى بويسۇندۇرماق تەسكەن. ئۇلار ۋە لەشكەرلەرنىڭ ئابا ـ ئەجدادلىرى تۈركىستان، ئىسسىق-

كۆل يايلاقلىرىدا ياشاپ كۆنۈپ قالغان. شەھەر ـ دىيارلارغا مېھرى چۈشمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل رايىغا يەنە بىر قېتىم بېـ قىش قارارىغا كەلدىم. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئاستا ـ ئاستا شەھەر ـ دىيارلارنىڭ ھەۋىسىنى سالماقچىمەن. ماڭلايسۆيە جانابى ئەمىرگە قالدى. تەلىپىم شولكى، بىر تەرەپتىن بۇ دىياردىكى قەدىمىي شەـ ھەرلەرنى ئاۋاتلاشتۇرغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەر ـ ۋىلايەتلەرـ دىكى ئاۋامدىن كۆپلەپ لەشكەر ئېلىپ مەشقلەندۈرسىلە، ئىلكىـ مىزدە شەھەر ـ دىيارلارنى سۆيىدىغان لەشكەرلىرىمىز بولسا، ئۇل ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە ھەم ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىگە ھاجەت بوـ لۇپ قالمايمىز. مۇددىئايىم چۈشىنىشلىك بولغاندۇ؟

ـــ قىبلىگاھىمنىڭ ئەندىشىنى زىنھار يەردە قويمايمەن، ـــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، ـــ يايلاق قوۋمىمىزدىن يىغقان لەشكەرلىرىمىزگە تايىنىپ قېلىش ھالىتىمىزگە خاتىمە بېرىش ھەقىقەتەن زۆرۈر ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىـ مەن. ناھايىتىمۇ ئەپسۇس، ئائىلىرى بىلەن قايتا دىدار ـ مولاـ قاتتا بولۇش نېسىپ بولغاندا يەنە تېزلا جۇدالىق ئازابىدا قېلىشنى ئويلىمىغانىكەنمەن، كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى.

ـــ سەلتەنەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى يەنە سىلىگە ئارتىپ قويىـ دىغان بولدۇم.

ـــ يوقسۇ، بۇنى مېھىر ـ مۇھەببەت، ئەندىشە دەپ بىلىۋرـ مەن. قايسى تەرەپتىكى يايلاققا باراي دەيدىلا ئائىلىرى؟ تۈركىسـ تانغىمۇ ياكى...

ـــ تۈركىستان تەرەپكە بارمايمەن، ـــ دېدى يۇنۇسخان كەسـ كىن قىلىپ، ـــ ئۇل تەرەپكە بارسام ئۇل ئەمىر ـ سەركەردىلەرـ نىڭ يايلاقتا تۇرۇش ئارزۇسى سۇسلاشماقتا يوق، تېخىمۇ كۈچەـ يىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى يايلاقلارغا باراي دەيمەن. بەلكىم ئىرەن قابۇرغە ياكى سايرام كۆلى بويىدا تۇرۇپ قالارمەن. بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، ئۇلارنى ئەسلىدىكى يۇرت ـ ماـ كانىدىن يىراق تۇرغۇزغىلى؛ ئىككىنچىدىن، بېشبالىق، ئىلىباـ

لىق، ئالمالىق قاتارلىق شەھەرلەرنى ئاۋاتلاشتۇرغىلى؛ ئۈچىنچىدـ
دىن، تۇرپاندا قىشلاپ، ئول تەسەررۇپتىكى ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ،
ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ. ئىشـ
قىلىپ ئۇلارنى يايلاقتا مۇقىم تۇرۇش مۇددىئاسىغا يەتكۈزمەيمەن.
بەلكىم كۆنچى، لوپ①، تارىم ۋادىسىغىمۇ بېرىشىم مۇمكىن، شول
باھانىدا ئەل ـ يۇرتنى ئارىلىۋالارمەن.

سۇلتان يۇنۇسخان خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. ئۇـ
نىڭ چىرايىدىكى بايامقى سولغۇنلۇق تاراپ كەتكەندى. يۇنۇسخانـ
نىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كۆڭلىدە
چوڭقۇر قايىل بولغانىدى.

ــ ئانھەزرىتىمنىڭ مەسلىھەتىگە سالىدىغان بىر ئىش بار
ئىدى.

ــ قېنى خوش، ــ دېدى يۇنۇسخان.

ــ ئەگەر ئالىيلىرىغا خوپ كەلسە، ماڭلايسۆيە دىۋان مەھـ
كىمىسىنى قەشقەرگە تەسىس قىلسامىكىن دەيمەن، ــ سۇلتان
يۇنۇسخانىنىڭ گەپ قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ مۇھەممەد ھەيدەر
مىرزا چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى، ــ بۇ ئويۇمنىڭ سەۋەبى شۇلـ
كى، بىرىنچىدىن، قەشقەر تەسەررۇپىمىزدىكى شەھەرلەرنىڭ ئەڭ
كاتتىسىدۇر؛ ئىككىنچىدىن، ئورنى ماڭلايسۆيە ۋادىسىنىڭ مەرـ
كىزىدە، ئۇ تەرىپى ياركەنت، خوتەن، چەرچەن، ئالتۇنتاغ ۋادىسى،
بۇ تەرىپىدە ئاقسۇ، ئۈچ، باي، كۇچار، كۆنچى، تارىم ۋادىسى قاتارـ
لىق شەھەر ـ رايونلىرىمىز بار. ئۈندىن باشقا جەننەتماكان ئاتام
سەيىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرى بىلەن ئانام ئۇز سۇلتان مەلىكە،
ئاغام سانىز مىرزىلارنىڭ تۇپرىقىمۇ قەشقەردە، تاۋاپ قىلىپ تۇـ
رۇشقىمۇ قولايلىق.

ــ ياخشى ئويلاپتىلا، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان قوشۇلىـ
دىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ــ قەشقەر ئەجدادى بابىمىز ئالىپ ئەرتۇـ
ڭا ھەزرەتلىرى بىنا قىلدۇرغان، شۆھرەتلىك ئالىم بابىلىرىمىزـ

① لوپ ــ لوپنۇر.

دىن مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ياشاپ ئىلىم تەھ-سىل قىلغان، داڭقى ئالەمگە مەشھۇر شەھەردۇر. سىلى قەشقەردە تۇرسىلا شەھەر تېخىمۇ ئاۋاتلىشىدۇ، مۇستەھكەملىنىدۇ. ئۇنداق-تا، سەلتەنەتىمىزنىڭ ئاستانىسى ئاقسۇغا كىمنى ئەمىر قىلساق بولۇر؟

— ئۇچ ھاكىمى مىرزا جاپپار بەردى بەگ گەرچە ياش بول-سىمۇ ساداقەتمەن، پاراسەتلىك، لەشكىرىي ئىلىمگە پۇختا باھا-دىرلىرىمىزدىندۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلۇغ بابام، ئۇلۇسبېگى ئە-مىر خۇدايداد ھەزرەتلىرىنىڭ ھامىيسىنىڭ ئوغلى ئىلياسشاھنىڭ نەۋرىسىدۇر. قىبلىگاھىمىزغا سىر ئەمەسكى، ئۆز ۋاقتىدا جەد-نەتماكان سۇلتان ئۇۋەيسخان ئالىيلىرى ئىلياسشاھقا ئاقسۇنىڭ ئەمىرلىكىنى بەرگەنىكەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى ئاقسۇنى پايتەخت قىلغاندا ئىلياسشاھ ئەۋلا-دىغا ئۇچنى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. ھازىر ئۇچتا مىرزا جاپپار بەردى بەگ ھاكىملىق قىلىۋاتىدۇ. ئالىيلىرىغا خوپ كەلسە ئۇنى ئاقسۇنىڭ ئەمىرلىكىگە تەۋسىيە قىلماقچىمەن.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان، — سىلى ئىشەنگەن ئادەمگە مەن ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماق ئەمىرلىرىنىڭ ئوردىغا سالامغا كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. بەلكىم بىرەر - ئىككى ھەپتە ئىچىدە تولۇق يىغى-لىپ بولۇر، ئۇنىڭغىچە قارا دىۋان ئۇل ئەمىرلەرگە ئىنئام قىلى-دىغان مەرتىۋە - ئۇنۋان پەرمانلىرىنى، ئوتوغاتلارنى تېزرەك تەي-يارلىغاي. يەنە يېڭىدىن قويۇشقا تېگىشلىك مەنسەپلەرگە مۇۋاپىق نامزاتلار تىزىملىكى تەييارلىغاي.

— باش ئۇستىگە، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، — بۇ قېتىمقىسى قىبلىگاھىمىزنىڭ سەلتەنەت تەختىگە بەر قارار بول-غىنىدىن بېرى تەسەررۇپىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماق، تۇمەنلەرنىڭ ئەمىر - بەگلىرىنى ئوردىغا تۇنجى قېتىم تولۇق جەمئىي قىلىشلىرىدۇر. يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرغان ھۆكۈمدار-

نىڭ ئەمىر ـ بەگلەرگە مەنسەپ، مەرتىۋە ـ ئۇنۋان ئىنئام قىلىد-
شى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇدۇم. بۇ ئۇلارنىڭ سەلتەنەتكە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىشىغا پايدىلىق، لېكىن زېمىن سۇيۇرغال قىلىپ بەرمەسلىكلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

— سەۋەب؟ — دېدى يۇنۇسخان.

— چۈنكى، زېمىن سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلسە ئەمىرلەر باشباشتاق بولۇپ كېتىدۇ. ئۆزىنى كىچىك تەسەررۇپىنىڭ ھۆ-
كۈمدارلىرىدەك ھېس قىلىپ يۆرىكى يوغىناپ قالىدۇ. ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئوردىنىڭ ئاغزىغا قارىمايدىغان بولۇۋالىدۇ. خۇلاسە كالام، سەلتەنەتنىڭ سۈرىنى ھېس قىلماس بولۇپ قالىدۇ.

— بۇ تەرىپىنى ھېس قىلمىغانىكەنمەن، — دېدى يۇنۇسخان ئويچانلىق بىلەن.

— سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى سەلتەنەتنىڭ ئاخىر-
قى مەزگىللىرىدە ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بىرنەچچە قېتىم زېمىن سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخان بولسا ئۇنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزدى. ھازىر بىر قىسىم ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنلىرى ئۆزى ئىدارە قىلىۋاتقان ۋىلايەت ـ ئايماقلىرىنىڭ يېرىمىنى ئى-
گىلەيدۇ. يەنە كېلىپ، مۇنبەت يەرلەر دېسىلە.

سۇلتان يۇنۇسخان چۆچۈپ كەتتى.

— مۇنداق دېسىلە.

— شۇنداق ئالىيلىرى، ناۋادا ئۇلار تەپرىقىچىلىكنى كۆڭلى-
گە پۈكسە سەلتەنەتكە ئانچە تارتىشىپ كەتمەيدۇ.

— ئويلىمىغانىكەنمەن. بۇ سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن خەۋپتۇر.

— ئەسلىدە بۇ ئىشنى ئالىيلىرىنىڭ سەمىگە بۇرۇنلا سال-
ماقچى ئىدىم. سەلتەنەتنى قوللىرىغا ئالغاندىن بېرى ئوردىدا تۇرغان ۋاقىتلىرى تولىمۇ قىسقا بولدى. ئەمدى يەنە ئىلى ۋادى-
سىغا بارماقچى بولۇۋاتىدىلا.

— ھېلىمۇ ياخشى، ئۇل ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ئەمىرزادىلىد-

رىنى ئوردىدا تۇتۇپ قالغانىكەنمىز.
ــ ھازىرچە ئۇلارنىڭ ئالىيلىرىغا ساداقەتسىزلىك قىلىش خىيالى باردەك ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. تەكلىپىم: ئول ئەمىرزادىلەرنى ئىلىبالىقتا بىللە ئېلىپ كەتكەيلا. ئاللاھ خالىسا بىرەر يىلدىن كېيىن ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە خان يېرى تەسىس قىلىش يارلىقى چۈشۈرۈپ، ئول ئەمىر ـ بەگلەرنى سۇيۇرغاللىق زېمىنلىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەلتەنەتكە ھەدىيە قىلىشقا مەجبۇرلايلى. شۇنداق قىلساق ئۇلار پەرمانغا سەركەشلىك قىلالمايدۇ. ئەلۋەتتە ۋاقتى كەلگەندە سۇيۇرغاللىق زېمىن ھەدىيە قىلىشنى ئۆزۈم باشلاپ بېرىمەن.
ــ مۇشۇنداق قىلساق بولۇرمۇ؟
ــ ئەلۋەتتە بولىدۇ. قەشقەرنىڭ ئۇلۇسبېگى خۇدايداد جەمەتىنىڭ ئەجدادىي سۇيۇرغاللىق زېمىنى ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. كەمىنە نۆكەرلىرى قەشقەردىن ئىبارەت ئەجدادىي سۇيۇرغاللىق زېمىنىمنى سەلتەنەتكە ھەدىيە قىلسام، باشقا ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ يارلىققا ئىتائەت قىلماسلىققا ھەددى ئەمەس.
ــ ئۇلۇسبېگى خۇدايداد جەمەتىدىن ئەزەلدىن ۋاپا ئەھلى كۆپ چىققان، ــ دېدى يۇنۇسخان ھاياجانلىنىپ، ــ سەلتەنەتىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن بۇ جاسارەتلىرى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى.
ــ سەلتەنەتنى روناق تاپقۇزۇپ، ئەل ـ يۇرتنى ئاسايىشلىققا يۈزلەندۈرۈش ھەممىمىزنىڭ بۇرچى ئالىيلىرى.
ئارىنى بىرپەس سۈكۈت باستى. شۇ دەقىقىدە خان بىلەن ئەمىرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئوخشاش بىر ھاياجان جۇش ئۇراتتى.
ــ ئانھەزرىتىمنىڭ غىزاغا كۆڭلى تارتامدىكىن؟ ــ سورىدى بىكاۋۇل بەگ.
ــ قىمىز ئىچكەنگە قورساق تويمايدىغاندەك قىلىدۇ، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ پېتىر مانتا بىلەن قىرغاۋۇل گۆشىدە كاۋاپ قىلىڭلار، مۇشۇ يەردىلا غىزالىنايلى.

باشقىلار كېلىپ بىزەۋتە قىلمىغاي.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن پاراڭلىشىپ سۇلتان يۇنۇس-خاننىڭ كۆڭلىدىكى ھەسرەتلىرى خېلىلا بېسىلىپ قالغانىدى. تا-ماق تەييار بولغۇچە ئوردىنىڭ باشقا ئىشلىرى ھەققىدە يەنە بىر-پەس پاراڭلاشتى.



مىلادىيە 1475 ـ يىلى، كۈز پەسلى.

ئۇدا ئۈچ كۈن توختىماي ياغقان يامغۇردىن كېيىن سايرام ۋادىسى باشقىچە گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. تاغ قاپتاللىرىدىكى قا-رىغاي، ئارچا، ياۋا ئالمىلارنىڭ يوپۇرماقلىرى، تۈرلۈك گۈل ـ گىياھلارنىڭ يوپۇرماق ـ بەرگلىرىدىكى تېخى قۇرۇشقا ئۈلگۈر-مىگەن يامغۇر تامچىلىرى قۇياش نۇرىدا ئالماستەك يالتىرايتتى. رەڭگارەڭ ئېچىلغان تاغ گۈللىرى يىراقتىن قارىماققا بۇ پايانسىز يايلاققا غايەت چوڭ زىلچا سالغاندەك تۈيغۇ بېرەتتى. يايلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆپىلىككە تىكىلگەن ھەشەمەتلىك شاھ چېدىرى-نىڭ ئۈستىدىكى تۇغ ـ ئەلەملەر لەپىلدەپ بۈيۈك موغۇلىستان سەلتەنەتىنىڭ شەۋكىتىنى نامايان قىلاتتى. شاھ چېدىرىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايغا قاتار قىلىپ ئون نەچچە چېدىر تىكىلگەن بولۇپ، ئۈستىگە، ئەتراپىغا ئېسىلغان رەڭدار يىپەك لېنتىلار بۇ-نىڭ خانىش ئايىملارنىڭ ھەرىمى ئىكەنلىكىدىن نىشان بېرەتتى. بۇ ھەرەملەرنى يۈزلىگەن ئاغۋات ـ نۆكەرلەر ھوشيارلىق بىلەن پوستتا تۇرۇپ كېچە ـ كۈندۈز قوغدايتتى. ھەئە، بۇ چېدىرلارغا سۇلتان يۇنۇسخان ۋە ئۇنىڭ ئىككى خانزادىسىدىن باشقا ھەر-قانداق ئەركەك زاتى يېقىن يولىيالمايتتى. شاھ چېدىرى بىلەن

ھەرەم چېدىرىنىڭ سىرتى ـــ ئىككى ئۇن يېتىم كەلگۈدەك دائىرە
پۈتۈنلەي بوش ئىدى. ئەنە ئاشۇ مۇداپىئە سىزىقىنىڭ سىرتىغا ئە-
مىر ـ سەركەردىلەر بۇ كۆچمە ئوردىنى چەمبەر شەكلىدە ئوراپ
ئۆزلىرىنىڭ قارارگاھلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، شاھ چېدى-
رى بىلەن ھەرەم چېدىرى ئەنە ئاشۇ نەچچە يۈزلىگەن چېدىرلاردىن
تەشكىللەنگەن قارارگاھلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى ئالتۇن ئۈ-
زۈككە ئورنىتىلغان ياقۇت كۆزدەك كۆرۈنەتتى. ئەمىر ـ سەركەر-
دىلەر يانباغىردىكى ئىككى دۆڭنىڭ ئارىلىقىغا ئورنىتىلغان
دەرۋازا ئارقىلىق بۇ كۆچمە ئوردىنىڭ ئىچىگە كىرەلەيتتى ۋە شاھ
چېدىرىدا سۇلتان يۈنۈسخاننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشەلەيتتى.
شاھ چېدىرىنى سۇلتان يۈنۈسخاننىڭ مىڭ نەپەر خاس نۆكىرى
قوغدايتتى.

بۈگۈن بۇ يەر باشقىچە قىزىپ كەتكەنىدى. يۈزلىگەن مۇلا-
زىملار بىكاۋۇل بەگ بىلەن مۇراسىم بېگىنىڭ باشچىلىقىدا پۈت ـ
پۈتى، قول ـ قولىغا تەگمەي شاھ چېدىرىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدى-
كى زىلچا، كۆرپىلەر سېلىنىپ تەييارلانغان سورۇنغا داستىخان
راسلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى. نان ـ توقاچلار، قېتىق ـ قاي-
ماقلار، ھۆل ـ قۇرۇق يەل ـ يېمىشلەر، ساڭزا، پوشكال، بوغۇر-
ساق، قەنت ـ گېزەكلەر، شاراب، قىمىز، مۇسەللەس كومزەكلىرى
داستىخانغا توشۇلۇۋاتاتتى. تۆپىلىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بۇلاق
بويىغا ئورنىتىلغان داش قازانلار ئېسىلغان بولۇپ، قوي، كالا، تاي
گۆشلىرى قايناۋاتاتتى. پولۇ قازانلىرىنى دۈملەپ بولغان ئاشپەز
ئۇستىلار بۇغا، كېيىك، جەرەن، پاقلان، ئوغلاق، قىرغاۋۇل، كەك-
لىك، غاز ـ توخۇ گۆشلىرىنى كاۋاپ قىلىش ئۈچۈن زىخقا تار-
تىۋاتاتتى. تونۇر، كاۋاپدانلاردا كۆيۈۋاتقان قارىغاي، ئارچا ئوتۇن-
لىرى ئەتراپقا خۇش ھىد تارقىتاتتى.

خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ خاس چېدىرىدىن يېنىپ
چىققان سۇلتان يۈنۈسخان بىرئاز ھاياجانلانغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ
روھلۇق قەدەملەر بىلەن ئاۋۋال شاھ چېدىرى تەرەپكە قاراپ ماڭ-

دى. شاھ چېدىرىغا يېقىنلاشقاندا نېمە ئۈچۈندۇر نىشانىنى ئۆز-گەرتىپ، تۆپىلىكنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە — تاغ باغرىدىكى قويۇق قارىغايلىققا قاراپ ماڭدى. گەرچە ئاتمىش ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، قەددىنى تىك تۇتۇپ قەدەم ئېلىشلىرى قىرىق ياشلىق بوز يىگىتلەردىن قېلىشمايتتى. ئۇ ئاۋۋال ئاياغ ئاستىدىكى ھۆپ-پىدە ئېچىلىپ كەتكەن ياۋا گۈللەرگە زوقلىنىپ قارىدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سانجاق ـ سانجاق قارىغاي، ئارچىلاردىن لىباس كىيگەن تاغ باغرىغا، ئاخىرىدا كۆككە قارىدى. يامغۇردىن كېيىن كۆلۈپ چىققان قۇياش بۇ گۈزەل يايلاققا ھېسابسىز كۆيدۈرگۈچ ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ كۆزنى قاماشتۇرات-تى، زېمىنغا ھارارەت بېغىشلايتتى. تاغ چوققىسىغا قونۇۋالغان توپ ـ توپ ئاپئاق بۇلۇتلار گويا قوي پادىسىدەك ئاستا ـ ئاستا يۆتكىلەتتى. ئۆزگىرىشچان يايلاق ھاۋاسىغا ئىشەنچ قىلالمىغان سۇلتان يۇنۇسخان ئۆزىگە ئۆزى ئاستا پىچىرلىدى.

«بۈگۈن ھاۋا مۇشۇنداق ئوچۇق تۇرۇپ بەرسە بولاتتى. ھېلى-مۇ ئۈچ كۈندىن بېرى يامغۇر قانغۇچە يېغىۋالدى. يامغۇرنىڭ سە-ۋەبىدىن بۇ توي ئىشىمۇ كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى. خۇداغا شۈك-رى. بۈگۈن ھاۋا خېلىلا ئوچۇق تۇرىدۇ. ئالىمادىس تۇتۇلۇپ قال-سىمۇ يامغۇر يېغىپ قالماس...»

ھەئە، بۈگۈن سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئىككىنچى قىزى مەلى-كە قۇتلۇقنىگار خېنىم بىلەن مەرھۇم سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزى-نىڭ تۆتىنچى خانزادىسى — پەرغانە ئەمىرى ئۆمەر شەيخ مىرزى-نىڭ تويى ئىدى.

سۇلتان يۇنۇسخان شەھەردە تۇرۇشنى خالىمىغان بىر قىسىم ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ زورى بىلەن ئىلاجسىز يايلاققا كۆچۈپ كەلگەن بۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى تەڭرىتېغى بىلەن ئالتاي، ئابرال تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىكى گۈزەل، ھاۋالىق يايلاقلاردا كۆچۈپ يۈرۈپ سەلتەنەت ئىشلىرىغا پاسىبانلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاقسۇدىن يولغا چىققاندا بېشبالىق، ئىلىبالىق، ئالمالىق... قاتار-

لىق شەھەرلەردە مۇقىم تۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، لې-
كىن ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ قاتارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلىرى
ئۇنى ھە دېگەندە شىكارغا، باراۋەتكە قىزىقتۇرۇپ، مۇقىم بىر
جايدا تۇرۇشقا ئىمكانىيەت بەرمىدى. بۇ جەرياندا ئىككى قېتىم
تۇرپاندا قىشلىدى، ئىككى قېتىم ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئارقىمۇ-
ئارقا مەكتۇپ ئەۋەتىپ تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن تاش-
كەنت، ئەندىجان قاتارلىق شەھەرلەردە قىشلىدى. بۇ ئارىلىقتىكى
قىسقا ياز ئايلىرىنىڭ شىكار، باراۋەتلەر بىلەن قانداقسىگە ئۆتۈپ
كەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيمايلا قالدى.

بۇ يىل ئەتىياز ئۆمەر شەيخ مىرزا مەلىكە قۇتلۇقنىگار خې-
نىمغا توي تەكلىپى قويۇپ ئەلچى ئەۋەتكەندى. سۇلتان يۇنۇسخان
ئۆتكەن يىلى قىشتا ئەندىجاندا تۇرغان ۋاقتىدىلا بۇ ئىككىسىنىڭ
بىر ـ بىرىگە مەيلى بارلىقىنى ئاز ـ تولا ھېس قىلغانىدى. ئۆزد-
نىڭمۇ ئۆمەر شەيخ مىرزىنى كۈيۈ ئوغۇل قىلىۋالغۇسى بار ئىدى.
شۇڭا ئەلچىلەرگە دەرھال رازىلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر
شەيخ مىرزا ئوردا ئىشىكئاغىسى ھاپىزمۇھەممەد بەگ دولداي[1]نى
نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن توي ئىشىنى سۆزلىشىشكە ئە-
ۋەتتى. سۇلتان يۇنۇسخان ھاپىزمۇھەممەد بەگ دولداي بىلەن
مەسلىھەتلىشىپ، توي كۈنىنى بېكىتكەنىدى. مانا قىز يۆتكەش
ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى كەلگەن ئۆمەر شەيخ مىرزا نەچچە ئونلىغان
ئەمىر ـ بەگلىرى ۋە مىڭلىغان نۆكەر ـ لەشكەرلىرى بىلەن بۇ
يەردىن بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى بەلدە چېدىر تىكىپ ساقلاۋا-
تاتتى.

تاغ باغرىدا تۇرۇپ توي تەييارلىقىغا كىرىشۋاتقانلارنى تاما-

① ھاپىزمۇھەممەد بەگ دولداي ــ سۇلتان مەلىك كاشغەرىينىڭ ئىك-
كىنچى ئوغلى. ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ئىنىسى، ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ سەمەرقەنتتە
سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئوردىسىدا يۇقىرى مەنسەپ تۇتقانلىقى ۋە ئەلىشىر
نەۋايى سەمەرقەنتكە كەلگەندە، ئەھمەد ھاجىبەگنىڭ ئەلىشىر نەۋايىغا باشپاناھ
بولغانلىقى «بابۇرنامە»دە قەيت قىلىنىدۇ.

شا قىلىۋاتقان سۇلتان يۇنۇسخان ئىككىنچى قىزىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ بايا قېيىداپ قىلغان سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ــ ئانھەزرىتىم ھەقىقەتەن يىراقنى كۆرەر ئىكەنلا، ــ دېگە-نىدى خانىش كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، ــ ئەينى يىلى مەلىكە مېھرىنىگار خېنىمنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ياتلىق قىلغان چاغدا: «ھەممە قىزلىرىمنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئوغۇل-لىرىغا بېرىمەن» دېگەن ئىدىلە. مانا، ئىشلار لەۋزى قىلغانلىرىد-دەك بولۇۋاتىدۇ. قانداق قىلارمەن، چوڭ مەلىكىنىڭ يىراقى بې-سىلماي تۇرۇپ ئىككىنچىسىدىن ئايرىلىدىغان بولدۇم. شۇنچە يىلدىن بېرى مەلىكە مېھرىنىگار خېنىم بىلەن بىرەر قېتىم دىدارلاشقان بولسام كاشكى.

ــ سەۋر قىلسىلا، ــ دېدى يۇنۇسخان تەسەللى بېرىپ، ــ قانداق قىلىمىز، قىز چوڭ بولسا ياتلىق قىلىدىغان ئىشكەن. ئۇ-نىڭ ئۈستىگە نەسەبىمىزگە ماس كېلىدىغان كۈيئو ئوغۇل تاپماق ئاسان ئەمەس. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆز ئوغلىمىزدەكلا بولۇپ قال-دى. تاشكەنتتە تۇنجى كۆرۈشكەندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بىزنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدەك كۆرۈپ ھۆرمىتىمىزنى قىلىپ كەلدى. يەنە كېلىپ ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇملۇق، مەلىكە قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ كۆڭۈل رايىمۇ شۇ. سېغىنسىلا بېرىپ يوقلاپ تۇرالا. ئۇنىڭسىزمۇ ھەر يىلى دېگۈدەك ھېلى تاشكەنتتە، ھېلى ئەندىجاندا قىشلاپ كې-لىۋاتىمىزغۇ. مەلىكە مېھرىنىگار خېنىمغا كەلسەك، سەمەرقەنت بىلەن ئارىلىقىمىز يىراق. ھېلىمۇ ياخشى، پات ـ پات خەت ـ خەۋىرىنى ئېلىپ تۇرۇۋاتىمىز. پەقەت بولمىسا تويدىن كېيىن سەمەرقەنتكە بېرىپ كەلسىلە.

ــ ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن بارىمەن دەپلا بارغىلى بولىدىغان يەر ئەمەس. ئارىلىقى بىرنەچچە ئايلىق يول تۇرسا.

ــ ئامال قانچە، ياراتقان ئىگىسى قىزلىرىمىزنىڭ رىزقىنى ئاشۇنداق يىراقلارغا چېچىۋەتكەن ئوخشايدۇ.

تاراقلىغان ئاياغ شەپىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئاللىقاياقلاردىندۇر ئۈركۈپ كەلگەن تايچاق ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى. تايچاق يىلقا توپىنى تاپالمىدىمۇ ياكى ئۈركۈپ كەتتىمۇ ئەيتاۋۇر، كىرپىكلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى ۋەھىمىگە تولغانىدى، تېز چاپقانلىقتىن بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى كېڭىيىپ كەتكەنىدى. تايچاق سۇلتان يۇ ـ نۇسخانغا بىرنەچچە دەقىقە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن شارتتىدە يانغا بۇرۇلۇپ، قويۇندەك چىپىپ كەتتى.

«تەڭرى ئىرادىسىگە بەندىنىڭ ئامالى يوق. شاھبانۇ رەنجىـ گەندەك قىلغان بىلەن بۇ تويغا چىن كۆڭلىدىن نارازى ئەمەس. بەلكىم خۇشاللىقتىن باتناۋاتسا كېرەك. جاھاندىكى ھەممە ئانىلار قىزلىرىنى خانزادىگە ياتلىق قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۆمەر شەيخ مىرزىدەك خانزادىنىڭ بىزگە كۈيۇ ئوغۇل بولغىنى تەلىيىمىز، قىزىمىزنىڭ بەختى. ئۇنىڭ بىلەن تاشكەنتتە تۇنجى ئۇچراشقاندا كۈيۇ ئوغۇل قىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلغانىدىم. شول چاغدا خانزادە قانداق ئويلىدى بىلمەيمەن، ئەمما ئاقسۇغا قايتىپ كەلگىنىمدىن بېرى نەدە بولاي، گاھىدا مەكتۇپ، گاھىدا سوۋغا ـ سالام يوللاپ تۇردى. تۇرپاندا قىشلىغىنىمدىن خەۋەر تېپىپ ياندۇرقى يىلى تاشكەنتكە كېلىشىمنى، قىش چىقىپ كەتكۈچە تاشكەنتتە تۇرۇ ـ شۇمنى ئىلتىماس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇنداق كۈيۇ ئوغۇلنى كۈندۈزى چىراغ يېقىپمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ياراتقان ئىگەم ئۇلارنىڭ رىز ـ قىنى بىر قىلىپ نىكاھىنى چاتقانىكەن. نىكاھ غايىب، دېگەن شۇ بولسا كېرەك. مەنمۇ شىرازدىن سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيـ لىرىنىڭ دەرگاھىغا كەلگەندە تەنھا بىر ساياق ئىدىم. ‹خانزادە› دېگەنلا ئاتىقىم بار، ئەمما ھېچنېمەم يوق ئىدى. دوپپام چۈشسە خەقنىڭ زېمىنىغا چۈشەتتى. شۇنداقتىمۇ ئاۋۋال كۆنچى ئەمىر ـ نىڭ قىزىغا، كېيىن بەدەخشان سۇلتانىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنـ دىم. قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىلىرىمنى پات ـ پات يوقلاپ كۈيۇ ئو ـ

غۇللۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم. بۇنى ئاز دەپ ئىككى خانىش نەگە بارسام شۇ يەرگە بىرىپ كۆپ جاپايىمنى تارتتى، ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلىيالمىدى، ھەتتا ئۆلۈم پەتىسىگىمۇ بارالمىدى. ئۇلارغا سىلىشتۇرغاندا قىزلىرىم كۆپ بەختلىك. يارانقان ئىگەم ئۇلارنىڭ بەختىنى بىرەر...»

شاھ چىدىرى تەرەپتىن ياڭرىغان ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى يۇنۇسخاننىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى.

«كۈيۇ ئوغۇلنىڭ قىز يۆتكىگىلى كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ...»

سۇلتان يۇنۇسخان شاھ چىدىرى تەرەپكە قاراپ ئىلدام مېڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئون بەش ـ يىگىرمە قەدەم ئارىلىق تاشلاپ قاراپ تۇرغان ئىككى نۆكەر قاپتالدىن پەسكە چۈشۈۋاتقان يۇنۇسخاننى مۇدۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ، يۆلىۋالماقچى بولدى.

ــ ئۆزۈم چۈشەلەيمەن، ــ دىدى ئۇ قولىنى تارتىۋېلىپ، ــ بىرىڭلار بېرىپ خەۋەر بېرىۋېتىڭلار، ئەمىرلەر مېنى ئىزدەپ پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتمىسۇن.

بىر نۆكەر ئۈچقاندەك يۈگۈرگىنىچە پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

ھەئە، قىز كۆچۈرگۈچىلەر كېلىشكەنىدى. پۈتكۈل ئەزايىدا تىرناقچىلىك قارىسى يوق، قاشتېشىدەك يالىلداپ تۇرغان ئاپئاق پەرغانە ئارغىمىقىغا مىنگەن، ئوتتۇرا بوي كەلگەن ئۆمەر شەيخ مىرزا توپىنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى، ئاق شايى كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن كىيىۋالغان كالتە يەڭلىك شاھانە تونى بىلەن بېشىدىكى مەخمەل بۆكى ئۈستىدىن ئورىۋالغان چاققانغىنا يىپەك سەللىسى باشقىچە ياراشقانىدى. سەللىسىگە تاقىۋالغان ھۆكۈمدارلىق مەرتىۋىسىدىن نىشانە بېرىپ تۇرىدىغان ئالماس كۆز قويۇلغان ئالتۇن ئوتۇغاتى بىلەن بېلىدىكى قىممەت باھالىق تاشلاردىن كۆز قويۇلغان ئالتۇن كەمىرى قۇياش نۇرىدا يالىلداپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئوخشاش كىيىنگەن، بوي ـ تۇرقى، چىرا-

يى، ياش ـ قۇرامى پەرقلەنمەيدىغان ئىككى يىگىت ئۇنىڭ ئېتىد-
نىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ ئاستا يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ
ئالدىدا بىر توپ يىگىتلەر داپ، راۋاب، ناغرا ـ سۇنايلارنى چې-
لىشقىنىچە يارىيار ئېيتىپ، توي قوشىقى توۋلىشاتتى. سازەندى-
لەرنىڭ ئالدىدا ئون نەچچە نەپەر يىگىت شوخ ھەرىكەتلەر بىلەن
ئۇسسۇل ئويناپ كېلەتتى. ئاق ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرغان
ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ چىرايىدا تەسۋىرلىگۈسىز بىر خۇشاللىق
جىلۋە قىلاتتى، ئەتراپىغا تەمكىن نەزەر تاشلايتتى.

شاھ چېدىرىنىڭ ئالدىدىن يۈز مېتىر ئارىلىقتا زىلچىدىن
پاياندار سېلىنغانىدى. ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ قاتارلىق قىز تە-
رەپنىڭ ساھىبخانىلىرى پاياندازنىڭ چېتىگە كېلىپ ئۆمەر شەيخ
مىرزىغا سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خانزادە ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بول-
غاي. توي مۇبارەك!

ھاپىزمۇھەممەد بەگ دولداي قاتارلىق پەرغانە ئەمىرلىرى
ئۆمەر شەيخ مىرزىنى ئاتتىن چۈشۈردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا سالام-
نى ئىلىك ئېلىپ، — قەدەم يەتتى بالا يەتمىگەي. پەرزەنتلىك
سالامىمىزنى ئېلىپ كەلدۇق، قوبۇل قىلىشقايلا.

ئۆمەر شەيخ مىرزا پاياندازغا دەسسەپ شاھ چېدىرىغا قاراپ
ماڭدى.

سۇلتان يۇنۇسخان شاھ چېدىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ساقلاپ
تۇرغانىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا تۆت قەدەم ئارىلىق قالغاندا توختاپ
قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ تەۋازۇ بىلەن سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاتا، كەمىنە پەرزەنتلىرىنىڭ ئېھ-
تىرامىنى قوبۇل قىلغايلا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئوغلۇم، قۇتلۇق قەدەملىرىگە مەر-
ھابا.

سۇلتان يۇنۇسخان غۇلاچلىرىنى كەڭرى يېيىپ، ئۆمەر شەيخ

مىرزىنى باغرىغا باستى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن
كېيىن قايتىدىن ئېسەنلىك سوراشتى.
توي بېشلىقنى ئۈستىگە ئالغان ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ
ئۆمەر شەيخ مىرزىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلىرى بىلەن شاھ
چېدىرىغا، قالغانلارنى سىرتقا راسلانغان سورۇنغا باشلىدى. ئۇلار ـ
نىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ئاغىچىلىرىنى خا ـ
نىشلارنىڭ ھەرەم چېدىرىغا باشلاشتى.
شاھ چېدىرىغا كىرگەندىن كېيىن سۇلتان يۇنۇسخان تۆردى ـ
كى توققۇز پايىلىك سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى يولۋاس تېرىسى سې ـ
لىنغان كۆچمە تەختتە، ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى
يولۋاس تېرىسى سېلىپ ئالاھىدە راسلانغان ئورۇندا ئولتۇردى.
باشقىلارمۇ مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى بويىچە ئولتۇرۇپ بولغاندىن
كېيىن «ئامىن» دېيىشكىنىچە قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ پاتىھە
قىلىشتى ۋە قايتىدىن ئېسەنلىك سوراشتى. ئاندىن خاس مەھرەم
ئالتۇن چىلاپچا بىلەن ئالتۇن ئاپتۇۋىدا ئاۋۋال سۇلتان يۇنۇسخان ـ
نىڭ، ئاندىن ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ قولىغا سۇ بەردى. باشقا
خىزمەتكارلارمۇ شاھ چېدىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇچ رەت بولۇپ
ئولتۇرغان ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ قولىغا سۇ بېرىشكە باشلى ـ
دى. شاھ چېدىرىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يىگىت تەرەپنىڭ مېھمانلى ـ
رى، سول تەرىپىدە قىز تەرەپنىڭ مېھمانلىرى ئورۇن ئېلىشقان ـ
دى. قول چايقىتىپ بولۇنغاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ، تا ـ
ئاملار تارتىلدى. بۇ ئارىلىقتا يىگىت تەرەپنىڭ توي بېشى ھاپىز ـ
مۇھەممەد بەگ دولداي رەسىم ـ يوسۇن بويىچە ئېلىپ كەلگەن
تويلۇقنى مەلۇم قىلدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا تويلۇق ئۈچۈن توققۇز
پەتنۇس ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئېسىل جاۋاھىرات، توققۇز تۆگىلىك
يىپەك ـ شايى، كىمخاب ـ تەتىللا، دۇخاۋا ـ بەقەسەم، قىرىق
پەتنۇس قەنت ـ ناۋات، ئۈچ مىڭ پەرغانە ئېتى، ئۈچ مىڭ تۇياق
كالا، توققۇز مىڭ تۇياق قوي، توققۇز يۈز پارچە گىلەم، توققۇز
يۈز پارچە كىگىز ـ شىرداق ئېلىپ كەلگەنىدى.

تاماقتىن كېيىن ھەممەيلەن شاھ چېدىرىدىن چىقىپ، مەخسۇس راسلانغان سورۇنغا كېلىپ ئورۇن ئېلىشتى. ئەمدى تويىنىڭ شەرىپىگە تەييارلانغان تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى رەسمىي باشلاندى.

ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چېلىشىش، جانبازلىق، كاماندازلىق قاتارلىق ماھارەتلەر كۆرسىتىلدى. ئۇتۇپ چىققانلارغا بىردىن ئېگەر ـ جابدۇقلۇق ئات، بىر ياقىلىقتىن تون ـ سەرپاي ئىنئام قىلىندى. كاماندازلىق ماھارىتى ھەممىدىن بەك قىزىدى. قىمىزنى كۆپرەك ئىچىۋالغان سۇلتان يۇنۇسخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كاماندازلىقتىن ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇ زاماننىڭ ساناقلىق مەرگەنلىرىدىن ھېسابلىناتتى، ئاتقان ئوقى پەقەت زايا كەتمەيتتى. قېيىنئاتىسىنىڭ مەرگەنلىكىگە ئۆمەر شەيخ مىرزىمۇ ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ قىلىچۋازلىقتا تەڭدىشى يوق ئىدى، تويى بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ماھارەت كۆرسىتىشكە ئامالسىز قالدى. ئاخىرىدا بەيگە، ئوغلاق تارتىشىش ماھارىتى كۆرسىتىلدى. يۈزلىگەن چەۋەندازلار ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، يايلاقنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى.

تويى تاماشاسى بىلەن بولۇپ مېھمانلار كەچ بولغانلىقىنى تۇيمايلا قالغاندى.

— ئەمدى نىكاھ پەتىسىنى ئوقۇۋېتەيلى، — دېدى قۇياشنىڭ تاغ چوققىسىغا قونغانلىقىنى كۆرگەن ھاپىزمۇھەممەد بەگ دولداي ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگكە قاراپ.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ، — شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى نىكاھ پەتىسى ئوقۇشقا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ بولغان. ئەمىر جانابلىرى نىكاھ گۇۋاھچىسى چىقىرىپ بەرگەن بولسىلا.

ھاپىزمۇھەممەد بەگ دولداي ئەندىجاندىن كەلگەن مېھمانلار ئارىسىدىن تۆت ئەمىرنى گۇۋاھچىلىققا بەلگىلىدى. ئۇلار ئاۋۋال خانىش ئىسان دۆلەت خېنىمنىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كې-

لىپ مەلىكە قۇتلۇقنىگار خېنىمنىڭ نىكاھ رازىلىقىنى ئالدى، قايتىپ كېلىپ مەلىكىنىڭ رازىلىقىغا گۇۋاھلىق بەردى. ئاندىن ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ نىكاھ رازىلىقىنى ئالدى. ئەمىر ئابدۇلقۇد-دۇس بەگ شەيخۇلئىسلامنىڭ قولىدىن تۇزغا چىلانغان بىر بۇردا ناننى ئېلىپ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى. تۇزغا چىلانغان يەنە بىر بۇردا ناننى پىيالىگە سېلىپ مەھرەمگە ئۇزاتتى:

— يەتكۈزۈپ بەرسۇنلار، مەلىكىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغاي.

— ئامىن، — دېدى شەيخۇلئىسلام نىكاھ رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ.

ھەممەيلەن تويى بولغان يىگىت بىلەن قىزغا بەخت تىلەپ دۇئا قىلىشتى.

سۇلتان يۇنۇسخان شەيخۇلئىسلامنىڭ ئالدىغا نىكاھ ھەققى ئۈچۈن بىر چوكا ئالتۇن، نىكاھ گۇۋاھچىلىرىنىڭ ئالدىغا بىر ياقىلىقتىن شاھانە تون قويغۇزدى.

— دۆلەتپاناھ خان ئالىيلىرىدىن كېلىننى يۈتكەشكە ئىجا-زەت سورايمىز، — دېدى ھاپىزمۇھەممەد بەگ دولداي ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئىجازەت، — دېدى يۇنۇسخان.

— خانىش ئايىملارغا خەۋەر بېرىڭلار، كېلىنچەكنى چىقار-تىپ بەرگەي، — دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ.

يۇزى چۈمپەردە بىلەن ئورالغان مەلىكە قۇتلۇقنىگار خې-نىمنى كېنىزەكلەر ئىككى يېنىدىن يۆلەپ ئېلىپ چىقىشتى. ئۇ-نىڭغىچە قولداشلار ئۆمەر شەيخ مىرزىنى مەلىكىنىڭ يېنىغا ئې-لىپ كېلىشتى. شۇ ھامان مەھرەملەر پەتنۇسلاردا ئالدىن تەييارلاپ قويغان تىللا، لەئىل، ياقۇت، مەرۋايىت... قاتارلىق جاۋاھىراتلارنى يىگىت بىلەن قىزنىڭ بېشىغا چاچقا قىلىپ چاچتى.

مەلىكە قۇتلۇقنىگار خېنىم ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا بۇقۇلداپ يىغلايتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا بولسا قەددىنى تىك تۇتقىنىچە مەغرۇر كۈلۈمسىرەيتتى.

ئىككى مەھرەم بىر پەتنۇستا قاشتېشى كەمەر، بىر پەتنۇستا غىلىپىغا ياقۇت كۆز قويۇلغان ئالتۇن ساپلىق خەنجەر ئېلىپ كەلدى.

— بۇ تەسەررۇپىمىزنىڭ خوتەن دىيارىدىن چىقىدىغان ئې-سىل قاشتېشىدا ياسالغان كەمەر، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ئۆ-مەر شەيخ مىرزىنىڭ بېلىگە يالىداپ تۇرغان قاشتېشى كەمەرنى باغلاپ تۇرۇپ، — بۇ كەمەر ئارقىلىق تەخت ـ سەلتەنەت، ئەل ـ يۇرتنىڭ ئىشىغا ھەرقاچان بەللىرى باغلاقلىق تۇرۇشىنى تىلەي-مەن. مانا بۇ تەسەررۇپىمىزدىكى يېڭىسار دىيارىدىكى داڭلىق ھۇ-نەرۋەنلەرنىڭ قولىدا تۇجۇپىلەپ سوقۇلغان خەنجەر، — دېدى يۇ-نۇسخان خەنجەرنى قاشتېشى كەمەرگە ئېسىپ تۇرۇپ، — بۇ خەن-جەر بىلەن ھەرقاچان ئەدلى ـ ئادالەتكە ھامىي بولغايلا. قەھر ـ غە-زەپلىرى دۈشمەنلىرىنىڭ يۈرىكىگە مۇشۇ خەنجەر كەبى سانجىل-غاي.

— رەھمەت خان ئاتا. كالاملىرىنى ئېسىمدە مەھكەم ساقلاي-مەن، — دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ تۇ-رۇپ.

جامائەت ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم دۇئا بەردى.

— ئاللاھقا ئامانەت. بېشىڭلار باش، ئايىغىڭلار تاش بولغاي.

قېيىنئاتىسى قاتارلىق جامائەت بىلەن قايتا ـ قايتا خوشلاشقان ئۆمەر شەيخ مىرزا، تېخىچە ئۆكسۈپ تۇرغان مەلىكە قۇتلۇقنىگار خېنىمنى دەس كۆتۈرۈپ ئاق ئاتقا مىندۈردى، ئاندىن ئۆزەڭگىگە دەسسەپ لىككىدە ئاتقا مىنىپ، مەلىكىنىڭ بېلىدىن مەھكەم قۇچاقلىدى. شۇ ھامان ئەتراپنى ئالقىش سادالىرى قاپلى-دى. بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا توي يۈتكەشكە كەلگەن سازەندىلەرنىڭ شوخ ناخشىلىرى ياڭرىدى:

ئاپئاق ـ ئاپئاق توشقانلار،
سايدا ئوينايدۇ.

ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەر،
تويدا ئوينايدۇ.
يىغلىماڭ قىز، يىغلىماڭ،
تويىڭىز بولدى.
ئالتۇن بويلۇق بىر يىگىت،
جۆرىڭىز بولدى.



قەشقەر.

ئەتىگەندىلا دىۋانغا چىققان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ سارايدا ئاران بىرنەچچە ئەمىرنىڭ ساقلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ بىردىنلا جۇدۇنى ئۆرلىدى. ئۇلارنىڭ بەرگەن سالامىنى كەيپسىز- لىك بىلەن ئىلىك ئالدى.

— خوش، — دېدى ئۇ قول باغلاپ تۇرغان ئىشىك ئاغىسى ئابدۇساتتار بەگكە زەردە بىلەن قاراپ، — ساراي چۆلدەرەپ قاپ- تىغۇ؟ جانابى ئەمىرلەرنىڭ بىزگە سالام بەجا كەلتۈرۈشكە ۋاقتى يەتمەۋېتىپتىمۇ ياكى بىز سارايغا سەھەر كېلىۋالدۇقمۇ؟

— ئەمىرۇل ئۆمەرا جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى مىرزا ئابدۇساتتار بەگ، — قوبۇلنىڭ ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى. يېقىندىن بېرى بىر قىسىم ئەمىرلەر يوقلىمىخانىغا كې- چىكىپ كېلىۋاتىدۇ، سەۋەبىنى بىزمۇ بىلەلمىدۇق.

— سىلى ئىشىك ئاغىسى تۇرۇقلۇق بىلمىسىلە مەن قانداق بىلىمەن؟ — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تەئەددى بىلەن.

مىرزا ئابدۇساتتار بەگ لام ـ جىم دېمەي بېشىنى تۆۋەن سالدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بىردىنلا جەھلى قاتقانىدى.

— نۆكەر بېگىنى ساقلىماي، بەگ نۆكىرىنى ساقلايدىغان قانداق يوسۇنكەن بۇ؟ پەرمانىمنى يەتكۈزسۇنلار، بارلىق ئەمىرلەر دەرھال سارايغا جەمئىي بولغاي. قوپالمىغۇدەك يېتىپ قالغان ئاغرىقلارنىمۇ ئېلىپ كېلىشكەي.

— خوش، — ئابدۇساتتار بەگ سارايدىن چىقىپ كەتتى.

ئالاھازەل بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن بارلىق ئەمىرلەر سارايغا تەق بولدى. ئۇلار ئادەتتە چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇ- رىدىغان، سىلىق - سىپايە، خۇش مۇئامىلىلىك مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ چىرايىدىكى غەزەپنى كۆرۈپ تەشۇىشكە چۈشۈشكەن، شۈمشىيىپ قېلىشقانىدى.

— مەلۇم بولغاي، ھەممە ئەمىرلەر تەق بولدى! — دېدى مىرزا ئابدۇساتتار بەگ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قول باغلاشقىنىچە ئۆرە تۇرغان ئە- مىرلەرگە تەكشى بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، قاپىقىنى تۈرگىنىچە سۆز باشلىدى:

— ھۆكۈمەت ئىشىغا سۇسلۇق قىلىپ بۇرچىنى ئۇنتۇش، سەلتەنەت يوسۇنلىرىغا ئېتىبارسىز قاراش لاياقەتلىك ئەمىرلەر- نىڭ پەزىلىتى ئەمەس. شول تاپتا ھەر بىرىڭلاردىن سالامغا كې- چىككىنىڭلارنى سۈرۈشتۈرسەم چوقۇم بىر تاغاردىن سەۋەب كۆر- سىتىپ بېرىشىسىلەر، بوپتۇ، بۇنى سۈرۈشتۈرمەي. ئۇنداق بولسا ئۆزۈڭلارنىڭ يېقىنقى خىزمىتىڭلاردىن مەلۇمات بېرىڭلار.

سارايىنىڭ ئىچىنى قايتىدىن جىمجىتلىق باستى. ئەمىرلەر بىر - بىرىگە يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ پۇشۇلداپ ئولتۇرۇشاتتى.

— مىرزا ئەمىن قۇلبەگ، — دېدى سەۋر - تاقىتى توشقان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

شاراب تەسىرىدىن قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن، قىزارغان كۆزلىرىدە ئۇيقۇ قايناپ تۇرغان ئوتتۇز - ئوتتۇز بەش ياشلار چا- مىسىدىكى ئەرز دىۋانىنىڭ ئەمىرى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— لەببەي!

— ئۆتكەن بىر ھەپتە ئىچىدە كەلگەن ئەرز ـ شىكايەتلەرنىڭ
سانىدىن، ئۇل ئەرز ـ شىكايەتلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋا-
لىدىن، چىقىرىلغان ھۆكۈملەرنىڭ ئىجراسىدىن مەلۇمات بەر-
سۇنلار!

— ئەمىرۇل ئۇمەرا جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي. ئەرز دىۋان-
نىڭ بىر ھەپتىلىك ئىشلىرىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىنى ئېدىتلاپ
كۆرۈشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدىم.

— قايسى ئالدىراش ئىشلارغا مەشغۇل بولۇپ بۇ ئىشلارغا
ئۈلگۈرەلمىدىلە جانابى ئەمىر؟

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەمىن قۇلبەگكە مىختەك
قادالدى.

— بۇ... بۇ...

مىرزا ئەمىن قۇلبەگ ياردەم سوراپ ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قارد-
دى.

— ھەقىچان باشقا ئەمىرلەرمۇ ئۆز دىۋان ـ مەھكىمىلىرد-
نىڭ ئىشلىرىنى ئېدىتلاشقا ئۈلگۈرەلمىدىغۇ دەيمەن؟

ھودۇقۇپ كەتكەن ئەمىرلەر بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن سىلىش-
تى.

— قانداق ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرۈۋاتقىنىڭلار ماڭا ئا-
يان، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەپسۇسلانغان ھالدا، —
كۈنلىرىڭلار بەزمە ـ باراۋەت بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ.

كۈندىلىك مۇئامىلە، رەئىيەتنىڭ ئەھۋالى، ھەرقايسى
يۇرتلاردىن يىغىۋېلىنغان باج ـ سېلىق، ئولپان، ئاشلىق ـ
چارۋا، ئۇلارنىڭ تەقسىملىنىشى، كېلىپ ـ كېتىۋاتقان تۇججار[1]
لارنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئېلىنىدىغان زاكات، باج، خەزىنىگە كې-
لىدىغان دارامەت، ھەرقايسى يۇرت ئاقساقاللىرى يوللىغان مەلۇ-
مات، سۇيۇرغاللىق زېمىن، ۋەخپىلەرنىڭ زاكىتى، شەرىئەت ئىش-

① تۇججار — سودىگەر.

لىرىنىڭ بېجىرىلىشى، ئەرز ـ شىكايەت، كۈندىلىك خىراجەت، كىرىم ـ چىقىم... قاتارلىق مۇھىم ھۆكۈمەت ئىشلىرى زىنھار خىيالىڭلاردا يوق. ھەتتا بۇگۈنكىدەك قوبۇل ـ سالام ۋاقتىمۇ ئېسىڭلاردىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. ئېيتىڭلارچۇ، بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى سىلەر بىلمىسەڭلار، مەلۇم قىلمىساڭلار مەن قانداق خەۋەر تاپىمەن؟ جانابى دۆلەتپاناھ خان ئالىيلىرىغا قانداق مەلۇمات يوللىيالايمەن؟ خان ئالىيلىرى بىزگە چەكسىز ئىشىنىپ، قىلغان خىزمەتلىرىمىزگە يۇقىرى مائاش ـ تەمىنات بەلگىلەپ ماڭلايسۆيەنى تاپشۇرغان ئەمەسمىدى؟!

— سۇسلۇق قىلغان گۇناھ بىزدىن ئۆتۈپتۇ، — دېدى جازا دىۋانىنىڭ ئەمىرى مىرزا قاسىم دوغلات ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۆز ئېلىپ، — ئەمىرۇل ئۆمەرا جانابلىرىنىڭ كەڭچىلىك قىلىشىنى سورايمىز.

— سۇسلۇق قىلىش دەمدىلا تېخى؟ — مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — قىلمىشىڭلارنى پەردازلاشقا ئەجەب ئۇستا ـ ھە سىلەر. بۇنى سۇسلۇق قىلىش ئەمەس، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماسلىق دەيمىز. مەن سىلەرگە كەڭچىلىك قىلسام، ماڭا كىم كەڭچىلىك قىلىدۇ؟ خان ئالىيلىرى يىراقتا، بۇنى بىلمەيدۇ دەيسىلەر ھەقىچان. ئۇيلاپ باقتىڭلارمۇ، جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭ بىزگە قىلغان چەكسىز ئىشەنچىگە يۈز كېلەلىدىڭلارمۇ؟— ئۇ بىر پەس تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بوپتۇ، گۇناھىڭلارنى بوينۇڭلارغا ئېلىشنى خالىمىساڭلار، مەن بوينۇمغا ئالاي. ماڭلايسۆيەنىڭ باش ئەمىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق قول ئاستىمدىكىلەرنى ياخشى باشقۇرالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزۈم جازالىناي، مىرغەزەپ بەگ!

— لەببەي! — دېدى مىرغەزەپ بەگ ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ.

— ماڭا ئەللىك دەررە ئۇرۇش جازاسى ئىجرا قىلسۇنلار!

ئەمىرلەر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈشتى، بىر ـ بىرىگە ھو-

دۇقۇپ قاراشتى. ھەئە، ئۇلار مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆزىنى جازالىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزلىرىنى جازالاش نىيە-تىگە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشقانىدى.

بۇ... بۇ...

مىرغەزەپ بەگ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تەئەججۇپ ئىلكىدە تۇرۇپ قالدى.

باياتىن بېرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن ئەمىرلەرنىڭ چىراي ئىپادىسىنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرى، تۆردىكى ئەمىرلىك كۇرسىدىن چۈشۈپ دەررە يېيىشنى كۈتۈپ تۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلىدى.

— ئەمىرۇل ئۆمەرا جانابلىرىدىن گۇناھىمنى تىلەيمەن. بىزلەركىم ئىستىبداتسىز مۇلازىملارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى سەۋەبىدىن جانابلىرى ئەللىك دەررە بىلەن جازالىنىشنى ئىختى-يار قىلغان بولسىلا، ئۇل چاغدا بىزگە ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق-تۇر. ھېلىمۇ نومۇس خەنجەرلىرى يۈرىكىمىزگە مىڭ مەرتەم سان-جىلىپ بولدى. ھەزرەتلىرىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى چەكسىزدۇر. ۋۇجۇدلىرىدىكى ئەپۇ دەرۋازىسىنى كەڭرى ئېچىپ، ھىممەت ـ شەپقەتلىرىنى ئايىمىغايلا.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ غەزىپى بىردىنلا پەسلەپ قال-دى. ئەگەر باشقا ئەمىرلەر سالا قىلغان بولسا قىلچىلىك يۈز ـ خاتىر قىلمىغان بولاتتى، ئەمما مەرھۇم ئاكىسى سانىز مىرزىنىڭ بۇ ئوغلىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. يەڭگىسى ئايجامال ئاغىچىنى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن ئۆزىگە ئۆگەي ئوغۇل بولۇپ قالغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى يېرماي، رايىغا بېقىپ كەلگەنىدى.

ھەئە، ماڭلايسۆيە لەشكىري دىۋانىنىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى بولۇپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا پەقەتلا سۇسلۇق قىلمايتتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ھەم ئاتا، ھەم ھۆكۈمدار تەرىقىسىدە ھۆرمەت قىلاتتى. بۇگۈنمۇ سالامغا ئەتىگەن-

ـدە كېلىپ بولغانىدى. ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەنسەپدار سانىلىدىغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئارىغا چۈشۈپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى تەڭلىكتە قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئىلىك ئالمىسا بۇ ئۆگەي ئوغلىغا يۈز ـ خاتىر قىلمىغان بولۇپ قالاتتى. ئەمما بۇگۈن مۇ ـ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم باشباشتاق ئەمىرلەرنى قاتتىق چۆچۈتۈپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. چۈنكى، بۇ ئە ـ مىرلەرنىڭ بەزىلىرى مەرھۇم دادىسى سەييىدئەلى ئالپىنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغان كىشىلەر بولۇپ، ئۆزلىرىنى مەرھۇم ئە ـ مىركەبىرنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن ئىمتىيازلىق مۆتىۋەرلەر ـ دىن ھېسابلىشاتتى ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى تۆھپىلىرىنى پەش قىلىپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن ھۆرمەت تەمە قىلىشاتتى. مىرزا ئە ـ مىن قۇلبەگدەك يەنە بىر قىسىم ياش ئەمىرلەر بولسا ئاشۇنداق پېشقەدەم ئەمىرلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. ئۇلار دادىلىرىنىڭ سەلتەنەتكە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى پەش قىلىپ مۇھەممەد ھەي ـ دەر مىرزىدىن ئىززەت تەمە قىلىشاتتى. ئۆزلىرىنى مۇشۇنداق باشباشتاقلىق قىلىشقا، راھەت ـ پاراغەت بىلەن ياشاشقا ھەقلىق دەپ قارىشاتتى. كىچىكىدىن تارتىپ قائىدە ـ يوسۇنلۇق، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك چوڭ بولغان، دوستلۇقنى، ساداقەتنى، مېھىر ـ ۋاپانى قەدىرلەيدىغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تا بۇگۈنگىچە ئۇلارغا يول قويۇپ كەلگەنىدى. بىراق، يېقىندىن بېرى ئاشۇ ئەمىرلەر ئۈس ـ تىدىن كەلگەن ئەرز ـ شىكايەتلەر ئۇنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈر ـ دى. ئۇ ئايغاقچىلىرىنى خۇپىيانە تەكشۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئايغاقچى ـ لىرى ئۇنىڭغا بۇ ئەمىرلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا قىلچىلىك ئا ـ دىللىقىنىڭ يوقلۇقىنى، ھەرقانداق ئىشنى بىجىرىشتە پارا ئال ـ دىغانلىقىنى، خىيانەت قىلىدىغانلىقىنى، يېقىنلىرىنى، سوۋغا تەقدىم قىلغانلارنى ئۆز مەھكىمىلىرىگە خىزمەتكە ئالغانلىقىنى، ئاۋامنىڭ بۇ ھەقتىكى نارازىلىقلىرىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدى ـ غانلىقىنى، ئەڭ قورقۇنچلۇقى ئۆگەي ئوغلى مىرزا ئابابەكرىنىڭ

ئۇلار بىلەن سىرلىق مۇناسىۋەتنى، يېقىنچىلىقى بارلىقىنى يەتكۈزدى. بۇ مەلۇماتلار ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن گۇمانى مەركەزلەشكەن ئەمىرلەرنى ئاستىرتىن كۈزەتتى. بىراق، مىرزا ئابابەكرىنىڭ گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن گۇمانغا تۇشلۇق بىر نەرسە تاپالمىدى. مىرزا ئابابەكرى ئۆز خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن بەجانىدىل ئورۇنلايتتى، چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى، كۆيۈنەتتى، كىبىردىن خالىي ئىدى. ئەمما باشقا ئەمىرلەرنىڭ ئۆز خىزمەتلىرىگە سۇسلۇق قىلىشى، سەلتەنەت قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئېتىبارسىز قارىشى، بەزمە ـ باراۋەتلەرگە بېرىلىپ كېتىشى ئۇنى بەكلا غەزەپلەندۈردى. ھەئە، پارا ئېلىش، خىيانەت قىلىش، يېقىنلىرىغا يان بېسىش ئۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ھالقىلىق پەيتتە مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئارىغا چۈشۈپ ئۇ ئەمىرلەرگە چاپان يېپىشىنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ ئۆزى جازالىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاشۇ ئەمىرلەرنى راسا بىر دەررىگە بېسىپ، بىرقانچىسىنىڭ ۋەزىپىسىنى قالدۇرۇپ، ھېساباتىنى ئېنىقلاپ، يىراق ـ يېقىندىكى ئەمىر ـ بەگلەرنى قاتتىق چۆچۈتۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

ئەسلىدىن باغرى يۇمشاق مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرىگە بىرنەچچە دەقىقە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا نىيىتىدىن ياندى.

«ئۇنىڭ يۈزىنى قىلمىسام باشقا ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا ئابرۇيي ـ ئېتىبارى بولمايدۇ. شول تاپتا ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ يېقىن، ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە كۆيۈندىغان كىم بار؟ بەلكىم مېنىڭ دەررە ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىمدىن ئەنسىرىگەندۇ. ئۆز پۇشتۇم بولمىسىمۇ، ئاغامنىڭ ئوغلى، قېرىندىشىم ئەمەسمۇ؟...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالغىنىدنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆگەي ئوغلىنىڭ ئالدىدا تەڭلىكتە قالغانلى-

قىنى ھېس قىلغان قۇتلۇق پالۋان بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى.
«شول تاپتا ئەمىرۇل ئۆمەرا جانابلىرى راستتىنلا ئىككى تا- يىن بولۇپ قالدى. ئۆگەي ئوغلى بولمىش مىرزا ئابابەكرىنىڭ يۇ- زىنى ئاياۋاتامدىغاندۇ ياكى مۇنۇ دىتسىز مىرزا ئەمىن قۇلبەگنى جازالىسا، مەرھۇم سەركەردە ئالچىنبەگنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەۋاتامدىغاندۇ؟ دېمىسىمۇ مەرھۇم ئالچىنبەگ جەننەتماكان سەييىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرىنىڭلا ئەمەس، ئۇلۇس- بېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرىنىڭمۇ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن، سەلتە- نەتكە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلغان تۆھپىكار ئەمىرلەر- دىن ئىدى، لېكىن، مۇنۇ مىرزا ئەمىن قۇلبەگ ئول جەننەتماكان ئاتىسىنى پەقەتلا دورىمىدى. ئەمىرۇل ئۆمەرا جانابلىرى مىرزا ئا- بابەكرى بىلەن مىرزا ئەمىن قۇلبەگنىڭ يېقىن بۇرادەرلەردىن ئىكەنلىكىنى، بىر ـ بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغانلىقىنى، مىرزا ئەمىن قۇلبەگنىڭ مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمىسە كېرەك. تۇرقىدىن قارىغاندا پەرماندىن يېنىۋالغۇسى باردەك قىلىدۇ، لېكىن يۈزى چىدىمايۋاتىدۇ، باش- قىلارنىڭ، پەرماننىڭ تۇتامى يوق، دەپ مەسخىرە قىلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىدۇ. بوپتۇ، ئۇنى بۇ تەڭلىكتىن مەن قۇتۇلدۇراي. مەن ئارىغا چۈشۈپ سالا قىلسام، باشقىلارمۇ ئۇنى ئۆگەي ئوغلىنىڭ رايىغا باقتى دەپ پىتنە قىلالمايدۇ...»

— ئەمىرۇل ئۆمەرا جانابلىرى مەرھەمەتلىكتۇر، — دېدى قۇتلۇق پالۋان ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ، — شەپقەت قىلغايلا. جازادىن نەسىھەتنى ئەلا بىلگەيلا!

قۇتلۇق پالۋان ماڭلايسۆيە لەشكىرىي دىۋاننىڭ باش ئەمىرى ئىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا مەرھۇم ئاكىسى سانىز مىرزىنىڭ بۇ ساداقەتمەن مەھرىمىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى، شۇڭا ۋۇجۇدىدى- كى غەزەپ تولۇق تارقاپ لاسسىدە بوشاپ كەتتى.

— ناۋادا ھەزرەتلىرى پەيلىلىرىدىن يانمىسىلا، ئۆزلىرىگە بۇيرۇغان جازا دەررىسى كەمىنە نۆكەرلىرىگە ھېساب بولسۇن، —

دېدى مىرزا ئابابەكرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بوشاپ قالغىـ
نىنى ھېس قىلىپ، ــ ھەزرەتلىرىنىڭ ئورنىدا ئەللىك ئەمەس، بەش يۈز دەررە يېيىشكە رازىمەن.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ يۈرىكى شۈررىدە ئېرىپ كەتتى. بېرىپلا مىرزا ئابابەكرىنى قۇچاقلىۋېلىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇـ
تۇۋالدى.

ــ بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ ئوغلۇم، ــ دېدى قاتتىق ھاياجانلانغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنى مېھرى بىلەن «ئوغـ
لۇم» دەپ ئاتاپ، ــ سىلىنىڭ جازالانغۇدەك گۇناھلىرى يوق.

گېپىنىڭ تەسىر قىلغانلىقىنى ھېس قىلغان مىرزا ئابابەكـ
رى يالغاندىن جاھىللىق قىلدى:

ــ سىلىنىڭمۇ گۇناھلىرى يوقتۇر. ھەزرەتلىرىنىڭ دەررىگە بېسىلغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇش بىز ئۈچۈن ئەڭ دەھشەتلىك جازاـ
دۇر. مېھىر ـ شەپقەت قىلىپ پەيلىرىدىن يانغايلا.

ــ بوپتۇ، مىرزا قۇتلۇق پالۋان بىلەن ئابابەكرى مىرزىنىڭ سالاسىنى قوبۇل قىلاي.

ــ ئەمىرۇل ئۈمەرا جانابلىرىنىڭ ھىممىتىگە تەسەننا! ــ دېيىشتى ئەمىرلەر دەرھال بېشىنى ئېگىشىپ.

تۆردىكى ئەمىرلىك كۇرسىغا بېرىپ ئولتۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆز باشلىدى:

ــ ھەددىدىن زىيادە غەزەپلىنىشنىڭ ۋەھىمە تۇغدۇرىدىغانـ
لىقى بىزگە ئايان. ۋەھىمىدىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە غەـ
زەپكە ئورۇن بەرمەسلىك كېرەك. مەنمۇ غەزەپلىنىشكە خۇشتار ئەمەس، ئەسلىدە ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىدىمۇ ئاچچىق دەرـ
رىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قوياي دېگەنىدىم. لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئۇل ئىككى ئەمىرىنىڭ يۈزى چوڭ كەلدى. ئەمما بۇ ئىشنى بۇـ
نىڭلىق بىلەن بولدى قىلسام بولماس، ــ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەددىنى رۇسلىدى، ــ ئەرز دىۋانىنىڭ ئەمىرى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ، جازا دىۋانىنىڭ ئەمىرى مىرزا قاسىم دوغلات، باج ـ

سىلىق دىۋانىنىڭ ئەمىرى مىرزا ھۈسەيىنبەگ!

ئىسمى ئاتالغان ئۈچ ئەمىر «لەببەي» دېگىنىچە بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ قول باغلىدى.

— ئۈچۈڭلار ئۈستىدە ئاۋامنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرى بىر ـ قەدەر كۆپ. بول ئەرز ـ شىكايەتلەرنى تەھقىقلەپ بولغۇچە مەنسەپلىرىڭلاردىن پارىغ بولۇپ، ئۆزۈڭلارنى چەتكە ئېلىڭلار.

— ھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي. بىزگە بىراۋلار تۆھمەت قىلغان ئوخشايدۇ. ئۆزلىرى ئىگە بولغايلا، — دېيىشتى ئۈچ ئەمىر تەڭلا.

— مەنمۇ تۆھمەت بولۇشىنى ئارزۇ قىلمەن، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تەمكىنلىك بىلەن، — قورساق ئاغرىقىنىڭ بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما دەپتىكەن. ئىشەنچىڭلار بولسا خاتىرجەم بولۇپ تەھقىقلەشكە ماسلىشىڭلار. سەمىڭلاردا بولسۇنكى، بىرمۇ ئادەمنىڭ ئۇۋالچىلىق تارتىپ قېلىشىغا يول قويمايمەن، بۈيۈك سەلتەنەتىمىزنىڭ قانۇنى ھەر كىمنى قىلمىشىغا يارىشا ياساققا تارتىدۇ.

ئەمىرلەر لام ـ جىم دېيەلمىدى. ھەئە، مىرزا ئابابەكرىمۇ ئەمدى يەنە سالا قىلىشقا پېتىنالمىدى.

— ئىش ـ كۈش بولسا دەڭلار، بولمىسا قايتىڭلار، قوبۇل تامام! — دېدى ساراي بېگى.

— ئەمىرۇل ئۆمەرا جانابلىرى ئامان بولغايلا!

ئەمىرلەر سالام بېرىشىپ سارايدىن چىقىپ كېتىشتى.

※ ※ ※

بۈگۈن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆزىگە ئۆگەي ئوغلى مىرزا ئابابەكرى باشقىچە ئىسسىق كۆرۈندى. گەرچە بۈگۈن ئەمىرلەرنى جازالاپ، چۈچۈتۈش مەقسىتىگە تولۇق يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلى خېلىلا ئازادىلىشىپ قالغانىدى.

ــ ئەمىر لەشكەر مىرزا قۇتلۇق پالۋان كەلدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قول باغلاپ تۇرغان ساراي بېگىگە قارىدى:

ــ ئىجازەت!

ئەمىرنىڭ چاقىرتقىنىنى ئاڭلاپ دەككە ـ دۈككە ئىلكىدە سارايغا قايتىپ كىرگەن قۇتلۇق پالۋان ئېگىلىپ قول باغلىدى:

ــ ئەمىرۇل ئۇمەرا جانابلىرىنىڭ قانداق پەرمانى باركىن؟

ــ بايا سوراشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ھەرقايسى ۋىلايەت ـ تۇمەنلەر يېڭىدىن ئالغان لەشكەرلەرنىڭ رويخېتىنى ئەۋەتتىمۇ؟

ــ خوتەندىن باشقا ۋىلايەتلەرنىڭ رويخېتى كەلدى. پەممىچە، يېڭى لەشكەرلەرنىڭ سانى ئىككى تۇمەندىن ئاشىدىغان ئوخشايدۇ.

ــ سىلى ئەتىلا يولغا چىقسىلا. يېڭى ئېلىنغان لەشكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چەبدەس، ماھارەتلىك، يارامىلىق لەشكەرلەرنى تاللاپ قەشقەرگە يولغا سالسىلا. خان ئالىيلىرى يارلىق ئەۋەتىپ بۇ ئىشنىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلىۋاتىدۇ. قەشقەردە يېڭىدىن بىر تۇمەن خان لەشكىرى جەمئىي قىلىنىشىمىز كېرەك. لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئىشلىرىغا سىلى قايتىپ كەلگۈچە ئابابەكرى مىرزا قارانچۇق بولۇپ تۇرغاي.

ــ پەرمانبەردارمەن! ــ دېدى قۇتلۇق پالۋان.

ــ ئىجازەت، يانسۇنلار.

قۇتلۇق پالۋان سارايدىن ئاستا چىقىپ كەتتى.

شۇ دەقىقىدە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بايىقى ھاياجىنى بېسىلمىغاندەك قىلاتتى.

«ئابابەكرى مىرزا بايا ئارىغا چۈشۈپ توغرا قىلدى. ئۆزۈمنى جازالىغانىنى ئاز دەپ، باشقىلارنىمۇ جازالاتقان، دەررىگە باسقان بولاتتىم. دىل ئازارى خۇدا بىزارى دەپتىكەن، دەررە ھېچكىمگە ياقمايدۇ. ئەمىر لەشكەر قۇتلۇق پالۋانمۇ دەل ۋاقتىدا ئابابەكرى مىرزىنى قوللىدى. دەرگاھىمدا مۇشۇنداق ساداقەتمەن ئەمىرلەر كۆپرەك بولغان بولسىدى، خان ئالىيلىرىنىڭ ھەرقانداق يارلىق ـ

لىرىنى بەجا كەلتۈرۈشتىن غەم يېمىگەن بولاتتىم، ــ دەپ ئويـ-
لىدى سارايدا يالغۇز قالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، ــ شۇنداق،
ئۇلار ئارىغا چۈشمىگەن بولسا، مىرغەزەپنى جازانى ئىجرا قىلىشقا
مەجبۇرلىغان بولاتتىم. ئۇ ماڭا يۈز ـ خاتىر قىلىپ دەررىنى
ئاۋايلاپ ئۇرغۇزسا، ئول ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى جازالاتقۇز-
غىنىمنىڭ ئەھمىيىتى بولمايتتى، قاتتىق ئۇرغۇزسا، ئېنىقكى،
ئەللىك دەررىنى كۆتۈرەلمەيتتىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئايجامال
ئاغىچا ئابابەكرى مىرزىنى ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىگە تەۋسىيە قىـ-
لىپ بېشىمنى ئاغرىتسا ئانچە ئېتىبار قىلمىغانىكەنمەن. ئەسلىـ-
دىمۇ ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا ياركەنتكە ئەمىر بولغۇسى بار ئىدى.
ئەينى چاغدا مەرھۇم سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئالىيلىرى يارلىق
چۈشۈرۈپ بەرمىدى. كېيىن سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا بۇ
ئىشنى دېيىشنى بىئەپ كۆردۈم. پەرزەنتلىرىنى مەنسەپكە تەيىنـ-
لەشكە ئالدىراپ قالدى دەپ قالمىسۇن دېدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن
خان ئالىيلىرىمۇ ئوردىدا تۇرالمىدى. مەن ماڭلايسۆيەگە باش ئەـ-
مىر بولغان بۇ بىرنەچچە يىلدا ئۇنى ئۆز ئالدىمغا ياركەنتنىڭ ئەـ-
مىرلىكىگە تەيىنلەي دېسەم مەرتىۋىسى ماس كەلمەيتتى. سەلتەنەت
يۇسۇنى بويىچە ھەر كىم قىلغان خىزمىتى، كۆرسەتكەن تۆھپىـ-
سىگە ئاساسەن پەيدىنپەي يۇقىرى مەنسەپكە كۆتۈرۈلۈشى كېرەك،
بىراقلا مەنسىپىنى كۆتۈرۈش پەقەت خان ئالىيلىرىنىڭلا قولىدىن
كېلىدۇ. مانا ئەمدى ئابابەكرى مىرزا ھازىرقى مەرتىۋىسى بىلەن
ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنسە تامامەن بولىدۇ. شۇنداق،
خان ئالىيلىرى مېنىڭ ئالدىدا ماڭلايسۆيە تەۋەسىدىكى بارلىق
ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ مەنسىپىنى ئۆستۈرۈش، تۆۋەنلىتىش
ئىمتىيازىنى ماڭا بېرىۋەتكەن. ئابابەكرى مىرزىنى ئۆز ئالدىمغا
ئۆستۈرسەم تامامەن بولىدۇ. لېكىن ھازىر ئۇ ئۆگەي بولسىمۇ
مېنىڭ ئوغلۇم. ئۇنى ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىسەم، ھېـ-
لىقى بىر قىسىم ئەمىرلەر: «بىزنى يېقىنلىرىنى مەنسەپكە تەۋسىـ-
يە قىلدى، مۇھىم ئىشلارغا قويدى دەپ ئەيىبلىگىنى بىلەن، ئۇ-

گەي ئوغلىغا ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىنى بەردى، دەپ قايىل بول-
ماسلىقى، پىتنە قىلىشى مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى يەنىلا
خان ئالىيلىرىغا تەۋسىيە قىلاي. ئۇ بۇ مەنسەپكە خان يارلىقى بى-
لەن تەيىنلەنسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇل چاغدا باشقىلارمۇ
پىتنە قىلالمايدۇ...»

بىر قارارغا كەلگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇلتان يۇنۇس-
خانغا مەكتۇپ يېزىشقا كىرىشتى.

※ ※ ※

تۇن كېچە.

غۇۋا شام يورۇقىدا يالغۇز ئولتۇرغان مىرزا ئابابەكرى تەگ-
سىز خىياللارغا ئەسىر بولغانىدى.

«... دەسلىپىدە تاغام ئىدى، كېيىن ۋالىدەمنى نىكاھىغا ئې-
لىپ ئۆگەي ئاتام بولدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق يا تاغىلىق، يا ئاتىلىق
شەپقىتىنى كۆرسەتمىدى. ئەينى يىلى ئاقسۇدىن قېچىپ كەلگە-
نىمدە ياركەنتكە بېرىش مۇددىئايىمنى بىلدۈرسەم، سۇلتان
دوستمۇھەممەدخان ئالىيلىرىغا مەلۇمات يوللىدىم، يارلىق چۈش-
مەيۋاتىدۇ، دېدى. كېيىن سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ۋاپات بول-
دى. سۇلتان يۇنۇسخاننى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ تەختتە ئول-
تۇرغۇزدى. دېمەك، سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇ-
نىڭدەك ئابرۇيلۇق ئادەم يوق. خان ئالىيلىرى ئۇنىڭ ھەرقانداق
تەلىپىنى يىرمايدۇ. خان ئالىيلىرى مەرھۇم ئاتام بىلەنمۇ يېقىن
ئۆتۈپتىكەن. مېنىڭ ياركەنتكە بېرىش ئارزۇيۇمنى ئېيتقان بولسا
ھەرگىز ياق دېمەيتتى، لېكىن دېمىدى. قارىماققا مەندىن ئاتى-
لىق، قېرىنداشلىق مېھرىنى ئايىغاندەك قىلمايدۇ ـ يۇ، لېكىن
ئارزۇيۇمنى قاندۇرۇشقا كۆڭۈلسىمەيدۇ. ئانامغا خان ئالىيلىرى
سەلتەنەتنى قولىغا ئالغاندىن بېرى ئوردىدا تۇزۇك تۇرالمىدى،
شۇڭا دېيىشكە پۇرسەت بولمىدى، دەپ سەۋەب كۆرسەتكەنمۇ بول-

سۇن، لېكىن ھازىر ماڭلايسۆيەنىڭ باش ئەمىرىغۇ، ماڭلايسۆيە تە-
ۋەسىدىكى ھەرقانداق ۋىلايەت، ئايماقنىڭ ئەمىرلىرىنى مەنسىپى-
دىن قالدۇرۇش، يېڭىدىن مەنسەپكە تەيىنلەش ئىمتىيازى بارغۇ؟
خان ئالىيلىرى ئۇنىڭغا بۇ كاتتا ئىمتىياز ـ ھوقۇقنى بەرگەن
ئىدىغۇ؟ مانا، لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى بولۇپ
تۇرغىنىمغىمۇ ئۈچ يىلدىن ئاشتى. ئەمىر لەشكەر قۇتلۇق پالۋان
ئىززىتىمنى قىلغىنى بىلەن، مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى
بىر قوللۇق بېجىرىدۇ. ماڭا قالغىنى ناھايىتى شۇ يېڭىدىن لەش-
كەر ئېلىش، مەشقلەندۈرۈش، قولۇمدا تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىر-
لەرچىلىكمۇ ھوقۇق يوق. مىرزا ئەمىن قۇلبەگلەر مېنى كۆنلەر-
نىڭ بىرىدە ئۆگەي ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ،
دەپ خۇشامەت قىلىشىدۇ، بۇيرۇقۇمغا بويسۇنىدۇ، گېپىمنى يىر-
مايدۇ. ئۇنىڭ ماڭا ياركەنتنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى بەرگۈسى
يوقمۇ ـ يا؟ ۋالىدەممۇ بۇ ئارزۇيۇمنى ئۇنىڭغا بىلدۈرگىلى خېلى
ۋاقىت بولدى. لېكىن نېمىشقا جىم تۇرۇۋالىدۇ، مەن ياركەنتكە
ئەمىر بولسام ئۇنىڭ مەرتىۋىسىگە تەسىر يەتمەيتتىغۇ؟ ئەسلىدىمۇ
ياركەنت مېنىڭ ئاتا مىراس زېمىنىم، يالغۇز ياركەنتلا ئەمەس،
پۈتكۈل ماڭلايسۆيە بىزنىڭ ئاتا مىراس زېمىنىمىزدۇر. بول تە-
سەررۇپقا ئوڭچە پاسىبانلىق قىلسامۇ ھېچكىم پالان ـ پوكۇن
دېيەلمەيدۇ...»

مىرزا ئابابەكرى كاللىسىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ خىي-
يالدىن خۇدۇكسىرەپ ئەتراپقا قارىدى. ھەشەمەتلىك بېزەلگەن بۇ
كاتتا سارايدا ئۆزىنىڭ يالغۇز ئولتۇرغىنىنى ھېس قىلىپ بىرئاز
خاتىرجەم بولدى.

«نېمانچە چۆچۈيمەن ـ ھە؟! ھېچكىم ئانىسىدىن تۇغۇلۇپلا
خان ـ سۇلتان بولغان ئەمەسقۇ؟ خان ـ سۇلتانلارنىڭ ئەۋلادىلا
ھۆكۈمدار ـ پاسىبان بولسۇن دەيدىغان تۈزۈك يوققۇ؟ بۈيۈك جا-
ھانگىر ئەمىر تۆمۈر ساھىبقىرانى ھەزرەتلىرىمۇ كىچىككىنە بىر
يۇرت ئاقساقىلىنىڭ ئوغلى ئىكەنمىشقۇ، كېيىن ماۋەرائۇننەھر،

خۇراسان، پەرغانە ۋادىسىدەك كەڭرى زېمىنىنىڭ ھۆكۈمدارى بو-
لۇپتۇ. ئاخىرقى ھېسابتا ھېچكىم ئۇنىڭغا غىڭ قىلالماي، سەلتە-
نەتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭ نەۋرىسى
بولمىش مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى قەشقەرنى بىر مەزگىل تە-
سەررۇپىغا ئېلىۋالغانىكەن تېخى. بەلكىم خان ـ سۇلتان بولۇش
مېنىڭمۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەندۇر. نېمىشقا ئۇل كاتتا مەرتىۋىگە
يېتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەندىمەن؟ ئەمدى ئۆگەي
ئاتامنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇۋەرمەي. سۇلتان يۇنۇسخان ئالىي-
لىرى يىراقتا، ماڭلايسۆيە دىۋانىدىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ
كۆپىنچىسى ئۆگەي ئاتامنى ئەمەس، مېنى ھىمايە قىلىدۇ. بۈگۈن-
كى ئىشلاردىن قارىغاندا، ھېلىقى ئەمىرلەر بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋىتىمنى سىزىۋالغان ئوخشايدۇ. ئاشۇ ئۈچ ئەمىرنى مەنسەپتىن
قالدۇردى دېگەنلىك ـــ ئۇلارنىڭ قانات ـ قۇيرۇقىنى قىرقىۋەتتى
دېگەنلىك. ھېلىمۇ ياخشى، بۈگۈن ئۇنىڭمۇ، ھېلىقى ئەمىرلەر-
نىڭمۇ ئىشەنچىگە قايتا ئېرىشىۋالدىم. ئۇمۇ، باشقا ئەمىرلەرمۇ
دەرىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەندىن مىننەتدار. ئەمىر
لەشكەر قۇتلۇق باھادىرنى ھەرقايسى ۋىلايەتلەر ئالغان يېڭى لەش-
كەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ مەن ئۈچۈن تېپىل-
غۇسىز ياخشى پۇرسەت. ئاۋۋال ياركەنتنى قولۇمغا كىرگۈزۈشكە
ھەرىكەت قىلاي، قالدى ئىشلارنى ئاندىن بىر تەرەپ قىلارمەن. ئە-
جەب بۇ ئەمىرلەر كېچىكىپ كەتتىغۇ ياكى ئەتىگەن سارايدا ئۇل
ئۆگەي ئاتامنىڭ قىلغان گەپلىرىدىن چۆچۈپ قالدىمۇ ـ يا؟
ئۇنداق بولسا خۇپىيانە كۆرۈشۈش تەكلىپىمگە ماقۇللۇق بىلدۈر-
مەس بولغىيتتى. ھە، بەلكىم ئېھتىيات قىلغاندۇر، مەنمۇ بۇندىن
كېيىن تېخىمۇ ئېھتىيات قىلاي. ئۇنى بوش چاغلىمىسام بولغۇ-
دەك. مىرزا ئەمىن قۇلبەگلەرنىڭ ئىشىنى بىلمىگەن بولسا مەن-
سىپىدىن قالدۇرۇپ يۈرمەستى...»

مىرزا ئابابەكرى خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ تاقەتسىزلىك
بىلەن ئىشىككە قارىدى.

ھەئە، ئۇ دەسلەپتە لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئورۇنباسارلىق مەرتىۋىسىگە قانائەت قىلغانىدى، كېيىن چوڭراق بىر ئىش تەۋرىتىش ئۈچۈن چوقۇم مۇقىم بىر ۋىلايەتنى تۇتۇپ تۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەلۋەتتە، قەشقەردە ئىش تەۋرىتەلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قەشقەردە قوللىغۇچىلىرى كۆپ ئىدى. مىرزا ئابابەكرى ئاخىرى ياركەنتنى تاللىدى، چۈنكى، ياركەنتتە دادىسى سانىز مىرزا تەربىيەلىگەن، ئۆستۈرگەن ئەمىر ـ سەركەردىلەر، يۇرت بەگلىرى بار ئىدى. ئۇلار ھېلىھەم ئۇنىڭغا ساداقەت بىلدۈرۈپ تۇرۇشاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

مىرزا ئابابەكرى ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان شېرىن خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن مىرزا ئەمىن قۇلبەگ، مىرزا قاسىم دوغلات، مىرزا ھۇسەيىنبەگ، مىرزا سەدىردىن قۇشچى قاتارلىق ئەمىرلەرنى خۇش چىراي كۈتۈۋالدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قېنى تۆرگە ئۆتۈشسىلە ئەزىزلەر.

— ئەمىرزادەمنى ساقلىتىپ قويدۇق، — دېيىشتى ئەمىرلەر پاتىھە قىلىپ بولغاندىن كېيىن.

— بۈگۈن سارايدىكى ۋەقە بىزنى ئېھتىياتچان قىلىپ قويدى، — دېدى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ.

— جانابى ئۆگەي ئاتام خېلى سەگەكلىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ، — دېدى مىرزا ئابابەكرى مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا، — بۇندىن كېيىن قاتتىق ئېھتىيات قىلايلى.

— مەنسەپتىنمۇ ئايرىلدۇق، تارتىشقۇدەك يېرىمىز قالمىدى، — دېدى مىرزا قاسىم دوغلات ئاچچىق كۈلۈپ، — ئەمىرزادەم پەرمان بەرسە بىز تەييار.

— مەنسەپلىرىگە تېخىچە تارتىشۋاتامدىلا جانابى ئەمىر؟ — دېدى مىرزا سەدىردىن قۇشچى مىرزا قاسىم دوغلاتنىڭ يىغىرىغا تېگىپ.

— ئول ئېتىبارسىز مەنسەپنىڭ تارتىشقۇدەك يېرى قالمىغان، — دېدى مىرزا ھۇسەيىنبەگ، — مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرىغا خان

ئالىيلىرى بىلەن ئاۋام ـ رەئىيەت بولسىلا بولدى، ئالدىدا بىزدەك ئەرزىمەس ئەمىرلەرنىڭ قىلچىلىك ئىززىتى يوقتۇر.

— بولدى، بۇنداق ئاغرىنىشلارنى قويسۇنلار، — دېدى مىرزا ئابابەكرى ھەمراھلىرىنى جىملەپ، — سىلەرنىڭ مەنسەپ ـ مەرتىۋىدىن قالدۇرۇلغىنىڭلار، مېنىڭمۇ مەنسەپ ـ مەرتىۋەمدىن قالغىنىم بىلەن ئوخشاش. سىلەرسىز ئول دەرگاھتا نېمە بار ماڭا؟! خوش، ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟

ئەمىرلەر بىرپەس جىمىپ قېلىشتى.

— ئۆتكەندە ياركەنتنى پەم بىلەن قولغا ئالغىلى بولىدىغان ئەپلىك بىر تەدبىر ئويلاپ قويدۇم دېگەنىدىلە، — دېدى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ، — شول تەدبىرنى ئاڭلاپ باقايلى.

مىرزا ئابابەكرى جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماي، قەستەن كالتە يۆتىلىپ قويدى. ئادەتتە ئۇ ئىچ سىرىنى بىركىمگە ئالدىراپ بىلدۈرمەيتتى. شۇ تاپتا ئالدىدىكى بۇ ھەمشېرىكلىرىگە تامامەن ئىشەنسىمۇ، نېمىشقىدۇر نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن بۇ تەدبىرنى ئالدىراپ ئاغزىدىن چىقارغۇسى كەلمەي مۇجمەللا جاۋاب بەردى:

— ئۇنى تەدبىر دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، يەنىلا جانابى ماڭلايسۈيە ئەمىرنىڭ پەرمانىغا تايىنىپ ياركەنتنى قولىمىزغا ئالىمىز.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاغزىدىن پۇختا بىر تەدبىرنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئەمىرلەر لاسسىدە بولۇپ قالدى، كۆڭلىدىكى ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇلىرى چىرايىغا تېپىپ چىقتى.

— ئەمىرۇل ئۇمەرا جانابلىرى ئۇنداق پەرماننى بەرمەسمىكىن.

— ئول پەرمانغا ئۈمىد باغلىمىغان تۈزۈك، شۇنچە يىلدىن بېرى چۈشمىگەن پەرمان ئۇ.

— بۇ خۇددى سۆگەتتىن ئامۇت تەلەپ قىلغاندەك ئىش بولماسمۇ ئەمىرزادەم؟!

مىرزا ئابابەكرى ھىيلىگەرلىك بىلەن خىرىلداپ كۈلدى:

ــ ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىسىلەر. سىلەرنى ئالدىراش چاقىرتىشىمدىكى مەقسەت شۇلكى، ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ ھازىرلىقلىرىنى پۇختىلايلى. جانابى ئۈچ ئەمىر مەنسەپلىرىدىن قالغانلىرى بىلەن ئىلكىلىرىدە نەچچە يۈزدىن خاس نۆكەر بار. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يارامىلىق، ئىشەنچلىكلىرىنى دىلخاھلاپ تەق بولۇپ تۇرۇشقايلا. مىرزا سەدىردىن قۇشچى لەشكەرگاھتىن سەر خىل ئۈچ مىڭ لەشكەر دىلخاھلىسۇن.

ــ ئاران ئۈچ مىڭ لەشكەر دىلخاھلايمىزمۇ؟ ــ سورىدى سەدىردىن قۇشچى، ــ ئەمىر لەشكەر قۇتلۇق پالۋان ئەتە سەپەرگە جۆنىسە، لەشكىرىي دىۋاندا سىلىنىڭ پەرمانلىرىنى يىرغۇدەك ئا- دەم قالمايدۇ. شۇڭا كۆپرەك....

ــ ئېغىز غېرىچلىمىسۇنلار، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى قا- پىقىنى تۈرۈپ، ــ لەشكەرگاھتا ئۈچ مىڭ يېگى لەشكەر بار، بىز شەھەردىن ئاشۇ ساندا لەشكەر ئېلىپ چىقالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تېخى جانابى ماڭلايسۆيە ئەمىردىن يېگى لەشكەرلەرنى مەشىقلەن- دۈرۈش ئىجازەتنامىسى ئېلىشىمىز كېرەك. تادانلىق قىلدۇق دەپ چاندۇرۇپ قويساق چوڭ ئىشقا دەخلى يېتىدۇ. مۇددىئايىم ئېنىق بولغاندۇ؟

ــ ئېنىق بولدى، ــ دېدى مىرزا سەدىردىن قۇشچى.

ــ ۋاقتى كەلگەندە ئالدىراقسانلىق قىلىپ ئۇل يارىماس يې- ڭى لەشكەرلەرنى ئېلىپ چىقمىسىلا يەنە. ئۈچ مىڭ لەشكەرنى خان لەشكەرلىرى ئارىسىدىن دىلخاھلىسىلا. ئىشلارنى چاندۇرماي پۇخ- تا قىلغايلا.

تېگىرقاپ تۇرغان ئەمىرلەرنىڭ چىرايىغا پاللىدە كۈلكە يۈ- گۈردى. ئۇلار مىرزا ئابابەكرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەنىدى.

ــ ھە، ئاتنى ئايلىخانغا، يولنى سارىخانغا قىلىدىكەنمىز - دە، ــ دېدى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ.

ــ ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن ياركەنت شەھىرىنى ئالماق تەسكە توختارمىكىن؟ ــ دېدى مىرزا قاسىم دوغلات.

ــ شۇڭا سىلىنى ھەر دائىم كاللا ئىشلەتسىلە دەيمەن ئە-
مەسمۇ جانابى ئەمىر، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى تەكەببۇرلۇق بىلە-
لەن سۆزلەپ، ــ كىم سىلىگە ياركەنت شەھىرىگە لەشكەر تارتىد-
مىز دەپتۇ. مەيلى نەدە بولايلى، قولىمىزدا ئاز ـ تولا لەشكەر بول-
مىسا بولمايدۇ. ھەممىلىرى ئاغزىلىرىغا ھېزى بولۇشىسلا. بۇ
ئىشنى ئاغىچىلىرىدىنمۇ سىر تۇتۇشقايلا. ناۋادا ئاغزىلىرىدىن
بالاغا قېلىشسىلا، مەن ھەرگىز ئىگە بولالمايمەن. بۇگۇن سارايدا
ئارىغا چۇشكىنىم بىلەن ئەتە چۇشەلمەسلىكىم، ھەتتا ھەر بىرلە-
رىدىن تېنىپ، ئول جانابى ئۆگەي ئاتامنىڭ ھەرقانداق ھۆكۇمىنى
ئۆز قولۇم بىلەن ئىجرا قىلىشىم مۇمكىن.

ــ خاتىرجەم بولسىلا، پەرمانلىرىنى جان ـ دىلىمىز بىلەن
ئورۇنلايمىز، ــ دېدى مىرزا سەدىردىن قۇشچى.

ــ ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى
سۆھبەت تامام، دېگەننى قىلىپ، ــ يولدا ئېھتىيات قىلىپ يې-
نىشقايلا، كوچا ـ كويلاردا ئەمىرۇل ئۆمەرانىڭ پايلاقچى ـ خۇپىد-
يەلىرى بار.

ئەمىرلەر مىرزا ئابابەكرى بىلەن خوشلىشىپ بىر ـ بىرلەپ
چىقىپ كېتىشتى.

يالغۇز قالغان مىرزا ئابابەكرى ياركەنتنى پەم بىلەن ئېلىش
ھەققىدىكى تەدبىرى ئۇستىدە قايتا باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى.



ــ ئاق قەغەزگە بەگ ئاتىلىرىنىڭ مۆھۇرىنى باستۇرۇش نې-
مىگە شۇنچە زۆرۈر بولۇپ قالدى ئەمىرزادەم؟ ــ ئەجەبلەنگەن
ھالدا سورىدى ئايجامال ئاغىچا.

ــ سەۋەبىنى سورىمىسىلا، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى ئاندىسىنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلىپ، ــ مۆھۈرنى باستۇرۇپ بېرىشنى بىلسىلە بولدى.

ئايجامال ئاغىچا مەخسۇس يارلىق، پەرمان، ئالاقە يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان، چۆرىسىگە چىرايلىق نەقىش چىقىرىلغان سۆت رەڭ قەغەزنى قولىغا ئېلىپ يەنە سورۇپ قويدى. ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ئوغلىنىڭ چىرايىدىن يېلىنىش ئەمەس، قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

ھەئە، كىچىك ئوغلى ئۆمەر مىرزىنىڭ ئەكسىچە، چوڭ ئوغلى مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ قەسىرىگە كەمدىنكەم كېلەتتى. ئۇنى سېغىنىپ، بىرەر ۋاق تاماقنى بىللە يېيىشنى كۆڭلى تارتىپ قالغاندا زور ئۈمىد بىلەن چاپارمەن ئەۋەتەتتى. ئەمما مىرزا ئابابەكرى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يوقىلاڭ باھانىلەرنى كۆرسىتىپ كەلگىلى ئۇنىمايتتى، كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇزۇن ئولتۇرمايتتى. ئانىسىدىن رەسمىيەت يۈزىسىدىن ئەھۋال سوراپ قويۇپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ بۇ ئادىتىگە كۆنۈپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئوغلىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلايتتى.

«ئۆز ۋاقتىدا ئالدىراقسانلىق قىلىپ سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئالىيلىرىغا تەگمىسەم بوپتىكەن. ئۇنىڭغا تېگىپ نېمە خوۋلۇق كۆردۈم؟ ھېچبولمىغاندا خانىشلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشەلىگەن بولسام كاشكى. مەرھۇم مۇرەببىيم سانىز مىرزىدىن مىراس قالغان نۇرغۇن خەزىنىدىن ئايرىلغىنىمنى ئاز دەپ، ياركەنت شەھىرىدىنمۇ ئايرىلدىم. ئاشۇ ۋاقىتتا كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرمىگەن بولسام چوڭ ئوغلۇم مىرزا ئابابەكرى ئاللىقاچان ياركەنتنىڭ ئەمىرى بولۇپ قالاتتىكەن. ئۇ شۇنىڭغا باتنايدۇ، دادامدىن قالغان زېمىننى قولدىن بېرىپ قويدۇڭ دەپ رەنجىيدۇ...» دەپ ئۆزىنى ـ ئۆزى ئەيىبلەيتتى ئايجامال ئاغىچا.

ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەندىن كېيىن مىرزا ئابابەكرىگە ياركەنتنىڭ ئەمىرلىك مەنسىپىنى ئېلىپ بې-

رىش ئۇچۇن ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى؛ ئارقىمۇ - ئارقا ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنلىكى ئۇچۇن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن، ھەرقانداق تەلەپلىرىنى ئو - رۇنلاتقۇزۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە نېمە ئۈچۈندۇر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا «ماقۇل» دەپ قويۇپ جاۋابىنى بەرمىگەنىدى. ئۇ مىرزا ئابابەكرىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ھەر - قانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايتتى.

بۈگۈن ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز ئىزدەپ كېلىشى ئۇنى تەسۋىر - لىگۈسىز خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، ئوغلى - نىڭ كۆرۈشە ـ كۆرۈشمەيلا ئاق قەغەزگە ئۆگەي ئاتىسىنىڭ مۆ - ھۈرىنى باستۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى بىردەملىك خۇشاللى - قىنى تۇزغاقتەك تۇزۇتۇۋەتتى.

«ئۇ مېنى سېغىنىپ، كۆرگۈسى كېلىپ يوقلاپ كەلمەپتۇ. ئۇنىڭغا كېرىكى ھەزرىتىمنىڭ مۆھۈرى ئىكەن. ماڭلايسۆيە ئەمى - رىنىڭ مۆھۈرى كىچىك بالىنىڭ ئويۇنچۇقى ئەمەس، ھوقۇقىنىڭ، كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ نىشانىسى. ئويلاشمايلا مۆھۈرنى باستۇرۇپ بەرگىنىم بىلەن ئالىمادىس بىرەر ئىش تېرىپ قويسا ھۆددىسىدىن چىقماق تەس. ياخشى ئىش بولسا نېمىشقا ئۆزى بېرىپ دېمەيدۇ؟ ھەزرىتىمۇ ئۇنى ئوغلىدەك كۆرىدۇ، ئەتىۋارلايدىغۇ؟ تېخى قايسى كۈنى تەرىپىنى قىلىپ ھالى قالمىدى...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن بولغان ئىككىنچى ئوغلىنى تۇغقاندىن كېيىن سەمرىشكە باشلىغان ئايجامال ئاغىچا ئالدىدا جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان ئوغلىغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قوش ـ قوش ئالتۇن ئۈزۈك سېلىنغان سېمىز بارماقلىرىنى توختىماي ئىشقىلايتتى.

ـــ قايسى كۈنى ئاتىلىرى سىلىدىن بەكلا رازى بولۇپتۇ. خان ئالىيلىرىغا مەلۇمات يوللاپتۇ. ئەمىرزادەمنى ياركەنتنىڭ ئەمىر - لىكىگە مېنىڭ تەيىنلىگىنىمدىن، بىۋاستە خان يارلىقى بىلەن تەيىنلەنگىنى ياخشى، ئول چاغدا باشقا ئەمىرلەر كەينىمدىن غەي -

ۋەت قىلالمايدۇ، دەيدۇ.

مىرزا ئابابەكرى بۇنداق سۆزلەرنى ئانىسىدىن كۆپ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ھازىر بۇ ۋەدىلەرنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچىلىك ئالاقىسى يوقتەك ئىرەن قىلىپ كەتمىدى.

— بىلىشىمچە، ئەينى ۋاقىتتا مەرھۇم سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئالىيلىرىمۇ سىلىگە مۇشۇنداق ۋەدە بەرگەنغۇ دەيمەن؟

ئايجامال ئاغىچىنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى. ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ يۈزىدىن ـ يۈزىگە سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشىنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى. ئوغلى بىلىپ تۇرۇپ يۈرىكىدىكى جاراھەتنى رەھىمسىزلىك بىلەن تاتىلاۋاتاتتى. تېخى بۇ سۆزلىرىدە كۆچلۈك تەنە، مەسخىرە بار ئىدى. تىكەننىڭ ئۇستىگە ئولتۇرغاندەك تۈيغۇغا كېلىپ قالغان ئايجامال ئاغىچا ھەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ لام ـ جىم دېمىدى.

— جانابى ماڭلايسۆيە ئەمىرنىڭ مۇھۇرىنى باستۇرۇپ بېرىش سىلى ئۈچۈن تەس ئەمەس، — دېدى مىرزا ئابابەكرى ئانىسىنىڭ چىرايىغا پەرۋاسىز قاراپ، — بۇ ئىش قوللىرىدىن تامامەن كېلىدۇ.

ئايجامال ئاغىچا ئوغلىغا لاپپىدە بىر قارىۋېتىپ يەنە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن سوراپ قالسا نېمە دەيمەن؟ ئىشەنچلىك بىر سەۋەب كۆرسىتىش كېرەكتۇ ھەقىچان.

— سەۋەب كۆرسىتىمەن دەپ قىينىلىپ كېتىشلىرىنىڭ ھاجىتى يوق، مۇھۇرنى تۈيدۇرماي بېسىۋالسىلا بولىدى.

— خۇپىيانە ئىش قىل دېمەكچىمۇ؟

— بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىگە سورايدىلا. خۇپىيانە ئىش قىلىش لازىم بولمىسا ئۆزۈم ئالدىغا باراتتىم، لېكىن بۇ خۇپىيانە ئىشنى پەقەت سىلى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىلا.

ئايجامال ئاغىچىنىڭ كۆز ئالدىغا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قاشتېشى مۇھۇرى سېلىنغان، نەقىشلىك چىرايلىق كۆنقاپ

كەلدى. مىرزا بۇ قاپنى پەقەتلا يېنىدىن ئايرىمايتتى، ئايجامال ئا-
غىچىنىڭ ھەرىمىگە قونۇپ قالغىلى كەلگەن ۋاقىتلىرىدا ھەر
دائىم ياستۇقنىڭ تېگىگە باستۇرۇپ قويۇشنى ئېسىدىن چىقار-
مايتتى.

— شۇنچە يىل بوپتۇ، سىلىنى قىلچىلىك تەشلىكتە قويۇپ
باقمىدىم، — دېدى مىرزا ئاتابەكرى تەلەپپۇزىنى بىر ئاز يۇمشى-
تىپ، — مەرھۇم جەننەتماكان ئاتامدىن ئايرىلىپ قالغاندىن بويان
ھەرقاچان جاپايىمنى تارتىپ، غېمىمنى يېگەنلىرى راست. سىلىگە
كۆپ تەلەپلەرنى قويدۇق، تەلەپلىرىمىز جاۋابسىز قالسا كۆڭلىد-
مىزگە ئالمىدۇق. ئەمدى بۇ قېتىم ياردەملىرىنى ئايىمىسىلا، بۇ
ئوغۇللىرىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.
كېيىن بىلىپ قالىدىلا. خاتىرجەم بولسىلا، بۇ ئىش سەۋەبلىك
سىلىنى قىلچىلىك ئاۋارىچىلىققا يولۇقتۇرمايمەن. ھەقچان سى-
لىمۇ كەمىنە ئوغۇللىرىنىڭ ئۆز ئىستىقبالىنى تېپىشىنى، كاتتا
مەرتىۋە ئىگىسى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىلىغۇ دەيمەن.

ئايجامال ئاغىچىنىڭ ئانىلىق مېھرى قوزغالدى.

ئايجامال ئاغىچىنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى.

ئايجامال ئاغىچىنىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى.

ھەئە، ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى، ئوغلى ئۈچۈن ھەر-
قانداق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشقا بەل باغلىغانىدى.

— ئەگەر ئاشۇنداق نىيەتلىرى بولسا ئۈرۈنۈپ كۆرەي.

مىرزا ئاتابەكرىنىڭ چىرايىغا پاللىدە كۈلكە يۈگۈردى.

— رەھمەت سىلىگە، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چوقۇم چى-
قالايلا. خۇش خەۋەرلىرىنى كۈتىمەن. ئىمكان بار تېزرەك پۈتكۈز-
گەيلا.

ئانا مېڭىشقا تەمشەلگەن ئوغلىنى توختىتىۋالدى:

— كېتىشكە ئالدىرىمىسىلا. ئانا ـ بالا بىر داستىخاندا ئول-
تۇرۇپ غىزالانمىغىلى ئۇزۇن بوپتۇ، بىللە تاماق يەيلى.

— ئالدىلىرىدا خىجىلمەن، شول تاپتا بەجا كەلتۈرىدىغان

زۆرۈر ئىشلىرىم تۇرۇپتۇ، كېيىنچە ئازادە ئولتۇرۇپ بىللە غىزا-لىنارمىز. خوش، ئامان بولسىلا.
مىرزا ئابابەكرى شۇنداق دېگىنىچە گۈس ـ گۈس دەسسەپ چىقىپ كەتتى.
ئايجامال ئاغىچا بېشى تورۇسقا تاقاشقۇدەك بويلۇق ئوغلىنىڭ سۆۋادان تېرەكتەك گەۋدىسىگە كۆزى قىيمىغان هالدا قاراپ قال-دى.
«بوي ـ بەستىدىن تارتىپ مىڭىشلىرىغىچە مەرھۇم دادىسىغا ئەجەب ئوخشاپ قاپتۇ. خۇي ـ پەيلىمۇ ئوخشاپ قالغان بولسىچۇ كاشكى، خۇدايىم ئۆمرىنى ئوخشاتمىسۇن...»

※ ※ ※

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئاغىچىسى مەلىكە دۆلەت نى-گارخېنىم نەچچە يىلدىن بېرى ئېغىر كېسەل سەۋەبىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئارقىمۇئارقا ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بې-رىپ مىرزىنىڭ بىراقلا ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن ئايجامال ئاغىچا نامدا كىچىك خوتۇن بولغان بىلەن ئاللىقاچان ھەرەمنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىر-زىمۇ ئۇنىڭغا چوڭ ئاغىچا قاتارىدا مۇئامىلە قىلاتتى. ئۆز ۋاقتىدا سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ناز ـ كەرەشمىلەرنى ئۆگەنگەن ئايجامال ئاغىچىنىڭ ھىيلە ـ مى-كىرى تولا ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ يېشى ئۆ-زىدىن كىچىك ھەم چىرايلىق توقاللىرىدىن ئانچە ۋايىم يەپ كەت-مەيتتى، بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ قەسرىدىن چىقار-مايتتى. ناۋادا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ياش توقاللىرىنىڭ قېشىدا بىر ـ ئىككى كۈن ئارتۇقراق تۇرۇپ قالسا، ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان ئىككى ئوغلىنى ئىشقا سالاتتى. «ئول غۇنچىچەلەرنىڭ

چىرايى بولغان بىلەن، مېنىڭ قولۇمدا ئىككى ئەڭگۈشتەر بار» دەيتتى ئايجامال ئاغىچا پەخىرلەنگەن ھالدا ۋە ئىككى ئوغلىنى ھېچ يەرگە بارغۇزماي ئىككى كۈن يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇۋالسا، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا شۇ ھامان يۈگۈرۈپ كېلەتتى.

بىر ھەپتىدىن بېرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭ ھەرىمىگە دەسسەپ قويمىغانىدى. كېنىزەكلىرىدىن ئۇنىڭ توقاللىرىنىڭ ھەرىمىدە تۈنەۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ يۈرىكى رەشك ئوتىدا كۆيۈۋاتاتتى.

«ئەجەب مۇشۇ كۈنلەردە ئول غۇنچىچەلەرنىڭ ھەرىمىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ كەتتى دېسە، ياكى ئۇلار ھەزرىتىمگە ئىسسىتقۇ ـ سوۋۇتقۇ قىلىپ ئوقۇتۇۋالدىمىكىن، ئابابەكرى مىرزىغا ۋەدە بەرگەن ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈنمۇ بولسا بۈگۈن ئاخشام ھەزرىتىمنى قەسرىمگە كەلتۈرەي...»

ئۇ بىرپەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن خىزمەتكار ئايالنى چاقىرتتى.

— ئىككى ئەمىرزادىنى دەرھال چاقىرتىپ كەلسىلە.

— چوڭ ئەمىرزادەمنىڭ قەسرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشتىن ھېيىقىدىكەنمىز، ئۆمەر مىرزا ھېلىغىچە كېلىپ قالۇرمىكىن...

— ئۇلارنى دېمىدىم، — دېدى ئايجامال ئاغىچا قاپىقىنى تۈرۈپ، — مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنى دەۋاتىمەن.

خىزمەتكار ئايال خىجىللىق بىلەن بېشىنى ئەگدى:

— ماقۇل، ھازىرلا باراي.

— ئېنىق يەتكۈزسىلە. ئەتكەلىرىگە ئازادلىق بېرىپ، ئىككى كۈن يېنىمدا تۇرغاي.

— خوش.

خىزمەتكار ئايال چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئايجامال ئاغىچا يوغان تىكلىمە تاش ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ چىرايىغا قارىغىنچە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

«ئەمىرزادىلەرمۇ چوڭ بولۇپ قالغىلى تۇردى. ئۇلاردىن نى ۋاقىتقىچە پايدىلىنالارمەنكىن تاڭ... ناۋادا ئۇل غۇنچىچەلەرنىڭ بىرەرى ئوغۇل تۇغۇپ قالسا، ھەزرىتىم بول قەسىرگە ئايلاپ دەسسەپ قويماسلىقىمۇ مۇمكىن... ئابابەكرى مىرزا مۆھۈر بې-سىلغان قەغەزنى نېمىگە ئىشلىتىدىغاندۇ؟ بىرەر يامان ئاقىۋەتكە قالمىسا بولاتتىغۇ؟ مەيلىلا، مەندىن رازى بولىدىغان ئىش بولسا، دېگىنىنى قىلىپ بېرەي. ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەم بولدى. قىلغان ئىشىنىڭ باش ـ ئاخىرىنى كېڭەشكۈچىلىكى بار، يامان ئىش قىلماس. ياراتقان ئىگەم ئۆزى پاناھىدا ساقلار...»

※ ※ ※

ئانىسى ئارقىلىق ئۆگەي ئاتىسىنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان ئاق قەغەزنى كۆچىمەيلا قولغا چۈشۈرگەن مىرزا ئابابەكرى ماڭلايسۆيە-نىڭ باش ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ نامىدا تۈجۈپىلەپ پەرمان يازدى. بۇ ئىشلارنى پۈتكۈزۈشكە پەقەت ئۈچ كۈنلا ۋاقىت كەتتى.

— ئەمىرۇل ئۆمەرا ھەزرەتلىرى ئىجازەت بەرسە شىكارغا چىقىپ كەلسەم، — دېدى ئۇ قول باغلاپ تۇرۇپ.

— ئەمىرزادەمنىڭ تومۇز ئىسسىقتا ئىچى پۇشۇپ قاپتۇ ـ دە، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، — شەھەرنىڭ تىنچىق ھاۋاسىدا قىينىلىپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، سەھرادا ئەركىن ـ ئازا-دە ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەنمۇ راھەت. بۇ ئەقىل ئەجەب مېنىڭ يا-دىمغا كەلمەپتۇ. شىكارغا بىللە چىقايلى، باغدا سايداپ يېتىپ مەنمۇ زېرىكتىم.

مىرزا ئابابەكرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بۇنداق جاۋاب بېرىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇڭا، دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھودۇقتى، ئەمما تېزلا ئېسىنى يىغىۋالدى.

— ھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي. كەمىنىلىرى بۇ مەرتەم بارا-

ۋەت شىكارى[1] غا ئەمەس، رىيازەت شىكارى[2] غا چىقماقچى. شۇڭا جاپادا قالۇرلىمىكى.

مىرزا ئاباەكرىنىڭ ئالدىراپ كۆرسەتكەن باھانىسى دەرھال ئۇنۇمىنى كۆرسەتتى.

— رىيازەت شىكارىغا چىقماقچى دېسىلە، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا لاسسىدە بولۇپ، — تومۇزدا مەشقلەندۈرسىلە، لەشكەرلەرگە ئىسسىق ئۆتۈپ قالماسمۇ؟

مىرزا ئاباەكرى ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى:

— ھەزرىتىمنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، لەشكىرىي دىۋان يېڭىدىن قوبۇل قىلغان ئۈچ مىڭ لەشكەرگە نەچچە ئايدىن بېرى يەككە ماھارەت ئۆگىتىپ كەلدى. سەپ تۈزۈش، چەۋەندازلىق، دالا يۈرۈشكە ماسلىشىش... قاتارلىق ئۈچچە ماھارەتكە تېخى خام. ئا ـ لىمادىس بىرەر يۈرۈشكە چىقىپ قالساق، جەڭگە ماسلىشالماي قوشۇننىڭ جاسارىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭلاشقا، مۇشۇنداق تومۇزدا ئۇلارنى راسا بىر چېنىقتۇرايمىكىن دەيمەن. ئەمىر لەشكەر قۇتلۇق پالۋانمۇ بۇنى ئالاھىدە تاپىلىغانىدى.

مىرزا ئاباەكرىنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى يوللۇق ئىدى. ئادەتتىمۇ لەشكىرىي دىۋان تىنچ شارائىتتا لەشكەرلەرنى پات ـ پات شىكارغا ئاچىقىپ جەڭ ماھارىتىنى مەشىق قىلدۇراتتى. بۇ لەشكىرىي دىۋاننىڭ نورمال خىزمەت تەرتىپى ئىدى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى بىرەر قېتىممۇ لەشكەر باشلاپ جەڭگە چىقىپ باقمىغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئىشلىرىنى — لەشكىرىي مەشىق، يېڭىدىن لەشكەر قوبۇل قىلىش، قورال ـ ياراغ، لەشكىرىي ئوزۇق ـ تۈلۈك غەملەش... دېگەندەك ئىشلارنى لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى.

---

① باراۋەت شىكارى — كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان شىكار.

② رىيازەت شىكارى — لەشكەرلەرنى جەڭ ماھارىتى بىلەن تەربىيەلەيدىغان شىكار. ھازىرقى ھەربىي مانېۋىرغا ئوخشاش.

— ئۇنداق بولسا ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى كۆپرەك ئېلىۋالسىلا، لەشكەرلەر ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ مال ـ مۈلكىگە زەرەر يەتكۈزىدىغان، ئۇلارنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان ئىشلار بولۇپ قالمىسۇن. ئىمكان بار مەھەللە ـ قىشلاقلاردىن يىراقراق جاڭگاللاردا مەشىقلەندۈرسۇنلار.

— پەرمانبەردارمەن!

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭدىن قانچىلىك لەشكەر ئالىدىغانلىقىنى، قانچە كۈن مەشىق قىلماقچى بولغانلىقىنى سوراپمۇ قويمىدى. ئاسانلا ئىجازەت ئېلىۋالغان مىرزا ئابابەكرى سەركەردە مىرزا سەددىردىن قۇشچى تاللاپ، تەق قىلىپ تۇرغان ئۈچ مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن مىرزا ئەمىن قۇلبەگ قاتارلىق ئۈچ ئەمىرنى ئېلىپ قەشقەر شەھىرىدىن پەم بىلەن چىقىۋالدى ـ دە، ئۇدۇل ياركەنتكە قاراپ چاقماق تېزلىكىدە يۈرۈپ كەتتى.

ئۆزىنى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك ئەركىن ـ ئازادە ھېس قىلغان مىرزا ئابابەكرى يول بويى پەقەتلا توختىمىدى. يېڭىسار ئەمىرىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن يېڭىسار قەلئەسىدىن كېچىدە ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. ياركەنتكە ئالدىن چاپارمەن ماڭغۇزۇۋەتتى. بۇنداق قىلغاندا ياركەنت ئەمىرىگە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويغىلى ھەمدە ئۇنىڭ دەرگۇماندا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى. ساختا پەرمان ئېلىپ ماڭغان مىرزا ئابابەكرى دۈچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەر بىر يوچۇقنى پەم بىلەن ئېتىۋاتاتتى.

※ ※ ※

ياركەنت ئەمىرى مىرزا يانتاقبەگ مەرھۇم سانىز مىرزىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى يېقىن مەھرەملىرىدىن بولۇپ، يېشى ئاتمىشتىن ئاشقىنى بىلەن خېلىلا تىمەن تۇرغان كىشى ئىدى. ئۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، قول ئاستىدىكى ئە-

مىر ـ سەركەردىلەرنى ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، كاتتا ھەشەم بىلەن كۈتۈۋېلىشقا بۇيرۇدى. ئەمىر يانتاقبەگنىڭ سانىز مىرزدـ غىلا ئەمەس، ئۇنىڭ دادىسى ئەمىر سەييىدئەلى ئالپقىمۇ چەكسىز ھۆرمەت ـ ئىخلاسى بار ئىدى. مىرزا ئاتابەكرىنى كىچىك ۋاقتىـ دىن باشلاپ ئوبدان بىلەتتى.

مىرزا ئاتابەكرى ئىستىقبالىغا چىققان ئەمىر ـ بەگلەر بىلەن سەلتەنەت يوسۇنى بويىچە كۆرۈشتى. ئۇلارغا قىلچىلىك كىبىر كۆرسەتمەي، ھەممىسىدىن بىر ـ بىرلەپ ئەھۋال سورىدى.

ئۇلار مىرزا ئاتابەكرىدىن ھاردۇق سوراش ئۈچۈن ئالاھىدە سورۇن راسلاپ، تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر بىلەن داستىخان سېلىپ ساقلاپ تۇرغانىدى. شەھەرگە كىرىشكە ئالدىراپ تۇرغان مىرزا ئاـ تابەكرى داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەرگە چالا ـ بۇلا ئېغىز تەگدى.

«ئۈچ مىڭ كىشىلىك لەشكەر بىلەن بىراقلا شەھەرگە كىرـ سەم ئەمىر يانتاقبەگ چۆچۈپ كەتمىسۇن يەنە. ئۇلار مۇنۇ تەييار نازۇ نېمەتلەرنى يەپ ئارام ئالغاچ تۇرسۇن. شەھەرگە نۆكەرلىرىم بىلەنلا كىرەي. قولۇمدا پەرمان بولغاندىكىن ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ. ياركەنت ھۆكۈمىتىنى قولۇمغا ئېلىپ بولغاندىن كېـ يىن ئاندىن ئۇلارغا خەۋەر بېرەي...»

ئۇ ئويلىغانلىرىنى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ قاتارلىق ئۈچ ئەـ مىرگە پىچىرلاپ ئېيتتى. ئۇلارنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى ھوشيار تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇردى، ئاندىن مىرزا سەدىردىن قۇشچى بىلەن يۈز نۆكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى.

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھارمىغايلا ئەمىرزادەم، ـــ دېدى مەھكىمىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان مىرزا يانتاقبەگ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ.

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سالامەت تۇردىلىمۇ ئەمىر جانابلىـ رى، ـــ دېدى مىرزا ئاتابەكرى مىرزا يانتاقبەگنىڭ قوللىرىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ.

مىرزا يانتاقبەگ مىرزا ئاتابەكرىنىڭ زىيادە ئېگىز بوي ـ

بەستىگە ھەۋەس بىلەن نەزەر تاشلىدى.
ـــ كۆز تەگمىسۇن، كۇسسالامەت[1] مەرھۇم جەننەتماكان پەدەرلىرىنىڭ بوي ـ بەستىنى دوراپلا. شول تاپتا مەرھۇم سانىز مىرزا جانابلىرى قايتىدىن تىرىلىپ كەلگەندەك بولدۇم.
ـــ ئەمىر جانابلىرىمۇ ئۆيلىغىنىمدىن كۆپ ئوبدان تۇرۇپلا، ـــ دېدى مىرزا ئابابەكرى تەكەللۇپ بىلەن، ـــ ياراتقان ئىگەم ئۆمۈرلىرىنى زىيادە قىلغاي.
ـــ ئېسىنى دەيدىلا ئەمىرزادەم، قېرىپ قالدىم، ماغدۇرۇم قالمىدى، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق، خۇدا ساقلىسۇن قېرىدىلىقتىن، قېرىلىق يامانكەن.
ـــ زىنھار ئۇنداق دېمىسىلە، كۇپۇرلۇق ئۆتۈپ كەتمىسۇن. تۇرقلىرىدىن ئاتمىش ياشتىن ئاشقاندەك قىلمايدىلا.
مىرزا ئابابەكرىنىڭ تۇيۇقسىز ياركەنتكە كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەن مىرزا يانتاقبەگنىڭ ئاغزىدا خۇشامەت قىلغىنى بىلەن كۆڭلىدە تۈرلۈك خىياللار ئەگىيتتى. ئۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ياركەنتكە ئەمىر بولۇش خىيالىدىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەر تاپقاندى. مەيلى سۇلتان دوستمۇھەممەدخان دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى سۇلتان يۇنۇسخان سەلتەنەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا بولسۇن، ئۇردىدىكى يېقىن ـ يۇرۇقلىرى ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە مەلۇمات يەتكۈزۈشكەندى.
«لەشكىرىي دىۋاننىڭ بۇ ئورۇنباسار ئەمىرىنىڭ ياركەنتتە قانداق زۆرۈر ئىشى بار بولغىيتتى، ئەجەب تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالدىغۇ، ياكى ھېلىقى مىش ـ مىش گەپلەر راستتىلا چىقتىمۇ ـ يا؟ ئەجەب قەشقەردىكى بۇرادەرلىرىم بۇ ھەقتە خەۋەر بەرمىگەندىغۇ؟ ئەمىرۇل ئۆمەرا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرىنىڭ بىرقانچە ئەمىرنى جازالاپ مەنسىپىدىن قالدۇرغانلىقىدىن تېخى تۈنۈگۈن خەۋەر تاپقاندىم. ئەمىرزادىنىڭ ياركەنتكە ماڭغىنىدىن ئۇلار خەۋەر تاپمىغانمىدۇر؟ مۇمكىن ئەمەس. چوڭ ـ كىچىك ئە-

[1] كۇسسالامەت ـــ بەئەينى.

مىرلەرنىڭ ھەممىسى كۆندە بىر ۋاق سارايغا سالامغا كېلىدىغان تۇرسا. لەشكىرىي دىۋانىنىڭ بويى ئاسمانغا تۈۋرۈك بولغىدەك بۇ ئەمىرنىڭ يوقلۇقى ئاباياملا چېنىپ قالدۇ. سالامغا كەلمىگەنلەرنىڭ ئەلۋەتتە سورىقى بولىدۇ. سارايدا يۈز بەرگەن ئوسۇرۇقتەك ئىشنىمۇ قالدۇرماي خەۋەر بېرىپ تۇرىدىغان ئول ئەمىرلەر بۇنداق چوڭ ئىشتا ھەرگىزمۇ بىخۇدلۇق قىلمايتتى. مەن ئۇلارغا مۇشۇنداق خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ، دەپ پات ـ پات سوۋغا ـ سالاملارنى ئەۋەتىپ تۇرىمەن ئەمەسمۇ. ئىشقىلىپ بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار. ھەرھالدا ئېھتىياتچان بولاي...»

مىرزا يانتاقبەگنىڭ بىردىنلا خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قېلىشى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئالدىغا كۆتۈۋېلىشقا چىققان ئەمىرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن لەشكەر بىلەن كەلگەنلىكىنى مىرزا يانتاقبەگكە ئېيتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن مىرزا ئابابەكرى قاتتىق ئېھتىيات قىلىۋاتاتتى.

ـــ ياركەنتتىن ئايرىلغىلى شۇنچە يىللار بولۇپتۇ. كىچىكدە چوڭ بولغان يۇرت دېگەن باشقىچە بولىدىكەن، كۆزۈمگە يەنىلا ياركەنت ئىسسىق كۆرۈنىۋاتىدۇ، ـــ دېدى ئۇ مىرزا يانتاقبەگنىڭ خىيالىنى چالغىتىش ئۈچۈن.

ـــ شۇنداق، شۇنداق، ـــ دېدى مىرزا يانتاقبەگ دەرھال خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، ـــ ئەمىرزادەمنى دەرۋازا ئالدىدا ساقلىتىپ قويۇپتىمەن ئەمەسمۇ. خوش، ئىچكىرىگە كىرەيلى. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ئۆزلىرىنىڭ چوڭ بولغان يەرلىرى ئەمەسمۇ، لېكىن ياركەنتنى ئاقسۇ، قەشقەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

ـــ يېڭىلىشتىلا ئەمىر، ـــ دېدى مىرزا ئابابەكرى كەسكىنلىك بىلەن، ـــ ماڭلايسۆيە ۋادىسىدىلا ئەمەس، پۈتكۈل موغۇلىستان تەسەررۇپىدا ياركەنتكە يېتىدىغان شەھەر يوق. تۆت ئەتراپى پۈتۈنلەي باغۇ بوستانلىق، شەھەردىن چىقىپ مەيلى قايسى تەرەپكە ماڭمايلى، ئاتلىق بىرەر كۈن ماڭمىغۇچە جاڭگال تاپقىلى بولمايدۇ؛ ئېكىنلىرى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك، دەرياسىدا قىش ـ ياز

سۇ ئۆزۈلمەي ئېقىپ تۇرغان، ھاۋاسى ئاندىن ئېسىل.
— ئارى، ئەمىرزادەمنىڭ ياركەنتكە بولغان مېھرى ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئىكەن.
ئۇلار سۆزلەشكەچ ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ ئىچىدىكى كاتتا سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۆز ۋاقتىدا دادىسى سانىز مىرزا سالدۇرغان بۇ ھەشەمەتلىك ساراي مىرزا ئابابەكرىگە بەكلا تونۇش ئىدى. ئۇ سارايىنىڭ قۇياش نۇرىدا يالىلداپ تۇرغان يېشىل كاھىشلىق گۇمبەزلىرىگە، نەقىشلىك ئىشىك ـ دېرىزىلىرىگە ھەۋەس بىلەن قارىدى، تۇيۇقسىز سارايىنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان نۆكەرلەرنى كۆرۈپ بىرئاز خۇدۇكسىرىدى؛ سارايىنىڭ ئەتراپىدىنمۇ باشقا يەرلەردە خېلى كۆپ نۆكەر بارلىقىنى پەملىدى.
«بۇ مىرزا يانتاقبەگنىڭ نېمە قىلغىنىدۇر؟ مەندىن ئېھتىيات قىلىپ قالدىمۇ ياكى مەقسىتىمنى ئۆگەي ئاتام بىلىپ قالغان بولسا ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىۋەتتىمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇددىئايىمنى بۇنچە تېز بىلىۋالالماس. يول بويى ئارام ئالماي ئېھتىيات بىلەن يۈرگەن تۇرساق، ئۇنىڭ چاپارمەنلىرىنىڭ قانىتى بولسىمۇ بىزدىن بۇرۇن يېتىپ كېلەلمەيدۇ. بەلكىم مىرزا يانتاقبەگ ئۈچ مىڭ لەشكەرنى بىللە ئېلىپ كەلگىنىمدىن خەۋەر تاپقان بولسا ماڭا سۇر كۆرسىتىۋاتقاندۇر...»
— خوش، ئەمىرزادەم سارايغا مەرھەمەت قىلسىلا، — دېدى مىرزا يانتاقبەگ.
— قېنى خوش، ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، — دېدى مىرزا ئابابەكرى خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ.
— ئۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ، سىلى دېگەن مېھمان، — دېدى مىرزا يانتاقبەگ تەكەللۇپ قىلىپ.
— بىز مېھمان بولساقمۇ ئورۇنباسارلىق مەرتىۋىمىز باردۇر. جانابلىرى بولسا ئەمىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشتىمۇ بىزدىن چوڭ، شۇڭا ئاۋۋال ئۆزلىرى مەرھەمەت قىلسىلا.
مىرزا ئابابەكرىنىڭ كىچىك پېئىللىقى مىرزا يانتاقبەگنى

تەسىرلەندۈرگەنىدى.

— ئەمىرزادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئورۇنباسار بولسىمۇ، ماڭلاي-
سۆيە ئوردىسىدىن كەلدىلە. بۇنداق قاتتىق تۇرۇۋالسىلا، كەمىنى-
لىرىنى خىجالەت قىلىپ قويىدىلا.

سارايغا تېزرەك كىرىپ پەرماننى جاكارلاشقا ئالدىراپ تۇرغان
مىرزا ئابابەكرىنىڭ يەنە يالغاندىن ھۆسلە قىلىپ تۇرۇشقا رەغدى
قالمىغانىدى.

— بوپتۇ ئۇنداق بولسا، ئەدەپتىن ئەمىر ئۇلۇغ دەپتىكەن.
جانابلىرىنىڭ ئەمىرگە ئىتائەت قىلدىم ئەمەسە.

مىرزا ئابابەكرى «بىسمىللا» دېگىنىچە بوسۇغىدىن ئاتلىدى.
سۇگدىشىپلا سارايغا كىرگەن مىرزا يانتاقبەگ تۆردىكى ئەمىرلىك
كۇرسىنىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا مىرزا ئابابەكرىنى تەكلىپ قىلدى.

— قېنى، ئەمىرزادەم بۇياقتىن جاي ئالغايلا.

مىرزا يانتاقبەگنىڭ سارايغا كىرىشتە ئۆزىگە يول قويغىنى
بىلەن تۆردىكى ئورۇندىن قىزغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان
مىرزا ئابابەكرى مىيىقىدا كۇلۇپ قويدى.

«بۇ ئەمىرنى ھەرگىز سەل چاغلىمىسام بولغۇدەك. ئەھۋالدىن
قارىغاندا ئۇ ماڭا ياركەنتنى ئاسانلىقچە بەرمەيدىغاندەك قىلىدۇ.
ئاۋۋال پەرماننى كۆرسىتەي، ئاندىن پەيلىگە قاراپ ئىش تۇتار-
مەن...»

ئۇ مىرزا يانتاقبەگ كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپ دۇئاغا قول
كۆتۈرۈپ پاتىھە قىلدى، ئاندىن تېخىچىلا ئۆرە تۇرغان مىرزا سە-
دىردىن قۇشچىغا ئاستا كۆز ئىشارىسى قىلىپ قويۇپ سۆز باشلى-
دى.

— ھە راست. ئەمىر جانابلىرىغا تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ
كىشى ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ ئورۇنباسار پەرمانچى
بېگى مىرزا سەدىردىن قۇشچى بولىدۇ، ئەسلىدە لەشكىرىي دىۋان-
نىڭ باھادىر ئۇنۋانلىق سەركەردىلىرىدىن ئىدى، يېقىندا ئەمىرۇل
ئۇمەرا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھەزرەتلىرى ئورۇنباسار پەرمانچى

بەگلىككە تەيىنلىدى.
ـــ ئەستاغپۇرۇللا، ئەدەپسىزلىك بولۇپتۇ ئەمەسمۇ، ـــ مىرزا يانتاقبەگ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ مىرزا سەدىردىن قۇشچىغا ئېھتىرام بىلدۈردى، ـــ پەرمانچى بېگىمنى تونۇماي قاپتىمىز. سەۋەنلىكىمىزنى كەچۈرگەيلا، قېنى، يۇقىرى ئۆتسىلە.
ـــ ھېچقىسى يوق، ـــ دېدى سەدىردىن قۇشچى قىستاپ كەلگەن كۈلكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ، ـــ بىلمىگەندە ئەيىب يوق دەپتىكەن. بىزنىڭ بول مەنسەپكە ئولتۇرغىنىمىزغا تېخى بىر ـ نەچچە كۈن بولدى، ئەمىر جانابلىرىنىڭ بىلمەسلىكى تەبىئىي.
كۈتمىگەندە پەرمانچى بەگنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى مىرزا يانتاقبەگنى تەشۋىشكە سېلىپ قويغانىدى. كۆڭلىدىكى ئەمدىلا بېسىلىشقا باشلىغان ئەندىشە ـ گۇمانلار قايتىدىن غەلىيان كۆ ـ تۈردى.
«بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى. ئەجەب مىرزا ئاباپەكرى بىلەن پەرمانچى بەگ بىللە كەپتۇ ـ يا؟ لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئە ـ مىرى بىلەن ئوردا پەرمانچىسىنىڭ بىللە سەپەرگە چىقىشى ئەزەل ـ دىن بولۇپ باقمىغان ئىش ئىدى. ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىدە چوقۇم بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا پەرما ـ نىنى مەھكىمىدىكى مەھرەملەردىن سىر تۇتقان گەپ. لېكىن مەن بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇرۇۋاتقان مەھرەملەرنىڭ مەرتىۋىسى ئانچە تۆۋەن ئەمەس ئىدىغۇ، ياكى ئۇلارمۇ مىرزا ئەمىن قۇلبەگ قاتارلىق ئۈچ ئەمىرگە ئوخشاش مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغانمىدۇ؟...»
گۇمان ئىماننى قاچۇرۇپتۇ، دېگەندەك، مىرزا يانتاقبەگنى خىيال سۈرگەنسېرى سۈر بېسىشقا باشلىدى.
«... مەسۇمباي ئوغلىنىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلىپ قەشقەرگە بارغانمىدۇ ـ يا؟ ئۇنى ئوغلىنى يەرلىكتە قويغان كۈنى يىقىلغانچە ئورنىدىن قوپالماي ياتىدۇ دەپ ئاڭلىۋېدىم، ئۇ ھالدا قەشقەرگە بارالماس، ياكى بەشكەنتنىڭ بېگى زاكىرخان دەۋا قىلغانمىدۇ؟ چوقۇم ئىككىسىدىن بىرى جىم ياتمىدى. ئۇلارنىڭ ياۋاشلاپ قال ـ

غىنىنى كۆرۈپ ئانچە ئېرەن قىلمىغانىكەنمەن. ئۇلارنى بىراقلا زۇۋان سۈرەلمەس قىلىۋېتىدىغان گەپكەن. ئىلگىرىمۇ ئۇستۇمدىن دەۋا قىلغانلار چىققان، لېكىن دەۋاسىنى ئاقتۇرالماي توختاپ قې- لىشقانىدى. شۇلارغا قىياسەن بېقىپتىمەن. ئېھتىيات قىلسام بوپتىكەن. سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى تەختكە چىققاندىن بېرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى تېخىمۇ بەك رەئىيەتپەرۋەر بولۇپ كەت- تى دەپ ئاڭلىۋېدىم. كۆچا ئەمىرىنىمۇ ئاشۇنداق خۇن دەۋاسىغا چېتىلىپ قېلىپ، تەھقىقلەشكە مۇپەتتىش ئەۋەتىپ، مەنسىپىدىن قالدۇرغانىنىڭ سىرتىدا، پۈتكۈل مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ خانىۋەيران قىلىۋەتكەن ئەمەسمىدى...»

— ياركەنت ئەمىرى پەرمان تاپشۇرۇۋالغاي!

مىرزا سەدىردىن قۇشچىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى مىرزا يانتاق- بەگنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. سەدىردىن قۇشچىنىڭ قولىدىكى يارلىق، پەرمان سىيلىنىدىغان نەقىشلىك كۆنقاپنى كۆرۈپ يۈرىكى قاتتىق ئاغدى، ئۆپكىسى ئاغ- زىغا كەپلەشتى.

مىرزا يانتاقبەگنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ سەدىردىن قۇشچى يەنە توۋلىدى :

— ياركەنت ئەمىرى پەرمان تاپشۇرۇۋالغاي!

مىرزا يانتاقبەگ قول باغلىغىنىچە بېشىنى ئەگدى.

«پەرمانچى بەگ» كۆنقاپتىن پەرماننى ئېلىپ ئالدىرىماي ئو- قۇشقا باشلىدى:

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*بۈيۈك سەلتەنەت پاسىبانى، موغۇلىستان تەسەررۇپى- دىكى ئامۇخاسىنىڭ قىبلىگاھى، قۇدرەتلىك تاج ئىگىسى، ئادالەتپاناھ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ نۆكىرى بول- مىش ماڭلايسۆيە ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن يار- كەنت ئەمىرى مىرزا يانتاقبەگكە يارلىق.*

*ئۇشبۇ يارلىق يېتىپ بارغان كۈندىن ئېتىبارەن ئۆز قولى بىلەن ئالتە خانزادىنى بۈيۈك سەلتەنەت تەختگاھىغا ئولتۇرغۇزۇپ تاج كىيدۈرۈش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولغان، جەننەتماكان ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ھەزرەتلىرىنىڭ چەۋردىسى، ياركەنتنىڭ سابىق ئەمىرى مەرھۇم سانىز مىرزا جانابلىرىنىڭ ئەمىرزادىسى، سەلتەنەتنىڭ كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىگە مۇشەررەپ بولغۇچى، ماڭلايسۆيە لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى مىرزا ئابابەكرىنى ياركەنت ۋىلايىتىگە ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدۇق. ئۇشبۇ يارلىق يېتىپ بارغان ھامان ئەمىر مىرزا يانتاقبەگ ياركەنت ھۆكۈمىتىنى مىرزا ئابابەكرىگە دەرھال تەخىرسىز ئۆتكۈزۈپ بەرگەي، ھەمدە قايتا مەنسەپكە تەيىنلەش يارلىقىمىز يېتىپ بارغۇچە شەھىرى ياركەنتتىن ئايرىلماي، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا خالىس ھەمدەمدە بولغاي.*

*يارلىق تامام ۋەسسالام*

*ماڭلايسۆيەنىڭ بۈيۈك ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا.»*

— پەرمانبەردارمەن. ئەمىرۇل ئۆمەرا جانابلىرىنىڭ ھىممىتىگە تەسەننا!

چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن مىرزا يانتاقبەگ پۈشۈلدىغىنىچە «يارلىق»نى قولىغا ئېلىپ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن قوينىغا سېلىشقا تەمشىلىپ توختاپ قالدى. ھەئە، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن بۇ قاقباش ئەمىر دەقىقە ئىچىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ تەمكىنلىك بىلەن پەرمانغا قايتىدىن نەزەر تاشلىدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك ئىدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ يۈرىكىگە تەشۋىش چاڭگال سالدى.

مىرزا يانتاقبەگ يارلىققا نەزەر سېلىۋاتقان ھەر بىر دەقىقە

ئۇنىڭغا بىر كۈندەك ئۇزاق تۇيۇلدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ تۇيغۇسىدا ۋاقىت توختاپ قالغانىدى.

«نېمانچە سىنچىلاپ قارايدۇ، بىر نەرسىنى سېزىپ قالدىمۇ ـ يا؟ مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز سېزەلمەيدۇ. خەت يالغان بولغىنى بىلەن، بېسىلغان مۆھۈر راست. ھەي ئىست، لەشكەرلەرنى شەھەرنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ قويۇپ خاتا قىلدىممۇ نېمە؟ ئۇلارنى باشلاپ كىلىپ شەھەر دەرۋازىسىنىڭ تۇۋىدە تۇرغۇزۇپ قويغان بولسام بۇ قېرى ئەمىرگە ئاز ـ تولا قىر كۆرسەتكىلى بولار ئىكەندۇق. شول تاپتا سىرتتا ئۈچ مىڭ ئاتلىق لەشكىرىمنىڭ تەق بولۇپ تۇرغىنىنى بىلمەيدۇ ئەمەسمۇ، مېنى ئاران يۈز نۆكەر بىلەن كەلگەن چېغى دەپ قالدى ھەقىچان. ناۋادا ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ سارايىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان نۆكەرلىرىمۇ ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ. مەھكىمە ئىچىدە يەنە قانچىلىك نۆكىرى باردۇ؟ ئىمكان بار ئۇنىڭ چىشىغا تەگمەي، سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن تەسەللى بېرىپ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلاي. توقۇنۇشۇپ قالساق زىيان تارتىپ قالغۇدەكمەن. ناۋادا مېنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاپ، قولىدىكى يارلىقنى قەشقەرگە ئەۋەتىدىغان بولسا يالغانچىلىقىم پاش بولۇپ قالىدۇ، كاللامدىن ئايرىلىپ قالمىغان تەقدىردىمۇ، مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيمەن. ئى تەڭرىم، پاختىنىڭ ئىچىدە ئوت ساقلايدىغان قۇدرىتىڭ باردۇر. ھەرقانداق توقۇناق بالادىن پاناھىڭدا ساقلىغايسەن...»

ئۇ ئەندىشىسىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ مىرزا يانتاقبەگكە يۈزلەندى.

ــ بىز پەقەت يارلىق بويىچە كەلدۇق. ئەمىر جانابلىرىنىڭ كۆڭلىنىڭ قانچىلىك يېرىم بولۇۋاتقانلىقى بىزگە ئايان. ئەينى يىلى بىزمۇ سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئالىيلىرىغا ئەگىشىپ ئاقسۇغا ماڭغاندا ئاشۇنداق تۇيغۇدا بولغانمىز، ياركەنت ھەقىقەتەن تۈزى ئېغىر يۇرت، ئايرىلماق تەس. جانابلىرىغا يېڭى يارلىق چۈشۈپ بولغۇچە يەنە بىر مەزگىل بىللە تۇرىمىز ئەمەسمۇ.

مىرزا يانتاقبەگ چىرايىغا سوغۇق كۈلكە يۈگۈرتتى:

ــ يوقسۇ ئەمىرزادەم، ھە راست، ئەمدى «ئەمىر جانابلىرى» دېيىشىم كېرەك. كەمىنىلىرىنى زىنھار خاتا چۈشەنمىسىلە. ھەممىمىز ئالەمپاناھ خان ئالىيلىرىنىڭ ئاتقان ئوقلىرىمىز. ئەمىرۇل ئۆمەرا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرىغا ئەلۋەتتە پەرمانبەردارلىق قىلىمىز. ئۇنىڭ پەرمانىغا سەركەشلىك قىلىشقا ھەددىمىز ئەمەس. مەنسەپ ـ مەرتىۋە دېگەن بەجايىكى سەتەڭنىڭ كۈلكىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇ گاھىدا ئۇنىڭغا نازلىنىپ باقسا، گاھىدا بۇنىڭغا ئەركىلەيدۇ. بول جاھان ھېچكىمگە باقىۋەندە بولمىغىنىغا ئوخشاش، سەتەڭنىڭ كۈلكىسى مىسالى مەنسەپ ـ مەرتىۋىمۇ باقىۋەندە ئەمەستۇر. شول تاپتا كەمىنىلىرىنى ئەجەبلەندۈرگىنى ئۇشبۇ يارلىقتىكى بىر ئېغىز ئىبارە.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى.

ــ قايسى ئىبارىنى دەيدىلا ئەمىر جانابلىرى؟

ــ ئۆزلىرى كۆرۈپ باقسىلا، ــ دېدى مىرزا يانتاقبەگ يارلىقنى مىرزا ئابابەكرىگە ئۇزىتىپ تۇرۇپ، ــ بىرقانچە يەردە يارلىق ئىبارىسىنى ئىشلىتىپتۇ، ئول يارلىق ئىبارىسى ئادالەتپاناھ قىبلىگاھىمىز سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغىلا خاستۇر. خان ئالىيلىرىدىن باشقا ھەرقانداق مەنسەپ ئىگىسىنىڭ بول ئىبارىنى ئىشلىتىش ھەققى يوقتۇر. ئەمىرۇل ئۆمەرا مىرزا ھەيدەر جانابلىرى پەقەت پەرمان چۈشۈرەلەيدۇ خالاس. بىلىشىمچە سەلتەنەت يوسۇنلىرىغا بەكلا ئېتىبار بىلەن قارايدىغان سىر ئەمىر جانابلىرى بۇنداق ئىنچىكە ئىشلارغا بەكلا دىققەت قىلىدۇ.

ساختا يارلىقنى يېزىشقا ئالدىراپ چاندۇرۇپ قويغانلىقنى ھېس قىلغان مىرزا ئابابەكرى بوشاڭلىق قىلسا چاندۇرۇپ قويغاننى ئاز دەپ بالاغا قالىدىغانلىقنى ھېس قىلىپ بىردىنلا تەرىنى تۇردى.

ــ سىلى ئول پەرماندىن گۇمانلىنىۋاتامدىلا ياكى جانابى ئەمىرۇل ئۆمەرانىڭ ئىستىبداتىدىن گۇمانلىنىۋاتامدىلا؟

«قانداقلىقى ئۆزلىنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئايان ئەمىرزادەم. بۇ پەرماننى ھەر كىم كۆرسە گۇمانلىنىدۇ، لېكىن ھازىر تەھقىق-لەشكە ئامالىم يوقتۇر. ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە قەشقەرگە بارسام غېزى غاز، ئۆردىكى ئۆردەك بولىدۇ...»

مىرزا ياتتاقبەگ ئىچكى تۈيغۇلىرىنى يوشۇرۇپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى:

— يوقسۇ، گۇمانلىنىشقا ھەددىم ئەمەس، كۆڭلۈمدىن كەچ-كىننى مۇنداقلا دەپ قويدۇم.

«بۇ قېرى قاقباشتىن ھېچنېمىنى يوشۇرۇپ قالغىلى بول-مىغۇدەك. ۋاقتىدا ئېغىز ئاچالماس قىلىۋەتمىسەم ئىشىمغا توپا چاچىدىغان ئوخشايدۇ...»

— مىرزا دىۋاندىكى مۇنشى①لار پەرماننى يېزىشتا سەۋەن-لىك قىلغان ئوخشايدۇ، — دېدى سەدىردىن قۇشچى دەرھال سۆز قىستۇرۇپ، — ئادەتتىمۇ ئەمىرۇل ئۇمەرا جانابلىرى پەرمان، مەكتۇپ، مەلۇمات، ئالاقىلەرنىڭ ئىملاسىغا بەكلا ئەھمىيەت بې-رەتتى. بىر ئېغىز سۆز ئەمەس، بىر دانە پەش، چېكىت خاتا قويۇ-لۇپ قالسىمۇ قايتا يېزىشنى بۇيرۇيتتى. بۇ نۆۋەت ئورۇنباسار ئە-مىر لەشكەرنى ياركەنتكە ماڭدۇرۇشقا ئالدىراپ ئانچە دىققەت قىل-مىغان چېغى. قەشقەرگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ سەۋەنلىكنى ئەمىرۇل ئۇمەرا جانابلىرىغا چوقۇم مەلۇم قىلىمەن.

«مۇنۇ پەرمانچى بەگنىڭ گېپىدىنمۇ پىت ئۆملەۋاتىدىغۇ ئەمدى. ئەمىرزادىنى ياركەنتكە ماڭدۇرۇشقا ئالدىراش نېمىگە زۆ-رۈر بولۇپ قالغان بولغىيتتى؟ ياق، بۇ ئىشتا چوقۇم بىر ئويۇن بار، قانداق قىلسام بولۇر؟ قايتا پەرمان چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىل-سام تامامەن بولىدۇ، لېكىن مۇنۇ ئابابەكرى مىرزا ئۇل ماڭلايسۆيە ئەمىرنىڭ ھەم جىيەنى، ھەم ئۆگەي ئوغلى. ھەرگىزمۇ مېنى دەپ ئۇنى ئوتقا ئىتتىرىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

① مۇنشى — خەتتات، كاتىپ.

ناۋادا بۇ پەرمان راست بولۇپ چىقسا، قاق بـالاغا قالـمـەن تېخـى. ئۇستۇمدىن قەشقەرگە قانچىلىك ئەرز ـ شىكايەتلەر باردى، بۇنـد ـسى قاراڭغۇ. ھېلىقى خۇن دەۋاسىغا ئارىلىشىپ قالمايدىغان ئىش ـكەنتۇق. بوپتۇ، بۇ يـەردە تىكلـىشـىپ تـۇرماي، قەشقـەرگە بېرىـپ ئايدىڭلاشتۇراي...»

مىرزا يانتاقبەگنىڭ ئويلىنىپ قالغىنىنى كۆرۈپ مىرزا ئا ـ بابەكرىنىڭ پۇت ـ قولىغا قايتىدىن جان كىردى.

— شۇنداق قىلسىلا پەرمانچى بېگىم، — دېدى ئۇ چىرايىغا خاتىرجەم تۇس بېرىپ، — مۇشۇنداق چوڭ پەرمانغا ئېتىبارسىز قارىغان مۇنشىنى قاتتىق جازالاپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش كېرەك، — ئۇ نەزەرىنى مىرزا يانتاقبەگكە ئاغدۇرۇپ كۇلۇمسىـ ـرىدى، — قېنى، ئەمىر جانابلىرى جايلىرىغا كېلىپ ئولتۇرسىلا.

مىرزا يانتاقبەگ تۆردىكى نەقىشلىك كۇرسىغا مېھرىنى ئۇ ـ زەلمىگەن ھالدا قاراپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— يوقسۇ، بۇ ئورۇن ئۇشبۇ سائەتتىن باشلاپ ئۆزلىرىگە تە ـ ئەللۇق بولدى. ئەمدى بىز ئولتۇرۇۋالساق ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، قېنى، ئۆزلىرى مەرھەمەت قىلسۇنلار.

— بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىلا ماڭىمۇ ئامال يوق، ئولتۇرمىسام پەرمانغا سەركەشلىك قىلغان بولۇپ قالماي يەنە.

مىرزا ئابابەكرى دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆردىكى ئەمىرلىك كۇرسىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— ئەمىر جانابلىرىغا مۇبارەك بولغاي!

مىرزا سەدىردىن قۇشچىنىڭ باشلاپ بېرىشى بىلەن سارايدى ـكى چوڭ ـ كىچىك بەگلەرنىڭ ھەممىسى مىرزا ئابابەكرىنى بىر ئېغىزدىن مۇبارەكلىدى.

دەقىقە ئىچىدە مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قالغان مىرزا يانتاق ـ بەگكە بۇ ھالەتنى كۆرۈپ تۇرۇۋېرىش ئېغىر كەلگەندى.

— ئەمىر جانابلىرىغا مۇبارەك بولغاي، — دېدى ئۇ قىينال ـ غان ھالدا ئېغىز ئېچىپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قىلىن لەۋلىرى تىترەپ

كەتكەنىدى، ـــ ئىجازەت بەرسىلە، مەن ئەمدى قەسىرگە ياناي.

ـــ نېمىگە ئالدىرايدىلا جانابى ئەمىر؟ ـــ دېدى ياركەنتنىڭ قەلەمدار، ئەلەمدار بەگلىرىنىڭ سالىمىدىن كۆڭلى تامامەن جايىغا چۈشكەن مىرزا ئابابەكرى گىدەيگەن ھالدا.

ـــ ئەمىر جانابلىرىغا تەختنى بوشىتىپ بەرگىنىم بىلەن تېخى قەسىرنى بوشىتىپ بەرمىدىم. تايىنلىق قەسىرنىمۇ بوشىتىپ بېرەي دەيمەن، ـــ ئۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ زوۋان سۈرمەي تۇرغىنىنى كۆرۈپ يەنە قوشۇپ قويدى، ـــ گەرچە پەرماندا قايتا پەرمان كۈتۈپ تۇرۇشۇم ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن بولسىمۇ، سىلىدەك ئىستىبداتلىق، كۆچ ـ قۇۋۋەتتە ئۇرغۇپ تۇرغان باھادىر ئەمىر تۇرغان يەردە، مېنىڭ سۆرلىنىپ يۈرۈشۈم ھاجەتسىز. شۇڭا، كۆدە ـ كۆرپىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، ئەتىلا قەشقەرگە باراي دەيمەن. ناۋادا بۇ باشباشتاقلىقىمنى جانابى ئەمىرۇل ئۆمەرا گۇناھقا بۇيرۇسا، ئۇنى كۆرەرمەن؛ ئەپۇ قىلىۋەتسە، بېرىشىمغا پەرمان چۈشكەن، رىزقىم چېچىلغان يۇرت ـ ئايماقتا جۆنەرمەن.

مىرزا يانتاقبەگنىڭ ئەتىلا قەشقەرگە ماڭماقچى بولغىنىنى ئاڭلاپ مىرزا ئابابەكرى يەنە ئولتۇرالماي قالدى.

«نېمە دەيدۇ ماۋۇ ئالجىغان قېرى. قەشقەرگە بارىدىغان بولسا ساختا پەرمانىنىڭ ئىشى پاش بولۇپ قالامدۇ؟ ئۇنى بىر مەزگىل يېنىمدا تۇتۇپ تۇرۇپ قانات ـ قۇيرۇقىمنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن پەرمانغا ئەتەي: ‹يېڭى پەرمان چۈشكىچە ياركەنتتىن ئايرىلمىغاي› دەپ يازغان ئەمەسمىدىم. ھە توغرا، ئەمدى بىلدىم. بايا ئۇ سەدىردىن قۇشچىنىڭ گېپىگە ئىشەنگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان بىلەن گۇمانلىنىپ قاپتىكەن ـ دە. شۇڭا قەشقەرگە بېرىشنى باھانە قىلىپ پەرمانىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلىماقچى. ھەقىقەتەن يامان قېرىكەن بۇ. خام خىيال ئەيلىمە، سېنى قەشقەرگە ھەرگىز بارغۇزمايمەن. بەلكىم مەڭگۈ ھېچ يەرگە بارالمايدىغان، زوۋان سۈرەلمەيدىغان قىلىۋېتىمەن. شۇنچىۋالا چوڭ ئىشنى تەۋرىتەلىگەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ قولىدىن بۇنچىلىك ئىش ئەلۋەتتە كېلىدۇ.

سەن شول تاپتا مېنىڭ ئالدىمدا بىر تال چىۋىن خالاس. مەن ئۇنـ
چە ئەخمەق، دۆت ئەمەس، شۇنچە يىلدىن بېرى ياركەنتنى بېسىپ
يېتىپ جۇغلىغان ھېسابسىز مال ـ دۇنيالىرىڭنى كۆز ئالدىمدىلا
ئېلىپ ماڭساڭ كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرىدىغان. پەمىمچە،
ماڭا قۇرۇق خەزىنىنى قالدۇرۇشنى ئويلاۋاتىسەن ھەقچان. ئۆز
ۋابالىڭ ئۆز گەردىنىڭگە، كىممۇ سېنى ياركەنتنىڭ ئەمىرى بولۇپ
قالسۇن دەپتۇ. شول تاپتا ئالتۇن ـ كۈمۈش ماڭا بەكمۇ زۆرۈر.
ئاشۇنداق ئېرىغ ماللار لىق تولغان خەزىنە بولسىلا كېيىنكى
ئىشلىرىمنى تېخىمۇ جايىدا، توسالغۇسىز يۈرۈشتۈرەلەيمەن. قۇدـ
رەتلىك تەڭرىم بۈگۈن ياركەنتنىڭ ئەمىرلىك كۇرسىدا ئولتۇـ
رۇشقا نېسىپ قىلدى. پات يېقىندا بىر ئەلنىڭ سەلتەنەت تەختىدە
ئولتۇرۇشقا نېسىپ قىلسا ئەجەب ئەمەس...»

مىرزا ئابابەكرى شېرىن خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ چىرايىـ
غا كۈلكە يۈگۈرتتى.

ــ نېمە دېگەنلىرى بۇ جانابى ئەمىر، ئۆزلىرىنىڭ يەنىلا
ساھىبخانا ئىكەنلىكلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا. سارايغا كىرگىـ
نىمدىن بېرى بىر پىيالە چاي ئوتلىغىنىم يوق. مېھماننى مۇـ
شۇنداق كۈتۈش سىلىنىڭ پەزىلەتلىرى ئەمەسقۇ دەيمەن؟ بۈگۈن
مېھماندارچىلىق قىلىپ مېنى كۈتۈۋالسىلا، ئەتە سىلىگە ئۆز قوـ
لۇم بىلەن ئۇزىتىش چېيى تۇتاي. قەشقەرگە بېرىشقا ھەقىقەتەن
ئالدىرىسىلا، ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقارلا. مۇشۇنداقلا كېتىدىغان
بولسىلا، كىشىلەر سىلىنى مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قالغانغا رەنـ
جىپ، مىرزا ئابابەكرىدىن يامانلاپ كېتىپ قاپتۇ دەپ قالسىغۇ
مەيلىتى، لېكىن مېنى مۆتىۋەر ئەمىرنى بىر پىيالە ئۇزىتىش
چېيىغا داخىل قىلمايلا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ دەپ قالسا، بۇنداق
ئاھانەتنى كۆتۈرەلمەيمەن. ئەڭ ياخشىسى، مېنى بۇنداق لەنەتكە
قويمىسىلا.

مىرزا ئابابەكرى گەپكە ھەقىقەتەن ئۇستا ئىدى. مىرزا يادـ
تاقبەگ ئىلاجسىز سارايدا قېلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە بىكاۋۇل بەگ

بىلەن مۇراسىم بېگىنى بۇيرۇپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ شەرىپىگە داستىخان راسلاتقۇزدى. مېھماندارچىلىق تەڭ كېچىگىچە داۋاملاشتى. مىرزا ئابابەكرى ھەرخىل ياغلىما گەپلەر بىلەن ئار-قىمۇئارقا قەدەھ تۇتۇپ مىرزا يانتاقبەگنى خۇدىنى بىلمىگۇدەك دەرىجىدە غەرق مەست قىلىۋەتكەنىدى. ئەتىسى تېخى ئېسىگە كې-لەلمىگەن مىرزا يانتاقبەگنى چاپارمەن ئەۋەتىپ چاقىرتىپ ئۆزد-تىش زىياپىتى بەرگەن بولدى.

— ئەمىر جانابلىرىغا ئىككى ئېغىز ياخشى تىلەكلىرىڭلار يوقمۇ؟ — دېدى مىرزا ئابابەكرى سارايدىكى چوڭ - كىچىك ئە-مىرلەرنى شاراب تۇتۇشقا بۇيرۇپ.

مىرزا يانتاقبەگ ئۇزۇن مەزگىل بىللە ئىشلىگەن ئەمىر - بەگلەرنىڭ قولىنى قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى، ئاخىر مەستچى-لىكتە خۇدىنى بىلمەي ئۇخلاپ قالدى.

— جانابى مىرزا يانتاقبەگنى ئاچىقىپ قويۇڭلار، بىردەم ئارام ئېلىۋالسۇن.

مىرزا ئابابەكرى نۆكەرلىرىگە مەخپىي بۇيرۇق بەرگەنىدى. ئۇلار مىرزا يانتاقبەگنى سارايىنىڭ ئارقىسىدىكى ئارامخانىغا كۆ-تۈرۈپ ئەكىردى - دە، بويىنىغا گاچچىدە خەنجەر ئۇرۇپ بېشىنى كېسىۋەتتى. غەرق مەست ياتقان شور پېشانە مىرزا يانتاقبەگ تىغ-نىڭ ئاچچىق زەربىسىنى، ئۆلۈمنىڭ قاتتىق دەھشىتىنى بىلمەيلا ئۇخلىغان پېتى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.

مىرزا ئابابەكرى بەخىرامان ھالدا بارلىق ئەمىر - بەگلەرنى ئىچىشكە زورلايتتى، كەيپچىلىكتە ھەممىنى ئۇنتۇشقان بۇ ئەمىر - بەگلەر يېڭى ئەمىرگە ياخشچاق بولۇش ئۈچۈن توختىماي خۇشامەت قىلىشاتتى، بەس - بەستە ماختىشاتتى ۋە ئالدىغا كەلگەن شارابنى قالدۇرماي ئىچىشەتتى. ھەئە، مىرزا ئابابەكرى ئۇلارنى ئەتىسى بىر كۈن خۇدىنى بىلمەي ياتقۇدەك غەرق مەست قىلىۋەتتى.

ئەتىسى نۆكەرلەر مەھكىمىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا جايلاشقان مىرزا يانتاقبەگنىڭ قەسىرىگە كىرىپ، قەسىردىكى قېرى -

ياش، ئەر ـ ئايال، ھەتتا ئەمچەكتىكى بوۋاققىچە قالدۇرماي قىرد ـ ۋەتتى. بۇ پاجىئەدىن قەسىردىكى خىزمەتكارلاردىن تارتىپ قارا ـ ۋۇللارغىچە قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

شۇنداق قىلىپ ياركەنتنى ئاسانلا قولىغا ئېلىۋالغان مىرزا ئابابەكرى زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان چارە تېپىپ، ئۆگەي ئاتىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى.

## 81

قەشقەر.

ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. سارايىنىڭ تۆرىدىكى يولۋاس تېرىسى سېلىنغان ھەشەمەتلىك كۇرسىدا ئولتۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆزلىرى ھازىرلا بىرىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغان ئەل ـ پازدا چەكچىيىپ قارايتتى. ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە باسقان ئەمىرلەر قول باغلاشقىنىچە باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇشاتتى.

— ئىجازەت، جاي ئالسۇنلار! — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سارايىنىڭ مۇدھىش تىمتاسلىقىنى بۇزۇپ.

— ئەمىرۇل ئۆمەرا جانابلىرىغا ھەشقاللا!

ئەمىرلەر مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى بويىچە جاي ئېلىشتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەمىرلەرنى كۆز ئۆڭىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ـ دە، نەزەرىنى سارايىنىڭ نەقىشلىك گۇلدار تورۇسىغا ئاغدۇردى. شۇ تاپتا ئۇ ئاچچىقىنى كىمدىن ئېلىشنى بىلەلمەي بوغۇلۇپ قالغانىدى.

«ئابابەكرى مىرزىنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ بۇ؟ يېڭى لەشكەرلەر ـ

نى مەشقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغان ئەمەسمىدى؟ ئۇلار-
نى مەشقلەندۈرىدىغانغا قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىن جاي تېپىلمىغاند-
ىەك ياركەنتكە بارغىنى نېمىسى؟ تېخى قولىدا ياركەنتنىڭ ئە-
مىرلىكىگە تەيىنلەنگەن پەرمان بار ئىمىش. مېنىڭ خەۋىرىم يوق
قانداق پەرمانكەن ئۇ؟ بۇ بىراۋلارنىڭ چاقچىقىمىدۇ ياكى پىتنىد-
ىسىمىدۇ؟ يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى يەۋالغان تەقدىردىمۇ بۇنداق باش-
تۇڭلۇق قىلماس. يالغاندىن يارلىق، پەرمان ياساش كاللا كېتىدىد-
غان ئېغىر گۇناھ، ئۇ بۇنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ھاماقەتلىكتە چېكد-
گە يەتكەن ئادەممۇ بۇنداق قاراملىقنى قىلمايدۇ. لېكىن ئۇ نې-
مىشقا ھازىرغىچە قايتىپ كەلمەيدۇ؟ شىكارغا كەتكىنىگىمۇ بىر
ئايدىن ئېشىپتۇ. قائىدە بويىچە ھەپتىدە بىر قېتىم بولسىمۇ
ئەھۋالدىن مەلۇمات يوللاپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇ خەۋەرنى يال-
غانمىكىن دەي دېسەم، مىرزا يانتاقبەگدىن مەلۇمات كەلمىگىلىمۇ
بىر ئاي بولۇپ قالدى. ماقۇل، ئابابەكرى مىرزىنى ياركەنتكە بار-
دىمۇ دەيلى، ئۇنداقتا مىرزا يانتاقبەگ بۇ ئىشتىن نېمىشقا بىزنى
خەۋەرلەندۈرمەيدۇ؟ يالغان پەرماننىڭ ئىشى قانداق گەپتۇ؟ ئە-
مىرزادە راستتىنلا باشتۇڭلۇق قىلغانمىدۇ ـ يە؟ ئۇنچىۋالا قىد-
لىپ، ئالدىراپ كەتمىسىمۇ ياركەنت ھامان ئۇنىڭكى ئىدىغۇ؟ ھې-
لىغۇ ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىكەن، ۋاقتى كەلگەندە پۈتكۈل ماڭلاي-
سۈيەنىڭ سەر ئەمىرلىكىنى بېرىپ ئۈزۈم سۇلتان يۇنۇسخان ئا-
لىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا كەتسەم تامامەن بولاتتىغۇ؟ تەۋسىيە قىلد-
سام خان ئالىيلىرى ھەرگىز ياق دېمەيتتى. ئۇ راستتىنلا مۇ-
شۇنداق قاراملىقنى قىلغان بولسا، بۇ ۋەقەنى خان ئالىيلىرىغا
قانداق چۈشەندۈرەرمەن؟ ساختا پەرماننىڭ ئىشى راست بولۇپ
قالسا، خان ئالىيلىرى ئۇنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. كاللىسىنى
ئالمىغان تەقدىردىمۇ ئۆمۈرلۈك زىنداندا سېلىشى ياكى ياقا
يۇرتلارغا سۈرگۈن قىلىشى مۇمكىن...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇ-
رۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە پۈشۈلداپ

ئۆلتۈرغان ئەمىرلەرگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويىدى.

«ئۇلار شول تاپتا نېمىنى خىيال قىلىۋاتقاندۇ؟ ئابابەكرى مىرزا جېيەنىملا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۆگەي ئوغلۇم. شۇڭلاشقا ئۇلار ئېھتىيات قىلىشىپ ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمايۋاتىدۇ، كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇۋاتىدۇ...»

— كوچا - كويلاردا يەنە قانداق خەۋەرلەر بار؟

ئەمىرلەر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈشتى، بىر - بىرىگە تەشۋىش بىلەن قاراپ قويۇپ زۇۋان سۈرۈشمىدى.

ھەئە، ئىككى كۈندىن بېرى قەشقەر شەھىرىدە مىرزا ئابابەكرى ھەققىدە مىش - مىش پاراڭلار ئاۋۇپ قالغانىدى. بۇنداق پاراڭلارنى شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ تىجارەت قىلىدىغان سودىگەرلەرنىڭ تارقاتقانلىقى ياكى مۇشۇ ئەمىر - بەگلەرنىڭ خاس ئايغاقچىلىرىنىڭ كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئېنىقلىغىلى بولمايتتى. گەپ كۆپىيىپ كەتكەن، ئەمما ئىگىسى يوق ئىدى. ئەمىرلەر ئەتىگەنكى قوبۇلدا بۇ مىش - مىش پاراڭنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا يەتكۈزگەنىدى. لېكىن گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغۇچە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قاتتىق ئاچچىقلاپ كەتتى. شۇڭا، ئۇلار ئاڭلىغانلىرىنى تولۇق يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

— بۇنداق خەۋەر رەئىيەت ئارىسىغا سەۋەبسىز تارقالمايدۇ، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تەلەپپۇزىنى بىرئاز يۇمشىتىپ، — بەلكىم راست بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر راست بولۇپ قالسا دەرھال تەدبىر قوللانماق كېرەك.

— ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى ياتىش بېگى① مىرزا سامساق دوغلات ئورنىدىن تۇرۇپ، — پايلاقچىلىرىمىز ئاغزىدىن يەنە شۇنداق خەۋەرلەرنى ئاڭلىدۇقكى، ئورۇنباسار ئەمىرلەشكەر ئابابەكرى مىرزا ياركەنتكە بارغاندىن كېيىن، ياركەنت ئەمىرى مىرزا يانتاقبەگ غايىب بولۇپ كېتىپتىمىش. نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن، ھەتتا خاتۇن - بالىلىرىدىنمۇ

① ياتىش بېگى — ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى.

خەۋەر يوقمىش.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ زۇۋان سۈر-
مىدى. تەشۋىشتىن بىرئاز قۇتۇلغان ئەمىرلەر ئاڭلىغانلىرىنى مە-
لۇم قىلىشقا كىرىشتى:

ــ يېقىندىلا مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈشكە بۇي-
رۇلغان مىرزا ئەمىن قۇلبەگ، مىرزا قاسىم دوغلات، مىرزا ھۆ-
سەيىنبەگلەرمۇ ياركەنتتىمىش.

ــ ئول ئۈچ ئەمىر ئابابەكرى مىرزا شىكارغا ماڭغان كۈنى
قەشقەردىن غايىب بولغانىكەن.

ــ يېڭى چېرىكلەرنىڭ بىرىمۇ بۇ قېتىمقى رىيازەت شىكا-
رىغا چىقماپتۇ. ئەمىرزادەم ئېلىپ ماڭغانلارنىڭ ھەممىسى جەڭ
ماھارىتىگە پىشقان، خىللانغان خان لەشكەرلىرى ئىكەن.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەمدى ئاچچىقلانمىدى ھەم ئىپادىمۇ
بىلدۈرمىدى. ئەمىرلەر ئاڭلىغان خەۋەرلىرىنى تولۇق يەتكۈزۈش-
كەندى. سارايىنىڭ ئىچىنى يەنە تىمتاسلىق باستى. شۇ دەقىقىدە
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي
قالغاندى. ئۇنىڭ كاللىسىدا تۈرلۈك چىگىش خىياللار ئەلەڭ-
گىيتتى. بىر چۆگۈن چاي قايناپچىلىك ۋاقىت ئەنە ئاشۇ تەرزدە
ئۆتۈپ كەتتى.

ــ پەرمان! ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خىيالدىن باش
كۆتۈرۈپ، ــ ياركەنتكە دەرھال چاپارمەن ماڭدۇرۇلسۇن. مىرزا
ئابابەكرى پەرماننى تاپشۇرۇۋالغان ھامان قەشقەرگە قايتىپ كەل-
گەي. ئۇندىن باشقا جازا دىۋانى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ، ھېلى-
قى ئۈچ ئەمىرنى تۇتۇپ كېلىشكە تۇتقاۋۇللارنى ماڭدۇرغاي، ياتىش
مەھكىمىسى شەھەرگە ياتىشلارنى چىقىرىپ، ھېلىقىدەك پىتنە ــ
پاساتلارنى بېسىقتۇرغاي، ئاساسسىز گەپ تارقاتقۇچىلار ھەپسىگە
ئېلىنغاي!

ئەمىرلەر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق بىلدۈرۈشتى:

ــ پەرمانبەردارمىز!

ــ باشقا مەلۇماتلار بولمىسا يانسۇنلار.
ــ مەلۇم بولغاي، ياركەنتتىن ئاغلاقچى[1] كەلدى. ئەمىر جانابلىرىغا تاپشۇرىدىغان مەكتۇپ بار ئىكەن.

ساراي بېگىنىڭ تۇيۇقسىز يەتكۈزگەن بۇ مەلۇماتى قايتىشقا تەرەددۇتلەنگەن بارلىق ئەمىرلەرنى توختىتىپ قويدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئىككى قوللاپ سۇنۇلغان مەكتۇپقا شۇنداقلا قاراپ چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتتى.

مەكتۇپ مىرزا ئابابەكرىدىن كەلگەنىدى.

«ھەنىم بولسا مەلۇمات يوللاشنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. ئەمدى ھېلىقى مىش ـ مىش پاراڭلارنىڭ راست ـ يالغانلىقى مەلۇم بولىدىغان بولدى. ئابابەكرى مىرزا بۇ مەكتۇپنى ئەجەب ياركەنتتىن ئەۋەتىپتۇ ـ يا، ئۇنىڭ ياركەنتكە بارغىنى راست ئىكەن ـ دە...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ خەتنى ئوقۇشقا ئالدىرىدى.

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى بولمىش ئەزەل سۇلتانىنىڭ بارگاھىغا يېقىن تۇرغۇچى، سەلتەنەتىمىزنىڭ بۈيۈك پاسىبانى، قۇدرەتلىك تاج ئىگىسى بولمىش سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى دەرگاھىنىڭ ئالىي مەرتىۋىلىك ھۆكۈمدارى، ماڭلايسۆيەنىڭ سەر ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرىغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، كەمىنە نۆكەرلىرى مىرزا ئابابەكرى پەرمانىي ئىجازەتلىرى بىلەن رىيازەت شىكارىنى ئادا قىلمىش مۇددىئاسىدا سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم بىلەن ياپچان[2] تەۋەسىگە چۈشكۈن قىلغان ئەردىم، يول ئۈستىدە ياركەنتتىن ئالدىراش كېلىۋاتقان ئايغاقچى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئەسلىدە ئۇ جانابلىرى-*

---

① ئاغلاقچى ــ خەت ـ ئالاقە توشۇغۇچى.
② ياپچان ــ ھازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيە تەۋەسىدىكى بازار.

غا تولىمۇ جىددىي بىر مەلۇماتنى ئېلىپ ماڭغانىكەن. كە ـ
مىنىلىرى جانابى سەر ئەمىرگە ھەم جىيەن، ھەم پەرزەنت،
ئەڭ مۇھىمى لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئورۇنباسارى بولغانلىقىم
ئۈچۈن ئول مەلۇماتتىن خەۋەر تېپىشقا جۈرئەت قىلدىم.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئول ئايغاقچىنىڭ كەمىنە پەرزەنتلىرى بى ـ
لەن يېقىن بۇرادەرچىلىكى بار ئىدى. شۇڭا مېنى سەر ئە ـ
مىرنىڭ يېقىنى بىلىپ، ئېلىپ ماڭغان مەلۇماتىدىن خە ـ
ۋەرلەندۈردى. مەلۇم بولدىكى، ياركەنت ئەمىرى مىرزا ياد ـ
ىقابەگ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاغا ـ ئىنى ئەمىرلىرى بول ـ
مىش خاننەزەر مىرزا، قۇلنەزەر مىرزىلار بىلەن يوشۇرۇن
تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىسيان قىلىشقا ئەھدى قىلىشىپ،
جىددىي ھازىرلىق كۆرۈشۈۋېتىپتۇ. مۇناپىق ئەمىرلەرنىڭ
بۇ رىياكارلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈدۈم، ئول ئايغاقچىنى
دەرگاھلىرىغا ماڭغۇزاي دېسەم، ئۇشبۇ مەلۇماتنىڭ ئاشكا ـ
رىلىنىپ قېلىشىدىن ۋايىم يېدىم. چۈنكى، ياركەنت، خوتەن
ئەمىرلىرى بىلەن ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىدىكى بىر
قىسىم ئەمىرلەرنىڭ يېقىن بۇرادەرچىلىكى بارلىقى جاناب ـ
لىرىغىمۇ ئايان. ناۋادا ئول ئەمىرلەر بول ئىسياندىن جاناب ـ
لىرىنىڭ خەۋەر تاپقانلىقىنى ئول مۇناپىقلارغا يەتكۈزۈپ
قويسا ئۇلار سەگەكلىشىپ، ئالدىن ھازىرلىق كۆرۈۋېلىشى
مۇمكىن. لەشكەرلەرنى ئېلىپ دەرھال ئارقامغا ياناي، جاناب ـ
لىرىغا ئەرزىمەس مەسلىھەتلىرىمنى بېرىپ، ئاگاھلاندۇراي
دېسەم، شىكارغا چىقا ـ چىقمايلا بىسەۋەب قايتىپ كەلگى ـ
نىمدىن مەھكىمىدىكى ئول ئەمىرلەرنىڭ بەتگۇماندا بولۇپ
قېلىشىدىن ۋايىم يېدىم. ئاخىرى يېنىش ـ يېنىش ئويلى ـ
نىپ شۇنداق قارارغا كەلدىمكى: جانابى سەر ئەمىر يار ـ
كەنت، خوتەن ئەمىرلىرىنىڭ بول كۈپىرانە مۇددىئاسىدىن
خەۋەر تاپسا، بالا ـ قازانىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنى يىلت ـ
ىزىدىن يوقىتىش ئۈچۈن چوقۇم لەشكەر تارتىشنى ئىخ ـ

تىيار قىلىدۇ. مۇناپىقلارنى جازالاپ، ئەل ـ يۇرتنى ياغىدىن دەپئى قىلىش بەربىر لەشكىرىي دىۋاننىڭ ۋەزىپىسىدۇر. كەمىنە پەرزەنتلىرى لەشكىرىي دىۋاننىڭ ئورۇنباسار ئەمىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن، جازا يۈرۈشى قىلىش يەنىلا مېنىڭ زىممەمگە يۈكلىنىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، ھېلى ئالدىمغا، ھېلى ئارقامغا يېنىپ يۈرگىچە مىرزا يانتاقبەگنىڭ بىتۇيۇق تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ياركەنتكە بېرىپ ئول مۇناپىق ئەمىرنى قولغا ئالاي دېگەن قارارغا كەلدىم ۋە قاپ يۈرەكلىك بىلەن جانابلىرىنىڭ نامىدا ساختا پەرمان تەييارلاپ، چاقماق تېزلىكىدە ياركەنتكە يۈرۈش قىلدىم. ساختا پەرمان ياساشتىكى مۇددىئا ــ ياركەنت شەھىرىنى ياغىدىن ئېلىش ئىدى. چۈنكى، ياغى، بىرىنچىدىن، ئورۇنسىز قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئاۋام ـ رەئىيەت ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، مۇقىمسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ياغى بولۇپ قالسا، ئىسيان تۇغىنى تىكلەشكە ئۇرۇنۇپ، رىياكارلىق قىلىچىنى بىلەۋاتقان خوتەن ئەمىرلىرى سەگەكلىشىپ قالىدۇ. خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكرىكى، ئاۋۋال ئاللاھنىڭ ھىممىتى بىلەن، ئاندىن قالسا جانابلىرىنىڭ ھۆكۈم سۈرى بىلەن ساختا پەرمان ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ، ياركەنت شەھىرىگە ياغىسىز كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. لېكىن مىرزا يانتاقبەگ پەرماننىڭ ساختىلىقىنى ئاسانلا بىلىۋالدى ۋە ھىيلىگەرلىك قىلىپ قاچماقچى بولدى. ئەلۋەتتە قاچسا ئۇدۇل خوتەن ئەمىرلىرىنىڭ دەرگاھىغا باراتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سەلتەنەتىمىز بىلەن قارشىلىشاتتى. شۇڭا ئۇنى دەرھال تۇتۇپ سوراق قىلىشلىرى ئۈچۈن قەشقەرگە ئەۋەتمەكچى بولدۇم. لېكىن ئۇ نىيىتىمنى بىلىپ قېلىپ نۆكەرلىرى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. ئەنە ئاشۇ توقۇنۇشتا ئادالەت قىلىچىمىزنىڭ زەربىسىدە كاللىسىدىن ئايرىلدى.

ئەمىرۇل ئۇمەرا جانابلىرىنى بۇ ئىشتىن ۋاقىپلاندۇ ـ
رۇشقا ئالدىرىغان بولسامىۇ، ياركەنتتىكى قالايمىقانچىلىق ـ
نى تۈزەشكە خېلى ۋاقتىم كەتتى. ئەمدى قىلچىلىك ۋايىم
يېمىگەيلا. ياركەنت ھازىر ئىنتايىن تىنچ، ئاۋام ـ رەئىيەت ـ
مۇ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىۋاتىدۇ.

خوتەندىكى ئول ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنىڭ ئۆزلىرى ـ
نىڭ مەرتىۋىسىنى جانابى سەر ئەمىر بىلەن تەڭ ئورۇندا
قويۇپ تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق قىلغىنىدىن، ماڭلايسۆيە
ئەمىر مەھكىمىسىنى ئېتىراپ قىلماي جانابلىرىغا ئىتائەت
قىلىشتىن باش تارتىپ، بىۋاستە سۇلتان يۇنۇسخان ئا ـ
لىيلىرىغا ئەرز ـ مەلۇمات يوللاپ پەرمانبەردارلىق قىلغىـ ـ
نىدىن خەۋىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ بول سەركەشلىكىدىن كۆپ
رەنجىگەن ئىدىلە. مانا ئەمدى ئۇلار بۇنى ئاز دەپ، تېخىمۇ
ھەددىدىن ئېشىپ، سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىدىنمۇ يۈز
ئۆرۈپ، بۈيۈك سەلتەنەتنى پارچىلاپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل
ھاكىمىيەت تىكلەش غەرىزىدە بولۇپتۇ. كەمىنە نۆكەرلىرى
خوتەندە باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان ئول ئاپەتنىمۇ يىلتىزى ـ
دىن قومۇرۇپ تاشلاشقا تەييارلىنىۋاتىمەن.

جانابى سەر ئەمىرنىڭ باغرىنىڭ يۇمشاقلىقى، تولىمۇ
مېھرىبانلىقى كەمىنىلىرىگە بەش قولدەك ئايان. تا ھازىر ـ
غىچە تۇغقاندارچىلىق مېھرىدىن كېچەلمەي، ئول ئاغا ـ
ئىنىلەرگە يول قويۇپ كەلدىلە. خاننەزەر مىرزا بىلەن قۇل ـ
نەزەر مىرزىلارنىڭ ئىتائەتكارلىقى ئۇلارنىڭ ئەجدادىدىن
بۇيانقى قائىدە ئىدى. ھازىر ئۇلار ئەدەپنىڭ تاشقىرىسىغا
چىقىپ كەتتى. ئەمدى يەنە سۈكۈت قىلىشنىڭ، يول قو ـ
يۇشنىڭ ئورنى قالمىدى. ئەگەر ئىجازەت بەرسىلە، لەشكەر
تارتىپ بېرىپ ئۇلارنى جانابلىرىغا ئىتائەت قىلدۇرغايمەن.
پەرمانلىرىنى كۈتىمەن.

ئىجازەتلىرىنى ئالماي قىلغان باشباشتاقلىقىمغا يې ـ

*نىش ـ يېنىشلاپ كەچۈرۈم سورايمەن. ئاۋادا بۇ ئىشىم گۇ-*
*ناھقا بۇيرۇلسا، بېرىلگەن ھەرقانداق جازاغا رازىمەن.*
*ساداقەتمەن نۆكەرلىرى ھەم پەرزەنتلىرى مىرزا ئابا-*
*بەكرىدىن دەپ بىلۈرلا.»*

مەكتۇپنى ئوقۇپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى، ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان گۇمانلار، ئەندىشىلەر بىردىنلا تارقاپ كەتتى. شۇ دەقىقىدە ئۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ يازغانلىرىغا قىلچىلىك گۇمانلانمىغانىدى.

— ئورۇنباسار ئەمىر لەشكەر ئابابەكرى مىرزا سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن چوڭ بىر ئاپەتنى يوقىتىپتۇ، — ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا قولىدىكى مەكتۇپنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ پەرمانچى بەگكە سۇندى، — ئۇشبۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ بەرسۇنلار، مەزمۇنىدىن جانابى ئەمىرلەرمۇ ۋاقىپلانغاي.

پەرمانچى بەگ مىرزا ئابابەكرىنىڭ مەكتۇپىنى ئۈنلۈك ئو-قۇشقا باشلىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ ئاۋازى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ باشباشتاق-لىقىغا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، قىلغان ئىشىغا قايىل بولۇپ قالغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، خوتەن ئەمىرلىرىگە بولغان قەلبى-دىكى ئاداۋەت ئوتلىرى ئۇلغىيىشقا باشلىغانىدى.

ھەئە، خوتەندىكى خانىنەزەر، قۇلىنەزەر مىرزىلار مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن تۇغقان كېلەتتى. ئۆز ۋاقتىدا بۇزرۇكۋار بو-ۋىسى — ئۇلۇسبېگى خۇدايداد ئوردىدىكى يۇقىرى ئىمتىيازىغا تا-يىنىپ دوغلات ئۇرۇقىدىن بولغان بارلىق تۇغقانلىرىغا ماڭلايسۇ-يەدىكى شەھەر ـ ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى ئېلىپ بەرگەن بولۇپ، كىچىك ئوغلى سەيىد ئەھمەد مىرزىغا قەشقەر بىلەن ياركەنتنى، ھاممىسىنىڭ ئىككى ئوغلى ئىلياسشاھ بىلەن خىزىرشاھقا ئاقسۇ بىلەن خوتەننى بېرىپ، بۇ ئىككى جىيەننى كىچىك ئوغلى سەيىد ئەھمەد مىرزىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە قى-

لىپ بەرگەندى. ھاسىل كالام، ماڭلايسۆيەنىڭ باش ئەمىرلىكى
ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئەمىر
سەييىدئەلى ئالپ سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى ئاقسۇغا ئېلىپ كې-
لىپ، ئاقسۇنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن ئىلياسشاھنىڭ ئاق-
سۇغا ئەمىر بولۇپ تۇرغان نەۋرىسىنى ئوردىدا يۇقىرى مەنسەپكە
تەيىنلىگەندى. ئەمما خوتەننىڭ ئەمىرلىك مەنسىپى يەنىلا خى-
زىرشاھ ئەۋلادىنىڭ قولىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. خاننەزەر
مىرزا بىلەن قۇلنەزەر مىرزىلار دەل ئاشۇ خىزىرشاھنىڭ نەۋرى-
لىرى ئىدى. كۆچتۆڭگۈرلۈكى ۋە جەڭبازلىق ماھارىتىنىڭ يۇقى-
رىلىقى بىلەن يالغۇز خوتەندىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئۇيغۇر ئېلىگە
داڭقى پۇر كەتكەن بۇ ئاكا ـ ئۇكا مىرزىلار ئۆزلىرىنى بۈيۈك ئە-
مىر سەييىدئەلى ئالپقا تەققاسلاشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە شۇ سە-
ۋەبتىن ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايتتى. ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان
خوتەننىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى باشقا ۋىلايەتلەر بىلەن تەڭ دەرىجىدى-
كى ۋىلايەت تۇرۇقلۇق بىۋاسىتە ئوردىغا قارىماي، قانداقتۇر ئۇ-
لۇسبېگى خۇدايداد ئەۋلادلىرىنىڭ ھوقۇق ـ ئىمتىيازىنىڭ سىم-
ۋولى بولۇپ قالغان ئاتالمىش ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىگە
قاراشلىق بولۇپ قالغانلىقىدىن تەڭسىزلىك ھېس قىلىشاتتى.
شۇڭلاشقا ماڭلايسۆيە تەۋەسىدىكى ۋىلايەت، شەھەر، تۇمەن[1] ئەمىر-
لىرى ئوردا بەلگىلىگەن قائىدە بويىچە يىلدا بىر قېتىم قەشقەرگە
كېلىپ ماڭلايسۆيە ئەمىرىگە سالام بېرىپ، بىر يىللىق خىزمىتى-
دىن مەلۇمات بېرىپ يانسا، ئۇلار قەشقەرگە بارماي ئۇدۇل سۇلتان
يۇنۇسخاننىڭ ئوردىسىغا سالامغا باراتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن مۇھەم-
مەد ھەيدەر مىرزا بۇ ئاكا ـ ئۇكا مىرزىلارنىڭ ئۆزىنى ئېتىراپ
قىلمىغىنىدىن تولىمۇ خاپا ئىدى. ھەئە، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا
نامىدا يېزىلغان ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ ھەرقانداق
پەرمانلىرىنى ئاكا ـ ئۇكا مىرزىلار ئېتىراپ قىلمايتتى. مىرزا
ئاباەكرى ئۆگەي دادىسىنىڭ قەلبىدىكى بۇ غۇم ـ ئاداۋەتتىن پاي-

① تۇمەن ـــ ناھىيە.

دىلىنىپ، ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى يوشۇرۇش مۇددىئاسىغا تولۇق يەتكەنىدى.

خەتنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەر تاپقان ئەمىرلەر بىر ـ بىرى بىلەن يوشۇرۇن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى. ئۇلار مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىگە ئانچە ئىشەنمىگەنىدەك قىلاتتى. لېكىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بىردىنلا روھلىنىپ كەتكەنىنى كۆرۈپ گۇمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا پېتىنالمىدى.

— خوش، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەددىنى رۇسلاپ، — ئابابەكرى مىرزىنىڭ باشتۇقلىقى گۇناھ ھېسابلانسىمۇ، لېكىن بۈيۈك سەلتەنەتكە پۇت ئاتماقچى بولغان رىياكار ئەمىر مىرزا يانتاقبەگنى يوقىتىپ ئەل ـ يۇرتنى ئاپەتتىن خالاس قىلغانلىقى ئىنئامغا لايىق تۆھپىدۇر. خوتەندىكى ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىنى كۆزگە ئىلماي بىز بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ كېلىشىدە باشقىچە مۇددىئا يوشۇرۇنغانىكەن. مانا بۇ يامان نىيەتلەرمۇ ئايان بولدى. ئورۇنباسار ئەمىر لەشكەرنىڭ مەقسىتىدىن خەۋەردار بولۇشتىلا، قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىشكەيلا.

— سەر ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، گەرچە ئابابەكرى مىرزا ئاشۇنداق جاسارەت بىلەن سەلتەنەت دۈشمەنلىرىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئىجازەتسىز لەشكەر تارتقانلىقى ھەمدە ساختا پەرمان ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئېغىر گۇناھتۇر، — دېدى قارا دىۋان ئەمىرى مەسۇم باھادىر، — شۇڭا ئاۋۋال ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ گۇناھىنى تەپتىش قىلماق لازىم. خوتەنگە لەشكەر تارتىشقا باشقا سەركەردە تەيىن قىلايلى...

— ئۇنداقتا خوتەن ئەمىرلىرىگە يوشۇرۇن خەۋەر يەتكۈزۈشكە پۇرسەت يارىتىلىپ قالماسمۇ، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ياقتۇرمىغان قىياپەتتە، — مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن تولۇق خەۋەر تاپقانلا. سارىيىمىزدا ئول رىياكار، مۇناپىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداقلارنى يوق دېگەندىمۇ، گەپ دېگەن بىر يەردە تۇرمايدۇ. مۇددىئايىمىزدىن ئول

ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار خەۋەر تېپىپ قالسا ھازىرلىق كۆرۈۋالىدۇ ـ دە، ئۇلارنى بويسۇندۇرماق تەسكە چۈشىدۇ.

مەسئۇم باھادىر يەنە گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ توختىۋالدى. بۇنى سەزگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا چىرايىغا سۈس كۈلكە يۈگۈرتتى:

ــ دەيدىغان گەپلىرى بولسا دەۋەرسىلە، مەنمۇ كۆڭلۈمدى ـ كىنى دەۋاتىمەن. ئېيتقانلىرى بەرھەق، ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئول ئىككى قىلمىشى ئېغىر گۇناھ، ئەلۋەتتە تەپتىش قىلىپ، جازاغا تارتماق لازىم.

ــ بوپتۇ ئەمىسە. گۇناھقا بۇيرۇسىلىمۇ دەۋېرەي، ــ دېدى مەسئۇم باھادىر بىر قارارغا كېلىپ، ــ ئەمەلىيەتتە، ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقىمۇ يەنە بىر گۇناھى بار.

ــ خوش، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دىققىتىنى يىغىپ.

ــ ئابابەكرى مىرزا جانابى سەر ئەمىردىن ئەسلىدە چېرىك ـ لەرنى مەشىقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغانىكەن. ئەمما ئۇ ـ قۇشىمىزچە، رىيازەت شىكارىغا ئېلىپ ماڭغىنى چېرىك بولماس ـ تىن، تامامى دېگۈدەك مۇنتىزىم تەلىم كۆرگەن، پۇختا مەشىقلەن ـ گەن، يۇقىرى ماھارەت ئىگىلىگەن سەر خىل لەشكەر ئىكەن. بۇ ـ نىڭدا ئۇنىڭ باشقا غەرىزى بارمۇ ـ يوق، بۇ تەرىپى بەكمۇ گۇماز ـ لىقتۇر. مەكتۇپىدا بۇ ھەقتە پەقەتلا چۈشەنچە بەرمەپتۇ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى.

«راست، بۇ تەرىپىگە ئەجەب دىققەت قىلماپتىمەنغۇ، ئۇ نې ـ مىشقا چېرىك مەشىقلەندۈرىمەن دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە سەرخىل لەشكەر ئېلىپ ماڭىدۇ؟ نېمىشقا بۇ ھەقتە چۈشەنچە بەرمەيدۇ، يا ـ كى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدىمۇ ـ يا...»

ــ ئىجازەت بېرىدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىپ، كەرەملىك سەر ئەمىر جانابلىرىنىڭ سەمىگە مۇنداق بىر ئەرزىمەس ئويۇمنى سال ـ غۇم كەلدى، ــ دېدى ئىشىكئاغىسى ئابدۇساتتار بەگ سۆز ئې ـ لىپ، ــ سەر ئەمىر جانابلىرى مەنسىپىدىن قالدۇرۇپ تەپتىش ـ لىككە بۇيرۇغان مىرزا ئەمىن قۇلبەگ قاتارلىق ئۈچ ئەمىرمۇ ھا ـ

زىر مىرزا ئابابەكرىنىڭ يېنىدا ئىكەن. ئورۇنباسار ئەمىرلەشكەر نېمە سەۋەبتىن ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغاندۇ؟ بۇ تەرىپىنىمۇ ئويلىنىپ كۆرگەيلا.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. ئەمىرلەر-نىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنى ئاغدۇرۇۋەتكۈسىز پاكىت ئىدى. بۇلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە پەقەتلا بولمايتتى.

«ئابابەكرى مىرزىنىڭ زادى نېمە مۇددىئاسى باردۇ؟ نېمىشقا مەندىن بۇ ئىشلارنى يوشۇرىدۇ؟ نېمىشقا ھېلىقى ئۈچ ئەمىرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالىدۇ؟ بۇلارنىڭ گۇمانىنىڭ ئاساسى بار. ئۇ-نىڭ مەكتۇپتا كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كەت-مىسەم بولغۇدەك. توختا... ئالدىراقسانلىق قىلماي زادى...»

ـــ ياركەنت ئەمىرى مىرزا يانتاقبەگ تا بۈگۈنگىچە سەلتەنەت ئۈچۈن ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن، ـــ دېدى مۇپەتتىش دىۋانىنىڭ ئەمىرى ئوبۇلھادى دادخاھ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، ـــ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۈستىدىن مەھ-كىمىمىزگە ئانچە ـ مۇنچە ئەرز ـ شىكايەتلەرنىڭ كەلگىنىمۇ راست. دىۋان مەھكىمىمىز مىرزا يانتاقبەگكە چېتىشلىق مۇھىم بىر خۇن دەۋاسىنى تەكشۈرۈۋاتقاندۇق. رەئىيەتنىڭ ئەمەلدارلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشى تەبىئىي ئەھۋال، راست ـ يالغىنى ھامان ئايرىلىدۇ. خوتەندىكى ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنىڭ ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىگە سەركەشلىك قىلغىنى راست. ئەمما ياركەنت ئەمىرىنىڭ سەلتەنەتكە رىياكارلىق قىلىشىغا گۇمانىم باردۇر. شۇڭا، سىز ئەمىر جانابلىرى ئالدىراپ پەرمان چۈشۈرۈشتىن ساق-لىنىپ، بۇ ۋەقەنى ئوبدانراق تەھقىقلەپ كۆرگەيلا.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەمدى ئۆزىنى توختىتىۋالغانىدى. مىرزا ئابابەكرى بىلەن ئوتتۇرىسىدا ھەم تۇغقاندارچىلىق، ھەم ئا-تا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، بۇ ئىشتا تېخىمۇ ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى.

«كىمگە ئىشەنسەم بولۇر زادى؟ ئابابەكرى مىرزىنىڭ يازغاندى-لىرىنى راست دەي دېسەم، ئەمىرلەر بىرمۇنچە يوچۇقلارنى، گۇ-

مانىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مۇشۇ بىرنەچچە گۇمانىي پاكىتنى دەپلا ئۇنى ئەيىبلىسەم، ناۋادا مىرزا يانتاقبەگنىڭ ھەقىقەتەن ئىسيانغا تەييارلانغىنى راست بولسا، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلغان بولىمەن. ئول چاغدا ئوتتۇرىمىزدا ئاداۋەت تۇغۇلىدۇ. ۋالىدەسى ئايجامال ئاغىچىمۇ مەندىن رەنجىيدۇ. مەرھۇم جەننەتماكان ئاغامنىڭ روھىمۇ قورۇنىدۇ. ھە راست، ئوبۇلھادى دادخاھنىڭ تەۋسىيىسى ئورۇنلۇقتەك قىلىدۇ. شۇنداق قىلاي، ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارماي. ئاۋۋال ئىشەنچلىك ئەمىردىن بىرىنى ياركەنتكە ئەۋەتىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ نىيىتىنى بىلىپ باقاي، مىرزا يانتاقبەگ ۋەقەسىدىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاپ چىقاي، ئاندىن مۇناسىپ تەدبىر قوللانسامۇ كېچىكمەيمەن. خوش، ياركەنتكە كىمنى ئەۋەتسەم بولۇر؟ ئەڭ ياخشىسى ماڭا ساداقەتمەن، ئابابەكرى مىرزىنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان بىر ئادەم بولسا بولاتتى...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سارايدىكى ئەمىرلەرگە بىرمۇبىر نەزەر تاشلىدى. ئەمىرلەرنىڭ ئەڭ كەينىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان يىگىتكە قاراپ ئويلىنىپ قالدى.

«ئۇ بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟ ئۇنىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلانمايمەن، تاپشۇرغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقىدىن ئەنسىرەيمەن...»

دىلىغۇللۇق ئىلكىدە دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمىگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئېگىز بويلۇق يىگىتكە يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراپ قويدى.

ھەئە، بۇ يىگىت باشقا بىرى ئەمەس، دەل مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىنىسى ئۆمەر مىرزا ئىدى. ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىدە ئۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمىرلەردىن ھېسابلىناتتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭ مەنسىپىنى ئۆستۈرۈپ قويماقچى بولغاندا، ئۇ تۆھپە كۆرسەتمەي تۇرۇپ مەنسىپىنى ئۆستۈرۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ سىلىقلا رەت قىلغانىدى.

«بۇ ئىشقا ئۆمەر مىرزىدىن مۇۋاپىق ئادەم يوقتەك قىلىدۇ. ھەر ھالدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ خىيالىنى بىلىپ باقاي. ئابابەكرى

مىرزا ئالدىراپ بىرىگە سىر بەرمەيدۇ. باشقىلارنى ئەۋەتسەم ئېھتىيات قىلىشى، گۇمانلىنىشى مۇمكىن. بۇلار ئاغا ـ ئىنى بولغاندىكىن كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ كەتمەس، مۇھىمى گۇمانلانماس...»

— جانابى ئەمىرلەرگە ئىجازەت. قالدى ئىشلارنى ئەتىگىچە مەشۇەرەت[1] قىلارمىز.

ئەمىرلەر گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، سالام بېرىپ ئامانلىق تىلەشكەندىن كېيىن چىقىپ كېتىشتى.

ئۇ چۇشلۇك تاماقنى بىللە يېيىش باھانىسى بىلەن ئۆمەر مىرزىنى يېنىغا چاقىرتتى.

— ئەمىرزادەم ئەتىگەن سارايدا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرگە قانداق قارايدىكىن؟ — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئالدىدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغان يىگىتكە قاراپ.

— ئول ئەمىرلەرنىڭ گۇماننىڭ ئاساسى بار، — دېدى ئۆ-مەر مىرزا ئويچانلىق بىلەن، — گەرچە ئاغامنىڭ جانابى سەر ئە-مىردىن ئىجازەتسىز لەشكەر تارتقىنىنى ھەمدە ساختا پەرمان يا-ساپ ياركەنتنى ياغىسىز قولغا ئالغىنىنى توغرا چۈشىنىشكە بولسىمۇ، لېكىن رىيازەت شىكارى ئۈچۈن چىرىكنىڭ ئورنىغا سەر خىل لەشكەر ئېلىپ ماڭغىنى، ھېلىقى خىيانەتكار ئۈچ ئە-مىرگە يېقىنچىلىق قىلىپ كەتكىنى بەكمۇ غەلىتىدۇر. مىرزا يانتاقبەگنىڭ ئىشىغا كەلسەك، بۇنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۇرۇپ تەھقىقلەش زۆرۈردەك تۇرىدۇ.

— مېنىڭ ئويۇممۇ ھەم شۇ، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆمەر مىرزىنىڭ مۇلاھىزىسىگە قايىل بولۇپ، — چوڭ ئە-مىرزادىنىڭ مەكتۇپىغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقارساق، مەھكە-مىدىكى ئەمىرلەر ئۇچۇق ـ ئاشكارا بىر نېمە دېيىشكە پېتىنال-مىغىنى بىلەن، كۆڭلىدە قايىل بولمايدۇ. پەرزەنتىگە يان باستى، سەلتەنەت قانۇن ـ يوسۇنلىرىنى كۆزگە ئىلمىغىنىنى بىلىپ تۇ-رۇپ كارى بولمىدى، دەپ پىتنە قىلىشىدۇ. مىرزا يانتاقبەگنىڭ

① مەشۇەرەت — مەسلىھەت، كېڭەش.

ھەقىقـەتەن ئاشۇنـداق جىنايـىتى بار دېگەن تەقـدىـردىمۇ، ئـۇنـى جازالاپ ياساقتا يەتكۈزۈش[1] ھېلـىغۇ ئورۇنـباسار ئەمـىرلەشكـەر-كەن، مېنىڭمۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. قائىدە بويىچە ئۇنىڭ جىنايـى قىلمىشلىرىنى تەھقىقلەپ، دەلىل - پاكىتلار بىلەن قوشۇپ خـان ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتىش كېرەك ئىدى. يۇقىرى دەرىجە-لىك ئەمىرلەرنىڭ قىلمىشىغا ھۆكۈم چىقىرىش، كاللىسىنى ئې-لىشقا بۇيرۇش پەقەت جانابى قىبلىگاھىمىزنىڭلا ئىمـتىيازىـدۇر. ئابابەكرى مىرزا بۇ ئىشتا زىيادە ئالدىراقسانلىق قىلـىپتۇ. جەن-نەتماكان ئاغام سانىز مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىككى ئە-مىرزادەمگە تاغىلىق مېھرىمنى يەتكۈزەلمىگىنىم راست. كېيىن سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئالىيلىرى شەپقەت كۆرسىتىپ، ئابا-بەكرى مىرزىغا سىڭلىسى مەلىكە ھۆسنىنىگار خېنىمنى نىكاھلاپ بېرىپ، ئۇنى كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن تاغا - جىيەن ئىككىمىز باجا بولۇپ، خان جەمەتىگە تەۋە بولدۇق. سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى مېھىر - شەپقەت كۆرسىتىپ، ۋالىدەلىرىنى ماڭا نىكاھلاپ بەردى. مەرھەمەتلىك تەڭرىنىڭ ھىممىتى بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ قالدۇق. ھەرقاچان سىلەرگە ئاتىلىق مېھرىمنى بېرىشكە تىرىشىپ كەلدىم. سىلىمۇ مېنى ئۆز ئاتىلىرى ئورنىدا كۆرۈپ كەلدىلە. بۇنىڭدىن ئۆزۈمنى بەختىيار ھېس قىلىمەن. ئاغىلىرى ئابابەكرى مىرزىنىڭ يار-كەنتكە ئەمىر بولۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقى كۆڭلىمىزگە خېلى بۇرۇنلا ئايان ئىدى. ئەمما ئۇنى ياركەنتكە ئەۋەتىشكە ئالدىرىماس-لىقىمىزدا باشقا ئەمىرلەرنىڭ قايىل بولماي پىتنە قىلىشىدىن ۋايىم يېگەنىدۇق. چۈنكى، چوڭ ئەمىرزادە مېنىڭ پەرمانىم بىلەن ئەمەس، خان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى بىلەن ياركەنتكە ئەمىر بولسا باشقىلارنىڭمۇ ئاغزى تۇۋاقلىناتتى. ئۇنى ياركەنتكە بېرىشقا ئال-دىراپ قېلىپ ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلدىمىكىن دەپ گۇمانلىنىـ-مەن. لېكىن بۇنى رەسمىي تەھقىقلىمەي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلماق

① ياساقتا يەتكۈزۈش ــ كاللىسىنى ئېلىش.

مۇشكۇلدۇر.
— بۇ گۇمانلىرىنىمۇ خاتا دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۆمەر مىرزا، — ئەڭ ياخشىسى ياركەنتكە ۋاقتىدا مۇپەتتىش ئەۋەتەيلى، ئىش ئايدىڭلاشسا سىلىمۇ گۇماندىن ساقىت بولىدىلا. باشقا ئە-مىرلەرنىڭمۇ پىتنىسىدىن ساقلىنالايدىلا. ئەڭ مۇھىمى، خان ئا-لىيلىرىنىڭ ئالدىدا خىجالەت تارتىپ يۈرمەيدىلا.

ئۇ ئۆمەر مىرزىدىن دەل مۇشۇ جاۋابنى كۈتكەنىدى.

— ياركەنتكە مۇپەتتىش ئەۋەتسەم، چوڭ ئەمىرزادىنىڭ گۇ-مانلىنىپ قېلىشىدىن ۋايىم يەيمەن. سىلىمۇ بىلىدىلا، بۇ بەكمۇ نازۇك ئىش. ياركەنتكە بارغان خان مۇپەتتىشى ئابابەكرى مىرزد-نىمۇ گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىقى ھەم بىز گۇمان قىلغان ئىشلار-نىمۇ ئاستىرتىن ئېنىقلىشى كېرەك. شۇڭا، مۇۋاپىق كەلگۈدەك بىر ئادەمنى دىتلىيالمايۋاتىمەن.

ئۆمەر مىرزا ئويچانلىق بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— بابا سارايدا دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي تۇرۇپ قېلىد-شىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، — بۇ ئىش بېشىمنى بەكلا قاتۇرۇۋەتتى.

— ئەگەر كەمىنە پەرزەنتلىرىگە ئىشەنچ قىلالىسىلا، ئاشۇ باش قېتىنچىلىقلىرىنى يەڭگىللىتىشكە تەييارمەن، — دېدى ئۆ-مەر مىرزا.

— بۇ ئىشقا ئەمىرزادەم بېلىنى باغلىسا كۆپ خۇرسەن بولاتتىم، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، — ھەم سەلتەنەت ئۈچۈن چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولاتتىلە.

— ئويلاپ باقسام، ياركەنتكە بېرىشقا مەندىنمۇ مۇۋاپىق ئا-دەم يوقتەك قىلىدۇ، — ئۆمەر مىرزا بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى، — ئەمما ياركەنتكە مۇپەتتىشلىك سالاھىيەت بىلەن ئەمەس، ئىنىلىق، قېرىنداشلىق سالاھىيەت بىلەن باراي. شۇنداق قىلسام ھەم ئاغام شەكلەنمەيدۇ، ھەم بۇ ئىشلارنى ئېنىقلىماق ئا-سان بولىدۇ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قىيىن بىر مەسىلىنى ھەل قىلغاد-

ـدەك يەڭگىل تىن ئالدى.

— مەيلى، دېگەنلىرىدەك بولسۇن، ئەمما كۆپ ئېھتىيات قىلسىلا. ئىمكان بار تېز بېرىپ، تېز قايتىپ كەلگەيلا.

— پەرمانبەردارمەن! — دېدى ئۆمەر مىرزا بېشىنى تەۋازۇ بىلەن ئېگىپ، — جانابلىرىنىڭ غېمىنى ئاز - تولا يەڭگىللىتە-لىسەم تولىمۇ شەرەپ ھېس قىلىمەن، ئەمما ئۆتۈنىدىغان كىچىك-كىنە بىر ئىلتىماسىم بار.

— قېنى خوش.

— كەمىنەلىرىنىڭ ياركەنتكە بېرىش مۇددىئاسى ھەرقانداق ئادەمدىن سىر تۇتۇلغان بولسا.

— مۇددىئالىرى ئايان بولدى. سىلى ياركەنتكە پەقەت ئاغىلى-رىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈنلا بارىدىلا. ئاغا - ئىنىلەرنىڭ بىر - بىرىنى يوقلاپ تۇرۇشى ئەزەلدىن بار ئىش. بۇنىڭدىن ھېچكىم شەكلەنمەس، راست گەپنى قىلسام، دەسلىپىدە سىلىنى بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالۇرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلغانىدىم. ئەمدى كۆڭلۈمدە تولۇق ئىشەنچ پەيدا بولدى. قاچان يولغا چىقاي دەيدىلا؟

— سەلتەنەت ئىشلىرىنى كېچىكتۈرۈپ بولماس. ۋالىدەم بى-لەن خوشلىشىۋېلىپ بۈگۈن كەچتىلا يولغا چىقايمىكىن دەيمەن.

— شۇنداق قىلسىلا، ۋالىدەلىرىگە كىچىك ئەمىرزادەم ئا-غىسىنى سېغىنغان ئوخشايدۇ، يوقلاپ كېلىشكە ئىجازەت بەردىم، دەپ قوياي. سوۋغات تەييارلاپ قويسۇن، ماڭار ۋاقتىدا ماڭا بىر يولۇقسىلا. ئابابەكرى مىرزىغا بىر پارچە مەكتۇپ تەييارلاپ قو-ياي، ئالغاچ كەتسۇنلار.

— غىزا تەييار بولدى، — دېدى بىكاۋۇل بەگ، — داستى-خاننى باغقا سالامدۇق ياكى پېشايۋان ئاستىغىمۇ؟

— مەشەگىلا داستىخان سېلىڭلار. باشقىلار ھەمراھ بولمى-سىمۇ بولىدۇ، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆمەر مىرزا بى-لەن غىزالانغاچ تېخىمۇ ئىنچىكىرەك مەسلىھەتلىشىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ.

## 82

ياركەنت شەھىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە جايلاشقان جاھانباغ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھەشەمەتلىك باغ ئىدى. جاھانباغ كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى بىلەنلا ئەمەس، ئەھيا قىلىنغان مېۋىلىك دەل ـ دەرەخلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە تۈرىنىڭ خىللىقى بىلەنمۇ پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا يېگانە ھېسابلىناتتى. قۇرۇلمىسى بىر ـ بىرىگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغان ئۈچ كۆشك①، ئالتە راۋاق بۇ باغقا بەئەينى خان ـ سۇلتانلارنىڭ خاس چاھار بېغىدەك سۆلەت بېغىشلىغانىدى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىكرەك سۇ ئامبىرىدىن قېلىشمىغۇدەك كۆلنىڭ سۈيى ياز بويى ئۆكسۈمەيتتى. شۇڭا، تومۇز ئىسسىقتىمۇ جاھانباغنىڭ ھاۋاسى شەھەرگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا سالقىن ئىدى. كۆل بىلەن كۆشك، راۋاقلارنى ئىككى قەدەم كەڭلىكتە ئېلىنغان يول تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. يولغا كۆپكۆك دەريا قۇمى يېيىتىلغان بولۇپ، ئادەم يالاڭئاياغ مېڭىپ سەيلە قىلسا ئۆزىنى تولىمۇ راھەت ھېس قىلاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاش ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. كاندۇك ـ كاندۇك ئېتىزلاردا ئۆستۈرۈلگەن رەڭگارەڭ گۈللەر ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەر بىلەن ھۆسن تالىشاتتى. بېقىپ كۆندۈرۈلگەن بۇغا ـ مارال، كېيىك ـ جەرەنلەر كۆزگە چېلىقاتتى.

مىرزا ئابابەكرى قەشقەردىن ئالايتەن يوقلاپ كەلگەن ئىنىسى ئۆمەر مىرزىنى جاھانباغدا كۈتۈۋالدى.

ـــ ۋالىدەمىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىدۇ؟ ـــ سورىدى مىرزا ئابابەكرى سالام ـ سەھەت رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ بولغان

① كۆشك ـــ باغچا ئىچىگە سېلىنغان ھەشەمەتلىك ئۆي؛ قەسىر، داچا.

ئىنىسىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ.

— خۇداغا شۈكرى. تىنچ ـ ئامانلىق، ئۆزلىرىگە كۆپتىن ـ كۆپ دۇئايى سالام يوللىدى، — دېدى ئۆمەر مىرزا تەۋازۇ بىلەن باش ئېگىپ تۇرۇپ، — سىلىنى سالامەتلىكىنى ئاسرىسۇن، بېشى سەجىم تاپقاندا قەشقەرگە كېلىپ كەتسۇن، سېغىنىپ قالدىكەن-مەن، دەيدۇ.

— ئاللاھ خالىسا چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، — دېدى مىرزا ئابابەكرى، — مەنمۇ كۆپ سېغىندىم. بىراق، پات يېقىندا قەش-قەرگە بېرىشقا ئامالسىزمەن. ئىسيانكار خوتەن ئەمىرلىرىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ياركەنتكە ئەكەلدۇ-رەرمەن بولمىسا. نېمىلا دېگەنبىلەن ۋالىدەمىزنىڭ ياركەنتكە باش-قىچە مېھرى بار. جەننەتماكان ئاتىمىزنىڭ قەدەم ئىزى تەگكەن، ئەجرى سىڭگەن يۇرت ئەمەسمۇ بۇ. سىلى تازا ئەسلىيەلمەيدىلا ھەقىچان، ئەنە ئاۋۇ تىللا رەڭ كۆشكنى مەرھۇم ئاتىمىز سەمەر-قەنتتىن مىمار ئەكەلدۈرۈپ ياساتقان. باشقا كۆشكلەرگە قارى-غاندا كىچىكرەك بولغىنى بىلەن شەكلى، نۇسخىسى ئۆزگىچە.

ئېلىپ كەلگەن سوۋغا ـ سالاملىرىنى تاپشۇرۇشقا ئالدىراپ تۇرغان ئۆمەر مىرزا ئاكىسىنىڭ سۆزلىرىنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ جىم ئولتۇردى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ كەيپى تولىمۇ چاغ ئىدى، ئىنىسىغا گەپ قىلىشقا پۇرسەت بەرمەي سۆزلەيتتى. قەشقەردىكى ۋاقىتلىرىدا كەم سۆز، خىيالچان يۈرىدىغان ئاكىسىنىڭ باشقىچە سۆزمەن، خۇش چاقچاق بولۇپ قالغانلىقى ئۆمەر مىرزىنىڭ دىق-قىتىنى تارتتى.

— بۇ سەر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە يوللىغان مەكتۇپى، — دېدى ئۆمەر مىرزا قوينىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ، — يەنە تېخى ئانامنىڭ سىلىگە ئە-ۋەتكەن ئازراق پېشكەشلىرىمۇ بار.

مىرزا ئابابەكرى سوۋغاتلارغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى، خەتنى قولىغا ئېلىپ ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم
ئالەم ئىمارىتىنى بىنا قىلغۇچى قۇدرەتلىك، يېگانە
تەڭرىدىن پەرزەنتىم، شىر سۈپەتلىك ئەمىرزادەم ئابابەكرى
مىرزىغا ئامانلىق تىلەيمەن.
ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ مەزمۇنىدىن
ۋاقىپلاندىم. سەلتەنەت ئەغيارلىرىنىڭ رىيالىرىدىن
ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ، چاقماق تېزلىكىدە لەشكەر تارتقاز-
لىرى ھەمدە ساختا پەرمان تەدبىرى بىلەن ياركەنتنىكى رە-
ئىيەتنى ياغى بالاسىدىن ساقلاپ قالغانلىرى ناھايىتى ياخشى
بولۇپتۇ. كۆڭۈللىرىنى توق تۇتسىلا. ئىجازەتسىز لەشكەر
تارتتى دەپ زىنھار ئاغرىنمايمىز. سەركەردە سىرتتا تۇرغان
ۋاقتتا پەرمان ساقلاپ تۇرمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ياركەنت
ئەمىرى مىرزا يانتاقبەگ قىلمىشىغا تۇشلۇق جاجىسىنى
يەپتۇ. ئۆز ۋابالى ئۆزىگە. بۈيۈك سەلتەنەتكە يۈت ئاتقانلار-
نىڭ جاجىسىنى ئاشۇنداق بېرىش كېرەك. خوتەندىكى ئاغا ـ
ئىنى مىرزىلار ئۇزۇندىن بېرى بىزگە ئىتائەت گەردىنىنى
سۇنۇشتىن باش تارتىپ، پەرمانىمىزغا سەركەشلىك قىلىپ
كەلگەن بولسىمۇ، قېرىنداشلىقنى ئەلا بىلىپ ھەمدە سەل-
تەنەتنىڭ مۇقىملىقىغا دەخلى يېتىپ قالمىسۇن دەپ سۇ-
كۈت قىلغانىدۇق. ئەمدىلىكتە ئۇلار خان ئالىيلىرىغا قارشى
چىقىشقا پېتىنىپ، رىياغا نىيەت قىلىپتۇ. ئول رىياكارلار-
نى جازالىماق ئۈچۈن بەللىرىگە ساداقەت ۋە جاسارەت كە-
مەرلىرىنى باغلىغانلىقلىرىدىن بەكلا سۆيۈندۈم. ئەسلىدە
سىلىگە كۆمەكلىشىش ئۈچۈن سەركەردە ـ لەشكەر ماڭ-
دۇرسام ياخشى بولاتتى. بىراق ئۇلار تېخى رەسمىي يوسۇندا
ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋۋال
لەشكەر تارتساق ئەسلىي مۇددىئاسىنى يوشۇرۇپ، خان ئا-
لىيلىرىغا ئەرز قىلىشى مۇمكىن. ئول چاغدا ئوردا بىلەن
ئوتتۇرىمىزدا چۈشەنمەسلىك پەيدا بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا يە-

*نىلا ئىپتىياتنى ئەۋزەل كۆردۈم. سىلىمۇ ئالدىراقسانلىق-
تىن ساقلىنىپ، ھازىرلىق كۆرگەچ پەرمان كۈتكەيلا. پۇر-
سەت پىشىپ يېتىلگەندە كۆمەكلىشىشكە سەركەردە ـ لەش-
كەر ماڭدۇرۇپ بېرىمەن. شول چاغدا لەشكەر تارتىپ بېرىپ
ئۇلارنى بىراقلا قولغا ئالغايلا.*

*خەير، قايتا دىدار ـ مۇلاقاتتا بولغۇچە ئامان بولغايلا.*

*پەدەرلىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، ۋالىدەلىرى ئاي-
جامال ئاغىچىدىن دەپ بىلۇرلا.»*

خەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەن مىرزا ئابابەكرى بىرپەس خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى، چىرايىدىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن كۈتكەن جاۋابقا ئېرىشەلمىگەنلىكىگە ئەپسۇسلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ھەئە، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇستىلىق ئىشلىتىپ مىرزا ئابابەكرىگە ھۆكۈمەت نامىدا ئەمەس، شەخسىي نامدا مەكتۇپ ياز-غانىدى. مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭ ھۆكۈمەت نامىدا مەكتۇپ يېزىد-شىنى، بەلكىم خوتەنگە دەررۇ لەشكەر تارتىشقا پەرمان بېرىپ، قەشقەردىن بىرەر تۈمەن لەشكەر ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەمە قىلغا-نىدى؛ خوتەندىكى ئاكا ـ ئۇكا مىرزىلارغا كۆڭلىدە غوم ساقلاۋاتقان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئويلاشمايلا قەش-قەردىكى لەشكەرلەرنى ئەۋەتىپ بېرىشىگە شەكسىز ئىشەنگەن ۋە ئاشۇ لەشكەرلەرنىمۇ قولىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن قىلماقچى بول-غان ئىشلىرى ھەققىدە شېرىن خىياللارنى سۈرگەنىدى.

«شۇنچە باش قاتۇرۇپ يازغان خېتىم ئۇنى ئىشەندۈرەلمىگەن ئوخشايدۇ، بولمىسا شەخسىي نامدا مەكتۇپ يېزىپ، يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتىپ ئولتۇرماس ئىدى ياكى ياركەنتتىكى ئىشلىد-رىمدىن خەۋەر تاپقانمىدۇ؟ ياكى ياركەنتكە لەشكەر تارتقىنىمدىن بەتگۇمان بولغانمىدۇ؟ ئەجەب ياركەنت ھۆكۈمىتى ھەققىدە ھېچنېمە

دېمەيتتى؟ ھېچبولمىغاندا «ياركەنتنى باشقۇرۇپ تۇرغايلا» دېيىشى كېرەك ئىدىغۇ. ئۇنىڭ مۇددىئاسى زادى نېمىدۇ؟...»

ئۇ يېنىدا بەخىرامان كاۋاپ يەپ ئولتۇرغان ئىنىسىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى.

«ئۆمەر مىرزىدىن ئاسماقچىلاپ سوراپ باقايمۇ ـ يا؟ لېكىن مەھكىمىدە ئۇنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەن. سەر ئەمىر مۇھىم كېڭەشلەرگە ئۇنى قاتناشتۇرغان ئەمەس. ھەر ھالدا ئۇنىڭ ئاغزىنى كوچىلاپ باقاي...»

— سەر ئەمىر ياركەنتكە لەشكەر تارتقىنىم خۇسۇسىدا بىرەر گەپ قىلمىدىمۇ؟

— مەكتۇپتا بۇ ھەقتە بىر نەرسە يازماپتىما؟ — قەستەن گالۋاڭلىق بىلەن سورىدى ئۆمەر مىرزا.

— بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە دېمەپتۇ. خوتەنگە لەشكەر تارتىشىمغىمۇ ئىجازەت بەرمەپتۇ. ئۇل ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار مۇنايىق مىرزا يانتاقىبەگنىڭ ئىشىدىن خەۋەر تاپسا ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى كۆرۈۋالىدۇ. بۇ مۇددىئايىمنى مەكتۇپىمدا سەر ئەمىرگە ئېنىق بىلدۈرگەن. ئۇلارغا پۇرسەت بەرمەي، تېزدىن قوشۇن تارتىش كېرەك ئىدى.

— بەلكىم ئېيتقانلىرى توغرىدۇ.

كۆپرەك جاۋابقا ئېرىشىش تەمەسىدە تەقەززا بولۇپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرىگە ئىنىسىنىڭ بىر ئېغىزلا جاۋاب بېرىپ ئولتۇرۇشى پەقەتلا ياقمىدى.

— يوللىغان مەكتۇپىم يېتىپ بارغان كۈنى سىلى سارايدا يوقمىدىلە؟

— سارايدا ئىدىم. مەكتۇپنى ئاۋۋال سەر ئەمىر ئۆزى ئوقۇدى، ئاندىن پەرمانچى بەگنى ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

— ئەمىرلەر بىر نېمە دېيىشمىدىمۇ؟

— دېيىشتى، — دېدى ئۆمەر مىرزا ئاكىسىنىڭ مۇددىئاسىنى پەملەپ، — ياركەنتكە ئىجازەتسىز لەشكەر تارتقانلىقلىرىدىن

ھەمدە ساختىا پەرمان ياسىغانلىقلىرىدىن نارازى بولۇشقانىدى، سەر ئەمىر ئۇلارنى ئەيىبلەپ جىمىقتۇردى. سىلىنى سەلتەنەت ئۈچۈن يوشۇرۇن ئاپەتنى يوقاتتى، دەپ ماختىدى.

ــ ھە، شۇڭا سەر ئەمىر مېنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن سىلىنى ئالايىتەن ئەۋەتىپتۇ ـ دە!

ــ يوقسۇ، ــ دېدى ئۆمەر مىرزا، ــ سەر ئەمىرگە يار ـ كەنتكە بېرىش مۇددىئايىمنى ئېيتتۇدىم، ئاغىلىرىنى سېغىنغان بولسىلا بېرىپ كەلسىلە، دەپ ئىجازەت بەردى، ماڭار ۋاقتىمدا ئالغاچ كەتسىلە، دەپ ئۇشبۇ مەكتۇپنى يېزىپ بەردى.

ــ قەشقەردە، خۇسۇسەن ئەمىرلەر ئارىسىدا مەن توغرۇلۇق باشقا گەپ ئاڭلىمىغاندىلا؟

ــ ھەممىنىڭ ئاغزىدا سىلىنىڭ ياركەنتكە لەشكەر تارتىپ بېرىپ مىرزا ياتاقبەگنىڭ كاللىسىنى ئالغانلىقلىرىنىڭ گېپى. ئۇنىڭدىن باشقا گەپ يوق.

مىرزا ئابابەكرى بىرئاز قانائەت تاپقاندەك بولدى.

«بەلكىم ئۆمەر مىرزىنىڭ دېگەنلىرى راستتۇر. سەر ئەمىر دەماللىققا گۇمانلانسىمۇ قولىدا دەلىل ـ ئىسپات يوق. ھەي ئەپ ـ سۇس، خوتەنگە لەشكەر تارتىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپ لەش ـ كەر ماڭدۇرغان بولسا ئانچە غەم قىلىپ كەتمەيتتىم. بىرەر تۈمەن لەشكەر بىلەن خېلى چوڭ ئىش تەۋرەتكىلى بولاتتى. ياركەنتتىن چېرىك يىغسام، ئۇلارنى مەشقلەندۈرۈپ، ماھارەت ئۆگىتىپ جەڭگە يارىغۇدەك قىلىپ بولغۇچە ھەلەم ۋاقىت كېتىدۇ. مەيلى، بىرئاز تەخىر قىلاي. گېپىنى ئاڭلىغان بولۇۋېلىپ، ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرەي. يەنە مەكتۇپ يوللاپ خوتەنگە لەشكەر تارتىشقا دەۋەت قىلاي. ئىشەنچىم كامىلكى، ئۇ خوتەندىكى ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنىڭ ئىشىغا كەلگەندە سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرۇۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇلارغا بولغان ئاداۋىتىدىن ياخشى پايدىلىناي...»

ــ شارابقا مەيلىلىرى بارمىكىن؟ ــ سورىدى خېلىلا خا ـ تىرجەم بولۇپ قالغان مىرزا ئابابەكرى.

ــ ئىلتىپاتلىرى، لېكىن زىيادە كۆپ ئىچەلمەيمەن.
مىرزا ئابابەكرى بىر چەتتە قول باغلاپ تۇرغان بىكاۋۇل بەگنى شاراب ئەكېلىشكە بۇيرۇدى.
ــ ئەمدى قەشقەرگە كېتىمەن دېمىسىلە، ــ دېدى شاراب ئىچىپ خېلىلا تەڭشىلىپ قالغان مىرزا ئابابەكرى، ــ ياركەنتتە قېلىپ ماڭا ھەمدەمدە بولسىلا.
ــ لازىمىم بولسا ئەلۋەتتە يانلىرىدىن كەتمەيمەن. ياركەنتتە ئانچە ئۇزاق تۇرماسلا ھەقىچان؟
ــ رىزقىمىز مۇشۇ يۇرتقا چېچىلغاندەك قىلىدۇ. قەشقەردە نېمە بار؟ ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىدە ھەرقانچە يۇقىرى مەنسەپ تۇتساقمۇ، بىر ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلىكىگە بەرىبىر يەتمەيدۇ. بۇ يەردە قىلىمەن دېگەننى قىلالايمىز. پات يېقىندا ئاغا ـ ئىنى مىرزىلاردىن خوتەننى ئالساق، ئىككى ۋىلايەتكە ئاغا ـ ئىنى ئىككىمىز تەڭ ئىگىدارچىلىق قىلىمىز.
ــ ئىپتىقانلىرى كەلسۇن، ــ دېدى ئۆمەر مىرزا چاندۇرماي، ــ قېنى شاراب ئىچەيلى، قەدەھلىرىنى تۇتسىلا ئاغا، ئۆز قولۇم بىلەن شاراب قۇيۇپ بېرەي.
ــ ھە، ماۋۇ گەپلىرى جايىدا بولدى. قاچانغىچە خەققە نۆكەر بولۇپ ياشايمىز؟ بىزنىڭمۇ بىرەر تەسەررۇپقا پاسىبان بولغۇچىلىكىمىز بار.
مەستتەك كۆرۈنگەن ئۆمەر مىرزا ئاكىسىنىڭ ھەر بىر ئىغىز سۆزلىرىگە زېھىن قويۇپ قۇلاق سالاتتى، ئۇنى چاندۇرماي گەپكە سالاتتى. مىرزا ئابابەكرى ئىنىسىدىن ئانچە ئېھتىيات قىلىپ كەتمىدى. ئۇلار شۇ كۈنى جاھانباغدا قونۇپ قالدى.

※ ※ ※

تاڭ سەھەر.
بامدات نامىزىنى ئوقۇۋېلىپلا باغنىڭ مەنزىرىسىدىن ھۇزۇر-

لىنىۋاتقان ئۆمەر مىرزىنىڭ خىيالىنى خىزمەتكار بۆلۈۋەتتى.

— ئەمىرزادەمنى ئالىيلىرى ناشتىغا ساقلاپ قالدى.

ئۇ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ خىزمەتكارغا قارىدى. ئۇنىڭغا خىزمەتكارنىڭ ئاكىسىنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى ئاتىماي «ئالىيلىرى» دېگەن ھۆرمەت ئاتالغۇسىنى ئىشلەتكەنلىكى غەلىتە تۇيۇلغانىدى.

— بايا نېمىدېدىڭ؟

ئۆزىدىن نېمە سەۋەنلىك ئۆتكەنلىكىنى بىلمىگەن خىزمەتكار ھودۇقۇپ كېتىپ، دېگەن گېپىنى قايتا تەكرارلىدى:

— ئەمىرزادەمنى ئالىيلىرى ناشتىغا ساقلاپ قالدى.

— ئالىيلىرى دېگىن، — ئۆمەر مىرزا خىرىلداپ كۈلدى ۋە ماڭغاچ خىزمەتكارنى گەپكە سالدى، — سەن مۇشۇ باغنىڭ خىزمەتكارىمۇ؟

— يوقسۇ ئەمىرزادەم. كەمىنىلىرى ئوردا بىكاۋۇل خانىسىنىڭ غىزا توشۇغۇچىسىمەن.

— ھە، مەھكىمە خىزمەتكارىكەنسەن ـ دە. خىزمەتكە كىرگىنىڭگە قانچىلىك بولدى؟

— بەش يىل بولدىغۇ دەيمەن.

— شۇنچە يىل مەھكىمىدە خىزمەت قىلىپ تۇرۇقلۇق، ئىززەت ـ ھۆرمەت ئاتالمىلىرىنى جايىدا ئىشلىتىشنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن. سەلتەنەت پاسىبانى — يەنى خان ـ سۇلتانلارنى ئالىيلىرى، ئالىيھەزرىتىم، قىبلىگاھىمىز، دۆلەتپاناھ دېگەن ئىبارىلەر بىلەن ئاتايمىز، ئەمىر بەگلەرنى بولسا ھەزرىتىم، جانابلىرى دەيمىز. مۇشۇنچىلىك يوسۇننىمۇ بىلمەمسەن؟

— بىلىمەن، لېكىن...

خىزمەتكار لېۋىنى چىشلەپ، گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى.

— بىلىپ تۇرۇپ مۇشۇنداق خاتا سۆزلىسەڭ بولامدۇ؟ — چوڭ ـ كىچىك، يۇقىرى ـ تۆۋەننى ئالماشتۇرۇۋەتسەڭ گۇناھقا بۇيرۇلىسەن.

ــ ئەمىرزادەم ياركەنتكە تېخى تۈنۈگۈن كەلدىلە، شۇڭا بىز-نىڭ بۇنداق ئاتىشىمىز غەلىتە تۇيۇلۇۋاتىدۇ. بۇنداق ئاتاش بىزنىڭ ئىختىيارىمىز ئەمەس.

ئۆمەر مىرزا خىزمەتكارنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىـ-نى ھېس قىلدى.

ــ بىراۋلار ئاشۇنداق ئاتاشنى بۇيرۇغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ شۇنداق ئەمىرزادەم.

ــ كىم؟

ــ بىكاۋۇل بەگ.

ــ بىكاۋۇل بېگىڭ ساراڭ بوپتۇ.

ئۆمەر مىرزىنى خاتا چۈشىنىپ قالدى دەپ ئويلىغان خىز-مەتكار چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

ــ ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن ئەمىرزادەم. بۇ بىكاۋۇل بې-گىمنىڭ بۇيرۇقى ئەمەس، مىرزا ئابابەكرى ئالىيلىرى ئاشۇنداق ئاتاشقا پەرمان بەرگەنىكەن. دەسلىپىدە بىزمۇ كۆنەلمىگەن. سىلى بىلمەيلا، پەرماننى يادىدا تۇتماي ئادەتلەنگىنى بويىچە «جانابلىرى» دەپ ئاتىغان بىرقانچەيلەننىڭ تىلى كېسىلدى تېخى.

ئۆمەر مىرزا چۆچۈپ كەتتى.

ــ چاقچاق قىلىۋاتامسەن ياكى...

ــ يوقسۇ، چاقچاق قىلىشقا ھەددىم ئەمەس.

خىزمەتكارنىڭ چىرايىدىكى تەشۋىشنى كۆرۈپ ئۆمەر مىرزا قايتا گەپ سورىمىدى.

ناشتىلىق تىللا رەڭ كۆشكتە راسلانغانىدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تەنلىرى سالامەت، ئۇستىخانلىرى يەڭگىل قوپۇپلىمۇ ئاغا؟

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى چاي ئىچىپ ئولتۇرغان مىرزا ئابابەكرى ئىنىسىنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىپ، ــ ھار-دۇقلىرى چىقىپ قاپتىمۇ ئىنىم؟

ــ خۇداغا شۈكرى، ھاردۇقۇم ئوبدانلا چىقىپ قاپتۇ.

ناشتىلىقتا تىزىلغان نازۇ نېمەتلەرنىڭ موللۇقىدىن داستى-
خاننىڭ يۈزى كۆرۈنمەيلا قالغانىدى. ئۆمەر مىرزا بۇنى ئاكىسىنىڭ
ئۆزى ئۈچۈن ئالاھىدە جوۇۇغىنى دەپ چۈشەندى. لېكىن مىرزا ئا-
بابەكرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئالتۇن، قاشتېشى قاچا ـ پىيالى-
لەرنى كۆرۈپ بىرئاز تەئەججۈپلەندى. ئادەتتە ئالتۇندىن ئىشلەنگەن
بۇ بۇيۇملار پەقەت خان ـ سۇلتانلارغىلا خاس ئىدى، ئەمىر ـ
بەگلەرنىڭ ئىشلىتىشى چەكلەنگەنىدى.

ئۆمەر مىرزا ئىشتىھاسىزلا ناشتا قىلدى. شۇ تاپتا ئاكىسى-
نىڭ ناشتا قىلىشلىرىمۇ كۆزىگە سىغمايۋاتاتتى. ھەئە، بىر مەھ-
رەم ئاكىسىنىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرۇپ خاس ئۇنىڭ پىيالىسىگىلا چاي
قۇيۇپ بېرەتتى، بىر مەھرەم داستىخاندىكى تۈرلۈك نازۇ نېمەت-
لەردىن بىر لوقما ياكى بىر بۇردىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى
ئالتۇن تەخسىگە سېلىپ بېرىۋاتاتتى.

«بۇ قانداق قىلىق ئەمدى؟ ئاغامنىڭ ھەشەمەتى سۇلتان يۇ-
نۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ھەشەمەتىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپتىغۇ.
مەھرەملەر ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويمىغىنىلا قاپتۇ. بىلىشىم-
چە، سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى تولىمۇ ئاددىي غىزالىناتتى،
ھەرگىز ئىسراپخورلۇق قىلمايتتى، داستىخانغا ئېشىپ كەتسە
ئۈچ خىلدىن ئارتۇق تائام تارتقۇزمايتتى، غىزانى داستىخاندىن
ئۆزى ئېلىپ يەيتتى، پەقەت ئوردا زىياپەتلىرىدىلا خاس شارابچى
ئىشلىتەتتى. ئاغامنىڭ خاس چايچى، غىزاچىسى بار ئىكەن. بۇ گۇ-
ناھ، ئېغىر گۇناھ...»

ـــ ئوردىغا قايتايلى، ـــ دېدى مىرزا ئابابەكرى دۇئادىن كې-
يىن دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

باغنىڭ سىرتىدا ساقلاپ تۇرغان بەش يۈز نەپەر خاس نۆكەر
ئۆمەر مىرزىنى يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇردى. ئۇلار مىرزا ئا-
بابەكرىنى كۆرۈپ قەددىنى رۇسلاپ سالام بەردى:

ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قىبلىگاھىمىزغا ئېھتىرام بولغاي.
«بايام ھېلىقى خىزمەتكارنىڭ دېگەن گەپلىرى راست ئىكەن ـ دە...»

خاس ئـاختىچى تۇم قارا ئاتنى يېتىلەپ كەلدى. چاپچىپ
تۇرغان شوخ ئايغىر ھەقىقەتەن ئېسىل نەسىللىك ئاتلاردىن ئىدى.
ئاتنىڭ نوختا، يۈگەن، چۇلۇۋۇر، ئېگەر، ئۈزەڭگىلىرى ئالتۇن ـ
كۈمۈش ۋە ئاللىقانداق ئېسىل تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى.

ئۇلار ئاتقا مىنىپ شەھەرگە قاراپ مېڭىشتى. بەش يۈز نەپەر
خاس نۆكەر ئۇلارغا ئەگەشتى. ئاتلارنىڭ بويىنىغا، جابدۇقلىرىغا
ئېسىلغان قوڭغۇراقلار بىلەن تۇياقلىرىدىن چىققان ئاۋاز خېلى
بىر يەرگىچە ئاڭلىناتتى. تۇياق ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا ـ
چاڭ بوغۇناق ھاسىل قىلىپ، خۇددى تۇيۇقسىز قويۇن كۆتۈرۈل ـ
گەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. كىشىلەر ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى ۋە قوڭ ـ
غۇراقلارنىڭ جىرىڭلىشىنى ئاڭلاپ يول چېتىگە ئۆتۈپ قول
باغلاشقىنىچە ئېھتىرام بىلدۈرۈشەتتى. بۇنچە كاتتا سۈر ـ ھەيۋە ـ
نى كۆرۈپ باقمىغان ئۆمەر مىرزا قول باغلاشقىنىچە ئاتلارنىڭ تۇ ـ
ياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن بوغۇناقلارغا كۆمۈلۈپ كەتكەن كىشىلەرگە
ھېسداشلىق، خىجىللىق بىلەن قاراپ قويدى. بۇ سۈر ـ ھەيۋە ئە ـ
مىر مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگىچە بىر خىل رىتىمدا
داۋاملاشتى.

— خان ئالىيلىرى كەلدى! — دەپ ۋارقىرىدى ساراي بېگى.

ئەتىگەندىلا سارايغا كېلىپ ساقلاپ تۇرغان ئەمىرلەر مىرزا
ئابابەكرىنى كۆرۈپ گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقىنىچە قول
باغلىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خان ئالىيلىرىنىڭ ئالتۇن بويىغا
ئېسەنلىك تىلەيمىز!

مىرزا ئابابەكرى ئەمىرلەرنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالماستىن
ئالدىرىماي مېڭىپ، سارايىنىڭ تۆرىدىكى توققۇز پايىلىك شاھسۇ ـ
پىنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلغان، ئۈستىگە يولۋاس تېرىسى سې ـ
لىنغان ئالتۇن تەختكە كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۆمەر مىرزىنى
تەختتىن ئۈچ قەدەم تۆۋەن تەرەپكە قويۇلغان كۇرسىغا ئولتۇرۇش ـ
قا تەكلىپ قىلدى.

ــ بۇ ياققا كېلىپ چاي ئالسۇنلا قەدىرلىك ئىنىم.

ئۆمەر مىرزا قورۇنغان ھالدا كېلىپ ئولتۇردى.

ــ ئىجازەت، چاي ئالسۇنلار، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى تېـ-خىچە ئۆرە تۇرۇشقان ئەمىرلەرنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇپ.

ــ قىبلىگاھىمىز مەرھەمەتلىكتۇر.

ئەمىرلەر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكەندىن كېيىن ئەمەل ـ مەرتىۋىسى بويىچە چاي ئېلىشتى.

ــ مەلۇماتلار بولسا يەتكۈزگەيسىلەر، ــ دېدى بىر چەتتە ئۆرە تۇرغان ساراي بېگى.

ئۆمەر مىرزا كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ كۆرۈنۈشلەرگە ھەيران بولغان ھالدا تۆۋەندە ئولتۇرغان ئەمىرلەرگە سەپسالدى. ئۇنىڭ نەزىرى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ، مىرزا قاسىم دوغلات، مىرزا ھۈسەيىنبەگ قاتارلىق ئۈچ ئەمىرگە چۈشكەندە بىرنەچچە دەقىقە توختاپ قالدى. ئۇلار ئۆمەر مىرزىغا قاراپ خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن كۈلۈمسىرەشكە ئۈلگۈرگەندى. ماڭلايسۆيەنىڭ سەر ئەمىرى مۇ-ھەممەد ھەيدەر مىرزا تەرىپىدىن مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان بۇ ئۈچ ئەمىر بارلىق ئەمىرلەرنىڭ يۇقىرىسىدا ئولتۇراتتى.

«قەشقەردە پەيدا بولغان مىش ـ مىش گەپلەر راست ئىكەن. تېخى مەن ئۇلارنى جىنايىتىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن چېغى دەپ ئويلاپتىكەنمەن. سەر ئەمىر جازا دىۋانىنىڭ بىخۇدلۇق قىلىپ ئۇلارنى نەزەربەند قىلمىغىنىغا بەكلا كايىپ كەتكەنىدى. ئەسلىدە ئۇلار ياركەنتكە كېلىۋالغانىكەن ئەمەسمۇ؟ بۇ دېگەن ئوچۇق ـ ئاشكارا سەلتەنەتكە پۇت ئاتقانلىق. ئاغام ئۇلارنى نېمىشقا قانات ئاستىغا ئالغاندۇ؟ تېخى ئەتىۋارلاپ كېتىپتۇ دېسە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاغامنى ‹ئالىيلىرى›، ‹قىبلىگاھىمىز› دەپ ئاتاۋاتىدۇ. بۇ دېگەن رىيا، ئاسىيلىق. سەلتەنەت قانۇنىدا خاندىن باشقىلارنى بۇنداق ئاتاش چەكلەنگەن. بۇ دېگەن كاللا كېتىدىغان گۇناھ. ئەـ-جەبا، ئاغام بۇنى بىلمەمدىكىنا؟...»

ئۆمەر مىرزا خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، نەزەرىنى ئاكىسىغا

ئاغدۇردى.

مىرزا ئابابەكرى گويا خان ـ سۇلتانلاردەك سۇر ـ ھەيۋە كۆرسىتىپ ئەمىرلەردىن مەلۇمات ئېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئەمىرلەر ئۇنىڭ ئالدىدا تەرلەپ، تىترەپ تۇرۇشاتتى.

— خوش، جانابى ئەمىرلەرگە ئەزىز بىر مېھماننى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى مىرزا ئابابەكرى ئىنىسىغا لاپىدە بىر قاراپ قويۇپ، — ئىنىم ئۆمەر مىرزىنى كۆپىنچىڭلار تونۇيسىلەر، قەشقەردىن بىزنى ئالايىتەن يوقلاپ كەپتۇ، سەلتەنەت ئىشلىرىمىزغا ھەمدەمدە بولماقچى، ھازىرچە قارا دىۋانغا ئورۇنباسار بولۇپ، ئوردىنىڭ كۈندىلىك مۇئامىلىلىرىگە مۇئەككەل بولغاي.

— ئەمىرزادەمگە ئېھتىرام بولغاي! — دېيىشتى ئەمىرلەر گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ.

ئۆمەر مىرزا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ سالامنى ئىلىك ئالدى:

— ھەر بىرلىرىگىمۇ ئېھتىرام بولغاي!

— جانابى ئەمىرلەرگە ئىجازەت! — دېدى مىرزا ئابابەكرى.

— قىبلىگاھىمىزغا ئامانلىق تىلەيمىز!

ئەمىرلەر مىرزا ئابابەكرىگە يەنە بىر قېتىم سالام بەرگەندىن كېيىن سارايدىن ئاستا چىقىپ كېتىشتى.

— نەدە تۇرغىلىرى باركىن، ئوردا تەكىيخانىسى[1]دىن جاي راسلىتىپ بېرەيمۇ ياكى سىرتتىن بىرەر قەسىرنى جابدۇپ بېرەيمۇ؟

سىرتتا تۇرسا ئەركىن ـ ئازادە ھەرىكەت قىلىشقا قۇلايلىق بولىدىغانلىقىنى پەملىگەن ئۆمەر مىرزا ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— مۇمكىن بولسا سىرتتا تۇرايمىكىن.

— مەيلى، شۇنداق بولسۇن ئەمىسە. بۈگۈن كەچكىچە قەسىرلىرى تەييار بولىدۇ. سىلىگە ھەمراھ بولالمايدىغان بولدۇم. خالىسىلا بىرنەچچە نۆكەر ئېلىۋېلىپ شەھەرنى تاماشا قىلسىلا.

— ئىلتىپاتلىرىغا تەسەننا، — دېدى ئۆمەر مىرزا يالغۇز ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىنىدىن خۇش بولۇپ.

[1] ئوردا تەكىيخانىسى — «ئوردا مېھمانخانىسى» دېگەن مەنىدە.

ئۇلار سارايدىلا خوشلاشتى.

※ ※ ※

ئۆمەر مىرزا ئىشىكئاغىلىق مەنسىپىگە تەيىنلەنگەن مىرزا ئەمىن قۇلبەگنىڭ كۆپرەك نۆكەر ئېلىۋېلىش تەكلىپىنى رەت قىلىپ، پەقەت بىرلا نۆكەرنى ھەمراھ قىلىپ سىرتقا چىقتى.

شەھەر ئاھالىسى ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار شاگىرتلىرىغا ئىش بۇيرۇغاچ باش كۆتۈرمەي ئۆز ئىشى بىلەن بەنت ئىدى. ئاشپەز، ھالۋىچى، دوغچى، سامسىپەز، كاۋاپچى، باققال، ئۇششاق ئېلىپ ـ ساتارلار توختىماي خېرىدار چاقىراتتى. ئۆمەر مىرزا زەرگەرخانا، گەزلىمە دۇكانلىرى، سەرراپخانىلارنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكىدەك ئانچە ئاۋات ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. مىرشاپلار بىر توپ پاششاپلارنى ئەگەشتۈرۈپ، قوللىرىدىكى دەررىلەرنى پۇلاڭلىتىپ، ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرغىنىچە كىشىلەرنى ۋەھىمىگە سېلىپ، توختىماي ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىشاتتى. قەدەمدە بىر دېگۈدەك بەللىرىگە قىلىچ ئېسىۋالغان، كالتەك كۆتۈرۈشۈۋالغان ياتىش[1]لارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ تەلەتى بەكمۇ سۆرۈن ئىدى، ھازىرلا بىر كىمنى كالتەكلەيدىغان ئەلپازدا ئەتراپقا سۈرلۈك قارايتتى. كىشىلەر ئۇلارغا يول بېرىپ، ئايلىنىپ ئۆتۈشەتتى. كىشىلەرنىڭ چىرايىدا بىر خىل سولغۇنلۇق، ھودۇقۇش، غەم ـ تەشۋىش تۇيغۇلىرى ئەلەڭگىيتتى. ئەركىن ـ ئازادە كۈلۈپ پاراڭلىشىۋاتقان، چاقچاقلىشىۋاتقان ئادەملەرنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى.

— تايازام[2]نى تۈنۈگۈن تەكشۈرگەندە بەكلا تەڭپۇڭكەن دېگەنتىلە غوجام، قالاپ باقسىلا، بۇ ئاشۇ تايازا شۇ ئەينا.

ساقاللىرى ئاقارغان بوۋاينىڭ يىلىنغان ئاۋازى ئۆمەر مىرزىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بوۋاينىڭ ئالدىدا تۆت تاغار سەۋزە بار

① ياتىش — پاششاپ، ساقچى.

② تايازا — تارازا.

ئىدى. ئۇ ئالدىدا ھاكاۋۇرلارچە گىدىيىپ تۇرغان مۇھتەسىپ بەگ[1]
كە قولىدىكى تارازىسىنى كۆرسىتىپ خۇددى كىچىك بالىدەك يى-
لىناتتى، ئۇۋالچىلىقتا چىداشلىق بېرەلمىگەن چاناقلىرىدا ياش
لىغىرلاپ قالغانىدى.

— جاۋابلىشىۋاتامسەن تېخى ئەبگا قېرى؟! تايازاڭنى تۈنۈگۈن
تەكشۈرگەن دېگەن بولسام نېمە بوپتۇ؟ بۈگۈن تەكشۈرۈك ئەمەسكەن دې-
سەم نېمە قىلالايتتىڭ؟ — ئوتتۇز بەش - قىرىق ياشلار چامىسىدىكى
سۆلەتلىك كىيىنىۋالغان، چەكتۇرۇپ ياستىنىۋالغان قاپقارا تۇقتا سا-
قال - بۇرۇتى بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا خويمۇ ياراشقان، كېلىشكەن
مۇھتەسىپ بەگ قوللىرىنى بوۋاينىڭ كۆزلىرىگە جۇنۇپ سۆزلەيتتى.

ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلگەن بوۋاي شۈمە-
شىيىپ قالدى.

— جىيمانە[2] تۆلە قېرى. تامىنىڭ تۆشۈكىدەك تۇماي ئاقچا چىقا.

— يېنىمدا ئاقچا يوق غوجام، با ئاقچىنى باجغا بەدىم، يەھىم[3]
قىلسىلا.

— ياستىنلا[4] ئاقچاڭ يوقما؟ ئۇنداق بولسا جىيمانىگە زەدى-
كىڭ[5] ھېساب، ئۆزۈڭ يوقال.

بوۋاي مۇھتەسىپ بەگنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ يېلىندى:

— ئۇنداق قىلمىسلا غوجام، زەدىكىمنى تاتىۋالسىلا دەسما-
يەم پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ، ئاغىچام بىلەن ئاچ قالىمىز.

— ئاچ قالساڭ پوق يە.

مۇھتەسىپ بەگ بوۋاينى زەرب بىلەن ئىتتىرىۋەتتى.

بوۋاي سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى.

— بىسىڭلار[6] بېرىپ ئاشپۈزۈلىنىڭ غوجىسىنى تۇۋلاڭلار.

---

① مۇھتەسىپ بەگ — بازار تەرتىپىنى ساقلىغۇچى، تارازىلارنىڭ توغرا - خاتالىقىنى تەكشۈرگۈچى، سودىنى نازارەت قىلغۇچى بەگ.

② جىيمانە — جەرىمانە.

③ يەھىم — رەھىم.

④ ياستىنلا — راستىنلا.

⑤ زەدىكىڭ — سەۋزەڭ.

⑥ بىسىڭلار — بىرسىڭلار.

ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ھەمراھلىرىدىن بىرى پايپاسلاپ بېرىپ ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنىنى باشلاپ كەلدى. زىيادە قورساق سالغان ئاشپۇزۇل خوجايىنى تۇرقىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن شىپىلداپ كېلىپ مۇھتەسىپ بەگكە خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن سالام بەردى.

ــ چاۋا باي، مۇنۇ تۆت تاغا زەدەكنى سېتىۋال، ــ دېدى مۇھ-تەسىپ بەگ ئاشپۇزۇل خوجايىنىنىڭ خۇشامىتىگە پەرۋا قىلماي.

ــ تېخى ئەتىگەندىلا ئىككى تاغا زەدەك ئالغانتىم بېگىم. بۇ-نى سېتىۋالسام خىيداغا زەدەك توغياپ بەگىلى بومايدۇ ئەينا، ــ دېدى ئاشپۇزۇل خوجايىنى ھودۇققان ھالدا.

ــ خىيداغا توغياپ بىيەمسە①، يا ئۆزەڭ يەمسە كايىم② يوق. مەن سېنى سېتىۋال دەۋاتىمەن.

سۇر - ھەيۋىدىن قورقۇپ قالغان ئاشپۇزۇل خوجايىنى ياۋاشلىق بىلەن بېشىنى ئەگدى.

ــ خوش بېگىم.

ــ بىژ تاغىيى③ ئون تەڭگە، جەمئىي قىيىق④ تەڭگە چىقا.

ــ قىيىق تەڭگىگە ئون تاغا زەدەك ئالىمەن بېگىم. تېخى ئەتىياز مەزگىلدە. ھازىي⑤ دېگەن...

مۇھتەسىپ بەگ ئاشپۇزۇل خوجايىنىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ سەت ھومايدى:

ــ ئۇنلۇكياق⑥ گەپ قىلە ئاڭلىيالمىدىم. ئاشپۇزۇلۇڭنى تاقىۋەتەي دېگەن ئوخشىمامسەن چاۋا باي؟

ئاشپۇزۇل خوجايىنى قوينىدىن مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن

---

① خىيداغا توغياپ بىيەمسە ــ خېرىدارغا توغراپ بېرەمسەن.

② كايىم ــ كارىم.

③ بىژ تاغىيى ــ بىر تاغىرى.

④ قىيىق ــ قىرىق.

⑤ ھازىي ــ ھازىر.

⑥ ئۇنلۇكياق ــ ئۇنلۇكرەك.

تېرە ھەميانىنى ئېلىپ، پۇللىرىنى ئالىقىنىغا تۆكتى.
ــ يېنىمدا مۇشۇ ئوتتۇز تۆت تەڭگە باكەن بېگىم.
مۇھتەسىپ بەگ تەڭگىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ قويۇپ تەرىنى تۇردى:
ــ كېمىنى غەللىدىن ئاچىقىپ بە.
ــ غەللىنى كەچتە ساناپ ئادەتلەنگەنمىز بېگىم، ماقۇل دې-سىلە. يەنە تەڭشۇالامىز. دۇكانغا چىسىلە چاي دەملەي.
ــ يامان ئوغىي[1] جۇما سەن چاۋا باي. بولاپتۇ، چېپىڭنى ئە-تىگىچە كېلىپ ئىچەمەن، ــ مۇھتەسىپ بەگ چالا ھىجايغىنىچە چاۋا باينىڭ قولىدىكى تەڭگىنى ئېلىپ ھەمراھلىرىغا بۇيرۇق قىلدى، ــ ھە، قالاپ تۇماي زەدەكلىنى چاۋا باينىڭ دۇكىنىغا تۆكەپ بېيىڭلا[2].
ھەمراھلىرى بىردىن تاغارنى سۆرىگىنىچە ئاشپۇزۇلغا قاراپ ماڭدى.
ئۆمەر مىرزا ئەمدى ئۆزىنى پەقەتلا تۇتۇۋالالمىدى، چاچراپ بېرىپ مۇھتەسىپ بەگنىڭ ئالدىغا كەلدى:
ــ تەڭگىنى چىقار.
مۇھتەسىپ بەگ ئالدىدا يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قال-غان ئېگىز بويلۇق، پۇزۇر كىيىنگەن يىگىتكە ھودۇقۇپ قارىدى، لېكىن تېزلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.
ــ قاسى تەڭگىنى دەيلا بەگزادە؟ سىلىدىن ئاقچا ئالغىنىم خەتىمدە[3] يوقيا؟
ــ تولا گەپدانلىق قىلما. ئاۋۇ زەدەك ساتقان تەڭگىنى دەۋا-تىمەن.
مۇھتەسىپ بەگ ئېھتىياتچانلىق بىلەن سورىدى:
ــ ئۆزلىيى كىم بولىلىكەن؟

---

① ئوغىي ــ ئوغرى.
② بېيىڭلا ــ بېرىڭلار.
③ خەتىمدە ــ يادىمدا.

— كىملىكىم بىلەن كارىڭ بولمىسۇن.

ھەمراھلىرىنىڭ ئاشپۇزۇلدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇھتەسىپ بەگنىڭ پۇت ـ قولىغا قايتىدىن جان كىردى.

— ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى بىلمىسەممۇ چايلىقچە[1] دەپ قو ـ ياي، مەن ھازىر ھۆكۈمەت ئىشىنى بەجا قىلىۋاتىمەن، ئايتۇق ئىشقا ئايلاشماي يوللىيىغا[2] ماڭسىلا، بولمىسا كۆپكۈندۈزدە بۇلاڭچىلىق قىلدى دەپ ھەپسىگە ئالغۇزۇۋېتىمەي يەنە.

مۇھتەسىپ بەگ گېپىنى تۈگىتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۆ ـ مەر مىرزا بىر سەكرەپلا ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، تەڭگىنى چىقار!

مۇھتەسىپ بەگنىڭ ئەمدى رەسمىي غەزىپى كەلگەنىدى. ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغىنىنى كۆرۈپ، ھەيۋىسىنى كۆرسىتىشكە ئالدىرىدى، يەنە جىم تۇرسا ئەتراپقا تاماشا كۆرۈشكە جۇغلاشقان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆمەر مىرزىنىڭ يۈزىنى نىشانلاپ مۇشت ئاتتى.

— مانا ساڭا ئاقچا!

ئۆمەر مىرزا شىددەت بىلەن كەلگەن قولنى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋالدى ـ دە، زەرب بىلەن قايرىدى. شۇ ھامان مۇھتەسىپ بەگنىڭ بىلىكى قارسىدە سۇنۇپ كەتتى. ئاغرىققا چىدىمىغان بەگ ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۆمەر مىرزىنىڭ تۇرقىغا قاراپ يېقىن كېلىشكە پېتىنالمىدى.

— تەڭگىنى چىقىرامسەن يوق؟!

— مانا ھازىر بېيەي[3] غوجام.

مۇھتەسىپ بەگ ئىڭرىغىنىچە يەنە بىر قولى بىلەن قوينىدىن ئېغىر بىر ھەميانىنى ئېلىپ ئۆمەر مىرزىغا تەڭلىدى.

ئۆمەر مىرزا ھەمياندىن ئوتتۇز تۆت تەڭگىنى ئالدىرماي

① چايلىقچە ــ چىرايلىقچە.
② ئايتۇق ئىشقا ئايلاشماي يوللىيىغا ــ ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشماي يوللىرىغا.
③ بېيەي ــ بېرەي.

ساناپ ئېلىپ، قالغىنىنى بەگنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— تۇتە ئاشقان پۇلۇڭنى، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان بولساڭ قولۇڭنى ئەمەس، پۇتۇڭنى سۇندۇرۇۋېتىمەن.

— نېمە ئىش بولدى، نېمانداق دۈۋىلىشىۋالدىڭلار؟

كوچا چارلاۋاتقان مىرشاپ بەگ بىر توپ كىشىلەرنىڭ جۇغلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ كەلگەنىدى. مىرشاپ بەگنى كۆرگەن مۇھتەسىپ بەگ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— مىيشاپبېگىم چاپسان بولسىلا، بۇلاڭچىنى تۇتسىلا!

ئۆمەر مىرزا خاتىرجەملىك بىلەن مىرشاپ بەگكە قارىدى. توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەر گۇرردە ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، مىرشاپ بەگكە يول بەردى.

— ۋاي بۇ ئابدۇقادىي مۇھتەسىپ بېگىمكەنغۇ، — دېدى مىرشاپ بەگ ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ، — نېمە بولدى سىلىگە؟

— مۇنۇ قاياقچى[1] تەپ تاتماي مېنى بۇلىدى. تېخى قولامنى سۇندىيۇەتتى[2].

مىرشاپ بەگ ئەمدى نەزەرنى ئۆمەر مىرزىغا ئاغدۇردى. شۇ تاپتا ئۆمەر مىرزا ئۇنىڭغا بىرەر باينىڭ بايۇەچچىسىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى.

«خۇدايىم بەردى دېگەن شۇ. ئاۋۋال ئۇنى ھەپسىگە ئالاي، ئاندىن دادىسى كېلىپ پۇل تۆلەپ ئېلىپ كەتسۇن، شۇنداق قىلسام مۇھتەسىپ بەگمۇ مەندىن مىننەتدار بولىدۇ. چۈنتىكىمگە پۇل ئۇندۇرۇۋالىمەن تېخى...»

— سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ئالىيلىرىنىڭ ئادالەت سايىسى چۈشكەن بۇ زېمىندا تەپ تارتماي بۇلاڭچىلىق قىلىشقا پېتىنغان قانداق قاپ يۈرەككەن ئۇ؟ — دېدى مىرشاپ بەگ ئەتراپىدىكىلەرگە ۋەھىمە سېلىش ئۈچۈن، — كېلىڭلار! — دېدى ئۇ كالتەك-

① قاياقچى — قاراقچى.

② سۇندىيۇەتتى — سۇندۇرۇۋەتتى.

توقماق كۆتۈرۈۋالغان پاشىشاپلىرىغا قاراپ، ــ ئاۋۋال مۇنۇ گەدەنكەش-
نى تۇتۇپ ھەپسىگە ئاپىرىڭلار، قالدى گەپنى شۇ يەردە سورايمىز.

ئۆمەر مىرزىغا ئېتىلىپ كەلگەن پاشىشاپلارنى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ چىققان نۆكەر توسۇۋالدى:

ــ ھەددىڭلاردىن ئاشماڭلار!

ئوردا نۆكىرىنى تونۇغان مىرشاپ بەگ سەل بوشىدى:

ــ سىلى ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشمىسىلا. نۆكەر دېگەن لەشكەرىي ئىشلار بىلەن بولغىنى تۈزۈك. ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن كاردلىرى بولمىسۇن.

ــ ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشمىدىم مىرشاپ بېگىم، مەسئۇلىيەتىمنى ئادا قىلىۋاتىمەن. مىرزا ئابابەكرى خان ئالىيلىرى بۇ كىشىنىڭ ئامانلىقىنى ماڭا تاپشۇرغان.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ مىرشاپ بەگ قاتتىق چۆچۈدى، ئۆمەر مىرزىغا گۇمان بىلەن قارىدى.

ــ ئالىيلىرىنىڭ نامىنى سېتىپ بىزنى قورقىتىمەن دېمەسىلە، يالغان گەپ قىلسىلا ئۇستىلىرىدىن ئوردىغا ئەرز بېرىمەن.

بۇ ئىشنىڭ قانداق نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىدىغىنىغا قىزدقىپ قالغان ئۆمەر مىرزا لام - جىم دېمەي قاراپ تۇراتتى.

ــ كىم كىمنىڭ ئۇستىدىن ئەرز بېرەركىن؟ ــ دېدى نۆكەر تەمكىنلىك بىلەن، ــ كۆزلىرى كوركەن سىلىنىڭ. ئوردا ياساۋۇلىغىمۇ مۇشۇنداق گەپ قىلامدىلا؟ بىلىپ قويسىلا، بۇ كىشى مىرزا ئابابەكرى خان ئالىيلىرىنىڭ ئىنىسى ئۆمەر مىرزا بولىدۇ. تېخى تۈنۈگۈن قاشقا[①]دىن كەلگەن.

تەشۋىشلەنگەن مىرشاپ بەگ ئاتتىن سەكرەپ دېگۈدەك چۈشتى - دە، ئۆمەر مىرزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى. ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە چۈشكەن مۇھتەسىپ بەگنىڭ بولسا چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، پۇت - قوللىرى لاغىلداپ تىترەيتتى.

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ قاشقادىن ئىنىسى كەپتۇ دەپ ئاڭلد-

① قاشقا ــ قەشقەر.

غاندۇق. تونۇمىغاچقا ئەدەپسىزلىك قىپتىمىز. گۇناھىمىزدىن ئۆتكەيلا. بوي ـ تۇرقىلىرى ئالىيلىرىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخ- شايدىكەن بولمىسا، كۆزىمىز كور بولمىسا تونۇماي قالاتتۇقمۇ؟

مىرشاپ بەگنىڭ خۇشامىتى ئۆمەر مىرزىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.

— بولدى، كوتۇلدىماي يوللىرىغا ماڭسىلا، رەستىلەردە ئات- لىرىنى ئاستىراق چاپتۇرالا، رەئىيەت دەسسىلىپ كەتمىسۇن.

— خوش، تولا ئوبدان، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. ئەمىرزا- دەمنىڭ پەرمانىنى يادىمدا تۇتىمەن.

مىرشاپ بەگ ئۆمەر مىرزىدىن ئاسانلا قۇتۇلغىنىغا شۈكۈر قىلىپ ئارقىچىلاپ ماڭغىنىچە ئۆزىنى دەرھال دالدىغا ئالدى.

— مە... مەن... قايدا قىلىمەن ئەمىيزادەم؟ بىز قوشۇق قې- نىمدىن كەچكەيلا.

تىلى كالۋالاشقان مۇھتەسىپ بەگنىڭ تۇرقى بەكمۇ ئېچىن- نىشلىق ئىدى، پۇت ـ قوللىرى تېخىچە تىترەيتتى، چىرايى سارغىيىپ كەتكەنىدى.

— سەنمۇ كۆزۈمدىن يوقال. بۇنىڭدىن كېيىن ھوشۇڭنى يىغىپ يۈر!

— ئەمىيزادەمنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا.

مۇشۇنداق ئاسان قۇتۇلۇپ كەتكىنىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەن مۇھتەسىپ بەگ دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ جېنىنىڭ بارىچە يۈ- گۈردى.

ئۆمەر مىرزا قولىدىكى تەڭگىدىن ئون ئالتە تەڭگىنى ئايرىپ تېخىچە ھاڭۋېقىپ تۇرغان بوۋايغا تەڭلىدى:

— بۇ زەدەكلىرىنىڭ پۇلى بوۋا، ئالسىلا.

بوۋاي تىترىگەن قوللىرىنى يەكتىكىنىڭ پېشىگە سۈرتكى- نىچە بىردە ئۆمەر مىرزىغا، بىردە ئۇنىڭ قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان تەڭگىگە قارايتتى.

ئۆمەر مىرزا بوۋاينىڭ قولىغا تەڭگىنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئاندىن بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ئاشپۇزۇل خوجايىنىغا ئاشقان تەڭگىنى تەڭلىدى:
ــ بايام بازار باھاسىدا بىر تاغار زەدەكنى تۆت تەڭگە بولىدۇ دېگەن ئىدىلە. شۇ بويىچە ھېسابلىدىم. مانا بۇ ئاشقان پۇللىرى.
ئاشپۇزۇل خوجايىنى ئاشقان تەڭگىلىرىنى ئالغاچ غۇدۇردى:
ــ ئۇ دېگەن ئەتىياز پەسلىدىكى زەدەكنىڭ باھاسى ئىدى.
ــ شۇكىي[1] قىلسىلا، ــ دېدى نۆكەر قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ ئەمىيزادەمگە يەھمەت[2] ئېيتماقتا يوق، دېگەن گېپىنى.
ھوشىنى يىغقان ئاشپۇزۇل خوجايىنى دەرھال چىرايىغا خۇشامەت كۈلكىسى يۈگۈرتتى:
ــ ئېزىپتىمەن، ئەپۇ قىلسىلا ئەمىيزادەم. دۇكانغا چىسىلە، بىر پىيالە چاي دەملەي.
ــ رەھمەت، ــ دېدى ئۆمەر مىرزا. ئاندىن نۆكەرگە قاردى، ــ سەن بوۋاينى ئۆيىگە ئاپىرىپ قوي، ئۆزۈم يالغۇز بىردەم كوچا ئايلىناي.

83

بۈگۈن ياركەنت شەھىرىنىڭ ھاۋاسىمۇ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىرايىمۇ ئوخشاشلا تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. ساراي تىمتاسلىقىقا چۆمگەن، ئەمىرلەرنىڭ باشلىرى گۇناھكارلاردەك ساڭگىلىغانىدى. ئۇلار ھازىرلا بىر كىمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغاندەك ئەلپازدا ئولتۇرغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ نەزەرىگە چۈشۈپ قالماسلىقىقا تىرى-

① شۇكىي ــ شۈكۈر.
② يەھمەت ــ رەھمەت.

شىپ ۋەھىمە، تەشۋىش ئىلكىدە كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىشقانىدى.
شۇ تاپتا خەزىنىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج ـ سېلىقلارنىڭ تو-لۇق يىغىلمىغىنىدىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ قاتتىق غەزىپى كەلگە-نىدى.

— يارلىقىمىزنى تۆۋەنگە ماڭدۇرۇپ قويۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، — دېدى مىرزا ئابابەكرى ئەمىرلەرنى كۆز ئۆڭىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سەل پەسكويىغا چۈشۈپ، — سو-رۇشتىسىنى قىلىش كېرەك. يەنە كىمكى قۇرۇق مەلۇمات يوللاپ قاراپ ئولتۇرىدىكەن، كاللىسىغا ھېزى بولسۇن.

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، — دېدى سېلىقچى بەگ تەم-تىرىگىنىچە قول باغلاپ، — ھەرقايسى يۇرت بەگلىرى كۆپ سا-لىدىكى رەئىيەتنىڭ قولىدا ئېشىنچىسى يوق، كېلەر يىللىق باج ـ سېلىقنى ئالدىن تاپشۇرۇشقا قىستىساق يەيدىغىنىمۇ قالمايدۇ، دەپ ئەرز قىلىشىۋاتىدۇ.

— سىلى نېمە دېمەكچى؟

سېلىقچى بەگ قورققىنىدىن تۈگۈلۈپ كەتتى، چېكىسىدىن پۇررىدە تەر قۇيۇلدى، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— رەئىيەت كېلەر يىللىق باج ـ سېلىقنى ئالدىن تاپشۇ-رۇشقا نارازى...

— رەئىيەت دېگەن ئەزەلدىن باج ـ سېلىقنى خۇشاللىق بى-لەن تاپشۇرغان ئەمەس، — دېدى مىرزا ئابابەكرى سېلىقچى بەگ-نىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۇلار باج ـ سېلىقنى ئالدىن تاپشۇرسا ئۆلۈپ قالمايدۇ.

— ئەينى مۇددىئا، — دېدى مىرزا سەدىردىن قوشچى خۇشا-مەتگۈيلۇق بىلەن ھىجايغىنىچە سۆز ئېلىپ، — ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن يېڭىدىن ئالغان چېرىكلەرنىڭ سانى ھازىر ئۈچ مىڭغا يەتتى. ئىككى ھەپتە ئىچىدە يەنە شۇنچىلىك چېرىك يىغى-شىمىز مۇمكىن. پۇل ـ پۇچەك، كىيىم ـ كېچەك، ئاش ـ ئو-زۇق، قورال ـ ياراغ، ئات ـ ئۇلاغ بولمىسا ئۇلارنى نېمە بىلەن

بىقىپ، مەشىقلەندۈرىمىز؟ پات يېقىندا خوتەنگە لەشكەر تارتىشقا تەييارلىنىۋاتىمىز. لەشكىرىي يۈرۈشكىمۇ بىرمۇنچە چىقىم كېتىدۇ تېخى.

— مېنىڭچە، — دېدى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ قول باغلاپ، — يۇرت بەگلىرىنىڭ باج ـ سېلىقلارنى يىغىپ ئەكېلىپ بېرىشىنى ساقلاپ تۇرماي، باجگىر ـ سېلىقچىلارغا لەشكەر قوشۇپ ماڭدۇرايلى. ئۇلار نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەرنى تۇتۇپ ھەپسىگە ئالسۇن. مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلسۇن.

ئىككى ئەمىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆمەر مىرزا تۇرالمايلا قالدى. نېمە دەيدىكىن، دېگەننى قىلىپ مىرزا ئابابەكرىگە لاپپىدە قارىدى.

— بولىدىغان تەدبىركەن، — دېدى مىرزا ئابابەكرى مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈرۈپ، — گەدەنكەشلىك قىلغانلاردىن بىر ـ ئىككىسىنىڭ ئەدىپىنى بەرسەك باشقىلىرى ياۋاشلايدۇ، بويۇن تولغاشقا پېتىنالمايدۇ.

— ئارى، ئەينى مۇددىئا، — دېيىشتى ئەمىرلەر.

ئۆمەر مىرزا ئەمدى سۈكۈت قىلىپ تۇرالمىدى:

— ئۇنداق قىلساق بولماسمىكىن ئەمىر جانابلىرى، — دېدى ئۇ مىرزا ئابابەكرىگە قاراپ، — باج ـ سېلىق، غەللە ـ پاراق تاپشۇرۇش ئەلۋەتتە رەئىيەتنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى. ئەمما كېلەر يىللىق باج ـ سېلىقنىمۇ ئالدىن تاپشۇرغىن دېسەك ئادالەتسىزلىك بولۇپ قالماسمۇ؟

— ئا... بۇنداق گەپنى قويسىلا، — دېدى مىرزا ئابابەكرى قاپىقىنى تۈرۈپ. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئىنىسىنىڭ پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەپ قىلغان گېپىدىن كۆرە، ئۆزىنى باشقا ئەمىرلەرگە ئوخشاش «ئالىيلىرى» دېمەي، «جانابلىرى» دەپ ئاتىشى ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى، — بۇ قانداقسىگە ئادالەتسىزلىك بولغۇدەك، رەئىيەت باج ـ سېلىق، غەللە ـ پاراق تاپشۇرمىسا، مەن شۇنچىۋالا لەشكەرنى نېمە بىلەن باقىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋام

بىر يىللىق باج ـ سېلىقنى ئالدىن تاپشۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە
نامرات ئەمەس، سەلتەنەت سايىمىزدا باي ـ باياشات، پاراۋان يا-
شاۋاتىدۇ.

— ئارى، قىبىلىگاھىمىز نەق گەپنى قىلدى، — دېدى مىرزا
ھۇسەيىنبەگ، — ئەزەل ـ ئەزەلدىن مەملىكەت پادىشاھقا تەئەل-
لۇقتۇر. رەئىيەت بولسا ئاشۇ پادىشاھ مۈلكىدىن پايدىلانغۇچىدۇر،
پادىشاھلارنىڭ ئول ئاۋامنى پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى
ئادا قىلىشقا بۇيرۇش ھەققى ھەم باردۇر. سەلتەنەت پاسىبانى دۆ-
لەتنى رەئىيەتكە تايىنىپ ئەمەس، سەركەردە ـ لەشكەرلەرگە تايى-
نىپ قورۇقدايدۇ.

— ئۇنداقتا پادشاھ بولغۇچى رەئىيەتنىڭ ئۆلەر ـ تىرىلى-
شى بىلەن كارى بولمىسىمۇ بولىدىكەن ـ دە، — دېدى ئۆمەر
مىرزا نەشتەردەك تىكىلىپ، — ئول سەركەردە ـ لەشكەرلەر پا-
دىشاھ سەلتەنەتىنىڭ تەقدىرىگە قىزىقسا كاشكى. شۇنى بىلسىلە-
كى، رەئىيەت دېگەن پادشاھنىڭ ئادالىتى بىلەن كۆكلەيدۇ. ئەمما
ياركەنتتىكى ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ رەئىيەت بىلەن پەقەتلا كارى
يوق. زۇلۇم سېلىش، قاماش، قاقتى ـ سوقتى قىلىش، رىشۋەت
ئېلىش ئارقىلىق ھەميانلىرىنى چىڭداشنىڭلا كويىدا. باج ـ سې-
لىق يىغىش باجگىر ـ سېلىقچىلارنىڭ ۋەزىپىسى. ئەلۋەتتە ئۇلار
بۇ مەجبۇرىيەتلىرىنى سەلتەنەت قانۇنى بويىچە ئادىللىق بىلەن
ئادا قىلىشى كېرەك. لەشكەرلەرنىڭ بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىش ھو-
قۇقى ھېچقاچان بولغان ئەمەس. بارچە باجگىر، يۇرت ئاقساقاللى-
رىنىڭ بېشى ئەمىرلەردۇر. ئەمىر بولغۇچى نائىنسابلىق قىلسا،
باجگىر ـ سېلىقچىلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئا-
شۇرۇۋېتىدۇ، رەئىيەتكە زۇلۇم سالىدۇ.

مىرزا ئابابەكرى ئىنىسىغا قاراپ سەت بىرنى گۆلەيگەندىن
كېيىن تەتۈر قارىۋالدى. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ گەپ قىلىشقا ئا-
دەتلەنگەن ئەمىرلەر ئۆمەر مىرزىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى:

— ئەمىرزادەم ھەر نە گەپنى قىلسا دەلىل ـ ئاساس بىلەن

قىلغاي، ـــ دېدى مىرزا قاسىم دوغلات.

— ئارى، مىرزا ئابابەكرى خان ئالىيلىرىنىڭ ئادالەت نۇرى بارچە ئامۇ خاسنىڭ بېشىغا خۇددى قۇياش مىسالى باراۋەر چۈشكىسىدۇر، ـــ دېدى مىرزا ھۇسەيىنبەگ.

— ئەگەر ئەمىرزادەم دېگەندەك زۇلۇم ـ سىتەملەر بولغان بولسا، دىۋان ـ مەھكىمىلىرىمىز ئەرز ـ شىكايەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولاتتى، ـــ دېدى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ.

— بۇنىڭ قانداقلىقى ھەر بىرلىرىگە ئايان، ـــ دېدى ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كەتكەن ئۆمەر مىرزا بەقەمدەك قىزىرىپ، ـــ شول تاپتا، بىچارە رەئىيەتنىڭ ئەرز ـ شىكايەت قىلغۇدەكمۇ جۇرئىتى يوق تۇرسا، مەھكىمە ـ دىۋانلىرىغا كېلىشكە قانداقمۇ پېتىنالىسۇن؟

— ئەمىرزادەم شۇنداق دەپ تۇرۇۋالغانىكەن، ئۇنداقتا پاكىت كۆرسىتىپ بىزنى قايىل قىلغايلا، ـــ دېدى مىرزا سەدىردىن قۇشچى.

— ئالدىرىمىسىلا، پاكىتنى چوقۇم كۆرسىتىمەن.

— بىلىپ قالسىلا، پاكىتسىز سۆزلەش مىرزا ئابابەكرى خان ئالىيلىرىغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىكتۇر. بۇ دېگەن ئادالەت دەرگاھى.

— خوش، ئۇنداق بولسا جانابى ئەمىرلەردىن سوراپ باقاي، ـــ دېدى ئۆمەر مىرزا ئۆزىگە ئىتتەك يېپىشىۋالغان تۆت ئەمىرگە قاراپ، ـــ ھەر بىرلىرىنىڭ قەشقەردىن ياركەنتكە كەلگىنىگە ئازچە ئۇزۇن بولمىدى، ئەمما ئىلكىلىرىدە ياركەنت شەھرىدە ئۈچ ـ تۆتتىن قەسىر ـ ساراي، دۇكان ـ راباتلىرى، ئەتراپتىكى يېزا ـ قىشلاقلاردا نەچچە يۈز تاناپ[1] مۇنبەت يەرلىرى، نەچچە مىڭ تۇياقلاپ مال ـ چارۋىلىرى بار ئىكەن. بىلىشىمچە، ماڭلايسۆيەنىڭ سەر ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھەزرەتلىرى ھەر بىرلىرىنى مەنسەپتىن قالدۇرغاندا، مال ـ مۈلۈكلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي مۇسادى-

① تاناپ ـــ ئۆلچەم بىرلىكى. بىر تاناپ 400 كىۋادرات مېتىرغا تەڭ.

رە قىلىشقا بۇيرۇغانغۇ دەيمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، شۇنچىۋالا مال ـ مۈلۈكنى قايسى يولغا ئىشلىتىشلىكىن؟

تۆت ئەمىرنىڭ بىردىنلا تىلى تۇتۇلدى. ئۆمەر مىرزىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىگە گۇمانسىراپ قارىغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆزىگە ئەيمىنىپ قاراشتى. مىرزا ئابابەكرى خوتەنگە لەشكەر تارتىش باھانىسى بىلەن پۇقرالارغا ھەسسىلەپ ئالۋان ـ سېلىق سالغىنى بىلەن، قول ئاستىدىكى ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خىيانەت قىلىشىغا، ھارام مال جۇغلىشىغا قەتئىي يول قويمايتتى. بۇنداق قىلغانلارنى سېزىپ قالسا قاتتىق جازالايتتى. ياركەنتكە كەلگىنىگە تېخى ئىككى ھەپتە بولمىغان ئۆمەر مىرزىنىڭ بۇنچىۋالا ئىشلارنى بىلىپ كەتكىنىدىن قورقۇپ قاتتىق سۈر باسقان ئەمىرلەرنىڭ شۇ تاپتا ۋەھىمىدىن تىللىرى تۇتۇلغانىدى. ئىنىسىنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە ئىشەنمىگەن مىرزا ئابابەكرى تۆت ئەمىرنىڭ بىردىنلا ياۋاشلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ قاپىقىنى تۈردى:

— مۇنداقمۇ ئىش بار دەيلى تېخى. ھە، جاۋاب بېرىشمەمدىلا؟

مىرزا ئابابەكرىنىڭ دەھشەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە شۇنداقلا قاراپ بالاغا قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقان تۆت ئەمىر دەرھال ئۆزلىرىنى ئاقلاشقا كىرىشتى:

— ئەمىرزادەم بەكلا مۇبالىغە قىلىۋەتتى ئالىيلىرى.

مىرزا ئابابەكرى چىرايىنى ئۆزگەرتمەي سورىدى:

— ئەمىرزادەم مۇبالىغە قىلىۋەتكەن بولسا، ھەر بىرلىرىدىن راستىنى ئاڭلاپ باقاي.

— راستى... راستى... — دېدى مىرزا سەدىردىن قۇشچى تىلىنى چايناپ، — ئەمىرزادەم دېگەندەك ئۇنچە كۆپ ئەمەس.

مىرزا ئابابەكرى ئىپادە بىلدۈرمەي تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئەمىرلەر راستىنى ئېيتماي قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

ـــ بىز ئېزىپتىمىز، گۇناھىمىزدىن كەچكەيلا ئالىيلىرى.

ئۇلارنىڭ مۇشۇ گېپىلا كۇپايە قىلاتتى، مىرزا ئابابەكرى كۆڭلىدە ئىنىسىغا قايىل بولدى.

«... ئۆمەر مىرزىنىڭ يامانلىقىنى كۆرمەمدىغان، ئۇ نەدە تۇرۇپ بۇنچە ئىشلارنى بىلىۋالغاندۇ؟ مەن بولسام بىخەۋەر يۈرۈپتىمەن. خەزىنىنى تولدۇرالماي يۈرسەم، بۇلار راستىنىلا ئۆزلىرىنىڭ يېنىنى تومىلاپتۇ. ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىدىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن مەنسىپىدىن قالدۇرۇلغان ئەمەسمىدى بۇلار. بىلىپ تۇرۇپ مۇھىم خىزمەتكە قويغاندىكىن ئۆزۈمگىمۇ ئاز. لېكىن شۇنداق قىلماي نېمە ئامال، ئۇلارغا تايانمىسام كىمگە تايىنىمەن؟ ياركەنت ئەمىر ـ بەگلىرىگە تېخىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇلار پۇرسەت تاپسا ماڭا ئاسىيلىق قىلىشتىن، مەرھۇم مىرزا يانتاقبەگنىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلىشتىن، سەر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا، ھەتتا سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا ئەرز قىلىشتىن يانمايدۇ. توختا، بۇ ئىشتا ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلماي. ياركەنتنى قولۇمغا ئالغىنىم بىلەن ئاساسىم پۇختا ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەنگە لەشكەر تارتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. بۇ ئىشلارنىمۇ مۇشۇ تۆت ئەمىرگە تايىنىپ ۋۇجۇدقا چىقارمىسام بولمايدۇ. مىرزا سەدىردىن قۇشچىنىڭ لەشكەرلەر ئارىسىدا ئىناۋىتى چوڭ. ئاۋۇ قالغان ئۇچىنىڭمۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىشتە ئىقتىدارى بار. بۇ ئىشنى دەپ ئۇلارنى جازالىسام ئۆزۈم يالغۇز قالمامدىمەن؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ قانىتىنى ئۆزۈم يۇڭدىغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شول تاپتا ئۇلارنى جازالايدىغان بولسام، باشقا ئەمىرلەر قەشقەردىن بىللە كەلگەن ھەمراھلىرىغا ۋاپا قىلمىغان يەردە، بىزگە ئەسلا ۋاپا قىلمايدۇ، دەپ مەندىن تېخىمۇ قاچىدۇ. بوپتۇ، ھازىرچە بۇ ئىشلارغا سالاۋات قىلىۋېتەي. شۇنداق قىلسام، ئۇلار ماڭا تېخىمۇ ساداقەتمەن بولىدۇ، ئېشەكتەك خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلار بۇ مال ـ مۈلۈكلىرىنى نەگىمۇ ئېلىپ كېتەلەيتتى، ھامان بىر كۈنى تارتىۋالىمەن دېسەم، بىر باھانە ـ سەۋەب بىلەن تار-

تىۋالالايمەنغۇ. ھەئە، ھازىرچە ئۇلار ئىگە بولغاچ تۇرسۇن...»
مىرزا ئابابەكرى بىردىنلا مۇلايىملىشىپ، چىرايىغا يالغان كۈلكە يۈگۈرتتى:
ــ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشسىلا، ھە تۇرۇشسىلا دەيمەن. ھېچ-قايسىلىرىنىڭ تىلىگىدەك گۇناھلىرى يوق.
تۆت ئەمىر قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەن ھالدا ئاستا ئورۇنلىرى-دىن تۇردى، لېكىن يۈرىكىدىكى تەشۋىش، ۋەھىمە تېخى تارقىمى-غانىدى.
ــ ئالىيلىرى مەرھەمەتلىكتۇر، ــ دېيىشتى ئۇلار ئى-شەنچسىزلىك بىلەن.
ــ دەرگاھىمدا پەرمانبەردارچىلىق قىلىۋاتقان ساداقەتمەن ئەمىرلىرىمنىڭ بۇنچىلىك مال ـ مۈلكى بولسا نېمە بوپتۇ، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى ئۆزىنى كەڭ قورساق، مەرد كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، ــ ئەغيارلىرىمىز: «قاراڭلار، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوردىسىدىكى مەھرەملەرنىڭ تۇزۇككىنە قەسىر ـ سارايلىرى يوقكەن» دېسە يۈزىمىزگە سەت ئەمەسمۇ؟ بولدى، بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالمايلى. ھازىرقى مۇھىم ئىش ــ يىغىشقا تېگىشلىك باج ـ سېلىقلارنى تېزرەك يىغىش. مىرزا ئەمىن قۇلبەگنىڭ تەك-لىپى بەرھەق. لەشكىري دىۋان باج ـ سېلىقلارغا لەشكەر سەپلەپ بەرگەي. ئۇلار بۇگۇنلا يولغا چىقىپ، باج ـ سېلىق يىغىشقا ماڭ-غاي. يارلىق! ــ دېدى ئۇ چىرايىغا سۈرلۈك تۈس بېرىپ، ــ ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ بەگلىرى بىر ھەپتە ئىچىدە تەۋەلىكىدىكى رەئىيەتتىن يىغىشقا تېگىشلىك باج ـ سېلىقلارنى تولۇق يىغىپ بولسۇن. يىغالمىسا ئۆزىنىڭ شەخسىي خەزىنىسىدىن تاپشۇرۇپ تۇرۇپ رەئىيەتتىن ئالدىرىماي يىغىۋالسۇن. كىمىكى سۇسلۇق يا-كى سەركەشلىك قىلىدىكەن، ئۆزىنى ھەپسىگە ئېلىپ، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىڭلار!
ــ پەرمانبەردارمىز! ــ دېيىشتى ئەمىرلەر.
كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ئۆمەر مىرزا يا يىغلى-

شىنى، يا كۆلۈشنى بىلمەيلا قالغانىدى. ئۇ ئەجەبلەنگەن هالدا ئاكىسىغا قارىدى. ئەمما مىرزا ئابابەكرى گويا يېنىدا ئۆمەر مىرزا يوقتەك، تۆت ئەمىرنى پاش قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ ئىشنى قايتا تىلغا ئېلىشنىڭ ئەهمىيىتى يوقلۇقىنى هېس قىلدى.

«ئاغام نېمىشقا ئۇلارغا يول قويىدىغاندۇ، بۇنداق قىلسا ئۇلارنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ يوغىناپ، رەئىيەتكە هەسسىلەپ زۇلۇم سالامدۇ؟ مۇشۇمۇ ئادالەت دەرگاهى بولدىمۇ ئەمدى؟! رەئىيەتمۇ ئادەمغۇ، ئۇلارنىڭ قار ـ يامغۇردىن دالدىلانغۇدەك تۇزۇك ئالچۇق[1] نىڭ، قورسىقىنى تويغۇزغىدەك ئاش ـ نېنىنىڭ تايىنى يوق. بۇلارنىڭ بولسا بىرنەچچە قەسرى، نەچچە يۈز تاناپلاپ يېرى بار، كۆنلىرى بەزمە ـ باراۋەتسىز ئۆتمەيدۇ. بۇ دېگەن تۈزكورلۇق، ئاسىيلىق. ئەهۋالدىن قارىغاندا خوتەنگە راستىنلا لەشكەر تارتىدىغان ئوخشايدۇ. ماڭلايسۆيە ئەمىرى تېخى رەسمىي پەرمان چۈشۈرمىگەن تۇرسا، ئۆز ئالدىغا لەشكەر تارتسا قانداق بولىدۇ...»

— سەئىد شىرازى هەزرەتلىرى: «زۇلۇم بىلەن ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغقاندىن خەزىنىسىز ئەهۋالىڭ ياخشىراقتۇر» دېگەنكەن، — دېدى ئۆمەر مىرزا سالماقلىق بىلەن، — خەزىنىنى زاپاس بىلەن تولدۇرۇش ئەلۋەتتە مۇهىم، لېكىن چەكتىن ئاشۇرۇپ باج ـ سېلىق سېلىش رەئىيەتكە ۋابالچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمىرلەرنىڭ بۇرچى تاج ئىگىسى بولمىش خان ئالىيلىرىنىڭ ئادالىتىنى جارى قىلدۇرۇشتۇر، يەنى ئاۋامغا ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداپ، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەدلى ـ ئادالەتنىڭ هامىيسى بولمىسا، مەنسەپ ئىگىلىرى ئاجىزلارنىڭ هالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نەتىجىدە مەملىكەت ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىدۇ. چۈنكى، كۈچلۈكلەر بىلەن زەئىپلەرنىڭ مەئىشەتلىرى هەمىشە بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ...

① ئالچۇق — كەپە.

مىرزا ئابابەكرى ئىنىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋې-
رىشكە ئارتۇقچە تاقەت قىلالمىدى:

— قوبۇل تامام، جانابى ئەمىرلەرگە ئىجازەت، — دېدى ئۇ ئۆمەر مىرزىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

گەدىنىگىچە قىزارغان ئۆمەر مىرزا گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇ-
تۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا سارايدا يالغۇز قالغانىدى. ئۇ ئولتۇرغان جايىدا بىرپەس خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى.

※ ※ ※

جاھانباغدىكى قۇچاق يەتكۈسىز چىنارلار سايە تاشلاپ تۇرغان راۋاقتا يانپاشلاپ ياتقان مىرزا ئابابەكرى كۆزىنى يېرىم يۇمغىنىد-
چە ئاللىقانداق خىياللارغا غەرق بولغانىدى. بىرى ئاياغ تەرىپىدە، بىرى باش تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىككى خىزمەتكار ئۇنى توختىماي يەلپۈيتتى. يەنە ئىككى خىزمەتكار داستىخاندىكى يەل ـ يېمىش، نازۇ نېمەتلەرنىڭ چىۋىنىنى قورۇيتتى. تۆۋەن تەرەپتە داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان مىرزا سەدىردىن قۇشچى، مىرزا ئەمىن قۇل-
بەگ، مىرزا قاسىم دوغلات، مىرزا ھۈسەيىنبەگلەر مىرزا ئابابەك-
رىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن غىلجىڭ خوتۇنلاردەك ھىجىيىد-
شىپ، بەس ـ بەستە خۇشامەت قىلىشاتتى.

— خۇمارلىق ئىككى شورىۋالسىلا ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا قاسىم دوغلات تۇجۇپىلەپ نەشە بېسىلغان نەقىشلىك چىد-
لىمنى چىلىمچىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ مىرزا ئابابەكرىگە تەڭ-
لەپ.

خۇمارى تۇتۇپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرى قولىنى چىلىمغا ئۇزاتتى. ئۇنىڭغىچە مىرزا ھۈسەيىنبەگ دەرھال چوغدانىدىن بىر تال ئۆرۈك ئوتۇنىنىڭ چوغىنى لاخشىگىر بىلەن قىسىپ ئېلىپ چىلىمنىڭ سەيخانىسىغا ئاۋايلاپ سالدى. مىرزا ئابابەكرى بىگىز

قولى بىلەن چىلىمنىڭ تۆشۈكىنى بېسىۋېلىپ كۇچەپ شوراشقا باشلىدى. چىلىمدىن ئاۋۋال خورۇلدىغان ئاۋاز چىقتى، ئاندىن دەقىقە ئۆتمەيلا چىلىمنىڭ سەيخانىسىدىن لاپپىدە يالقۇن كۆتۈرۈلدى. شۇ هامان مىرزا ئابابەكرىنىڭ مەدەكتەك يوغان قاڭشىرىنىڭ تۆشۈكىدىن كۆكۈچ ئىس تۈرۈلۈپ ـ تۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى. قاراپ تۇرغان تۆت ئەمىر تامغاقلىرىغا جۇغلاشقان شۆلگەيلىرىنى غۇرت ـ غۇرت قىلىپ يۇتتى. گالىلىرى قىچىشىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. هەئە، ئۇلارنىڭمۇ قاتتىق خۇمارى تۇتۇپ كەتكەنىدى.

«ئۇھ» دېدى چىلىمنى شوراپ خۇمارى بېسىلغان مىرزا ئابابەكرى هوزۇرلانغان هالدا.

— قېنى خوش، هەقاسىلىرىمۇ خۇمارلىرىنى بېسىۋېلىشسىلا، — دېدى ئۇ چىلىمنى مىرزا ئەمىن قۇلبەگكە تەڭلەپ.

تۆت ئەمىر چىلىمنى نۆۋەت بىلەن شوراشقا باشلىدى. بۇ ئارىلىقتا چىلىمچى چىلىمغا يەنە بىر قېتىم نەشە باستى.

نەشە مىرزا ئابابەكرىنى خېلىلا خۇش كەيپ قىلىپ قويغانىدى.

— ئۆمەر مىرزا تېخى كىچىك، بابا قىلغان گەپلىرىنى كۆڭۈللىرىگە ئېلىپ كەتمىسىلە ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا سەدىردىن قۇشچى ئېهتىياتچانلىق بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن.

مىرزا ئابابەكرى سارايدىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن تاكى جاهانباغقا كەلگىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانىدى. هەرقاچان ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىگە قاراپ گەپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن بۇ تۆت ئەمىر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشنى نىيەت قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆمەر مىرزا بىلەن ئىككىسىنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداش ئىدىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئېهتىيات قىلىپ ئاغزىنى يۇمۇشقانىدى. مانا ئەمدى مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىرايىدىكى خۇش خۇيلۇقنى كۆرۈپ، ئاغزىنى ئاچىلاشقا جۈرئەت قىلىشتى.

— ئۇنى كىچىك دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى مىرزا ئابابەك ـ

ـرى، ــ ئەسلىدە ئۇنى كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىشلارنى روياپقا چىقىد-
ـرىشقا كۆمەكلىشەر دەپ ئويلىغانىكەنمەن، تولىمۇ ئەپسۇس.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغان تۆت ئەمىر-
نىڭ قۇشقاچ تىللىرى چىقىپ كەتتى:

ــ ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ مۇخالىپەتچىلىك پىكىرلەرنى
قىلىشىنى كىممۇ ئويلىغان دەيلا ئالىيلىرى، ــ دېدى سەدىردىن
قۇشچى، ــ ئەسلىدە بۇنداق گەپلەرنى ئاغا ـ ئىنى ئايرىم ئول-
تۇرغاندا دېسە بولاتتى. سارايدا، يەنە كېلىپ شۇنچە كۆپ ئەمىر-
لەرنىڭ ئالدىدا دېگىنى نېمىسى؟

ــ ئەلھەق. بۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا قۇتراتقۇلۇقتۇر، ــ دېدى
مىرزا ئەمىن قۇلبەگ، ــ ئەمدى ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىسىلا
بولغۇدەك.

ــ بىر ئىش بار ئىدى، ئىككى كۈندىن بېرى ئالىيلىرىغا
دەيمۇ ـ دېمەيمۇ، دەپ ئىنتەڭ[1]دە قالغانىدىم.

مىرزا ئابابەكرى مىرزا قاسىم دوغلاتقا لاپپىدە قارىدى:

ــ دېيىشكە تېگىشلىك گەپ بولسا تىللىرىنى چاينىمىسىلا.

ــ بۇ ئۆمەر مىرزىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش، ــ دېدى مىرزا
قاسىم دوغلات غەيرەتكە كېلىپ، ــ ھېس قىلىشىمچە، ئەمىرزا-
دەم ياركەنتكە مەقسەتلىك كەلگەندەك قىلىدۇ. پايلاقچىلىرىمىز
ئۇنىڭ خۇپىيانە ھالدا مىرزا يانتاقبەگنىڭ ئىشلىرىنى سۈرۈشتە
قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ.

مىرزا ئابابەكرى پەر ياستۇققا يۆلەنگەن يوغان بەستىنى دەر-
ھال تىكلىدى. مىرزا قاسىم دوغلاتنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا تەسىر
قىلغانىدى.

ــ ئېيتقانلىرى راستمۇ؟ ــ سورىدى مىرزا قاسىم دوغلات-
نىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

ــ قىلچىلىك يالغىنى يوق ئالىيلىرى، ــ دېدى مىرزا ھۇ-
سەيىنبەگ مىرزا قاسىم دوغلاتنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىپ، ــ

① ئىنتەڭ ــ تەڭقىسلىقتا قالماق.

كەمىنلىرىمۇ ئاشۇنداق ئاخبارغا ئېرىشتىم. ئۇندىن باشقا باج ـ
گىر، مۇھتەسىپلەرنى رەئىيەتكە ئارتۇق سېلىق سالدىڭ، دەپ ئە ـ
دەپلەپتۇ.

— ئابدۇقادىر مۇھتەسىپ بەگنىڭ قولىنى سۇندۇرۇۋېتىپ ـ
تۇ.

— رەئىيەتنى باج ـ سېلىق تاپشۇرماسلىققا، قەشقەرگە بې ـ
رىپ ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىگە ئەرز بېرىشكە كۈشكۈرتۈپ ـ
تۇ.

— مىرزا يانتاقبەگنىڭ ياركەنتتە ھۆكۈمەت تۇتقان مەزگىل ـ
دە خوتەن مىرزىلىرى بىلەن خۇپپىيانە بېرىش ـ كېلىش، خەت ـ
ئالاقە قىلىشقان ـ قىلىشمىغانلىقىنى ئوردىدىكى كونا ئەمىرلەر ـ
دىن سۈرۈشتۈرۈپتۇ.

— يەنە تېخى ئالىيلىرى ياركەنتكە لەشكەر تارتىپ كەلگەندە
مىرزا يانتاقبەگنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكەن ـ كۆرسەتمىگەنلىكى ـ
نى ئوردا مەھرەملىرىدىن سوراپتۇ.

ئۇلار ئۆمەر مىرزا ئۇستىدىن بەس ـ بەستە شىكايەت قىلات ـ
تى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىرايى تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەنىدى.

— شاراب!

شۇنچە ئىشەنگەن ئىنىسىنىڭ ئاستىرتىن قىلىپ يۈرگەن
ئىشلىرىنى ئاڭلاپ مىرزا ئابابەكرى غەزەپتىن بوغۇلۇپ قالاي دەپ
قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلسە ئۇسساپ كېتىدىغان ئادىتى
بارلىقىنى بىلىدىغان ئەمىرلەر دەرھال جىم بولۇشتى. شارابچى
ئالدىراپ ـ تېنەپ كوزىدىن قاشتېشى جامغا شاراب قۇيۇپ، ئالتۇن
پەتنۇس بىلەن مىرزا ئابابەكرىگە تۇتتى.

— يەنە قۇي! — دېدى ئۇ قۇرۇقدالغان جامنى پەتنۇسقا تاق ـ
قىدە قويۇپ.

مىرزا ئابابەكرى ئىنىسىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشتىڭ دەپ
غەزەپلەنگەن ئوخشايدۇ، دەپ خۇدۇكسىرىگەن تۆت ئەمىر لاغ ـ لاغ
تىترىگىنىچە يەر ئۆپۈشتى.

ــ بىزنى غەيۋەت قىلىۋاتىدۇ دەپ چۈشەنگەن بولسىلا تەھ-قىقلەپ كۆرگەيلا ئالىيلىرى، ناۋادا سۆزىمىز يالغان بولۇپ قالسا، مىڭ قېتىم ئۆلۈشكە رازىمىز.

ــ جانابى ئەمىرلەر زىنھار بىسەرەمجان بولمىسۇنلار، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى ئۇلارنىڭ تەشۋىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىـ-رىگە قاراپ، ــ ھەرقانداق كىشى بىرەر مەملىكەتنى تەسەررۇپىغا ئېلىپ ئاۋامنى ئىتائەت قىلدۇرماقچى بولىدىكەن، سەلتەنەت ئىشلىرىدا قابىلىيىتى بار خادىملارغا موھتاج بولىدۇ. سىلەر مەن ئۈچۈن دەل ئاشۇنداق خادىملاردىندۇرسىلەر. بەرھەق، ئۆمەر مىرزا ئۆز قېرىندىشىمدۇر. ئەمما ئۇ ئىشلىرىمغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولىدىكەن، ئاستىرتىن قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىمگە ئىسپات تويلاپ، سەر ئەمىرگە، ھەتتا سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا مەلۇ-مات يوللىماقچى بولىدىكەن، ھەرگىزمۇ قېرىنداشلىق يۈز ـ خا-تىرىسىنى قىلمايمەن.

ئەمىرلەر قايتىدىن يەڭگىل نەپەس ئېلىشتى.

ــ ئەسلىدە بول ئىشلاردىن ئالىيلىرىنى ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىشنى ئويلىغان بولساقمۇ، لېكىن ئانەزرىتىمنىڭ قېرىنداش-لىق مېھرىنى ئەلا بىلىپ سۆزلىرىمىزگە پىسەنت قىلماسلىقى-دىن، ھەتتا بىزنى ئەيىبكە بۇيرۇشىدىن ۋايىم يەپ ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىغاندۇق، ــ دېدى مىرزا سەدىردىن قۇشچى.

ــ ئەينى مۇددىئا، ــ دېدى باشقىلارمۇ.

مىرزا ئابابەكرى بۇ تۆت ئەمىرنىڭ يالغان سۆزلىمىگەنلىكى-گە ئىشەندى، لېكىن ئىنىسىنىڭ ئۆزىنى مەخپىي تەكشۈرۈۋاتقان-لىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۆمەر مىرزا تولىمۇ ياۋاش، سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئانچە قىزىقمايدىغان ساددا، تالىپ مىجەز بىر يىگىت ئىدى.

«بۇلارنىڭ مەلۇماتلىرىنىڭ راستلىقىنى بايا ئۆمەر مىرزىنىڭ سارايدا ئېيتقان سۆزلىرى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. مەن تېخى ئۇنى سەلتەنەتكە بولغان ساداقىتى تۈپەيلىدىن ئاشۇنداق سۆزلەرنى

قىلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىكەنمەن. ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن - دە، مەندەك بىر قېرىندا ياتقان ئاغىنىسىغا بولۇشماقتا يوق، ئاستىرتىن پېيىمغا چۈشكىنىنى قارىمامدىغان بۇ كىسپۇرۇچنىڭ. ئەسلىدە ئۇنىڭ ياركەنتكە كېلىشىمۇ مەقسەتلىك ئىكەن - دە...»

— ئۆمەر مىرزىنى ياركەنتكە سەر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا مەقسەتلىك ئەۋەتكەندەك قىلىدۇ ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ.

— ھازىر ئويلاپ باقسام ئول سەر ئەمىرنىڭ ئالىيلىرىغا يازغان مەكتۇپىمۇ مۇجمەللا. مىرزا يانتاقبەگدىن ياركەنتنى سۇيۇپ ئالغانلىقلىرىنى ماختىغاندەك قىلغان بىلەن، خوتەنگە يۈرۈش قىلىشلىرىغا ئوچۇق بىر نېمە دېمەپتۇ. بۇ تەرىپى تولىمۇ گۇماندلىق.

— كۆمەكلىشىشكە لەشكەر ئەۋەتمىگىنىنىڭ ئۆزىلا گۇمانلانغانلىقىنى، ئىشەنمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

— قەشقەردىكى بۇرادەرلىرىمىزنىڭ يەتكۈزگەن دۇئايى سالاملىرىدىن قارىغاندا، سەر ئەمىر مەكتۇپلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنىلا ئۆمەر مىرزا قەشقەردىن غايىب بولغانىكەن. ئۇنىڭ ياركەنتكە كەتكەنلىكىنى ئۇلار بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئاندىن خەۋەر تېپىشىپتۇ. سەر ئەمىر بۇ خۇسۇستا ھېچكىمگە بىر نەرسە دېمەپتۇ. پەمىمچە، بۇنىڭ تېگىدە چوقۇم بىر گەپ بار. ئۆمەر مىرزىنىڭ ئەھۋالىمىزنى خۇپىيانە تىڭ - تىڭلىغىلى كەلگىنى ئېنىق.

— ھەر ھالدا ئاگاھ بولغايلا.

كىچىككىنە گۇمانلىق ئىشلارغىمۇ سەل قارىمايدىغان مىرزا ئابابەكرىگە ئەمىرلەرنىڭ بۇ سۆزلىرى باشقىچە تەسىر قىلدى. ئىنىسىگە زىيادە ئىشىنىپ كەتكىنىدىن، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى بىر پارچە خەت بىلەنلا ئالداپ كېتەلەيمەن دەپ ئويلىغىنىدىن چۆچۈدى.

— ھەر بىرلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرغىنىدىن كۆپ مىننەتدار-مەن، — دېدى مىرزا ئابابەكرى، — راست، ئەلۋەتتە ئېھتىيات قىلماق زۆرۈر. پايلاقچىلار ئۆمەر مىرزىنىڭ ھەر بىر قەدىمىنى قالدۇرماي پايلىغاي. ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىش ـ ئەھۋاللىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغايمىز. لەشكىرىي ھازىرلىقلارنىمۇ پۇختا كۆرۈشكەيلا. ئاللاھ خالىسا پات يېقىندا خوتەنگە يۈرۈش قىلد-مىز.

— سەر ئەمىرنىڭ ئىجازىتىسىز خوتەنگە لەشكەر تارتساق تېخىمۇ گۇمانغا سېلىپ قويارمىزمىكىن؟— دېدى سەدىردىن قۇشچى.

— بۇ ئىشلارغا ئامالىم بار. سەر ئەمىردىن چوقۇم پەرمان ئالىمىز، — دېدى مىرزا ئابابەكرى ئىشەنچ بىلەن، — قېنى، كۆڭلى تارتقانلار ئىچكەچ ئولتۇرسۇنلار.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىرايىدىكى خۇش خۇيلۇقنى كۆرۈپ، ئەمىرلەرنىڭ پۇت ـ قولىغا قايتىدىن جان كىردى.

## 84

قەشقەر.

ماڭلايسۆيە سارىيىنى تىمتاسلىق باسقانىدى. يالغۇز ئولتۇر-غان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ئېغىر غەم بېسىۋالغاندەك قىلات-تى. ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتتىن بېرى قولىدىكى ئىككى پارچە خەتنى قانچە قېتىم ئوقۇپ چىققىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ھەئە، ياركەنتتىكى ئۆمەر مىرزا بىلەن خوتەندىكى ئايغاقچىسى مەخپىي يوللىغان بۇ خەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغا-نىدى.

*«... ئاغام ئابابەكرى مىرزىنىڭ ياركەنتتىكى ئىشلىرى
ھەقىقەتەن گۇمانلىق. مىرزا يانتاقبەگ قەستلەپ ئۆلتۈرۈل-
گەندەك قىلىدۇ، لېكىن بۇ ھەقتىكى دەلىل - ئىسپاتقا تو-
لۇق ئېرىشەلمىدىم. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئاغامنىڭ
كاللىسىنى رىياكارلىق، ئاسىيلىق مۇددىئالىرى چىرمىۋاپ-
تۇ. ياركەنت ئەمىر مەھكىمىسىدىكى قائىدە - يوسۇنلارنى
كۆرىدىغان بولسىلا ھەيران قالىدىلا. ئاغامنى ئەمىرلەردىن
تارتىپ خىزمەتكارلارغىچە «ئالىيلىرى»، «ئانىھەزرىتىم»،
«قىبلىگاھىمىز» دەپ ئاتايدىكەن. «جانابلىرى» دەپ ئاتىد-
غانلارنىڭ تىلى كېسىلىپتۇ. گەرچە ئاغام ئۆزىنى رەسمىي
يوسۇندا خان - سۇلتان دەپ جاكارلىمىغان بولسىمۇ، مەر-
تىۋىسىنى خان - سۇلتانلارغا تەڭلەشتۈرۈۋاپتۇ. ياركەنت-
تىكى ئاددىي ئاۋامنىڭ كۈنى قاق ئىكەن، ھەسسىلەپ سې-
لىنىغان باج - سېلىقلار دەستىدىن ئۇلارنىڭ ئاھۇ زارى پە-
لەككە يېتىپتۇ. بۇنى ئاز دەپ ھازىر باجگىر، سېلىقچىلار
لەشكەرلەرنىڭ ھامىيلىقىدا كېلەر يىللىق باج - سېلىقلار-
نى تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ، ھە دەپ چېرىك يىغىپ مە-
شىقلەندۈرۈۋاتىدۇ. نامدا خوتەنگە لەشكەر تارتىشقا ھازىرلى-
نىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، كۆڭلىگە خەتەرلىك بىر ئىشنى
پۈككەندەك قىلىدۇ. بىر ۋىلايەت ئەمىرىنىڭ جانابى سەر ئە-
مىردىن، ئالەمپاناھ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىدىن يوشۇ-
رۇنچە ھە دەپ لەشكەر توپلىشى، ئاشلىق، پۇل - پېچەك،
قورال - ياراغ ھازىرلىشى ئادەمنى تەئەججۇپكە سالىدۇ.
ئىككى گەپنىڭ بىرىدە خوتەنگە لەشكەر تارتىشنىڭ داۋرى-
ڭىنى قىلىدۇ. سەر ئەمىر جانابلىرى ئاغامغا يازغان مەك-
تۇپلىرىدا ئۇنىڭ خوتەنگە لەشكەر تارتىشىنى تەرغىب قىل-
غاندەك ئىبارىلەرنى يازغان ئىكەنلا. ئۇ مۇشۇ ئىبارىلەرنى
دەستەك قىلىپ، قولىمىزدا سەر ئەمىرنىڭ پەرمانى بار،*

*دەۋاتىدۇ. مېنىڭچە خوتەنگە ئالدىراپ لەشكەر تارتمىغان تۇ-
زۇك. بولمىسا ماڭلايسۆيە خەتەرلىك قالايمىقانچىلىقتا قالى-
دۇ. جانابلىرى رىشۋەتخور[1]لۇقتا، خىيانەتكارلىقتا ئەيىبلەپ
مەنسەپتىن قالدۇرغان مىرزا ئەمىن قۇلبەگ، مىرزا قاسىم
دوغلات، مىرزا ھۆسەيىنبەگلەر ھازىر ياركەنت ئەمىر مەھ-
كىمىسىدە يۇقىرى مەنسەپلەردە ئولتۇرۇپ، ئەتىۋارلىنىۋې-
تىپتۇ ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رىياكارلارنىڭ ئاكتىپ
ئىشتىراكچىسىغا ئايلىنىپتۇ. سەلتەنەت يوسۇنى بويىچە
ھەرقايسى ۋىلايەت، تۇمەنلەرنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمىر -
بەگلىرى ئوردىنىڭ تەستىقى، جانابى خان ئالىيلىرىنىڭ
پەرمانى بىلەن مەنسەپكە تەيىنلىنەتتى. لېكىن ئاغام ھەر-
قانداق ئادەمنى ئۆز ئالدىغا مەنسەپكە تەيىنلەيدىكەن. مېنى-
مۇ بېرىشىمغىلا قارا دىۋاننىڭ ئورۇنباسارلىقىغا تەيىنلى-
دى. ئويلاپ باقسىلا، قارا دىۋان خان ئوردىسىدىلا بولاتتى.
ۋىلايەت مەھكىمىسىدە بۇنداق مەھكىمە تەسىس قىلىش
لازىم ئەمەستىغۇ؟! خۇلاسە كالام، ياركەنت ئەمىر مەھكىمى-
سىدە، ئوردىدا بار مەھكىمىلەرنىڭ ھەممىسى تەسىس قىلى-
نىپتۇ. پات يېقىندا دەلىل - ئىسپاتلارغا تولۇق ئىگە بولى-
مەن. شۇل چاغدا قەشقەرگە قايتىپ تەپسىلىي مەلۇمات بې-
رىمەن....»*

بۇ ئۆمەر مىرزىنىڭ يوللىغان خېتى ئىدى.

*«... خوتەن ئەمىرلىرى بولمىش خاننەزەر مىرزا بىلەن
قۇلنەزەر مىرزىلارنىڭ بۈيۈك سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلىش
ئۈچۈن ئىسيانغا ھازىرلىق كۆرۈۋاتقانلىقى ھەققىدە ھېچ-
قانداق ئىسپات يوق. ھەتتا ئۇلارنىڭ ياركەنت ئەمىرى
مىرزا يانتاقبەگ بىلەن ھېچقانداق خۇپىيانە بېرىش - كې-
لىشلىرى، خەت - ئالاقىلىرى، مۇددىئا - مەقسەتلىرى يوق*

① رىشۋەتخور — پارىخور.

*ئىكەن. خوتەن ئەمىر مەھكىمىسىدىكى ئىشەنچلىك كىشى-
لىرىمىزدىن ئۇقۇشىمىزچە، ئول ئاغ ـ ئىنى مىرزىلار
ئۇزاقى يىلى بىر نۆۋەت مەكتۇپ ئەۋەتىپ مىرزا يانتاقبەگ-
نى ماڭلايسۇيە ئەمىر مەھكىمىسىگە ئىتائەت قىلماي، بىۋا-
ستە ئوردىغا، سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا پۇقرادارچى-
لىق قىلىشقا ئۇندىگەنلىكى مەلۇم. لېكىن مىرزا يانتاقبەگ
ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپىگە قوشۇلمىغان ھەمدە ئۇلارنى قۇترات-
قۇلۇق قىلماسلىققا ئۇندەپ جاۋاب مەكتۇپ يازغانىكەن. كە-
مىنە نۆكەرلىرى يەنە شۇنى ئېنىقلاپ بىلدىمكى، ئول ئاغا ـ
ئىنى مىرزىلار ماڭلايسۇيە ئەمىر مەھكىمىسىگە ئىتائەت
قىلىشقا قاتتىق نارازى ئىكەن. شول سەۋەبتىن جانابى سەر
ئەمىرنىڭ ھەرقانداق پەرمانىغا ئىتائەت گەردىنىنى سۇنۇش-
نى ھار ئالىدىكەن...»*

بۇ خوتەندىكى ئايغاقچىنىڭ يوللىغان مەلۇماتى ئىدى.
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئوي ـ خىياللىرى چىگىشلى-
شىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۆزىنى
خان ـ سۇلتانلارغا تەققاسلاپ، ئاۋامغا زىيادە سېلىق سېلىپ قىلى-
غان ئاسىيلىقىدىن كۆرە، خوتەندىكى ئاكا ـ ئۇكا مىرزىلارنىڭ
ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىشى بەكرەك غەزىپىنى كەل-
تۈرگەنىدى.
«ئابابەكرى مىرزا ئۆگەي بولسىمۇ ئۆز پەرزەنتىمگە ئوخ-
شاش. بەلكىم مەندەك تاغىسىغا، ئۆگەي ئاتىسىغا ئىشىنىپ ئا-
شۇنداق باشتۇڭلۇق قىلىشقا پېتىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى
دېمىگەندىمۇ ئۇنىڭ يەنە مەرھۇم سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئا-
لىيلىرى ئىنئام قىلغان كۆرەگانلىق مەرتىۋىسى بار. بەلكىم يار-
كەنتتىكى ئەمىرلەرنى ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم
يوسۇنلارنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بۇرۇندىنلا
ياركەنتكە ئەمىر بولغۇسى بار ئىدى. ئوردىدىن يارلىق كەلسىلا
نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى مەھرەم ـ خىزمەتكارلىرىنىڭ ‹ئالىيلى-

ـرى) دەپ ئاتىشىدىن توسۇشقا ئۇندىسەم، ئۇ ئەلۋەتتە نەسىھەتىمنى بەرمايدۇ. لېكىن ھېلىقى ئۈچ ئەمىرنى نېمىشقا ئۇنچىۋالا ئەـ تىۋارلاپ كەتتىكىنە؟ ئېنىقكى، ئۇلار ئابابەكرى مىرزىنى ھىيلە ئىشلىتىپ ئالدىغان. ھازىرچە بۇ ئىشلارنى بىلمىگەن بولۇپ تۇراي. ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنى تۇتۇپ قەشقەرگە ئەۋەتىپ بېرىشكە پەرمان بەرسەم تامامەن بولىدۇ. مىرزا يانتاقبەگنىڭ ئۆلۈم ۋەقە ـ سىگە كەلسەك، ئۆمەر مىرزا تەپسىلىي ئېنىقلاپ، دەلىل ـ ئىس ـ پاتلارنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن سۈرۈشتىسىنى قىلارمەن. ئول چاغدا ئابابەكرى مىرزىمۇ تېنىۋالالمايدۇ. ھازىر ئۇ يىراقتا، قولىدا لەشكەر، ۋىلايەت بار. يەنە تېخى چېرىك يىغىۋېتىپتۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇسام مەن بىلەن قارشىلىشىشى مۇمكىن. ئول چاغدا خوتەندىكى ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنى ئىتائە ـ تىمگە بويسۇندۇرالمىغانلىقى ئاز دەپ، يەنە بىر گەردەنكەشنى كۆ ـ پەيتىۋالىمەن. بۇ سەلتەنەت ئۈچۈنمۇ باش ئاغرىقى بولىدۇ. ھە راست، ئابابەكرى مىرزىنىڭ خوتەنگە لەشكەر تارتىپ ئول ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنى جازالىغۇسى بار ئىدىغۇ، ئۇنىڭغا پەرمان بېرەي. ناۋادا يېڭىلىپ قالسا، چىرايلىق تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى يا ـ سارمەن. ئول چاغدا ھۆكمىمگە سەركەشلىك قىلىشقا پېتىنالماي ـ دۇ. ناۋادا خوتەن مىرزىلىرىنى يېڭىۋالسا، ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق ئول گەردەنكەشلەردىن قۇتۇلغان بولىمەن. ئابابەكرى مىرزىنىڭ بۇ تۆھپىسىنى خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىپ ئىنئام ئېلىپ بې ـ رىمەن. ئاشۇنداق قىلسام ئۇ مەندىن خۇش بولىدۇ، سەركەشلىك قىلىشقا، باشقا خىياللاردا بولۇشقا پېتىنالمايدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى خوتەنگە، ئۆمەر مىرزىنى ياركەنتكە ئەمىر قىلىپ تەيىنلىسەم ماڭلايسۆيەدىكى ئاساسىم تېخىمۇ پۇختىلىنىدۇ، ھۆكمىمە ـ گە نارازى بولغان بىر قىسىم ئەمىرلەرمۇ يامان نىيىتىدىن يانىدۇ...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كاللىسىغا كەلگەن بۇ ئەقىلدىن باشقىچە روھلىنىپ كەتتى.

ـــ سەر ئەمىر جانابلىرى چۈشلۈك غىزانى نەدە يەيدىكىن؟ ـــ سورىدى سارايغا ئاستا كىرىپ كەلگەن بىكاۋۇل بەگ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كەيپى تولىمۇ چاغ ئىدى. ئابابەكرى مىرزا بىلەن ئۆمەر مىرزىدىن ئىبارەت ئىككى ئۆگەي ئوغلى ھەققىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلىنى سېغىنىپ قالغانىدى. شۇ كۈنلەردە ئايجامال ئاغىچا بۇ ئىككى ئەمىرزادىنى قەشقەردىن چىقارمايدىغان بولۇۋالغانىدى.

— چۈشلۈك غىزاغا ئايجامال ئاغىچىنىڭ قەسىرىگە باردىمەن. خەۋەرلەندۈرۈپ قويسۇنلا، — دېدى ئۇ ئايجامال ئاغىچىنىڭ قەسرىگە بارمىغىنىغا بىرەر ھەپتە بولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ.

— خوش، — بىكاۋۇل بەگ ئاستا چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كىرىپ كەلگەندە ئايجامال ئاغىچا قەسرىنىڭ ئالدىدىكى تال باراڭلىق پېشايۋاننىڭ ئاستىدا داستىدخان راسلاپ، ئۆزىنى بولۇشىغا پەردازلاپ، چىرايلىق ياسىنىپ كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى.

— ھارمىغايلا، مۇبارەك قەدەملىرىگە كۆز تەگمىسۇن، — دېدى ئايجامال ئاغىچا تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ.

ئايجامال ئاغىچا گەرچە يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ خېلىلا سەمرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ياش جۇۋانلارغا خاس نازاكىتىنى يوقاتمىغان شەرەنداز ئايال ئىدى، ھەرقاچان شېرىن - شېكەر سۆزلىرى، تاتلىق خۇلقى بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ئۆزىگە قارىتىشنى، كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىشنى ئېسىدىن چىقارمايتتى؛ باشقا توقال - ئاغىچىلارغا ئوخشاش: «مېنى ئۇنتۇپ كەتتىلەيەي»، «ئالدىلىرىدا پالانى ئاغىچىچىلىك بولالمايمەنەي»، «پالانى ئاغىچىنىڭ قەسىرىدىن نېرى بولالمايدىلايەي»... دېگەندەك تاپا - تەنىلەرنى قىلمايتتى، باتىنمايتتى، بەلكى كېنىزەكلەرنى يېقىن كەلتۈرمەي ئۆز قولى بىلەن چاي تۇتۇپ ھاردۇق سورايتتى؛ بىردەم يېتىۋالسىلا، دەپ پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ قوياتتى. شۇ

سەۋەبتىنمۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئايجامال ئاغىچىنىڭ قەسى-
رىگە كەلسە ئۆزىنى باشقىچە ئازادە ھېس قىلاتتى. روھى باشقىچە
كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. ئون سەككىز ـ يىگىرمە ياشلىق توقاللىرى-
دىن ئالالمىغان لەززەتنى مۇشۇ ئاغىچىسىدىن ئالاتتى.
ــ ئەمىرزادىلەر كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ ــ سورىدى تۆردىكى
قوشلاپ سېلىنغان كۆرپىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغان مۇھەممەد
ھەيدەر مىرزا ئەتراپقا قاراپ قويۇپ.
ــ ئەمىرزادىلەرنى سېغىنىپ كەتكەن ئوخشىمامدىلا؟ ــ
دېدى ئايجامال ئاغىچا پېشكەدە كۈلۈپ ۋە چاققانلىق بىلەن
ئىككى پەر ياستۇقنى ئېلىپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بېقىنى-
غا يۆلىدى، ــ بىر دەم يانپاشلىۋالسىلا، ئەمىرزادىلەر ھازىرلا
كېلىدۇ.
ــ ئەمىرزادىلەرنىڭ ئانىسىنىمۇ سېغىنىدىم، ــ دېدى ئۇ
پەگادا قول باغلاپ تۇرغان كېنىزەكلەرگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا
قاراپ قويۇپ.
ــ كۆڭۈل سانىغانلىرىغا رەھمەت ھەزرىتىم، ھەرقاچان كۆ-
ڭۈل تۆرلىرىدە بولالىغىنىمدىن تولىمۇ بەختىيارمەن. ئىشتىھا-
لىرى سۈيۈققا تارتامدىكىن ـ قويۇققىمىكىن؟
ــ مەن دېگەن مېھمان، ئۇنى ـ بۇنى دەپ غىزا تاللىسام ئە-
دەپسىزلىك بولۇر. بەرگەنلىرىنى يەيمەن.
ــ ئايلىناي. مېھمان دېگەن سىلىدەك بولسا كۇتمەك نېمە-
دېگەن ئاسان، ــ دېدى ئايجامال ئاغىچا نازلىنىپ، ــ ئاچقان
يەرلىرىگە بېرىش ئۈچۈن نېمە دېسىلە شۇنى تەييار قىلىمەن.
ئايجامال ئاغىچىنىڭ نازلىق قاراشلىرى، تاتلىق سۆزلىرى
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ھاياجانغا سېلىپ قويغانىدى.
ــ ئاغىچا ئايىم بەرگەن نەرسىنىڭ ھەرقانىدىقى ئاچقان يې-
رىمگە بارىدۇ، ــ دېدى ئۇ ئايجامال ئاغىچا تۇتقان پىيالىدىكى
چاينى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ــ كەلسىلە، يېنىمدا ئولتۇرسىلا.
ــ ئاۋۋال بىر پىيالىدىن ئۇگرە ئاچىقىڭلار، ــ دېدى ئايجا-

مال ئاغىچا كىنىزەكلەرگە قاراپ.

— ئەسلىدە ئاخشام كېلەي دېگەن، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا زەپەر، لاچىندانە، نىلۋات ۋە ئاللىقانداق خۇش پۇراق دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن دەملەنگەن چاينى ئوتلاپ تۇرۇپ، — لېكىن سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا يوللايدىغان مەلۇماتلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋېتەي دەپ بىر ۋاق بولۇپ كەتتى.

— ئاخشام كەلگەن بولسىلىمۇ مېنى تاپالمايتتىلە، — دېدى ئايجامال ئاغىچا.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تەئەججۇپ بىلەن ئاغىچىنىڭ چىرايىغا قارىدى.

— بىر يەرگە بارمىغانلا؟

— ھەزرىتىمنىڭ ئىجازىتىسىز نەگە بارالايتتىم، — دېدى ئايجامال ئاغىچا سۇرمە سۈرگەن چىرايلىق كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — تۈنۈگۈن چوڭ ئاغىچا مەلىكە دۆلەتنىگار خېنىمنى يوقلاپ بارغانىدىم. مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ كەچ بولۇپ قالغىنىنى تۇيمايلا قاپتىمىز. شۇنىڭ بىلەن يېنىدا ھەمراھ بولۇپ تۈنەپ قالدىم.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئايجامال ئاغىچىغا قايىللىق بىلەن نەزەر تاشلىدى. ئۇزۇندىن بېرى كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان چوڭ ئاغىچىسى مەلىكە دۆلەتنىگار خېنىمنى ھەپتىدىن بېرى يوقلاپ قويمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ خىجىل بولدى.

— چوڭ ئاغىچىغا ھەمراھ بولۇپ ياخشى قىپتىلا. ئۇنىڭ ئورنىدا تەشەككۇر بىلدۈرىمەن.

— تەشەككۇرلىرى ھاجەتسىز، گەرچە بىز كۈندەش بولساقمۇ يەنىلا ئىگىچە ـ سىڭىلمىز. ئۇنىڭسىزمۇ چوڭ ئاغىچىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بۇرچىمىز باردۇر.

ئايجامال ئاغىچا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بۇ تۈنجى ئايالىنى بەكلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنى پات ـ پات يوقلاپ، كۆڭلىنى ئىزدەپ تۇرسا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ مىننەتدار

بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەمما تۈنۈگۈن چوڭ ئاغىچىنى ئالاھىدە يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ قېشىدا تۈنەپ قېلىشىدا باشقىچە مۇددىئاسىمۇ بار ئىدى. چۈنكى، ئالدىنقى كۈنى ئۇنىڭغا چوڭ ئوغلى مىرزا ئابابەكرىدىن خەت كەلگەنىدى. خېتىدە ئانىسىدىن خوتەنگە لەشكەر تارتىش ئۈچۈن ئۆگەي دادىسىدىن پەرمان ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدى. ئوغلىنىڭ بۇ تەلىپىنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ئۇدۇللا دېيىشنى بىئەپ كۆرگەن ئايجامال ئاغىچا مەلىكە دۆلەتنىگار خېنىمنى يوقلاش چارىسىنى ئويلاپ تاپقانىدى. ھەئە، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا چوڭ ئاغىچىنىڭ قەسرىگە بارسىلا ئايجامال ئاغىچىنىڭ بۇ يەردە بىر كېچە تۈنىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپاتتى. ئۇ چاغدا تەبىئىي ھالدا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئايجامال ئاغىچىنىڭ قەسرىگە كېلەتتى. شۇڭا ھازىر ئايجامال ئاغىچا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، چوڭ ئاغىچىنىڭ قەسرىدە قونۇپ قالغانلىقىنى چاندۇرماي دەۋالدى.

— ئاڭلىشىمچە خوتەننىڭ تېۋىپلىرىنى ھەرقانداق كېسەلگە شىپا تاپالايدۇ دېيىشىدىكەن. خوتەندىن تېۋىپ ئەكەلدۈرۈپ چوڭ ئاغىچىنى ئەملىتىپ باقساق بولۇرمىكىن.

ئايجامال ئاغىچا كۆرۈنۈشتە چوڭ ئاغىچىنىڭ كېسىلىگە كۆڭۈل بۆلگەندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ دىققىتىنى قەستەن خوتەنگە بۇراۋاتاتتى.

— ھازىر خوتەندىن تېۋىپ ئەكەلدۈرۈش مۇشكۈلدۇر، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— نېمىشقا؟ — سورىدى ئايجامال ئاغىچا ھېچنېمىنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، — خوتەن ئەمىرىگە چاپارمەن ماڭدۇرسىلا، بىرەر تېۋىپنى قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويۇشى تەس ئەمەسقۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەن ئەمىرلىرىمۇ ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىگە ئىتائەت قىلىدىغان تۇرسا، سىلىدەك سەر ئەمىرنىڭ كىچىككىنە تەلىپىنى پەرمان دەپ بىلۇر تايىنلىق.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قەلبىدىكى خوتەن ئەمىرلىرىگە بولغان ئاداۋىتى قايتىدىن كۈچەيدى.

ــ ئۇل خوتەن ئەمىرلىرى ھازىر بىزنىڭ ھۆكۈمىمىزگە ئىتائەت قىلمايدۇ.

ــ شۇنداق ئىشمۇ بارمۇ تېخى، بۇ ئوچۇق ـ ئاشكارا سەر ئەمىر بىلەن قارشىلاشقانلىقىقۇ؟

ــ قارشىلىشىشلا ئەمەس، بىتەھقىق سەركەشلىكتۇر، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاچچىق بىلەن.

ــ ئۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ، ــ دېدى ئايجامال ئاغىچا ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىپ، ــ بۇ دېگەن قۇدرەتلىك ئادالەتپاناھ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى ئۆزلىرىگە بەرگەن كاتتا ئىمتىياز ـ دۇر. ھۆكۈملىرىگە ئىتائەت گەردىنىنى سۇنمىغانلارنى قاتتىق جازالىسىلا تامامەن ھەقلىقتۇرلا.

ــ مېنىڭ خىيالىممۇ شۇ، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، ــ بەلكىم پات يېقىندا ئۇل گەردەنكەش ئاغا ـ ئىنى مىر ـ زىلارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلۇرمەن.

ــ شەخسەن ئۆزلىرى لەشكەر تارتىپ باراي دەۋاتمايدىغانلا ھەزرىتىم؟

ــ ياق، ياركەنتتىكى چوڭ ئەمىرزادەمنى ئەۋەتەيمىكىن دەي ـ مەن.

بۇ ئايجامال ئاغىچىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك جاۋاب ئىدى. مۇ ـ ھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنى تەڭقىسلىقتا قويمايلا بۇ قىيىن مەسى ـ لىنى ئۆزى تىلغا ئالغانىدى.

ــ تولا ئوبدان ئويلاپتىلا، ــ دېدى ئايجامال ئاغىچا ھاياجى ـ نىنى يوشۇرماي، ــ چوڭ ئەمىرزادەم ئۇزۇندىن بېرى چوڭراق بىر ئىش قىلىپ سەلتەنەتكە خىزمەت كۆرسىتىشنى، ھەم ئۆزلى ـ رىنىڭ يۈزلىرىنى يورۇق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەنىدى.

ــ لېكىن بۇ ئىشتا ئەندىشەممۇ يوق ئەمەس.

ئايجامال ئاغىچا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆزىگە قارد ـ

دى:

ــ قانداق دەيدىلا؟

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

ــ سىلى تېخى تازا خەۋەرسىز. ئابابەكرى مىرزىنىڭ بىر قىسىم ئىشلىرى تولىمۇ گۇمانلىق. ئۇ دەسلىپىدە مەندىن رىيازەت شىكارى قىلىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغانىدى، كېيىن تۇيۇقسىز ساختا پەرمان ياساپ ياركەنتكە لەشكەر تارتىپ بېرىپتۇ ۋە ياركەنت ئەمىرى مىرزا يانتاقبەگنى ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇلاردىن بىز كېيىنرەك خەۋەر تاپتۇق. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېغىر گۇناھقا بۇيرۇلىدىغان قىلمىشلاردۇر. مەن ئۇنى يەنە باشتۇڭلۇق، قارامىلىق قىلىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

ئايجامال ئاغىچا ئوغلىنىڭ باشقا مەقسەت ـ مۇددىئاسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار ئىدى.

ــ ياركەنتتە يۈز بەرگەن ئول ئىشلارنى تەھقىقلەپ كۆرمىدىلىمۇ؟ بەلكىم مىرزا يانتاقبەگنىڭ ئۆلۈمگە لايىق گۇناھى باردۇر.

ــ بۇ ئىشلارنى ئىككىنچى ئەمىرزادەم ئۆمەر مىرزا تەھقىقلەۋاتىدۇ، ئاللاھ خالىسا پات يېقىندا تېگى ـ تەكتىدىن خەۋەردار بولۇرمىز.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا گەپنى دەپ بولۇپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۆمەر مىرزا بىلەن ئۆزىلا بىلىدىغان بۇ سىرنى ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ دەۋەتكەنىدى.

ــ ئەسلىدە ئۆمەر مىرزا ياركەنتكە مۇشۇ ئىشلارنى تەھقىقلىگىلى بېرىپتىكەن ـ دە، ــ ئايجامال ئاغىچا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكىنىگە دىققەت قىلماي سۆزلەيتتى، ــ بۇ مۇھىم ئىشنى ئىككىنچى ئەمىرزادەمگە تاپشۇرۇپ ياخشى قىپتىلا. ياتلارنى ئەۋەتكەن بولسىلا راست ـ يالغىنى ئا-

رىلاشتۇرۇپ، ئاتا ـ بالا ئىككىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چۈشەنمەس-
لىك پەيدە قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۆمەر مىرزا تولىمۇ
پۇختا، ھەرقانداق ئىشنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە قىلىدۇ. خاتىر-
جەم بولسىلا، ئۇ بۇ ئىشنى كۆڭۈللىرىدىكىدەك ئادا قىلىدۇ.

ئايجامال ئاغىچا چوڭ ئوغلى مىرزا ئابابەكرىگە بەكلا ئىشى-
نەتتى. ئۇنىڭ ھازىرچە بىرەر ۋىلايەتكە ئەمىر بولۇشىنى، كېيىن-
چە ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئوخشاش ئوردىدا يۇقىرى مەنسەپ تۇتۇپ،
خانىنىڭ ئەتىۋارلىق، يېقىن مەھرەملىرىدىن بولۇپ چىقىشىنى
ئارزۇ قىلاتتى. مانا ئەمدى ئىككىنچى ئوغلى ئۆمەر مىرزىنىڭمۇ
مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ بۆلەكچە خۇش بو-
لۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئوي-
لىغىدەك ھەپسىلىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى مىرزا ئابا-
بەكرىنىڭ خوتەنگە يۈرۈش قىلىشى ئۈچۈن مۇھەممەد ھەيدەر
مىرزىدىن پەرمان ئېلىپ بېرىشتە قالغانىدى.

«ئابابەكرى مىرزا بىلەن ئۆمەر مىرزىنىڭ ھەر ئىككىلىسى
ئايجامال ئاغىچىنىڭ يۈرەك پارىسى. ئۇ ھەرگىزمۇ بىر ئوغلىنى
دەپ يەنە بىر ئوغلىنى ئوتقا تاشلايدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. ئۇنىڭ
ئۆمەر مىرزىنىڭ ئىشنى ئابابەكرى مىرزىغا دېمەسلىكىنى تا-
پىلاپ، ئاگاھلاندۇرۇپ قويايمۇ ـ يا؟ ياق، ئەڭ ياخشىسى ئەمدى يە-
نە ئېغىز ئاچماي. بولمىسا ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىپ، ئابابەكرى
مىرزىغا خەۋەر بېرىپ قويۇشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا ئۆمەر مىرزا
پاش بولۇپ قالىدۇ. ناۋادا ئابابەكرى مىرزا ئىنىسىنىڭ ياركەنتكە
كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنى بىلىپ قالسا، ھەممە تىرىشچانلىقى-
مىز سۇغا چىلىشىدۇ، ھەتتا ئاغا ـ ئىنى ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈل-
سىزلىك يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. بەلكىم ئۆمەر مىرزا دە-
لىل ـ ئىسپاتلارنى قولغا چۈشۈرۈپ بولغاندۇ، ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە
قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپمۇ قالار. ئۇ چاغدا ئابابەكرى مىر-
زىنى دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن قايىل قىلىپ گۇناھىغا تۇۋا قىل-
غۇزارمەن. ئەھۋالنى سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىپ

يەڭگىلرەك ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلارمەن. بەلكىم ئەھۋال بىزنىڭ گۇمانلانغىنىمىزدەكمۇ ئەمەستۇ. ئابابەكرى مىرزىمۇ كىچىك بالا ئەمەس، سەلتەنەت قانۇنلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ...»

— ئابابەكرى مىرزىدىن زىيادە ئەندىشە قىلمىسلا. ئۇنىڭغا خوتەن مىرزىلىرىنى جازالاشقا پەرمان بەرسىلە، ئىشلارنى چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك بىر ياقلىق قىلىدۇ. ئۇ سەلتەنەت ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتسە، مەرھۇم جەننەتماكان ئاغىلىرىنىڭ روھىمۇ خۇش بولىدۇ.

ئاكىسى سانىز مىرزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ خىيالى بىردىنلا بۆلۈندى، ۋۇجۇدىنى ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن ئاكىسىغا بولغان سېغىنىش تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى.

«شۇنداق، ئوغلى يارامىلىق ئادەم بولسا، مەرھۇم ئاغامنىڭ روھى چوقۇم خۇش بولىدۇ. ئايجامال ئاغىچا ئۆمەر مىرزا تەھقىقلىمەكچى بولغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ يېتەلمىگەن ئوخشايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىگە يەتمىگىنى تۈزۈك. بولدىلا، زىيادە ئەندىشىلەرنى قويۇپ تۇراي. ئابابەكرى مىرزا خوتەنگە لەشكەر تارتسا تارتىۋەرسۇن. ئول ئاغا ـ ئىنى گەردەنكەش مىرزىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالغان زادى. قالدى ئىشلارنى كېيىن ئويلىشارمەن. ۋاقتى كەلگەندە كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە تۇشلۇق ئىنئام، قىلغان گۇناھىغا تۇشلۇق جازا بەرسەم بولمىدىمۇ. ئازمايدىغان كىم بار؟! ھەممە ئىشنى توغرا قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ....»

— مەيلى، ئابابەكرى مىرزىغا خوتەنگە لەشكەر تارتىشقا پەرمان بېرەي. بۇ ئۇنىڭ ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسىتىشى ئۈچۈن چوڭ پۇرسەت، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، — ۋاقتى كەلگەندە سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا مەلۇمات يوللاپ، ئىككى ئەمىرزادىنىڭ بىرىنى خوتەنگە، يەنە بىرىنى ياركەنتكە ئەمىرلىككە تەيىنلەشكە يارلىق ئالارمەن.

— شۇنداق قىلسىلا كەمىنە مەزلۇمىلىرىمۇ ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولغان بولاتتىم، — دېدى ھاياجانلانغان ئايجامال ئا-

غىچا كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

ــ ئەمىرزادىلەر كەلدى.

خىزمەتكار ئايالنىڭ يەتكۈزگەن بۇ خەۋىرى ئەر ـ خوتۇنلار-نىڭ دىققىتىنى چالغىتتى. دەقىقە ئۆتمەي قەسىر دەرۋازىسىدىن پېشايۋانغا تۇتىشىدىغان، چاسا قىش ياتقۇزۇلغان تار يولدا ئىككى ئەمىرزادە كۆرۈندى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، پەدەرۇ بۇزرۇك بىلەن ۋالىدەئى مېھرىبانغا ئېھتىرام بولغاي.

ئىككى ئەمىرزادە پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتا ـ ئانىسىغا سالام بەردى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سالامنى ئىلىك ئالغاچ ئىككى ئوغ-لىغا مېھرى بىلەن قارىدى. چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ قولىدا بىر پارچە كىتاب بار ئىدى. تۇرقىدىن ئۇنىڭ ئۇستازىنىڭ ئالدىدىن ساۋاق ئېلىۋاتقان پېتىچە كەلگەنلىكى چى-قىپ تۇراتتى. كىچىك ئوغلى سەييىد مۇھەممەد مىرزا كىچىكرەك بىر ئوقيانى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، بويىنىغا ئېسىۋالغان لىق ئوق قاچىلانغان نەقىشلىك ئوقدان سۆڭگىچىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى. يۈگۈرۈپ كەلگەن بولسا كېرەك، ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەن مەڭ-زىنى بويلاپ تەر ئېقىۋاتاتتى.

ئوغۇللىرىنى كۆرۈپ كۆڭۈل غەشلىكىنى ئۇنتۇغان مۇھەم-مەد ھەيدەر مىرزا سۇپىدىن چۈشتى ـ دە، ئاۋۋال چوڭ ئوغلىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيدى، ئاندىن كىچىك ئوغلىنى باغرىغا باستى.

※ ※ ※

ياركەنت.

ئانىسى ئايجامال ئاغىچىنىڭ خېتىنى ئوقۇشقا باشلىغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق ئاستا ـ ئاستا يوقاپ،

ئورنىغا غەزەپ ئالماشتى.
— مۇنۇ بەدرەكنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى كۆرمەمدىغان.
ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە قولىدىكى خەتنى غەزەپ بى-
لەن يەرگە ئاتتى. يېنىدا ئۇلپەتچىلىك قىلىپ ئولتۇرغان مىرزا
سەدىردىن قۇشچى، مىرزا قاسىم دوغلات، مىرزا ھۇسەيىنبەگ،
مىرزا ئەمىن قۇلبەگ قاتارلىق تۆت ئەمىر خەتكە نېمىلەر يېزىل-
غانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىپ، ھودۇققان كۆزلىرىنى شىرە ئۈس-
تىدىكى خەتكە تىكتى، ئەمما ھېچقايسىسى خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ
بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. تېخى ھازىرلا مىرزا ئابابەكرى خەت-
نىڭ باش قىسمىنى ئوقۇپلا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ۋە
ئۇلپەتلىرىگە قاراپ: «خۇش خەۋەر. ماڭلايسۆيە سەر ئەمىرى خو-
تەنگە لەشكەر تارتىشىمىزغا قوشۇلۇپتۇ، ئەتىگىچە پەرمانى يېتىپ
كەلگۈدەك» دېگەنىدى، ئەمما خەتنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇۋېتىپ بىر-
دىنلا تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇلار خەتنىڭ تۈگەللىمىسىگە مىرزا ئابا-
بەكرىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بىرەر ئىشنىڭ يېزىلغانلىقىنى
پەملەشتى، ئەمما سوراشقا پېتىنالمىدى.
ئالدانغاندەك، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ
قالغان مىرزا ئابابەكرى ئاچچىق يۇتۇپ پۇش ـ پۇش تىناتتى.
خەتتىكى: «... ئاتىلىرىغا بىرمۇنچە چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ
خوتەنگە لەشكەر تارتىش تەلەپلىرىگە ماقۇل كەلتۈردۇم... سەر ئە-
مىرگە سەركەشلىك قىلىشقا پېتىنغان ئول ئاغا ـ ئىنى مىر-
زىلارنى ئىتائەتكە كەلتۈرسىلە. كاتتا تۆھپە كۆرسەتكەن بولىدىلا،
مەرھۇم ئاتىلىرىنىڭمۇ يۈزى يورۇق بولىدۇ. سەر ئەمىرنىڭ دېيىد-
شىچە، ئىنىلىرى ئۆمەر مىرزىمۇ ياركەنت ئەمىرى مىرزا يانتاق-
بەگنىڭ ئۆلۈم ۋەقەسىنى خۇپىيانە تەھقىقلەپ، دەلىل ـ ئىسپات
توپلاۋېتىپتۇ، ئىنىلىرىنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم ئىشلارنى زىممى-
سىگە ئالغىنىدىن تولىمۇ سۆيۈندۇم. ئاغا ـ ئىنى ئىككىلىرىنىڭ
سەلتەنەت ئۈچۈن قىلغان بۇ خىزمەتلىرى ھەرگىز مۇكاپاتسىز
قالمايدۇ. سەر ئەمىر سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا مەلۇمات

يوللاپ، خوتەن بىلەن ياركەنتنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى ئاغا ـ
ئىنى ئىككىلىرىگە ئېلىپ بېرىمەن، دەيدۇ. سىلەر ئىككى ۋىلايەت ـ
كە ئەمىر بولساڭلار، مەرھۇم ئاتاڭلارنىڭ روھىمۇ خۇش بولى ـ
دۇ...» دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغانىدى. ھەئە،
چوڭ ئوغلى مىرزا ئابابەكرىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ
قالغان ئايجامال ئاغىچا ئارتۇقچە سۆزلەپ، كىچىك ئوغلىنىڭ
مەخپىي سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى.
«ئەسلىدە ئۆمەر مىرزىنىڭ ياركەنتكە ئالدىراپ ـ تېنەپ كې ـ
لىشىدە مۇنداق مۇددىئاسى بار ئىكەن ـ دە. مەن تېخى ئۇنى ئىد ـ
نىم، قېرىنداشىم دەپ قىلچىلىك گۇمانلانماپتىمەن، ئىشىنىپ ـ
تىمەن، مېھرىبانلىق كۆرسىتىپتىمەن. ئەمما ئۇ بولسا پىيىمنى
قىرقىماقچى بولۇپتۇ. بۇ ئىشتىن ماڭا ئازراقمۇ شەپە بېرىپ قوي ـ
ماپتۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئاغىلىق، قېرىنداشلىق مېھرىدىن سەلتە ـ
نەت ئىشلىرى ئۈستۈن ئىكەن. مەن نېمىدېگەن ئەخمەق، ئاق كۆ ـ
ڭۈل ـ ھە. تېخى ئۆگەي ئاتام بولمىش ئول سەر ئەمىرنى ياۋاش،
ساددا ئادەم، ئاسانلا ئالداپ كېتەلەيمەن دەپ خام خىيال قىلىپتىد ـ
مەن. بايا ئۇ ئاللىقاچان مەندىن گۇمانلىنىپ بوپتىكەن ئەمەسمۇ.
بىراق، نېمىشقا دەرھال مېنى چەكلەش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلماي،
خوتەنگە لەشكەر تارتىشىمغا ماقۇل بولىدۇ؟ توختا، بۇنىڭ تېگىدە
چوقۇم بىر گەپ بار. ھە، ئۇ مېنى شاھمات تاختىسىدىكى بىر تال
پىيادە قىلىپ، رەقىبلىرى خوتەن مىرزىلىرى بىلەن ياغىغا سال ـ
ماقچى. بۇ ياغىدا مەيلى يېڭەي، مەيلى يېڭىلەي، ئۇ ئوخشاشلا پايدا
ئالىدۇ. چۈنكى، قايسىمىز يېڭىلەيلى، ئۇ ھېچقانچە كۈچىمەيلا رە ـ
قىبىدىن بىرىنى كۆزىدىن يوقىتىدۇ ئەمەسمۇ. پاھ، سەر ئەمىرمۇ
ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشنى بىلىدىكەن دېسە؟! مېنىڭ قولۇم
ئارقىلىق خوتەندىكى ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنى يوقىتىپ، ئاندىن
ئۆمەر مىرزا توپلىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار ئارقىلىق ماڭا تاقابىل
تۇرماقچى. يۈزمىڭ قەتلە شۈكرى. ئۇنىڭ بۇ مۇددىئاسىدىن
ۋاقتىدا خەۋەر تاپقىنىم ياخشى بولدى. مەنمۇ ھېچ ئىشنى بىلمە ـ

گەن بولۇپ ئاۋۋال خوتەن مىرزىلىرىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلاي. لېكىن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ قەستىدە بولغان ئاۋۇ بەدرەكنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن. خەلقىئالەم مىرزا ئابابەكرىگە سۇيى-قەست قىلماقچى بولغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلى-قىنى بىلىپ قالسۇن...»

مىرزا ئابابەكرى خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، تەشۋىش بىلەن ئولتۇرغان تۆت ئەمىرگە قارىدى:

— خوش، بۇ خەتنى ھەر بىرلىرىمۇ كۆرۈپ بېقىشسىلا.

تۆت ئەمىر ئالمان ـ تالمان خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

— يا پاناھ، كەمىنىلىرىنىڭ گۇمانى ئىسپاتلىنىپتۇ مانا، — دېدى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ، — ئۆمەر مىرزىنىڭ ياركەنتكە كې-لىشىدە چوقۇم بىر گەپ بار دېمىگەنمىدىم ئالىيلىرى.

— ئارى، — دېدى مىرزا قاسىم دوغلات، — ئەسلىدە ئۆمەر مىرزىنى سەر ئەمىر مەقسەتلىك ئەۋەتىپتىكەن ـ دە.

— ئۇنى مىرزا يانتاقبەگنىڭ ئۆلۈم ۋەقەسىنى سۈرۈشتۈرۈ-ۋېتىپتۇ دەپ چەتتىن ـ پەتتىن ئاڭلاپ قالغانىدىم. مۇنداقلا سوراپ قويغانمىكىن دېسەم، دەلىل ـ ئىسپات ئىزدەۋېتىپتىكەن ـ دە.

— ئەجەبا سەر ئەمىرنىڭ ئالىيلىرىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپىدى-غۇ گۇمانلانغۇدەك ئىبارىلەر يوق ئىدى بولمىسا.

— شۇنى دېسىلە، — دېدى مىرزا سەددىدىن قۇشچى، — تېخى چاندۇرماي خوتەنگە لەشكەر تارتىشقا ئىجازەت بەرگىنى بى-لەن، ئۆمەر مىرزىنى خۇپىيانە مۇپەتتىش قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ ئە-مەسمۇ. ئەمدى خوتەنگە لەشكەر تارتىش ئىشىنى كېچىكتۈرمىز-مۇ ياكى...

— خوتەنگە لەشكەر تارتىۋېرىمىز، — دېدى مىرزا ئابابەكرى تاقەت قىلالماي، — ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈۋەرسەك ئىشىمىزدىن چاتاق چىقىدىغاندەك قىلىدۇ. پەمىمچە، سەر ئەمىر مۇھەممەد ھەي-دەر مىرزا ياركەنتتىكى ئىشلىرىمىزدىن تېخى تولۇق خەۋەردار

ئەمەستەك قىلىدۇ. مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، خوتەنگە تېزدىن يۈرۈش قىلايلى.

ــ بىراق، ئۆمەر مىرزىنى ئىشلىرىمىزدىن خەۋەرسىز دېگىلى بولماس، ــ دېدى مىرزا قاسىم دوغلات شاپ بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى قايرىپ قويۇپ، ــ ناۋادا خوتەنگە يۈرۈش قىلغان ۋاقتىمىزدىن پايدىلىنىپ، بىلگەن ئەھۋاللارنى سەر ئەمىرگە مەلۇم قىلسا...

ــ قەشقەرگە ھېلىغىچە مەلۇمات يوللىيالمىغان بولسا، ئەمدى ھەرگىز يوللىيالمايدۇ، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى كەسكىنلا قول سىلكىپ، ــ قايسىڭ بار؟

ئون قەدەم نېرىدا بۇتتەك قېتىپ تۇرغان ئىككى نۆكەر دەرھال قول باغلاپ تەزىم قىلدى.

ــ لەببەي ئالىيلىرى!

ــ ئۆمەر مىرزىنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ دەرھال ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار!

غەزەپتىنمۇ ئەيتاۋۇر، مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىرايى قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆز قېرىندىشىنى جازالىماي بولدى قىلمايدىغانلىقىنى پەملىگەن تۆت ئەمىر بىر ـ بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشىۋالدى.

※ ※ ※

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا نۆكەرلەر ئۆمەر مىرزىنى باشلاپ كەلدى. نۆكەرلەر ئۇنىڭغا ئاكىسىنىڭ جىددىي چاقىرتىش سەۋەبىنى ئېيتمىغانىدى. ئاكىسىنىڭ سارايىدا ئەمەس، ئوردا بېغىدىكى سورۇنخانىدا شاراب ئىچىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ باياتىن يولدا كەلگىچە كۆڭلىدىن تۈرلۈك گۇمانلار كەچكەن ئۆمەر مىرزا خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ــ دېدى ئۇ سالام بېرىپ.

مىرزا ئابابەكرى ئىنىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ بىر قارىۋەت-كەندىن كېيىن سالامنى سوغۇقلا ئىلىك ئالدى:

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۇئامىلىسىگە قاراپ داستىخاندا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرغان تۆت ئەمىر قىمىرلاپمۇ قويمىدى. باشقا ۋاقىتلاردا كۆرۈشۈپ بولغۇچە ئولتۇرغان بولسا ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇرغان بولسا ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئەھۋال سوراپ كېتىدىغان بۇ تۆت ئەمىرنىڭ ساختا كىبىر كۆر-سىتىپ ئولتۇرۇشلىرى ئۆمەر مىرزىغا غەلىتە تۇيۇلدى. ھەئە، مىرزا ئابابەكرى ئۇنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلمىغانىدى.

«بۇلارنىڭ قاراشلىرى ئەجەب يوچۇنلىغۇ، مېنى نېمىگە قىچ-قارتقان بولغىيدى؟ ئەلپازىدىن بىللە ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىشكە چاقىرتقاندەك قىلمايدۇ...»

ــ خوش، يېقىندىن بېرى ئۆزلىرىنى ئۇچراتقىلى بولمايدى-غۇ؟

ئۆمەر مىرزا ئاكىسىنىڭ مەسخىرە، تەئەددى يېغىپ تۇرغان چىرايىغا شۈبھى بىلەن قارىدى.

ــ زۆرۈر ئىشلىرىم بولمىسا كوچا ـ رەستىلەرنى ئايلاندىم.

ــ كوندە رەستە ئايلىنىپ زېرىكمىدىلىمۇ؟

«ئۇ نېمە دەيدىغاندۇ زادى؟ يا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمايدۇ، يا مۇددىئاسىنى ئۇدۇللا دېمەيدۇ. ئىشلىرىمدىن خەۋەر تېپىپ قال-دىمۇ ـ يا؟ مۇمكىن ئەمەس. ياركەنتكە كېلىش مۇددىئايىمنى سەر ئەمىردىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. مەنمۇ خېلىلا ئېھتىيات قى-لىۋاتىمەن، ياكى مۇنۇ تۆت ئەمىر ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلغان بولسا غەزەپ قىلىۋاتامدىكىن...»

ــ ئاۋام ـ رەئىيەت بىلەن مۇڭدىشىپ زېرىككەنلىك ھېس قىلمىدىم.

ــ ئاۋام ـ رەئىيەت بىلەن مۇڭداشتىم دېسىلە، ــ مىرزا

ئابابەكرى چىرايىغا ساختا كۈلكە يۈگۈرتتى، — ھەقچان ئۇلارنى چۆچەك سۆزلەتمىگەنلا. ئىسمىدە قېلىشچە، كىچىك ۋاقىتلىرىدا چۆچەك ئاڭلاشقا بەكلا خۇشتار ئىدىلە.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ سۆزىدىن تۆت ئەمىر خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن خىرىلداپ كۈلۈشتى.

ئۆمەر مىرزا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— يوقسۇ، چۆچەك ئاڭلىمىدىم.

— ئەمىسە نېمىنى ئاڭلىدىلا؟

ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆزىنى مەقسەتلىك چاقىرتقانلىقىنى ھېس قىلدى، گەپ ئەگىتمەي ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— رەئىيەتنىڭ ئاھۇزارىنى.

— رەئىيەتنىڭ قانداق ئاھۇزارى بار ئىكەن؟

— باجگىر، سېلىقچى، مىرشاپ، مۇھتەسىپ، لەشكەر بېشى ۋە ئاللىقانداق بەگلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدىكەن، ئۆزلىرىدىن ئادالەت تەلەپ قىلىدىكەن. ياركەنتكە مىرزا ئابابەكرى ئەمىر بولۇپ كەلگەندىن بېرى كۈنلىرىمىز يامانلىشىپ كەتتى، قاتمۇقات ئالۋان - سېلىقلار ئىلكىمىزنى قۇرۇتۇۋەتتى دېيىشىۋاتىدۇ.

— ئاڭلىغانلىرى يالغۇز بۇلا ئەمەستۇ؟ شور پېشانە مىرزا يانتاقبەگ ھەققىدىمۇ ئاڭلىغانلا تايىنلىق.

ئۆمەر مىرزا ئەمدى يوشۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغاندى. ئۇ ئاكىسىنىڭ كۆزىگە دادىل قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— مىرزا يانتاقبەگ ھەققىدە بەزەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈردۈم.

— نېمە ۋەجدىن سۈرۈشتۈردىلىكىن، ياكى بىراۋلار ئۆزلىرىنى بۇ ئىشنى تەھقىقلەشكە ئەۋەتكەنمىدى - يا؟

«ئۇ بۇ مۇددىئانى قانداق بىلىۋالغاندۇ، كېيىنمىگە پايلاقچى سېلىپ قويغانلىقىنىغۇ بىلەتتىم، لېكىن ئۇلارغا ھېچ ئىشنى

بىلدۈرمىگەندەك قىلغان ئىدىمغۇ. بىرەر باھانە ـ سەۋەب كۆر-سەتسەم ئىشىنىدىغاندەك ئەمەس...»

ــ ئەجەب يوچۇنلا گەپ سورايلىغۇ ئاغا؟

مىرزا ئابابەكرى قاپىقىنى تۈردى.

ــ گەپ ئەگىتمىسىلە.

«بولدىلا، يوشۇرۇپ ئاۋارە بولماي...»

ــ سىلى گەپ ئەگىتكەنلىكلىرى ئۈچۈن مەنمۇ گەپ ئە-گىتتىم. ئۇنتۇپ قالمىسىلا، گەرچە مەرتىۋەم سىلىنىڭكىدىن تۆ-ۋەن بولسىمۇ، يەنىلا بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ ئەمىرلىرىدىن ھېسابلى-نىمەن. ئاۋامنىڭ ئاھۇ زارىغا قۇلاق سېلىش، دەرد ـ ئەھۋالىنى ئاڭلاش، ناھەقچىلىقلارنى سۈرۈشتە قىلىش مەجبۇرىيىتىم بار-دۇر.

ــ ئاشۇ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىۋېتىپلا ـ دە؟

ــ ئەلۋەتتە.

ــ ئۇنداقتا ئېيتسىلا قېنى، مىرزا يانتاقبەگ ۋەقەسىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى قانچىلىك تەھقىقلىيەلىدىلە؟

ــ مىرزا يانتاقبەگ سۈيىقەست بىلەن ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن.

ــ شۇنداقمۇ؟ ــ مىرزا ئابابەكرى مەسخىرىلىك كۈلدى.

ــ شۇنداق ـ شۇنداق ئەمەسلىكى ئۆزلىرىگە ئايان. سىلى ئىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ خاتۇن ـ بالىلىرىنىلا ئەمەس، خىزمەتكارلىرىنىمۇ تۇگەل قەتلى قىلدۇرۇپتىلا. بۇ دېگەن ئەشەد-دىي قاتىللىق.

غەزەپلەنگەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىرايى ئالا ـ پاساق بولۇپ كەتتى.

ــ دەلىل ـ ئىسپاتلىرى بارمۇ؟

ــ مەن دەلىل ـ ئىسپاتسىز گەپ قىلمايمەن.

ــ خوش، ئۇل دەلىل ـ ئىسپاتلارنى چىقارسىلا كۆرۈپ با-قاي.

ــ سىلىگە ئەمەس، كۆرسىتىدىغان يەرگە كۆرسىتىمەن.
ــ شۇ دەرىجىدە ئىشەنچلىرى بارمۇ؟
ــ ئەلۋەتتە بار.
ــ تولىمۇ ئەپسۇس، ماڭا كۆرسەتمىگەن ئول دەلىل ـ ئىسپاتنى باشقىلارغىمۇ ھەرگىز كۆرسەتمەيدىلا.
ئۆمەر مىرزا ئاكىسىنىڭ دەھشەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن چاقنىغان سوغۇق بىر نۇرنى كۆرۈپ شۈركىنىپ كەتتى.
ــ مەن سىلىنىڭ نېمىلىرى؟ ــ سورىدى مىرزا ئابابەكرى بىردىنلا يۇمشاپ.
ــ بىر قورساق قېرىندىشىم، ئاغام بولىدىلا، ــ دېدى ئۆمەر مىرزا سالماقلىق بىلەن.
ــ ئاغا ـ ئىنى دېگەن مىسالى بىر تۆگىنىڭ ئىككى لوكىسىدۇر. كونىلارنىڭ: ئاغرىسا تۆگىنىڭ بىر لوكىسى، دەردىنى تارتىدۇ يەنە بىر لوكىسى، دەيدىغان تەمسىلى بار، بۇنى بىلىدىغانلا؟
ــ ئەلۋەتتە بىلىمەن.
ــ شۇنداق تۇرۇپ خۇپىيانە ھالدا مېنىڭ ئۆلۈمىنى كولاشقا يۈرەكلىرى قانداق چىدىغاندۇ؟
ــ توغرا ئېيتتىلا ئاغا، بىز قان ـ قېرىنداش، شۇڭا سىلىنى ھۆرمەتلەيمەن، قەدىرلەيمەن. ئەمما ھەر ئىككىلىمىز بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ مەنسەپدارلىرىدىنمىز، بۇ سەلتەنەتكە ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ ساداقەت كۆرسىتىپ، خىزمەت قىلىپ كەلگەن. بىز ئاتا ـ بابىلىرىمىزنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتىدىغان ئىشنى قىلساق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ روھى قورۇنىدۇ. سەلتەنەت قانۇنىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشقا ھەددىمىز ئەمەس. شول تاپتا ياركەنت ۋىلايىتىدىكى ئاۋامنىڭ كۆزىدىن ياش ئەمەس، قان ئېقىۋاتىدۇ. ماقۇل، مىرزا يانتاقبەگنىڭ ئۆلۈمىگە لايىق گۇناھىمۇ بار دەپ تۇرايلى، لېكىن ئۇنى جازالاشقا سىلىنىڭ سالاھىيەتلىرى ھەرگىز

توشمايدۇ. ئەمىرلەرنىڭ گۇناھىغا غەزەپ ياكى سىلە ـ رەھىم قىد-
لىش پەقەت خان ئالىيلىرىنىڭلا ئىمتىيازىدۇر. سىلى بولسىلا ئۇ-
نىڭ كاللىسىنى ئالدۇرغاننى ئاز دەپ، بىگۇناھ خاتۇن ـ بالىلىرى-
نى، ھەتتا خىزمەتكارلىرىنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتىلە. بۇنى بىلىپ
تۇرۇپ كۆز يۇمۇۋالسام ئەقەللىيسى مۇسۇلماندارچىلىققا لايىق
ئىش قىلمىغان بولىمەن. مېھرىبان، شەپقەتلىك بولۇش مۇسۇل-
ماندارچىلىقنىڭ بەلگىسى.

مىرزا ئابابەكرى زەھەرخەندىلىك بىلەن خىرىلداپ كۈلدى.

ــ گەپلىرىنى ئاڭلاپ شۇنى ھېس قىلدىمكى، گۇناھ سىلىدە
ئەمەس، ئاشۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرغان بىر جۈپ
كۆزلىرىدە ئىكەن. بۇنىڭ چارىسى ئاسان، ئاشۇ كۆزلىرىنى كۆر-
مەس قىلىپ قويسىلا بولىدىكەنغۇ؟

ئۆمەر مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىنى دەھشەتلىك بىر قورقۇنچ باستى.

ــ گەپ قىلمايلىغۇ؟ ــ سورىدى ئىنىسىنىڭ جىم تۇرغى-
نىنى قورققانلىق دەپ چۈشەنگەن مىرزا ئابابەكرى.

ــ مەن دەيدىغاننى دەپ بولدۇم، يەنە دېسەم سىلىنى ئادالەت-
كە ئۈندەيمەن، ئەمما ئۇ نەرسە سىلىدە يوق.

ــ شول تاپتا باشلىرىغا قانداق دەھشەتلىك كۈلپەتنىڭ يې-
قىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىلىغۇ دەيمەن؟!

ــ ئەلۋەتتە ھېس قىلدىم.

ــ ئەمىسە نېمىشقا مېھىر ـ شەپقەت تىلىمەيدىلا؟

ــ شەپقەتسىزدىن مېھىر، نامەردتىن ۋاپا تىلەش خۇددى
سۆگەتتىن ئامۇت تىلىگەندەكلا بىر ئىش، يەنە كېلىپ بۇ ئۆزىنىڭ
چىشىنى ئۆزى يۇلۇۋەتكەندىنمۇ بەتتەر ئازابلىقتۇر.

ــ ئۇنداقتا مەنمۇ ئۆزۈمنى ئاقلاپ ئولتۇرماي، ــ دېدى
مىرزا ئابابەكرى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ــ كېلىڭلار، مۇنۇ ئۆ-
زىنى بىلمىگەن بەدرەكنى زىندانغا تاشلاڭلار. مىرغەزەپ ئۇنىڭ
جاھاننى كۆرۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە مىل تارتىپ كور قىلغاي!

بۇيرۇقنى ئاڭلاپ يوپۇرۇلۇپ كەلگەن نۆكەرلەر ئۆمەر مىرزى-
نىڭ قوللىرىنى قايرىپ ئېلىپ ماڭدى.
ھېلىقى تۆت ئەمىر بولسا مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇ ئىشىنى يا
ماختاشنى، يا ئەيىبلەشنى بىلەلمەي گۆشىيىپ قاراپ تۇرۇشتى.
— ئەمدى قاراپ ئولتۇرۇۋەرسەك بولمايدۇ، — دېدى مىرزا
ئابابەكرى بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — پەممچە، سەر ئەمىر
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خوتەنگە لەشكەر تارتىشىمىزغا پەقەتلا
پەرمان بېرىدۇ، ھەرگىز لەشكەر ئەۋەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەۋەتى-
دىغان بىر پارچە قۇرۇق قەغىزىنى ساقلاپ ئولتۇرماي دەرھال خو-
تەنگە يۈرۈش قىلايلى.
— پەرمانبەردارمىز! — دېدى ئەمىرلەر دەس ئورنىدىن تۇ-
رۇپ.

85

خوتەن.
قاراقاش دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن گويا مىرزا ئابابەكرىنىڭ
تۈمەن كىشىلىك لەشكىرىنى ھازىرلا يالماپ يۇتىدىغاندەك ئەل-
پازدا قىرغاقلارغا پاتماي چايقىلىپ ئاقاتتى. ئايغاقچىلىرى ئارقى-
لىق ياغىنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپ-
قان خانىزەر مىرزا بىلەن قۇلىزەر مىرزا قاراقاش دەرياسىنى
مۇستەھكەم مۇداپىئە توسىقى قىلىپ شەرقىي قىرغاقتا قارارگاھ
تىككەنىدى. ياركەنتتىن چاقماق تېزلىكىدە يۈرۈش قىلىپ خوتەن-
نى كۆزلى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئىشغال قىلىشنى خام خىيال قىلغان
مىرزا ئابابەكرى قاراقاش دەرياسىنىڭ بويىغا كەلگەندە نېمە قىلا-
رىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. دەريادىن ئۆتىدىغان بىردىنبىر

كۆۋرۈكنى ئاكا ـ ئۇكا خوتەن مىرزىلىرى نەچچە مىڭ لەشكەر بىلەن قاتتىق قوغداۋاتاتتى. كۆۋرۈك ئانچە كەڭ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭدىن ئارانلا ئىككى ئاتلىق ياكى تۆت پىيادە لەشكەر ياندىشىپ ماڭالايتتى. دەريا بويىغا كېلىپ ئەھۋالنى كۆزەتكەن مىرزا ئابابەكرىنى غەم باستى.

«بۇ كۆۋرۈكتىن لەشكەرلەرنى ئۆتۈشكە بۇيرۇسام ھەرگىز بولمىغۇدەك. لەشكەرلىرىم كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىغا بېرىپ بولغۇچە خوتەن لەشكەرلىرى ئۇدۇللۇق كاللىسىنى ئېلىپ ئۆلگۈرىدۇ ياكى يا ئوقى بىلەن ئېتىپ دەرياغا غەرق قىلىدۇ. بۇنداق ئۇلۇغ ئېقىنغا كېچىك سېلىشمۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەتراپتىكى كېمىلەرنى تولۇق يىغىۋالغىنىغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ تەييارلىقى خېلى پۇختا ئوخشايدۇ. بىر تۈمەن لەشكەرنى دەريادىن تۈگەل ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئىككى ـ ئۈچ يۈز كېمە بولمىسا بولمايدۇ. ئات ـ ئۇلاغلارمۇ بار تېخى. بۇنچىلىك كۆپ كېمىنى نەدىن تاپارمەن؟ كېمە ياساش مۇمكىن ئەمەس. ئەستاغپۇرۇللا، دەريانىڭ بويىدا مۇشۇنداق تۇسۇلۇپ تۇرۇۋېرىمەنمۇ؟...»

مىرزا ئابابەكرى دەريا بويىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ لەشكەرلەرنى چېكىندۇرۇشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى، شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ جىمجىتلا قايتىپ كەتسە، سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئابرۇيى تۆكۈلەتتى، ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىدىكى رەقىبلىرى ئۇنى زاڭلىق قىلاتتى.

— ئىچىلىرىنى پۇشۇرمىسىلا ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا سەدىردىن قۇشچى تەسەللى بېرىپ، — پەمىمچە، دەريادىكى كەلكۈننىڭ ئازلىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بىرەر ـ ئىككى ھەپتە سەبرى قىلساق كەلكۈن مەزگىلى ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا لەشكەرلىرىمىزگە كۆۋرۈكنىڭ كېرىكى قالمايدۇ.

— كەلكۈننىڭ پەسىيىشىنى ساقلاپ تۇرساق ماڭلايسۆيە ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ياركەنتكە لەشكەر ئەۋەتىپ قېلىشى مۇمكىن. ناۋادا ئاشۇنداق بولۇپ قالسا، مىرزا قاسىم دوغلات بى-

ـرەر مىڭ قىرى ـ چۆرى لەشكەر بىلەن شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلالمايدۇ. ئول چاغدا يا خوتەنگە كىرەلمەي، يا ياركەنتكە يانالماي لاماكان بولىمىز، ـــ دېدى مىرزا ئابابەكرى تېرىككەن ھالدا، ـــ تېخى كەلگۈن بىر ھەپتىدە پەسىيەمدۇ ياكى بىرەر ئاي دەۋاملىشامدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. بۇ يەردە ساقلاپ يېتىۋەرسەك ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىز تۈگەيدۇ. لەشكەر تارتىپ كەلگەنىكەنمىز، ھەر ئامالنى ئىشلىتىپ خوتەننى تېزرەك قولىمىزغا ئېلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

ـــ ئالىيلىرى دانادۇر، ـــ دېدى مىرزا سەددىردىن قۇشچى بېشىنى ئېگىپ.

ـــ ئەلچى ئەۋەتىشنى باھانە قىلىپ ئول ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ باقايلى، ـــ دېدى مىرزا ئابابەكرى بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ـــ سەرمۇنشى ماڭلايسۈيە ئەمىر مەھكىمىسى نامىدىن بىر پارچە پەرمان تەييارلىغاي، مەزمۇنى ئول ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنى ئىتائەت قىلىشقا ئۈندەش بولسۇن، پەرماننىڭ ئىبارىلىرى قوپال بولسۇن.

سەرمۇنشى پەرمان يېزىشقا كىرىشتى.

«ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار پەرماننى كۆرسە تېخىمۇ جاھىللىشىدۇ. ناۋادا جەڭ قىلىش ئۈچۈن دەريانىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ قالسا مېنىڭ تەلىيىم. ناۋادا بۇ تەرەپكە ئۆتكىلى ئۇنىماي، قارارگاھنى مەھكەم ساقلاپ ياتسا يەنە باشقىچە چارە تاپارمەن...»

مىرزا ئابابەكرى پەرماننى يەتكۈزۈشكە مىرزا ئەمىن قۇلبەگ بىلەن ھۆسەيىنبەگنى ئەلچى قىلىپ تەيىنلىدى.

ـــ ئىككىلىرىنى سەر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ماڭلايسۈيە ئەمىر مەھكىمىسىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى ئول ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىدىغان گەپلەرنى كۆپرەك قىلىپ، بىئىلاجلىقتىن لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىكىمىزدىن بېشارەت بەرگەيلا.

ـــ ئالىيلىرىنىڭ مۇددىئاسى ئايان بولدى. چوقۇم شۇنداق

قىلىمىز، ــ دېدى ئىككى ئەمىر.

※ ※ ※

ئىككى كۈندىن بېرى توختىماي ناغرا ـ سۇناي چېلىپ، چۇقان ـ سۈرەنلىرى بىلەن جەڭگە ئۈندەۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ بۇگۈن بىردىنلا جىمىپ قېلىپ، ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان خاننەزەر مىرزا بىلەن قۇلنەزەر مىرزا ئەلچى بىلەن كۆرۈشۈش ـ كۆرۈشمەسلىك ئىشىدا قىسقىلا مەسلىھەت قىلىشتى.

ــ ئەلچىلەر بارگاھ سىرتىدا ساقلاپ تۇرسۇن. ئۇلارنى بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن باشلاپ كىرسىلە، ــ دېدى خاننەزەر مىرزا قارارگاھ ئەمىرىگە قاراپ.

ــ ئۇلار ئەلچىنى كەلگەن كۈنى ئەۋەتمەي، ئەمدى ئەۋەتكىنى نېمىسى؟ بۇنىڭدا بىرەر ئويۇن بارمۇ نېمە؟ ــ دېدى قۇلنەزەر مىرزا گۇمانلىنىپ.

ــ ھازىرچە بىر نېمە دېمەك تەس، ــ دېدى خاننەزەر مىرزا، ــ ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلار دەريادىن ئۆتۈشكە ئامال قىلالماي چارە ئىزدەۋاتىدۇ. ئىككى كۈندىن بېرى بىزنى توختىماي جەڭگە ئۈندىگەن بولسىمۇ، بىز جەڭگە چىقمىدۇق ئەمەسمۇ. قېنى، ئۇل ئەلچىلەر نېمە دەيدىكىن، ئاڭلاپ باقايلى.

ــ بىزنى ياۋاشلىق بىلەن بويۇن ئېگىڭلار دەپ كەلگەندۇ تايىنلىق.

خاننەزەر مىرزا خاتىرجەملىك بىلەن خىرىلداپ كۈلدى:

ــ ئۇلار قارارگاھىمىزغا كىرسىلا بىزنى ئاسانلىقچە باش ئەگدۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇل ماڭلايسۆيە ئەمىرىنىڭ لەشكەر ئەۋەتىشكە ھېچقانداق ھەققى يوق ئىدى، چۈنكى، بىز سەلتەنەت بىلەن قارشىلاشمىدۇق، پەقەت ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغان يېرىمىز بار.

— لەشكەر تارتىپ بىزگە قۇرۇق ھەيۋە كۆرسىتىپتۇ ـ دە!

— شۇنداق. سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى خەۋەر تاپسا سەر
ئەمىرنى چوقۇم ئەيىبلەيدۇ.

ئەلچىلەرگە خاس سۆلەت بىلەن كىيىنگەن مىرزا ئەمىن
قۇلبەگ بىلەن مىرزا ھۇسەيىنبەگ يال ـ يال ئاپتاپتا تەرلەپ كىـ
تىشكەندى، يوغان سەللىلىرىنىڭ ئاستىدىن قۇيۇلغان تەر تامـ
چىلىرى بەقەسەم تونلىرىنىڭ ياقىسىغا قۇيۇلاتتى. بارگاھنىڭ
ئالدىدا سايىدىغۇدەك بىرەر تۈپ تېرەكمۇ يوق ئىدى. ئۇلار دەسـ
لەپتە كاتتا ئەمىرلەرگە خاس سۆلتىنى ساقلاپ بارگاھقا تەكلىپ
قىلىنىشىنى كۈتۈپ قەددىلىرىنى رۇسلاپ تۇرۇشتى، لېكىن
ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ دىمىق ئىسسىققا پەقەتلا چىدىيالـ
مىدى. قىرىشقاندەك ئاسماندا ئالىقانچىلىك بۇلۇت يوق ئىدى. قۇـ
ياش ئوت پۈركۈيتتى، ئاپتاپ كۆيدۈرەتتى. ئىككى ئەمىر ئۇسساپ
تاڭلايلىرى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرىگە بىر چىنىدىن مۇزـ
دەك دوغ كۆرۈنۈپ كەتكەندى. ھەئە، قارارگاھتا ئەلچىلەرگە خاس
ھۆرمەتمىز بىلەن كۈتۈلمىز دەپ ئويلىغان بۇ ئىككى ئەمىر
بىرەر چاناش سۇ ئىچىلىشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. ئۇلارنىڭ كەلگەنـ
لىكىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كىرىپ كەتكەن بارگاھ بېگىدىن
تېخىچىلا شەپە يوق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلار قايتىپ كېتىشكىمۇ
جۈرئەت قىلالمايتتى. مۇشۇنداقلا قايتىپ كېتىدىغان بولسا،
مىرزا ئابابەكرى ئۇلارنى مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قامالاشتۇرالماپـ
سىلەر دەپ ئەيىبلىشى، ھەتتا جازالىشى مۇمكىن ئىدى. ئۆرە تۇـ
رۇۋېرىپ بەل ـ پۇتلىرى تېلىپ كەتكەن ئىككى ئەمىر ئەمدى باـ
يامقى كىبىرىنى قايرىپ قويۇپ، مىنىپ كەلگەن ئاتلىرىنىڭ ساـ
يىسى چۈشكەن داق يەردىلا ئولتۇرۇشتى. باشلىرىدىن سەللىلىرىـ
نى ئېلىپ، كەمەرلىرىنى بوشىتىپ سەگىدەشتى. كۈن ئىككىلەشـ
كەنسېرى ئاتلارنىڭ سايىسى تېگىگە چۈشكەندى، ئۇلار سايە
قوغلاپ ئاتنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

نىھايەت بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە بارگاھنىڭ ياغاچ

دەرۋازىسى غىچىرلاپ ئېچىلىپ، بارگاھ بېگى چىقىپ كەلدى.

ــ ئىككىلىرىنى ساقلىتىپ قويدۇق، ــ دېدى ئۆزرە قويۇپ، ــ بايا ئەمىر جانابلىرى ئۇخلاۋاتقانىكەن، ئويغىتىشقا پېتىنالمىدىم، قېنى مەرھەمەت قىلىشقايلا.

بارگاھ بېگىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىككى ئەمىر بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى. شۇ تاپتا ھەر ئىككىلىسىنىڭ كاللىسىدىن «قورقۇنچلۇق ياۋ بۇرنىنىڭ تۈۋىدە ھەملە قىلىپ تۇرسا، قانداقمۇ ئۇيقۇسى كەلگەندۇ» دېگەن خىيال لىپ قىلىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىغا يوشۇرۇن سەپسالغان بارگاھ بېگى قىلغان گەپلىرىنىڭ تەسىر قىلغانلىقىنى سېزىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

بارگاھنىڭ ئىچىدىكى سەينادا خاننەزەر مىرزا گۈرزە ئوينىتىۋاتاتتى. نېرىراقتىكى سايىۋەننىڭ ئاستىدا ئىنىسى قۇلنەزەر مىرزا بىلەن بىرقانچە سەركەردە ـ نۆكەرلەر خاننەزەر مىرزىنىڭ ماھارىتىنى تاماشا قىلىۋاتاتتى. ئىككى ئەمىر چىراي ـ تۇرقى بىر ـ بىرىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدىكى بەستلىك كەلگەن ئاكا ـ ئۇكا مىرزىلارنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى.

ــ ئەمىر جانابلىرىنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇخلاپ ئويغانسىلا ماھارەت مەشىق قىلىدىغان ئادىتى بار، ــ دېدى بارگاھ بېگى ئىككى ئەمىرگە قاراپ، ــ يەنە بىردەم ساقلاپ قالىدىغان بولۇشتىلا ئەمدى.

ــ ھېچقىسى يوق. بۇ كاتتا ماھارەتنى كۆرۈپ كۆزىمىز ئېچىلىپ قالىدىغان بولدى، ــ دېدى مىرزا ھۇسەيىنبەگ چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

بارگاھ بېگى ئىككى ئەمىرنى يالغۇز قالدۇرۇپ، سايىۋەننىڭ ئاستىدا ئاكىسىنىڭ ماھارىتىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان قۇلنەزەر مىرزىنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. قۇلنەزەر مىرزا بارگاھ بېگىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كې-

يىن ئىككى ئەمىرگە شۇنداقلا قاراپ قويۇپ نەزەرىنى يەنە ئاكى-سىنىڭ گۇرزە ئوينىتىش ماھارىتىگە ئاغدۇردى. قۇلنەزەر مىرزى-نىڭ ئۆزلىرىنى سايىۋەن ئاستىغا تەكلىپ قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىككى ئەمىر ئىلاجسىز ئوچۇقچىلىقتا تەرلەپ ــ پىشىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ــ خاننەزەر مىرزىنىڭ گۇرزىسى نېمانچە يوغان، ئىچى كاۋاكمىدۇ ــ يا؟ ــ دېدى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ ھەدەپ تەرىنى سۈرتۈۋاتقان مىرزا ھۈسەيىنبەگكە قاراپ، ــ خۇددى بىر تال يى-كەننى ئويناتقاندەك پىرقىرىتىۋاتىدۇ. قارىغاندا ئىچى كاۋاك ئوخشايدۇ. ئىچى پۈتەي بولسا شۇنچە يوغان تۆمۈرنى پىرقىرىتىش ئەمەس، كۆتۈرۈشمۇ بىر گەپ ــ تە.

ــ يېڭىلىشتىلا، ئىچى پۈتەي گۇرزە ئۇ، ــ دېدى مىرزا ھۈسەيىنبەگ، ــ بىرنەچچە يىل ئاۋۋال خاننەزەر مىرزىنىڭ گۇر-زىسى ھەققىدە ئاز ــ تولا پاراڭ ئاڭلىغانمەن. ئۇنىڭ گۇرزىسىنى بىر نۆكەر يەردىن ئاران يۆلۈپ ئالارمىش.

ــ بەلكىم بۇ مۇبالىغىدۇ، ــ دېدى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ ئىشەنمىگەن ھالدا، ــ خەق يەردىن يۆلۈپ ئالالىسۇنۇ، ئەمما ئۇ خۇددى بىر تال يىكەننى ئويناتقاندەك بىمالال پىرقىراتسۇن. خەق دېگەن ئاشۇنداق ئاشۇرۇپ سۆزلەشكە ئامراق كېلىدۇ. قارىسىلا، بارگاھقا كىرسەك ئوينىتىۋاتقانىكەن، تېخىچە توختاي دېمەيدۇ. شۇنچە ئېغىر نەرسىنى ئاشۇنداق ھېرىپ قالماي ئويناتقىلى بولامدۇ؟

ــ بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. يەنە ئاڭلىشىمچە، خاننەزەر مىرزا ئاشۇ گۇرزىسى بىلەن ئات ياكى كالا دېگەندەك چوڭ ھايۋانلارنى بىر ئۇرۇپلا يىقىتىۋېتەلەرمىش.

پېژغىرىم ئاپتاپتا تەرلەپ، ئۇسساپ تۇرغان مىرزا ئەمىن قۇلبەگنىڭ يەنە دەتالاش قىلىشقا ھەپسىلىسى قالمىغانىدى، شۇڭا كۆڭلىدە قايىل بولمىسىمۇ ئارتۇقچە تالاشقۇسى كەلمىدى.

ــ قاچانغىچە تۇرارمىز بۇ ئاپتاپتا. سايىۋەننىڭ ئاستىغا

تەكلىپ قىلامسىز؟ دېسەڭ ـ يا؟ ــ دېدى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ غۇ ـ دۇراپ، ــ بىزنى كۆزگە ئىلمايۋاتىدۇ جۇمۇسىلا.
ــ شۇنى دېسىلە. بىزنىڭ شول تاپتىكى سالاھىيتىمىز خان ئەلچىسى بىلەن ئوخشاش.
ــ ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ كۆزگە ئىلمىغان بارمۇ؟
ــ تەكلىپ قىلمىسا نېمە كارىمىز، جۇسىلە سايىۋەن ئاس ـ تىغا بېرىۋېرەيلى، كۆيۈك ئاپتاپتا تۇرۇۋېرىپ قاق بولۇپ كەتمەي ـ لى يەنە.
ــ شۇنداق قىلىلى. بۇنداق ياۋاش تورساق تېخىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ.
ئىككى ئەمىر ئاتلىرىنى سەينادىلا تاشلاپ قويۇپ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ سايىۋەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
گورزە ئويناتقاچ ئۇلارنى كۆزىتىۋاتقان خاننەزەر مىرزا، ئىككى ئەمىرنىڭ سايىۋەن تەرەپكە ماڭغىنىنى كۆرۈپ، قولىدىكى گورزىنى يەر بېغىرلىتىپ پىرقىراتقىنىچە چوڭ ـ چوڭ سەكرەپ ئىككى ئەمىرنىڭ ئىتىغا يېقىنلاشتى ـ دە، «يا پىرىمدىن مەدەت!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە گورزىنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ، مىرزا ئەمىن قۇلبەگ مىنىپ كەلگەن ئالا پاچاق ئايغىرنىڭ دولد ـ سىغا زەرب بىلەن ئۇردى. شۇ ھامان دەھشەتلىك گورزە زەربىسىد ـ گە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئات خۇددى تام ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەكلا گۈپپىدە يىقىلدى، خارت ـ خارت تىنغىنىچە تۇمشۇقىدا يەر قاساپ ئورنىدىن تۇرالمىدى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ئىككى ئەمىر تۇرغان جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى، چىرايلىرى تاتىرىپ، ئەزايىدىن پۇرۇلداپ تەر تۆ ـ كۈلدى. سايىۋەن ئاستىدىكى قۇلنەزەر مىرزا قاتارلىق سەركەردد ـ لەر: «بارىكاللا!»، «كارامەت!» دېگىنىچە ئالقىش ياغدۇرۇشتى.
خاننەزەر مىرزا قاقاھلاپ كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن قولىدىكى گورزىنى يەرگە تاشلىدى. شۇ ھامان ئىككى نۆكەر يۈگۈرۈپ كې ـ لىپ گورزىنى ئىككى تەرەپتىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ ـ

غىچە يەنە ئىككى نۆكەر يېتىپ كېلىپ خاننەزەر مىرزىنىڭ تەر- دىن چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن يىپەك يەكتىكىنى سالدۇرۇپ بەدىنىنى سۈرتكەندىن كېيىن قۇرۇق يەكتەك ئالماش- تۇرۇپ قويدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەمىر جانابلىرىنىڭ كامالەتكە يەت- كەن ماھارىتىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگىنىمىزدىن تولىمۇ خۇرسەنمىز، ــ دېدى خاننەزەر مىرزىنىڭ ئالدىغا پايپاسلاپ يې- تىپ كەلگەن ئىككى ئەمىر سالام بېرىپ.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى خاننەزەر مىرزا خۇش خۇيلۇق بىلەن سالامنى ئىلىك ئېلىپ.

ــ ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، ــ دېدى بارگاھ بېگى قول باغلاپ تۇرۇپ، ــ بۇلار ماڭلايسۆيە سەر ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرىنىڭ ئەلچىلىرى بولىدۇ.

ــ ئەستاغپۇرۇللا كاتتىلارنى تونۇماي قاپتىمەن ئەمەسمۇ، ــ دېدى خاننەزەر مىرزا يالغاندىن تەكەللۇپ قىلىپ، ــ ئەسلىدە دەرگاھىمىزغا مىرزا ھۆسەيىنبەگ جانابلىرى بىلەن مىرزا ئەمىن قۇلبەگ جانابلىرىنىڭ پايە قەدەملىرى يېتىپتىكەن ئەمەسمۇ، كۆ- رۈشمىگىلى ئۇزاق بولغاچقا كۆزۈمدىن چىقىپ قاپتىلا، بايا سەت بولدى. ئەس ـ يادىم گۈرزە ماھارىتى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئىك- كىلىرىگە دىققەت قىلماپتىمەن. ئاۋۇ يىقىلىپ ياتقىنى جانابى ئەلچىلەرنىڭ ئېتى ئىكەن ـ دە. بىلىكىمنىڭ كۈچىنى سىنايمەن دەپ، مىنىپ كەلگەن ئاتلىرىغا زەرەر يەتكۈزۈپ قويۇپتىمەن ـ دە.

ــ ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق، ــ دېيىشتى ئىككى ئە- مىر خۇشامەتگويلۇق بىلەن ھىجىيىپ، ــ ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئاشۇنداق كارامىتى بارلىقىنى ئاڭلىغاندۇق، مانا ھازىر ئۆز كۆ- زىمىز بىلەن كۆردۇق. تاماشا قىلىش كەمدىن ـ كەم نېسىپ بو- لىدىغان بۇنداق كاتتا ماھارەت ئالدىدا بىرەر ئاتنىڭ كارايىتى چاغلىق.

ــ سەگنى ئۇرساڭمۇ ئىگىسىگە باق، دەيدىغان گەپ بار ئە-

مەسمۇ، ئۇيات ئىش بوپتۇ، ـــ خاننەزەر مىرزا بارگاھ بېگىگە قاردى، ـــ ئاختىخانامدىن ئىككى ئات دىلخاھلاپ جانابى ئەلچى بەگلەرگە جابدۇپ بەرسۇنلار. قېنى خوش، چېدىرغا مەرھەمەت قىلىنىشسىلا.

ئاپتاپتا تۇرۇۋېرىپ پىشىپ قالاي دېگەن ئىككى ئەمىرگە بۇ تەكلىپ ياغدەك ياقتى.

تۆت تەرىپىگە پەنجىرە قويۇلغان چېدىر تولىمۇ سالقىن ئىدى. خاننەزەر مىرزا تۆردە، قۇلنەزەر مىرزا ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. باشقا ئەمىر ـ سەركەردىلەرمۇ مەرتىۋىسى بويىچە ئورۇن ئېلىشتى. چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالغان مىرزا ئەمىن قۇلبەگ بىلەن مىرزا ھۈسەيىنبەگ شۇ تاپتا تولىمۇ بىئەپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. قائىدە بويىچە ئۇلار ئەلچىلىك سالاھىيىتى بىلەن خوتەن ئەمىرىنى ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ پەرمانىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما خاننەزەر مىرزىنىڭ بايامقى گۇرزە ماھارىتى ۋە ئۆزىنى تولىمۇ چوڭ تۇتۇشى ئۇلارنى چۆچۈتۈپ قويغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن قوللىرىدىكى ساختا پەرمان بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەلچىلىك سالاھىيىتىمۇ ساختا بولغاچقا، چاندۇرۇپ قويۇپ، ئىشنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ «خوتەن ئەمىرى پەرمان تاپشۇرۇۋالغاي» دەپ توۋلىغۇسى كەلسىمۇ، لېكىن بۇنداق قىلىشقا پەقەتلا جۈرئەت قىلالمىدى.

ـــ ئالدى بىلەن خاننەزەر مىرزا، قۇلنەزەر مىرزا جانابلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز، ـــ دېدى ئەمىر ھۈسەيىنبەگ زۇۋانغا كېلىپ، ـــ ئەلچىلىك سالاھىيىتىمىز بىلەن شۇنى مەلۇم قىلىمىزكى، ماڭلايسۆيەنىڭ سەر ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرىنىڭ پەرمانىنى، شۇنداقلا ماڭلايسۆيەنىڭ ئۇرۇنباسار ئەمىرلەشكىرى، ياركەنت ئەمىرى مىرزا ئابابەكرى جانابلىرىنىڭ سالامىنى ئېلىپ كەلدۇق، قوبۇل قىلغايلا.

مىرزا ئەمىن قۇلبەگ قوينىدىن پەرماننى ئېلىپ ئىككى

قولىلاپ تۇتتى.

قائىدە بويىچە خاننەزەر مىرزا ئورنىدىن تۇرۇپ پەرماننى ئىككى قولىلاپ تاپشۇرۇۋېلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ قىمىرلاپمۇ قويمىدى. پەرماننى بارگاھ بېگى ئېلىپ خاننەزەر مىرزىغا ئۇزاتتى.

ــ ئۆزلىرى ئوقۇسىلا، ــ دېدى خاننەزەر مىرزا قاپىقىنى تۈرۈپ.

بارگاھ بېگى پەرماننى ئوقۇشقا باشلىدى:

*«پەرمان!*

*بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، بىزلەركىم ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىنىڭ سەر ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا شول خۇسۇستا پەرمان بېرىمەنكى، خوتەن ئەمىرلىرى خاننەزەر مىرزا، قۇلنەزەر مىرزىلار ئۆزلىرىدىن بېرى سەلتەنەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي، ھۆكمىمىزگە سەركەشلىك قىلىپ كەلدى. ئوردا بېكىتكەن يوسۇنلارنى كۆزگە ئىلماي، دەرگاھىمىزغا سالامغا كېلىشتىن باش تارتتى. ئاغزىدا ئوردىغا بېقىنغاندەك قىلىپ پەرمانبەردارلىق قىلمىشىنى داۋراڭ قىلىپ، ئەمەلىيەتتە رىياغا يول تۇتتى، بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى. ئۇشبۇ پەرمانىمىز يېتىپ بارغان ھامان دەرھال گۇناھىنى تونۇپ، توۋا قىلغاي، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىمىزنى تىلىگەي. شۇنداقلا خوتەننىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئورۇنباسار ئەمىر لەشكەر مىرزا ئابابەكرى جانابلىرىغا تاپشۇرغاي...»*

ــ بولدى بەس!

خاننەزەر مىرزىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى سەر چېدىر ئىچىدە قورقۇنچلۇق ۋەھىمە پەيدا قىلدى. چۆچۈپ كەتكەن ئىككى ئەمىرنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى.

ــ ئاغامنىڭ مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاشقا پەرمان بەرگۈدەك ئۆزىنى كىم چاغلايدىكەن ئۇل ماڭلايسۆيە ئەمىرى، ــ دېدى قۇل-نەزەر مىرزا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ــ سۇلتان يۇنۇسخان ئا-لىيلىرىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىۋېلىپ، ئۆزىنى پادىشاھ چاغلاپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ بىز دېگەن ئەلچى، پەقەت پەرمانىنى يەتكۈزدۇق، ــ دېدى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ غۇدۇراپ.

ــ خەۋەر تېپىشىمىزچە ئىككىلىرى ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھ-كىمىسىدىن قوغلانغان ئىكەنلا، ئەمدىلىكتە قانداقسىگە سەر ئە-مىرنىڭ ئەلچىسى بولۇپ قېلىشتىلىكىن؟ ــ سورىدى خاننەزەر مىرزا غەزىپىنى بېسىۋېلىپ.

ــ ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، ــ دېدى مىرزا ھۇسە-يىنبەگ تەمكىنلىك بىلەن، ــ ئاڭلىغانلىرىنىڭ قىلچىلىك خاتا-سى يوقتۇر. گەرچە بىز ماڭلايسۆيە ئەمىرىنىڭ پەرمانىنى دەرگاھ-لىرىغا ئېلىپ كەلگەن بولساقمۇ، لېكىن ئەلچىلىك مەرتىۋىمىزنى مىرزا ئابابەكرى جانابلىرى بەرگەندۇر. ئارىدا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمىغاي.

ــ مىرزا ئابابەكرى جانابلىرىنىڭ ماڭلايسۆيە مەھكىمىسى-دىن قوغلانغان ئەمىرلەرگە قايتا مەرتىۋە ئىنئام قىلىشى سەلتەنەت قانۇنىغا خىلاپ تۇرسا، ئۇنىڭغا بۇنداق كاتتا ئىمتىيازنى كىم بەرگەندۇ؟ بىز بولساق ئەدناسى كىچىككىنە بىر تۇتۇن بېگىنىمۇ ئوردىغا مەلۇم قىلىپ ئاندىن مەنسەپكە تەيىنلەيمىز. بۇنىڭغا سې-لىشتۇرغاندا ئەلچىلىك ھەرگىزمۇ كىچىك مەرتىۋە ئەمەس.

ــ ئەمىر سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ئەۋلادى ئەزەلدىن ئەنە ئا-شۇنداق باشتۇڭ، ــ دېدى قۇلنەزەر مىرزا قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ ئۆز ۋاقتىدا سەييىدئەلى ئالپمۇ سەلتەنەت يوسۇنلىرىنى كۆزگە ئىلماي چوڭ خانزادە يۇنۇسخاننى قايرىپ قويۇپ، كىچىك خانزادە ئېسان بۇغاخاننى تەختتە ئولتۇرغۇزغان ئىكەنغۇ. ئەمدىلىكتە ئۇ-نىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىمۇ ئۆزلىرىنى ئاشۇنداق ئىمتىيازلىق دەپ

قارىسا كىرەك. بۇ دېگەن ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلانغانلىق. نومۇس قىلماي چۈشۈرگەن پەرمانىنى قارىمامدىغان. خوتەننىڭ ئەمىرلىكىنى ئۆگەي ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمىشمىز تېخى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ پەرمانىنى ئاشۇنداق يازدۇرۇشتىكى مەق-سىتىمۇ ئاغا - ئىنى مىرزىلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاش ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ مەقسىتىگە تولۇق يەتكەنىدى. پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىل-گەنلىكىنى ھېس قىلغان مىرزا ھۇسەيىنبەگ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇشقا كىرىشتى.

— ئەمىر جانابلىرى بىزگە بىر يۇتۇم ئۇسسۇلۇق ئىلتىپات قىلغان بولسىلا، — دېدى ئۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن.

خاننەزەر مىرزا ئۇلارنىڭ تېخىچە ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چىرايىغا سۇس كۈلكە يۈگۈرتتى. ھەئە، مىرزا ھۇسەيىنبەگنىڭ يېلىنىشى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تەكەببۇرلۇق تۇيغۇلىرىنى خېلىلا ياۋاشلاتقانىدى.

— ئاۋۋال يۇقىرىغا ئۆتۈپ جاي ئېلىشسىلا، — دېدى ئۇ ئىككى ئەمىرگە ئورۇن كۆرسىتىپ، ئاندىن بىكاۋۇل بەگكە قارد-دى، — ئىككى ئەمىرگە ئۇسسۇلۇق تۇتسۇنلار.

ئىككى ئەمىر بىر چىنىدىن قادا①نى گۈپۈلدىتىپ ئىچىپ باشقىچە راھەتلەندى.

— راست گەپنى قىلسام، — دېدى مىرزا ھۇسەيىنبەگ خان-نەزەر مىرزىنىڭ چىرايىغا يەر تېگىدىن قارىۋېلىپ، — سەر ئە-مىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھازىر ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە تەخت ئىگىسى ئالەمپاناھ سۇلتان يۇنۇسخان ئا-لىيلىرى بارمۇ - يوق، بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەكمۇ تەس. سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى كۆپ قىسىم جامائىتىنى، سەركەردە - لەش-كەرلىرىنى ئېلىپ ئاقسۇدىن كەتكەندىن كېيىن ماڭلايسۆيە ۋاد-سى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ئوكچە قالدى. ئۇ ھەرقانداق مەن-

① قادا (قاردەك) — دوغاپنىڭ بىر تۈرى. مۇزنى قىرىپ كېپەكتەك ھا-لەتكە كەلتۈرۈپ قېتىق، شىرنە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

سەپ ـ مەرتىۋىگە خالىغان ئادىمىنى خان ئالىيلىرىدىن بىسوراق تەيىنلەۋېرىدۇ؛ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغانلارنى، پات ـ پات سوۋغا تەقدىم قىلىپ تۇرمىغانلارنى بىر باھانە ـ سەۋەب بىلەن مەنسەپتىن قالدۇرۇۋېتىدۇ؛ ئاغزىدىن ئەدلى ـ ئادالەتنى چۈشۈرمەيدۇ ـ يۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزى سەلتەنەت يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلمايدۇ. مانا بىزمۇ يوقىلاڭ بىر سەۋەبلەر بىلەن مەنسەپتىن قالدۇرۇلدۇق. گۇناھىمىز سەر ئەمىرگە پات ـ پات سوۋغا تەقدىم قىلىپ تۇرمىغانلىقىمىزدا. ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تۆھپىسىنى پەش قىلىشقا ئامراق. بىراق بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ سەلتەنەت ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن تۆھپىكار ئەمىرلەر ئىدى. ئاخىرقى ھېسابتا بىز ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىگە پاتمىدۇق.

ــ باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، ــ دەپ سۆز ئارىلىدى پۇت ـ قولىغا خىلىلا جان كىرگەن مىرزا ئەمىن قۇلبەگ، ــ مىرزا ئابابەكرى جانابلىرىمۇ سەر ئەمىرنىڭ جىيەنى ئىدى، كېيىن ئۇنىڭغا ئۆگەي پەرزەنت بولدى. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىلىسى سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرىنىڭ مەلىكىلىرىگە ئۆيلىنىپ كۈرەگانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەنىدى. ئەمما مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جىيەنى ھەم ئۆگەي پەرزەنتى بولمىش مىرزا ئابابەكرى جانابلىرىنىمۇ ھەر ئاماللار بىلەن باش كۆتۈرگۈزمىدى، لەشكىرىي دىۋانغا ئورۇنباسار قىلىپ قويغان بىلەن ئەمەلىي ھوقۇق بەرمىدى. ئۇنىڭ كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر ۋىلايەتكە ئەمىر بولۇش تەلىپىنى رەت قىلدى. قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولۇپ تۇرۇۋېرىشنى ھار ئالغان مىرزا ئابابەكرى باشتۇغلۇق بىلەن ياركەنت ھۆكۈمىتىنى قولىغا ئېلىۋالدى.

ــ ئەجەبا ئەمىسە يەنىلا سەر ئەمىرنىڭ پەرمانىغا ئىتائەت قىلىپ لەشكەر تارتىپ كەپتىغۇ؟ ــ سورىدى خاننەزەر مىرزا ئەنسىرىگەن ھالدا.

ــ مىرزا ئابابەكرى جانابلىرىنىڭ پەرمانغا باش ئېگىپ لەشكەر تارتىپ كەلگىنى راست، ــ دېدى مىرزا ھۈسەيىنبەگ

جاۋاب بېرىپ، ــ ئەمما مۇددىئاسى ھەرگىزمۇ ئەمىر جانابلىرى بىلەن ياغى قىلىش ئەمەس.

ــ خوش، ئۇنداقتا مۇددىئاسىنى بىلىپ باقساق بولۇرمۇ؟ ــ ئالدىراپ سورىدى قۇلنەزەر مىرزا.

ــ ئەلۋەتتە. مىرزا ئاتابەكرى جانابلىرىمۇ خۇددى ھەر بىر- لىرىگە ئوخشاش ماڭلايسۈيە ئەمىر مەھكىمىسىگە ئەمەس، بىۋاسى- تە ئوردىغا، سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا پەرمانبەردارلىق قى- لىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ ھەقتە ھەر بىرلىرى بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىپ مۇددىئاسىنى بىلدۈرمەكچى ئىدى. بۇ نۆۋەت خوتەنگە لەشكەر تارتىش پەرمانى چۈشكەندىن كېيىن دەرھال بۇ تەرەپكە جۆنىدى. مەقسىتى: كۆرۈنۈشتە لەشكەر تارتقان بولۇپ، ئاستىرتىن ھەر بىرلىرى بىلەن كېڭىشىش. ئوردىغا بىرلىكتە ئىمزالىق ئەرز يوللاپ، سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى- نى قولغا كەلتۈرۈش.

مىرزا ھۈسەيىنبەگ ئاكا ـ ئۇكا مىرزىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ سۆزلەۋاتاتتى.

ــ بۇ سۆزلىرى راستمۇ؟ ــ سورىدى قۇلنەزەر مىرزا ھايا- جىنىنى باسالماي.

ــ يالغان سۆزلىگەن بولساق قىلىچلىرى ئاستىدا جان بې- رىشكە رازىمىز، ــ دېدى مىرزا ھۈسەيىنبەگ.

ــ بىز مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ھامان بىر كۈنى لەش- كەر تارتىپ كېلىدىغانلىقىنى پەملەپ پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانمىز، ــ دېدى خاننەزەر مىرزا ئىچكى تۈيغۇلىرىنى يوشۇرۇپ سوغۇققانلىق بىلەن سۆزلەپ، ــ مىرزا ئاتابەكرى جانابلىرىغا يەتكۈزۈپ قويسىلا، ئۇ دەرياغا كەلكۈن كەلگەنلىكى ئۈچۈن توسۇ- لۇپ قالدۇق دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. بىزنىڭ ھەرقانداق قۇدرەتلىك قوشۇننىڭ ئالدىنى توسۇپ توختىتىپ قويغۇدەك كۈچ ـ قۇدرى- تىمىز ھەم ئىشەنچىمىز بار. ئىككى كۈندىن بېرى شۇنچە جەڭگە ئۇندىسەڭلارمۇ مىدىرلىماي تۇرۇۋشىمىزدىكى سەۋەب، سەركەردە ـ

لەشكەرلىرىڭلارنى ئۆزۈن يول بېسىپ ھېرىپ كەتتى، بىر ئاز ئارام ئېلىۋالسۇن دېدۇق. ھېرىپ كەلگەن ياۋغا ئارام بەرمەي جەڭ قىلىشنى ئەلۋەتتە بىلەتتۇق، لېكىن بۇنداق نامەردلىكنى راۋا كۆرمىدۇق. بۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇل مىرزا ئابابەكرى جانابلىرىمۇ قا-يىل بولماسلىقى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر ئىككى تەرەپ-تىكى سەركەردە ـ لەشكەرلەر يات ئەمەس، بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدۇر. ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشساق زېيىنى يەنە سەلتەنەتكە بولىدۇ. سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى خەۋەر تاپسىمۇ قاتتىق رەنجىيدۇ. مۇشۇ تەرەپلەرنى نەزەرگە ئېلىپ ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇق. ھەرقانداق قىسقا مۆھ-لەتمۇ ئۈچ كۈندىن كەم بولمايدۇ. ناۋادا بۈگۈن ئىككىلىرى دەر-گاھىمىزغا كەلمىگەن بولسىلا، ئەتە جەڭگە سىلەر ئەمەس، بىز ئۈندىگەن بولاتتۇق. خەيرىيەت، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى. ھازىر مىرزا ئابابەكرى جانابلىرىنىڭ مۇددىئاسىدىن ئاز ـ تولا خەۋەر تاپتۇق. ئەگەر ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاشۇنداق مۇددىئاسى بولسا، ئەتە ـ ئۆگۈنگىچە كېڭىشىپ ئەھدە ـ ئىشەنچ ھاسىل قىلىشارمىز. ناۋادا ياغىغا تايىن تېپىپ قالسىمۇ بىز ھەرقاچان تەييار. ئۇشبۇ مۇددىئايىمىزنى يەتكۈزۈپ قويسۇنلار.

ـــ تولا ئوبدان، ـــ دېيىشتى ئىككى ئەمىر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ.

خاننەزەر مىرزا ئۇلارنى چۈشلۈك غىزاغا تۇتۇپ قالدى، ئاز-دىن بىردىن يارام ئاتقا مىندۈرۈپ ئۇزىتىپ قويدى.

※ ※ ※

قايتىپ كەلگەن ئىككى ئەمىردىن خاننەزەر مىرزىنىڭ گۇر-زە ماھارىتىنى، بولۇپمۇ مىرزا ئەمىن قۇلبەگنىڭ ئېتىنى بىر گۇرزە بىلەن ئۇرۇپ يىقىتقانلىقىنى ئاڭلىغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئىككى ئەمىر بولسا بۇنىڭغا دىققەت قىلد-

ـماي بىر ـ بىرىدىن تۆھپە تالىشىپ توختىماي سۆزلەيتتى.

ــ ئەسلىدە خاننەزەر مىرزىنىڭ گۇرزىسىنىڭ يوغانلىقىغا ھەمدە ئاشۇنداق يوغان گۇرزىنى خۇددى بىر تال يىكەننى پىر-قىراتقاندەك كۆچمەيلا ئويناتقىنىغا قاراپ ئىچى كاۋاكمىكىن دەپتىكەنمەن. قاراپ تۇرسام ئىككى نۆكىرى ئاران تەستە كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. ھەزرىتى ئەلى شاھى مەردانىنىڭ كۈچى ھەرقانچە بولسا شۇنچىلىك بولغىيتتى.

ــ مىرزا ئەمىن قۇلبەگ جانابلىرىنىڭ ئېتىنى ئۇرۇپ يىد-قىتىشلىرىنى دېمەملا تېخى. شۇنچە زور ئات بىر گۇرزىگە پايلىماي خۇددى ئەسكى تامدەك گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتى.

ــ ئول ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار سەر ئەمىرگە ئىتائەت قىلىد-دىغاندەك ئەمەس.

ــ ئۇنىڭغا ئالىيلىرىنىڭمۇ ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىگە ئە-مەس، بىۋاستە ئوردىغا پەرمانبەردارلىق قىلىش نىيىتى بار ئىدى دېسەم، بەكلا سۆيۈنۈپ كەتتى.

ئۇلار خاننەزەر مىرزا بىلەن قۇلنەزەر مىرزىنىڭ ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن تارتىپ ھەر بىر ئېغىز سۆزلىرىگىچە ئېقىتماي ـ تېمىتماي يەتكۈزۈشتى.

ــ كۆپ جاپا تارتىشتىلا، چىقىپ ئارام ئالسۇنلار، ــ دېدى ۋۇجۇدىنى ئۇمىدسىزلىك چىرمىۋالغان مىرزا ئابابەكرى. ئىككى ئەمىر مىرزا ئابابەكرىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ پەم بىلەن چىقىپ كېتىشتى.

مىرزا ئابابەكرىنى قايتىدىن غەم بېسىۋالغانىدى.

«ئول ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنى ھەققەتەن بوش چاغلاپ قاپ-تىمەن. شۇنچىلىك قالتىس ماھارىتى بار سەركەردىنىڭ لەشكەر-لىرىمۇ ئەلۋەتتە ماھارەتلىك بولىدۇ. ئىككى ئەمىرنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، خېلىدىن بېرى پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىكەن. شۇڭلاشقا، شۇنچىۋالا ياۋ لەشكىرى بۇرنىنىڭ تېگىدە نەرە تارتىپ تۇرسا كۈپكۈندۈزدىلا ئاشۇنداق غېمىدە يوق ئۇخلىيالىغان گەپ.

ئىشەنچى بولمىسا ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۇلار بىلەن بىر ـ لىشىشىم ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار بىلەن بىرلەشسەم يەنىلا سۇلتان يۇنۇسخانغا ئىتائەت قىلسام بولىدۇ. سۇلتان يۇنۇسخانغا ئىتائەت قىلغىنىم ئاخىرقى ھېسابتا ماڭلايسۆيە ئەمىرگە ئىتائەت قىلغىنىم ئەمەسمۇ، شۇنچىۋالا قىلغان ئەجرىم بىكار بولمامدۇ. يەنە كېلىپ مىرزا ياتاقبەگنىڭ ئۆلۈمىنى سۈرۈشتە قىلىپ قال ـ سا كاللامدىن ئايرىلىپ قالمىسامىمۇ مەنسەپ ـ مەرتىۋەمدىن ئاي ـ رىلىپ قالىمەن. ئۇنداق ئەخمەقلىقنى ھەرگىز قىلمايمەن. سۇلتان يۇنۇسخانغا بېقىنماي ئۆز ئالدىمغا سەلتەنەت سۈرىمەن. ئۇل ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار بول مۇددىئايىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئېلىپ تاشلاشقا تېگىشلىك بىرىنچى توسالغۇ. ئۇلارنى كۆزدىن يوقاتماي، خوتەننى ئىلكىمگە ئالماي تۇرۇپ بۇ ئارزۇغا ھەرگىز يېتەلمەي ـ مەن. ئۇلارنى ھازىر مەن يوقاتمىسام، كېيىنچە ئۇلار مېنى يوقات ـ قۇدەك. چۈنكى، ئۇلار سىر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا سەر ـ كەشلىك قىلغان بىلەن سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا ساداقەت ـ مەن. سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى مەقسىتىمنى بىلىپ قالسا، ئۇلارغا مېنى جازالاش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرىدۇ. ئۇل چاغدا مەن رىياكار، ئۇلار تۆھپىكار بولۇپ قالىدۇ. مەيدان جېڭى قىلىپ ئۇلارنى يېڭىشىم مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ. ئەمما پۇت تىرەپ تۇرىمەن دەيدىكەنمەن، ئۇلار ھايات ياشىماسلىقى كېرەك. بولمىسا ھامان بېشىمغا بالا بولىدۇ، ئۇلارنى زادى قانداق يوقاتسام بولار؟... شۇنداق قىلايمۇ ـ يا؟...»

كاللىسىغا لىپپىدە كەلگەن بىر خىيالدىن مىرزا ئابابەكرى قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتى.

«توغرا، ئاشۇنداق قىلاي. ئالەم ـ جاھان مېنى نامەرد دەپ لەنەتلىسە لەنەتلىمەمدۇ. مەيلى قانداق ئاھانەتكە قالاي، رەقىبلىـ رىمنى كۆزۈمدىن يوقىتىشىم كېرەك. ماڭا كېرىكى ياخشى نام ـ ئاتاق ئەمەس، تاجۇ تەخت...»

خوتەننىڭ ئاكا ـ ئۇكا ئەمىرلىرىنى جەڭ بىلەن ئەمەس،

ھىيلە ـ مىكىر بىلەن يوقىتىش قارارىغا كەلگەن مىرزا ئابابەكرى يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك بىردىنلا يەڭگىللەپ قالدى.

دەريا بويىدىكى ئوچۇقچىلىقتا تىكىلگەن چېدىرنىڭ پەنجىرىلىرىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرسىمۇ، چېدىر ئىچى يەنىلا تىنچىق ئىدى. يىپەك يەكتەك بىلەن ئولتۇرغان مىرزا ئابابەكرى تەرلەپ، ئۇسساپ كەتكەنىدى. ئىككى مۇلازىمنىڭ يەلپۈشلىرى كار قىلمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

ــ شاراب!

پەگادا قول باغلىغىنىچە مۆگدەپ تۇرغان مۇلازىم يىگىت چۆچۈپ ئېسىنى يىغدى ـ دە، دەرھال سىرتقا ماڭدى. مۇز پارچىلىرى سېلىنغان شەربەت مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغانىدى. ئۇ بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قەغەز ـ قەلەم ئەكەلدۈردى.

«خەتنى شۇنداق قاملاشتۇرۇپ يازايكى، ئول ئاغا ـ ئىنى ئەمىرزادىلەر ئىشەنمەسلىككە سەۋەب تاپالمىسۇن...»

مىرزا ئابابەكرى قومۇش قەلەمنى سىياھدانغا مىلەپ خەت يېزىشقا كىرىشتى.

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*باھادىرلىقتا ئەلى شاھى مەردان، مەردلىكتە رۇستەمى داستانغا تەڭداش شەھىدانە خوتەننىڭ ئاغا ـ ئىنى ئەمىرلىرى بولمىش خاننەزەر مىرزا بىلەن قۇلنەزەر مىرزا جانابلىرىغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، كەمىنە مىرزا ئابابەكرى ئارزۇ ـ خاھىشىمغا يات ھالدا ماڭلايىسۆيە سەر ئەمىرگە پەرمانبەردارچىلىق قىلىپ، لەشكەر تارتىپ بوسۇغىلىرىغا كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئاللاھقا مىڭ قەتلە شۈكرىكى، ئەقلىمنى ئىشقا بۇيرۇپ دەرگاھلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ خويمۇ ياخشى قىلغانىكەنمەن. ئەلچىلەردىن مەقسەت ـ مۇد-*

دىئالىرىنى بىلىپ تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. ئىككى كۈندىن بېرى ئۆزىمىزنى چاغلىماي ھەر بىرلىرىنى جەڭگە ئۈندەپ كۆپ ئەدەپسىزلىك قىلغان بولساقمۇ، ئەمما سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ ئۇزاق يول بېسىپ، ھېرىپ قالغانلىقىد- نى نەزەرگە ئېلىپ سەۋرچان بولۇشۇپلا، بەلكىم مەردلىك- نى، باھادىرلىقنى ھەق ـ دادىغا يەتكۈزۈشۈپلا. ھەقىراست، بىز رەقىبلەردىن ئەمەسمىز، ھەممىمىز بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ تاج ئىگىسى سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ساداقەتمەن نۆكەرلىرىمىز. ئۆزئارا ياغى قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق- تۇر. كەمىنىلىرى كالتە پەم ئادەم بولغاچقا، ماڭلايسۆيە سەر ئەمىرىنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈشنىلا ئويلاپ، باش- قا ئاقىۋەتنى ئويلىماپتىمەن. راست گەپنى قىلسام، كەمى- نىلىرىنىڭمۇ ھەر بىرلىرىگە ئوخشاش ماڭلايسۆيە ئەمىرىگە ئەمەس، بىۋاستە ئوردىغا ــ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى- غا پەرمانبەردارچىلىق قىلىش مۇددىئايىم باردۇر. بەلكىم شول تاپتا بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ ئۇشبۇ مۇددىئايىمدىن گۇمانلىنىپ قېلىشلىرى مۇمكىن. چۈنكى، سەر ئەمىر مۇ- ھەممەد ھەيدەر مىرزا كەمىنىلىرىگە ھەم تاغا، ھەم ئۆگەي ئاتىدۇر. لېكىن شۇنى بىلىپ قېلىشسىلا، كەمىنىلىرى تا بۆكەمگىچە ئۇنىڭدىن يا تاغىلىق، يا ئاتىلىق مېھرىگە ئې- رىشكەن ئەمەسمەن. ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىدە گەرچە ئو- رۇنباسار ئەمىر لەشكەرلىك مەرتىۋەم بولسىمۇ، لېكىن مەرتىۋەم ئىچكىيلەر[1] بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەلدى. ئەد- ناسى ئول ئۆگەي ئاتامغا مەرھۇم ئاتامنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى بولمىش ياركەنت ۋىلايىتىنىڭ ئەمىرلىكىنى بىر- قانچە نۆۋەت ئىلتىماس قىلىپمۇ ماقۇل كەلتۈرەلمىدىم. گەرچە ھازىر ياركەنت ۋىلايىتى قولۇمدا بولسىمۇ، لېكىن تېخىچە ئەمىرلىك مەنسىپىمگە پەرمان چۈشۈرۈپ بەرمىدى.

① ئىچكي ــ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدار.

ئەمدى ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىگە قايتىشىم يوق. ناۋادا
كاللامنى كېسىپ ئاپارسا، ئۇ باشقا گەپ. ئاغا ـ ئىنى ئىك-
كىلىرى بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ تۆھپىكار ئەمىرلىرىدىن ھې-
سابلىنىدىلا، سۇلتان يۇنۇسخان ئائىلىرىغا بولغان سادا-
قەتلىرىگە قىل سىغمايدۇ. سەر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر
مىرزا بولسا ئاغزىدىن خانغا بولغان ساداقەت، ۋاپا ئىبارد-
لىرىنى چۈشۈرمىگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى سانى
سۇلتان① ھېسابلاپ رىياغا يۈز تۇتۇۋاتىدۇ. ئىككىلىرىنىڭ
ئەمىرلىك مەرتىۋىلىرىگە رىئايە قىلماي، ھە دېسە ئۆزىگە
پەرمانبەردارلىق قىلىشقا مەجبۇرلىشىمۇ ھەم شۇنىڭدىن-
دۇر. كەمىنىلىرىگە ئوردىدىن بېرىلگەن رەسمىي ئەمىرلىك
مەرتىۋەم بولمىغاچقا سەر ئەمىر بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا
قارشىلىششقا ئامالىم يوق. ناۋادا جانابى ئاغا ـ ئىنى مىر-
زىلار بىر نىيەتكە كەلسە، ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىگە ئەمەس،
ئوردىغا پەرمانبەردارچىلىق قىلىش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ
بىر پارچە ئەرز يازغاي. كەمىنىلىرىمۇ ھەر بىرلىرىگە كۆ-
مەك بولۇپ، مۇبارەك مۆھۈرلىرىنىڭ ئاستىغا ئەرزىمەس
مۆھۈرۈمنى باسقايمەن. ئىشەنچىم كامىلكى، سۇلتان يۇ-
نۇسخان ئائىلىرى بۇ ئەرزنى تاپشۇرۇپ ئالسا مۇددىئايد-
مىزغا مۇۋاپىق يارلىق چۈشۈرىدۇ. ئول چاغدا خوتەن ۋىلا-
يىتىلا ئەمەس، ياركەنت ۋىلايىتىمۇ ماڭلايسۆيە مەھكىمىسد-
نىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلىدۇ. جانابى ئاغا ـ ئىنى
مىرزىلار ئۇشبۇ مەكتۇپىمنى تاپشۇرۇۋالغاندا مېنىڭ سەر-
كەردە ـ لەشكەرلىرىم ئاللىقاچان قىرىق چاقىرىم كەينىگە
چېكىنگەن بولىدۇ. بول چېكىنىشىمنىڭ سەۋەبى شولكى،
بىرىنەنچىدىن، ئۆزۈمنى چاغلىماي لەشكەر تارتىپ كېلىپ
شىلىنىڭ ئاتقانلىقىمدىن ئەيۇ سوراش؛ ئىككىنەنچىدىن،
ھۆرمەت ـ ساداقىتىمنى بىلدۈرۈش؛ ئۈچىنەنچىدىن، ئۆزۈم

① سانى سۇلتان ـــ ئىككىنچى سۇلتان.

*تەلەپ قىلغان كېلىشىمنىڭ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ئەمەس،*
*بۇ تەرىپىدە تۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش. ناۋادا كەمىند-*
*لىرىنىڭ ئۇشبۇ ئىلتىماسىنى لايىق كۆرۈشىسىلە ئۆزۈمنى*
*تولىمۇ بەختىيار ھېسابلايمەن، لايىق كۆرۈشمىسىلىمۇ*
*قىلچىلىك ئاغرىنمايمەن، ھەم دەرھاللا سەركەردە ـ لەش-*
*كەرلىرىمنى ئېلىپ ياركەنتكە قايتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن*
*سەر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن ھەر نە جازا كۆر-*
*سەم ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن. يەنە شۇنىمۇ سەمىلىرىگە*
*سېلىپ قويايكى، كېلىشىمنى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە ئەمەس،*
*بۇ تەرىپىدە تۈزۈشنى تەكلىپ قىلىشىمدىكى سەۋەب، جاناب-*
*لىرىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ھەم خوتەندىكى ئاۋام-*
*نىڭ نەزەرىدە بىز جازا يۇرۇشى قىلغۇچى ھېسابلىنىمىز.*
*دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىغا ئۆتۈپ كېلىشىم تۈزسەك، ئۇلار ئا-*
*غا ـ ئىنى ئەمىرلەر سۇلھىگە كېلىشكە مەجبۇر بولۇپ قال-*
*غان ئوخشايدۇ، دىگەن خىيالغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.*
*شۇڭا بىز ئارقىمىزغا چېكىنگەندىن كېيىن دەريانىڭ بۇ*
*قىرغىقىدا كېلىشىم تۈزسەك، ھەر بىرلىرىنىڭ جاسارىتىد-*
*گە لەشكەرمۇ، ئاۋاممۇ تەھسىن ئېيتىدۇ. ناۋادا دەريانىڭ بۇ*
*تەرىپىگە ئۆتۈشكە ئىشەنچ قىلالمىسىلا، كەمىنىلىرى دەريا-*
*نىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتسەممۇ بولىدۇ. پەرمانلىرىنى كۈتىمەن.*

*كامالى ئېھتىرام بىلەن ئابابەكرى مىرزىدىن دەپ بى-*
*لۈرلا.»*

مىرزا ئابابەكرى مەكتۇپنى بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كې-
يىن مىرزا ئەمىن قۇلبەگ بىلەن مىرزا ھۆسەيىنبەگنى چاقىرت-
تى.
— كۆرۈپ بېقىشسىلا، — دېدى ئۇ مەكتۇپنى ئىككى ئەمىر-
نىڭ ئالدىغا سۇرۇپ.
بايام قاپىقى تۈرۈلۈپ قالغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ بىردەمدىلا

ئېچىلىپ قالغىنىنى كۆرگەن ئىككى ئەمىر نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرمەيلا خەتكە ئالدىراش كۆز يۈگۈرتتى.

— يېزىلغان بىر قىسىم ئىبارىلەر ئۇل ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىماسمۇ ئالىيلىرى؟— تەئەججۈپلەنگەن ھالدا سورىدى مىرزا ھۈسەيىنبەگ.

— شۇنچە ھەشەم تارتىپ كېلىپ جەڭ قىلمايلا چېكىنسەك، سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتىگە نۇقسان يېتەرمىكىن، — دېدى مىرزا ئەمىن قۇلبەگ.

ئىككى ئەمىرنىڭ گۇمانىنى ئاڭلاپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىشەنچى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ ئاكا ـ ئۇكا خوتەن مىرزىلىرىنىڭمۇ مۇشۇ ئىككى ئەمىردەك تۇيغۇغا كېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئادەتتە ھەرقانداق يېقىن ئادىمىگىمۇ ئالدىراپ ئىشەنمەيدىغان، ئوي ـ خىيالىنى ئاشكارىلىمايدىغان مىرزا ئابابەكرى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— ئىككىلىرى بۇ تەرىپىگە باش قاتۇرماي، ئەلچىلىكنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بېرىشىسىلە بولىدى. ئۇل ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار راست ئېيتىدۇ، ھەممىمىز بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ نۆكەرلىرىمىز. ئۇلار ياغىنى خالىمىغانىكەن، ئەلۋەتتە بىزمۇ يول قويۇشىمىز كېرەك. ھەممە گەپنى مەكتۇپقا پۈتۈپ قويدۇم. بىز ئۇچۇن ئۇل ئاغا ـ ئىنىلەرنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش ھەممىدىن مۇھىم. بۇنى ئىككىلىرىگە ئۆگەتمىسەممۇ بولۇر، دەرھال يولغا چىقىشسىلا.

ھە دېسىلا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل سەلتەنەت تىكلەشنىڭ داۋرىڭىنى قىلىدىغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ تۇيۇقسىزلا سۇلتان يۇنۇسخان سەلتەنەتىگە ساداقەتمەن بولۇپ قېلىشى ئىككى ئەمىرنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى، لېكىن يەنە ئۇنى ـ بۇنى سوراشقا پېتىنالمىدى.

ئۇلار مەكتۇپنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

مىرزا ئابابەكرى مىرزا سەدىردىن قۇشچىنى چاقىرتىپ

قارارگاھنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قىرىق چاقىرىم چېكىنىدۇرۇشكە پەرمان بەردى.

※ ※ ※

— ئۇلار راستتىنلا قارارگاھلىرىنى چۇۋۇۋاتامدۇ؟ — تەئەججۇپلىنىپ سورىدى خاننەزەر مىرزا.
— شۇنداق جانابلىرى. ئەھۋالدىن قارىغاندا چېكىنىدىغان ئوخشايدۇ.
— بىرەر ھىيلە ئىشلىتىۋاتامدۇ ـ يا، — دېدى قۇلنەزەر مىرزا گۇمانسىراپ، — ئېھتىيات بىلەن كۆزىتىڭلار.
— مەلۇم بولغاي، — ئالدىراش كىرىپ كەلگەن بارگاھ بېگى قول باغلىدى، — مىرزا ھۇسەيىنبەگ بىلەن مىرزا ئەمىن قۇلبەگ يەنە ئەلچىلىككە كەپتۇ.
خاننەزەر مىرزا بىلەن قۇلنەزەر مىرزا بىر ـ بىرىگە قاردىشىۋالدى.
— باشلاپ كىرسۇنلار، — دېدى تەڭلا پەرمان بېرىپ.
سەر چېدىرغا كىرىپ كەلگەن ئىككى ئەمىر قىسقىلا سالام ـ سەھەتتىن كېيىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ خېتىنى تاپشۇردى.
— ئىككىلىرى ئارام ئېلىشىپ تۇرۇشسىلا، ھېلىغىچە جاۋابىنى بېرىمىز، — دېدى خەتكە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققان خاننەزەر مىرزا.
ئىككى ئەمىرنى بارگاھ بېگى باشلاپ چىقىپ كەتتى.
مىرزا ئابابەكرىنىڭ خېتى ۋە لەشكەرلىرىنى دەرھال چېكىندۇرۇشى خاننەزەر مىرزىنى ئوبدانلا قانائەتلەندۇرۇپ قويغاندى.
— مىرزا ئابابەكرى ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم ئىكەن، — دېدى ئۇ ئىنىسى ۋە باشقا سەركەردىلىرىگە قاراپ، — مەن ئەمىر سەييىدئەلى ئاپىنىڭ ئەۋلادىنى بوۋىسىغا ئوخشاش ھا-

كاۋۇر، يولسىز ئادەملەرمىكىن دەپتىكەنمەن، مۇنۇ نەۋرىسى خېلى كىچىك پېئىل ئادەمدەك قىلىدۇ.

— زىنھار ئالدىراپ باھا بەرمىگەيلا ئاغا، — دېدى ئاكىسىد-نىڭ قولىدىن خەتنى ئېلىپ تېزلا ئوقۇپ چىققان قۇلىنەزەر مىرزا، — ئۆز تاغىسىغا ۋاپا قىلمىغان ئادەمنىڭ بىزگە ۋاپا قىد-لىشى ناتايىن.

— قەدىرلىك ئىنىم، سۆزلىرى بەرھەق، — دېدى خانىنەزەر مىرزا، — لېكىن ئۇشبۇ خەتنى سىلىمۇ كۆردىلە، مىرزا ئابابەك-رىنىڭ ھەقىقەتەن تاغىسىغا قورساق كۆيۈكى بار. ئۇ ئەينى يىلى مەرھۇم سۇلتان دوستمۇھەممەدخان ئوردىسىدىن قېچىپ تاغىسى بولمىش ئول مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قېشىغا پاناھ تارتىپ كەلگەندىن بېرى ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىدە ئەمەلىي ھوقۇقتا ئې-رىشەلمەي قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولۇپ يۈردى. ئانىسى ئايجامال ئاغىچىنىڭ ئۇنى ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال سۇلتان دوستمۇھەممەدخانغا، كېيىن سۇلتان يۇنۇسخانغا، ھازىر كۈيۈسى بولمىش مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ئېغىز ئاچقاد-لىقى ھەققىدە مىش ـ مىش گەپلەرنى ئاڭلىغانىدىم. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنى ياركەنتنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىسە تامامەن بولاتتى، خان ئالىيلىرىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق ئىمتىيازنى بەرگەند-دى. بىراق ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئول بەختسىز ئۆگەي ئوغلىنى يېنىدىن نېرى قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم خوتەنگە لەشكەر تارتىپ كېلىشىمۇ بىئىلاجلىقتىن بولغان. بىز ھېچبولمىغاندا بۇ تەرىپد-گە ئىشەنسەك بولىدۇ.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزىدىكەنمىز ـ دە.

— ئەلۋەتتە، — دېدى خانىنەزەر مىرزا قەتئىيلىك بىلەن، — بىرنەچچە يىلدىن بېرى بۇ دەۋانى ئۆز ئالدىمىزغا قىلىپ ئاۋ-تۇرالمىغاندۇق، مانا ئەمدى مىرزا ئابابەكرى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خان ئالىيلىرىغا بىرلىكتە ئەرز سۇنايلى دەۋاتسا، رەت

قىلساق بولماس. ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن مەرھۇم سانىز مىرزىنىڭ ئوغلى. سانىز مىرزا بىلەن سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ئەرز سۇنساق خان ئالىيلىرى ئەرزىمىزگە چوقۇم ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. شۇ باھانىدا ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلىمىز.

— ئۇنداق بولسا بىز دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ يۈرمەيلى، ئالدىمىزغا كەلسۇن، — دېدى قۇلنەزەر مىرزا.

— ئۇنداق قىلساق ھەيۋىمىزنى سۇندۇرغان بولۇپ قالۇرمىزمىكىن. مەكتۇپىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىغا ئوبدانراق قاراپ باقسىلا، ئىشەنچ قىلالمىسىلا مەن ئۆتسەممۇ بولىدۇ، دەپتۇ. بىز نېمىشقا ئىشەنچ قىلالمىغۇدەكمىز؟ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ تەسەررۇپىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلكىمىزدە شۇنچىۋالا باھادىر سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىز بار. مىرزا ئابابەكرى دەريانىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتسە لەشكەر بىلەن ئاۋام بىزنى جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇنغا تاقابىل كېلەلمەي سۇلھى تەلەپ قىلغان ئوخشايدۇ دەپ قېلىشى ئېنىق. ئەڭ ياخشىسى بىز ئۆتەيلى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھىيلىسى تەسىرىنى كۆرسەتكەنىدى. قۇلنەزەر مىرزا ئاكىسى بىلەن يەنە تىكلىشىپ تۇرۇشنى خالىماي بېشىنى ئەگدى.

— دېگەنلىرىدەك بولسۇن ئاغا.

— ئەلچىلەرنى باشلاپ كىرسۇنلار، — دېدى خاننەزەر مىرزا.

بارگاھ بېگى ئىككى ئەمىرنى باشلاپ كىردى.

— بىز مىرزا ئابابەكرىنىڭ سۇلھى تەلىپىنى قوبۇل قىلدۇق، — دېدى خاننەزەر مىرزا، — كېلىشىمنى ئەتە دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئىمزالىغايمىز.

— ئەمىر جانابلىرى مەرھەمەتلىكتۇر، — دېدى مىرزا ئەمىن

قۇلبەگ، ــ سۇلھى تەلىپىمىزنى قوبۇل قىلغانلىقلىرىدىن مىرزا ئابابەكرى جانابلىرى چوقۇم خۇش بولىدۇ.

ــ مۇمكىن بولسا ئەمىر جانابلىرى سۇلھى شەرتلىرى بىلەن خان ئالىيلىرىغا سۇنىدىغان ئەرزنى پۈتۈپ بەرگەن بولسىلا ئالغاچ كەتكەن بولساق، ــ دېدى مىرزا ھۇسەيىنبەگ.

ــ ئىككىلىرى كېتىۋېرىشسىلە. شەرتنامە بىلەن ئەرزنامىنى تەييارلاپ ئارقىلىرىدىن ئەۋەتىپ بېرىمەن.

ــ خوش. ئۇنداق بولسا ئەتە كۆرۈشەيلى.

※ ※ ※

كېچىدىن چىققان بوران تاڭغا يېقىن توختىغان، لېكىن ھاۋا يەنىلا تۇتۇلۇپ قالغان بولۇپ، ھۆل ـ يېغىن ئاز بولىدىغان خوتەن ئاسمىنىدا سىم ـ سىم يامغۇر چۈشۈشكە باشلىغانىدى. چېكىنگەن قىياپەتكە كىرىۋالغان مىرزا ئابابەكرى كېچىدىن چىققان بوراندىن پايدىلىنىپ لەشكەرلىرىنى دەريا بويىدىكى يارلىق، دۆڭلۈكلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

خوتەن ئەمىرلىرىنى سۇلھى تۈزۈشكە ئالدىراۋاتقان ئوخشايدۇ دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەن مىرزا ئابابەكرى ئەتىگەندىلا ئەللىك نۆكەرنى ھەمراھ قىلىپ دەريا قىرغىقىغا ئون چاقىرىم كېلىدىغان جايدا ساقلاشقا باشلىدى.

ــ مىرزا ئابابەكرىنىڭ راستىنلا ئەللىك نۆكىرى بارمىكەن؟ ــ سورىدى خاننەزەر مىرزا.

ــ شۇنداق جانابلىرى، ــ دېدى يەزەك سەركەردىسى، ــ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار دۇبۇلغا ـ ساۋۇتمۇ كىيمەپتۇ.

خاننەزەر مىرزا دەرگۇماندا بولغان ھالدا يېڭىلا ياساتقان قىزغۇچ ساقىلىنى سىلاپ قويدى.

ــ ئەمىرزادە بىزگە شۇنچىۋالا ئىشەنگەن يەردە، بىزمۇ ئۇنچە كۆپ لەشكەر ئالمىساقمۇ بولامدۇ نىمە؟...

بەش مىڭ سەركەردە ـ لەشكەر بىلەن دەريادىن ئۆتۈشنى پىلانلىغان خاننەزەر مىرزا بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى.

«خەق ئاران ئەللىك نۆكەر بىلەن سۇلھىگە كەلگەن تۇرسا، مەن بەش مىڭ لەشكەر بىلەن بارسام قانداق بولۇر؟ كىشىلەر بۇنى ئاڭلىسا مېنى قورققان ئوخشايدۇ دەپ قالار ھەقىچان. ھېچبولمىغاندا مىرزا ئابابەكرى كۆڭلىدە زاغۇ تۇتماي[1] قالمايدۇ...»

— بەش مىڭ لەشكەرنى دەريادىن ئۆتكۈزۈۋېرەيلى ئاغا، — دېدى قۇلنەزەر مىرزا ئاكىسىنىڭ يالتىيىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، — ئەمما سىلى ئەللىك نۆكەر بىلەن بېرىپ مىرزا ئابابەكرى بىلەن كۆرۈشسىلە.

— بۇنداق قىلساق نامەردلىك بولۇپ قالارمىكىن؟

— ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى تۇمەندىن ئاشىدۇ. گەرچە تۇنۇگۇن قارارگاھنى قىرىق چاقىرىم چېكىندۈرمەن دېگەن بولسىمۇ، راست ـ يالغانلىقىغا بىر نېمە دەپ بولمايدۇ. كېلىشىم ئىمزالاپ بولغۇچە ھەرھالدا ئېھتىيات قىلغىنىمىز ئەۋزەل.

خاننەزەر مىرزا ئىنىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئورۇنلۇق ھېسابلىدى.

— مەيلى، شۇنداق قىلايلى، ئەمما لەشكەرلىرىمىز دەريانىڭ بويىدىن مىدىرلىمىسۇن.

خاننەزەر مىرزا بەش مىڭ لەشكەر بىلەن ئىنىسىنى دەريا بويىدا قالدۇرۇپ قويۇپ ئەللىك نۆكىرىنى ئېلىپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى ـ دە، يۈز ـ يۈز ئەللىك قەدەم ئارىلىق قالغاندا توختىدى. ئۇ بىر قاراپلا قارشى تەرەپتىكى ئاتلىقلارنىڭ ئالدىدا، ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسىمۇ خۇددى ئۆرە تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان مىرزا ئابابەكرىنى بىر قاراپلا تونۇدى.

«ئىككىلىمىز بىر جەمەتتىن بولساقمۇ، لېكىن خۇدايىم سەييىدئەلى ئالپ ئەۋلادىغا بوي ـ بەستنى ئايىماي بەرگەنىكەن.

[1] زاغۇ تۇتۇش — زاڭلىق قىلىش، مەسخىرە قىلىش.

ئەينى يىلى سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا سالام بەرگىلى بارغىنىمدا ئۇنىڭ بىلەن نېمىشقا كۆرۈشۈپ قالمىغان بولغىيتتىم. ھە راست، ئول چاغدا ئابابەكرى مىرزا قەشقەردە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمىرلىك مەرتىۋىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن تەرىپىنى ئاڭلىغىنىمدىنمۇ بويلۇق ئادەمكەن. ئاستىدىكى ئاۋۇ ئاتمۇ ئەرەب ئاتلىرىنىڭ نەسلىدىن ئوخشايدۇ، ئىگىسىگە ئوخشاشلا زور ئات ئىكەن...»

شۇ تاپتا مىرزا ئابابەكرىمۇ خاننەزەر مىرزىنى كۆزىتىۋاتاتتى.

«قولىدىكى ئاۋۇ گۇرزىسى تۇنۇگۈن مىرزا ئەمىن قۇلبەگنىڭ ئېتىنى بىر ئۇرۇپلا يىقىتىۋەتكەن گۇرزە شۇ ئوخشىمامدۇ؟ بۇنداق ئېغىر قورالنى ئېلىپ يۇرۇش ئۇچۇن ئىككى بىلىكىدە بۇقىنىڭ كۈچىدەك كۈچ بولمىسا بولمايدۇ. نۆكەرلىرىم بۇيرۇغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟ ھەرقانچە بولسىمۇ بىرى بىر قولىغا تەڭ كېلەلەر ...»

مىرزا ئابابەكرى خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ سەكرەپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەردى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەمىر جانابلىرى. ئېھتىرامىمنى قوبۇل قىلغايلا!

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ــ دېدى خاننەزەر مىرزىمۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ــ ئەمىرزادەم بىلەن خوتەن زېمىنىدا دىدارلاشتۇق مانا.

ــ كەمىنە ماڭلايسۆيە ئەمىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ئورۇنباسار سىپاھلاردىن بولغاچقا، پەرمانغا سەركەشلىك قىلىشقا پېتىنالماي، لەشكەر تارتىپ كېلىپ خويمۇ ئەدەپسىزلىك قىلدىم. بۇ گۇناھىم ئۇچۇن يېنىشلاپ ئەپۇ سورايمەن. ئەسلىدە ئالدىلىرىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، تونلىرىنىڭ پېشىگە قونغان مۇبارەك چاڭلارنى كۆزۈمگە سۈرتسەم ياخشى بولاتتى، لېكىن سولھى يوسۇنى بۇنىڭغا يول قويمىدى. شۇڭا، كېلىشىمنامىنى تېزرەك ئىمزالاپ، جانابلى-

رىنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى سىقسام دېگەن ئارزۇدىمەن.

ــ كەمىنىلىرىنىڭ ئارزۇسىمۇ ھەم شۇ، ــ دېدى خاننەزەر مىرزا ئارتۇقچە تەۋازۇ قىلىپ كەتمەي، ــ ئۇنداق بولسا ئەلچى چىقارتقايلا، شەرتنامىنى تاپشۇرۇۋالغاي. كۆڭۈللىرىگە خوپ كەلمىگەن جايلىرى بولسا ئىزھار قىلغايلا، بامەسلىھەت ئۆزگەرتەرمىز. ئادالەتپاناھ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا ئەۋەتىدىغان ئەرزنى بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تۈز يېيىشكەچ تەييارلارمىز.

خاننەزەر مىرزىنىڭ سىپىدىن ئىككى سەركەردە شەرتنامىنى ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ سىپىگە قاراپ ماڭدى. شۇ ھامان مىرزا ئابابەكرىنىڭ سىپىدىنمۇ ئىككى سەركەردە چىقىپ شەرتنامىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ماڭدى. ئۇلار مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچراشتى ۋە شەرتنامىنى ئېلىپ باشلىرىدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىچە كەينىگە ياندى. شەرتنامىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ مېڭىشىدىكى مەقسەت تىنچلىق، ئاسايىشلىقتىن دېرەك بېرىدىغان بۇ كېلىشىمنامىگە بولغان ھۆرمەتنى بىلدۈرەتتى. چۈنكى، كېلىشىم ئىمزالانغان ھامان ئۇرۇش، قان تۆكۈلۈشلەرگە خاتىمە بېرىلەتتى. شۇڭلاشقا، كېلىشىم ــ شەرتنامىلەرنى ئاشۇنداق باشتىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان قائىدە بار ئىدى.

مىرزا ئابابەكرى شەرتنامىنى قولىغا ئېلىپ مۇنداقلا كۆز يۈگۈرتۈپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شەرتنامىنىڭ مەزمۇنى مۇھىم ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنى بىردەمدىن كېيىن يىرتىپ تاشلايدىغانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى. ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ خاننەزەر مىرزىغا قاراپ توۋلىدى:

ــ ئەمىر جانابلىرى، كەمىنىلىرى سىلى قويغان شەرتلەرنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلدۇم، قىلچىلىك تەگسىزلىك يوقكەن، لىللا بولۇپتۇ.

مىرزا ئابابەكرى مۆھۈردارىنى شەرتنامىگە مۆھۈر بېسىشقا بۇيرۇدى.

ــ مېنىڭ مۆھۈرۈم خاننەزەر مىرزىنىڭ مۆھۈرىنىڭ ئاس-

تىغا بېسىلسۇن، ــ دېدى ئۇ مۆھۈردارغا قاراپ.

مۆھۈردار مۆھۈر بېسىلغان كېلىشىمنامىنى مىرزا ئابابەكرىگە ئۇزاتتى.

ــ ئەمىر جانابلىرى، مۆھۈرۈمنى باستىم، ــ توۋلىدى ئۇ خاننەزەر مىرزىغا قاراپ، ــ تۈزۈشكەن كېلىشىمىمىزنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم بولۇشى ئۈچۈن كالامۇللا تۇتۇپ قەسەم قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن. مانا مەن ئاۋۋال تۇتۇپ قەسەم قىلىمەن، ــ مىرزا ئابابەكرى يېنىدىكى نۆكەر تەڭلىگەن قۇرئاننى ئېلىپ ئاۋۋال پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ تاۋاپ قىلدى، ئاندىن سۆيدى، ــ ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان قۇدرەتلىك يېگانە ئاللاھ گۇۋاھكى، ئارىمىزدا ئىمزالانغان پۈتۈم ـ شەرتلەرگە خىلاپلىق قىلسام، مېنى مۇشۇ كالامۇللا ئۇرغاي.

مىرزا ئابابەكرى قۇرئاننى نۆكەرگە تەڭلەپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

ــ قېنى بېرىڭلار، ھەرىكىتىڭلار چاققان ھەم قەتئىي بولسۇن. ھەممە ئىشنى ئۆگەتكىنىم بويىچە قىلىڭلار. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ناۋادا ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي چاندۇرۇپ قويساڭلار يەتمىش پۇشتۇڭلارغىچە بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلايمەن.

ــ خاتىرجەم بولسىلا ئالىيلىرى، پەرمانلىرىنى بېشىمىز بىلەن ئورۇنلايمىز.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ كېلىشىمنى قۇرئان تۇتۇپ مۇستەھكەملەش تەلىپىگە خاننەزەر مىرزا دەرھال قوشۇلدى. چۈنكى، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىش ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە ئىدى.

خاننەزەر مىرزا مۆھۈر بېسىلغان كېلىشىمنامىنى قولىغا ئالدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۆھۈرنى ئۆزىنىڭ مۆھۈرىنىڭ يېنىغا ئەمەس، ئاستىغا باسقىنىنى كۆرۈپ كەمتەرلىكىگە قايىل بولدى.

«ئابابەكرى مىرزا ھەقىقەتەن مەرد ئادەمكەن. ئۆزىنى مەندىن تۆۋەن تۇتۇپ، مۆھۈرىنى مۆھۈرۈمنىڭ ئاستىغا بېسىپتۇ. ئۇنىڭغا

ئىشەنسەم بولغۇدەك...»

ــ ئەمىر جانابلىرى كالامۇللاغا قول تەگكۈزۈپ بەرگەي، ــ دېدى نۆكەر قۇرئاننى ئىككى قوللاپ تەڭلەپ تۇرۇپ.

خاننەزەر مىرزا خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، قۇرئاننى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى. دەل شۇ چاغدا نۆكەر چاقماق تېزلىكىدە خاننەزەر مىرزىنىڭ ئىككى قولىغا مەھكەم ئېسىلىۋالدى. مەرۇپ بۇقا ئىسىملىك بۇ نۆكەر مىرزا ئابابەكرىنىڭ خاس نۆكەرلىرى ئارىسىدا كۈچتۈڭگۈرلەردىن سانىلاتتى، بىر بۇقىنى كۆچىمەيلا يىقىتالايتتى، قول قايرىشتا ياركەنتتە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى. بەخىرامان تۇرغان خاننەزەر مىرزا كۈتۈلمىگەن بۇ ھۇجۇمدىن بىرنەچچە دەقىقە ئېسىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇنىڭغىچە مەرۇپ بۇقىنىڭ يېنىدا تۇرغان يەنە بىر نۆكەر قوينىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ ئۈلگۈردى. خاننەزەر مىرزا غەزەپ بىلەن يۇلقۇنۇپ ئوڭ قولىنى مەرۇپ بۇقىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىشقا ئۈلگۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن پاتىڭغا ئۇرۇلغان خەنجەر زەربىسىدىن سول قولىنى بوشىتىشقا ماجالى يەتمىدى. خەنجەر ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ دۈمبىسى تەرىپىدىن نەق يۈرىكىگە سانجىلدى. بىرىنچى خەنجەردىلا خاننەزەر مىرزىنىڭ بويۇن تومۇرى ئۈزۈلۈپ كەتكەنىدى. سەركەردىسىنىڭ قەستكە ئۇچرىغىنىنى كۆرۈپ ئەللىك نەپەر نۆكەر چۆچۈپ كەتتى ۋە مەرۇپ بۇقا بىلەن ھەمراھىغا قاراپ ئېتىلدى. بۇ چاغدا نېرىدىن ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرى نۆكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى بەردى. سەپنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ناغرىچى ناغرا چېلىپ بۆكتۈرمىدە تۇرغان لەشكەرلەرگە ھۇجۇمغا ئۆتۈش بەلگىسى بەردى. شۇ ھامان مىڭلىغان لەشكەرلەر خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولدى. مەرۇپ بۇقا بىلەن ھەمراھىنى قىلىچلاپ پارە ـ پارە قىلىۋەتكەن خاننەزەر مىرزىنىڭ نۆكەرلىرى ھەرقانچە قارشىلىق كۆرسىتىپمۇ ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ياۋغا تەڭ كېلەلمىدى.

دەريا بويىدا بەش مىڭ لەشكەر بىلەن ئاكىسىنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇرغان قۇلنەزەر مىرزا تۇيۇقسىز ياڭرىغان ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى.

«نېمە ئىش بۇ، ئەجەب ناغرا چېلىنىپ كەتتى ـ يا؟ كېلىشىمنى ئىمزالاپ بولغان بولسا تەبرىكلەۋاتامدۇ ـ يا؟ لېكىن بۇ تەبرىكلەش ناغرىسى ئەمەس، جەڭ ناغرىسىغۇ...»

ئۇنىڭ خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇشقا رايى بارمىدى.

— ئاتلىنىڭلار، — دېدى سەركەردىلىرىگە قاراپ، — دەرھال ئاغامنىڭ قېشىغا بارايلى.

ئۇلار ئىككى ئۈچ ـ چاقىرىم ماڭا ـ ماڭمايلا سەلدەك باستۇرۇپ كەلگەن مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرىگە دۇچ كەلدى.

— ئەمىر جانابلىرى، دەرھال چېكىنەيلى، خاننەزەر مىرزا جانابلىرى قەستكە ئۇچرىدى. كالامۇللانى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى نامەردلەر.

ئەڭ ئالدىدا قېچىپ كەلگەن نۆكەر قۇلنەزەر مىرزىنىڭ ئالدىنى توسۇپ خەۋەر يەتكۈزدى.

ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قۇلنەزەر مىرزىنىڭ تاپىنىدىن كىرگەن بىر پارچە ئوت مېڭىسىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ تاپتا قىساس ئېلىشتىن باشقا ھېچقانداق خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرمەيتتى، ئىچ ـ ئىچىدىن قاپساپ چىققان ئاچچىقتىنمۇ ئەيناۋۇر، لەۋلىرى تىترەيتتى. ئۇ سەركەردىلىرىگە قاراپ ھۇجۇم قىلىش مەنىسىدە قىلىچىنى شىلتىدى ـ دە، ياۋ سېپىگە قاراپ ئات سالدى. خاننەزەر مىرزىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ۋە سەلدەك باستۇرۇپ كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ قىقاس ـ سۈرەنلىرى بىر قىسىم سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرۇپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىشقا رايى بارماي، جان قايغۇسىدا قېچىشقا باشلىدى.

مەغلۇبىيەت خوتەن لەشكەرلىرىگە يۈز ئاچقانىدى. قۇلنەزەر

مىرزا ئاجايىپ قىلىچۋازلىق ماھارىتى بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ، تەقدىرى يەنىلا ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشتى. كاللىسىنى كېسىۋېلىپ ئىنئام ئېلىش كويىغا چۈشكەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ سەركەردىلىرى ئۇنىڭ تېنىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەنىدى. ئارقىسىغا قاچقان خوتەن لەشكەرلىرى دەريانىڭ تار كۆۋرۈكىگە كېلىشىپ قېلىپ دەرياغا غەرق بولدى. ئېشىپ قالغانلىرىنى ياركەنت لەشكەرلىرى چېپىپ تاشلىدى. قاراقاش دەرياسى بىردەمدىلا قىپقىزىل قانغا بويالدى.

مىرزا ئابابەكرى ئەنە ئاشۇنداق ھىيلە بىلەن خوتەن شەھىرىنى ئاسانلا قولغا كىرگۈزدى.

## 86

قەشقەر، كەچ كۈز.

سەر ئەمىر قەسىرىنىڭ بېغىدىكى چىناردىن باشقا دەل ـ دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلۈپ پۈتۈنلەي يالىڭاچلىنىپ قالغانىدى. گەرچە ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ، ئەتىگەندىن بېرى ئەسكەن كۈز شامىلىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، قۇياشنىڭ ئانچە تەپتى يوق ئىدى. يا باغنىڭ پەيزى، ياكى قۇياشنىڭ تەپتى بولمىسىمۇ، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ باغدا توختىماي ئايلىنىۋاتقىنىغا ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت بولاي دەپ قالغانىدى. ھەئە، ئۇ ئېسىنى يوقىتىپ قويغاندەك قىلاتتى، باغدا توختىماي مېڭىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، قۇرۇغان غازاڭ ـ شاخلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ پاراسلاشلىرى خىيالىنى چالغىتالمايتتى؛ يۈرىكىنى مىڭلىغان پۇشايمان، ئۆكۈنۈش قۇرتلىرى غاجىلايتتى؛ ۋۇجۇدى

غەزەپتىن ئۆرتىنەتتى؛ تۇرۇپ مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتسا، تۇرۇپ ھەسرەتلىك پۇشقۇناتتى.

«ئۆمەر مىرزىنى ياركەنتكە ئەۋەتمەيدىغان ئىشكەنتۇق. ئىسىت، ئىسىت... ئۆز قېرىندىشىنىڭ كۆزىنى كور قىلىشقا قانداقمۇ قولى بارغاندۇ؟! بۇ ئاقىۋەتكە مەن سەۋەبچى. ئۆمەر مىرزىنى ئەۋەتكىچە ئۆزۈم لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئابابەكرى مىرزىنى قەشقەرگە مەجبۇرىي قايتۇرۇپ كەلگەن بولسام، مىرزا يانتاقبەگنىڭ ۋەقەسىنى ئالدىن تەھقىقلىگەن بولسام بولماسمىدى. ئۆمەر مىرزا تېخى ياش ئىدىغۇ، ساداقەتمەن، ئېسىل يىگىت ئىدى. قول ـ قانىتىم بولىدۇ دەپ ئۈمىد باغلىغانىدىم...»

ھەئە، خوتەننى ئېلىپ تېرىسىگە سىغماي قالغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ياركەنتكە قايتىپ كېلىپلا قىلغان بىرىنچى ئىشى، زىنداندىكى ئىنىسى ئۆمەر مىرزىنى ئالدىغا چاقىرتىش بولدى.

— مېنى تەبرىكلىسىلە قەدىرلىك ئىنىم. خوتەن ۋىلايىتى تەسەررۇپۇمغا ئۆتتى، — دېدى ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — ئۇل خانىزەر مىرزىنىڭ ئىككى ئادەم تەستە كۆتۈرەلىگۈدەك گۈرزىسىنىڭ قۇدرىتىمۇ چاغلىقكەن. قارىسىلا ئەنە، قىممەتلىك ئولجا ھېسابىدا ئەكېلىپ تەختىمنىڭ تۈۋىگە تاشلاپ قويدۇم. ھە راست، ئېسىم قۇرۇسۇن، سىلىنىڭ كۆزلىرى كۆرمەيتتى ئەمەسمۇ. ئىسىت، ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى قىلدىلا.

— يېڭىلىشتىلا قەدىرلىك ئاغا، — دېدى ئۆمەر مىرزا تەمكىنلىك بىلەن، — بۇ قىسمەتنى ئۆزۈمنىڭ شورىدىن ئەمەس، سىلىنىڭ زۇلۇملىرىدىن دەپ بىلىمەن. چۈنكى، زالىمنىڭ دەرگاھىدا ھەقىقەتنى كۆرگەن كۆزلەر ئويۇلىدۇ، ھەقىقەتنى سۆزلىگەن تىللار كېسىلىدۇ. خوتەن ئەمىرى خانىزەر مىرزىنىڭ گۈرزىسىنى تەختلىرى ئاستىغا تاشلىيالىغانلىقلىرىدىن ئۇنچە كۆرەڭلەپ كەتمىسىلە. ناۋادا ئۇل پەھلىۋان ئەمىر بىلەن جەڭ مەيداندا يەكمۇيەك ئېلىشىپ، يېڭىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ گۈرزىسىنى

ئېلىۋالىدىغان بولسىلا ئۇ باشقا گەپ، ئەمما سىلىنىڭ ئۇنچىلىك باھادىرلىقلىرىغا ئىشەنمەيمەن. ئەسلىدە سىلىنىڭ بىراۋنىڭ گۇرزىسىنى ئەمەس، ھەق ـ ئادالەتنى تەختلىرى ئالدىغا جەمئىي قىلىشلىرىنى كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. چۈنكى، ھەق ـ ئادالەتنى كورلارمۇ كۆرەلەيدۇ. يەنە شۇنىمۇ سەمىلىرىگە سېلىپ قويايكى، مەن بىر ئادەمنىڭ كۆزىنى كور قىلالىغانلىرى بىلەن، مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن ئاۋامنىڭ كۆزىنى كور قىلالمايدىلا. ئەجدادلارنىڭ ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك، دەيدىغان ھېكمىتى بار. ئادالەتسىزلىك، زالىملىقلىرىنى ھازىرچە يوشۇرالىغانلىرى بىلەن ھامان بىر كۈنى ئاشكارا بولىدۇ. ئېھتىمالكى، شول تاپتا باپكار سىلىنىڭمۇ كېپەنلىرىنى توقۇۋاتقاندۇر...

ئىنىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتى قالمىغان مىرزا ئابابەكرى جالاقلاپ تىترىگىنىچە ۋارقىرىدى:

ــ شۇم تىلىڭنى يىغ، بەدرەك!

ئۆمەر مىرزا مەغرۇر جاۋاب بەردى:

ــ يىغمىسامچۇ؟ بەلكىم تىلىمنىمۇ كېسىلىغۇ دەيمەن. شول تاپتا بېشىمنىڭ كېسىلىشىدىنمۇ قورقمايمەن، ئەمما سىلى قورقۇلا. بايا كېپەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتىلە. مۇشۇنداق قورقۇنچاقلىق بىلەن قانچىلىك دەۋران سۈرەلا؟ ھېلىھەم بولسىمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قانداق قوبۇل بولۇشنى ئويلىسىلا.

ئىنىسى بىلەن زاكونلىشىۋەرسە سارايدىكى شۇنچە كۆپ ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا يۈز ـ ئابرۇيىنىڭ تېخىمۇ تۆكۈلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان مىرزا ئابابەكرى ئۇنى سارايدىن تېزرەك چىقىرىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ــ بولدى بەس! بۇ قۇرۇق ۋەزلىرىڭنى بېرىپ قەشقەردىكى سەر ئەمىرگە سۆزلەپ بەر. ئەسلىدە ئۇنىڭ دەرگاھىغا بېشىڭنى ئەۋەتىپ بېرىپ، مىرزا ئابابەكرىنى خۇپىيانە بابلىماقچى، ئۇنىڭ تەختىنىڭ ئۇلىنى كولىماقچى بولغانلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قا-

لىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويايدىغان ئىدىم. ئەڭ ياخشىسى، مۇشۇ ھالىتىڭدە بېرىپ، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن سۆزلەپ بەرسەڭ ياخشى بو-لىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇل سەر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا مەندىن سالام ئېيت. بۇندىن كېيىن ياركەنت، خوتەننىڭ ئىشلىد-رىغا باش قاتۇرمىسىمۇ بولار.

ئۇ كۆتۈۋالدى بەگ[①]كە قارىدى:

— ئۆمەر مىرزىنى دەرھال قەشقەرگە يولغا سېلىپ قوي-سۇنلار.

※ ※ ※

بۇگۈن ئاش ۋاقتى بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ئۆمەر مىرزىنىڭ تۇرقىنى كۆرگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا چۆچۈپ كەتتى. چاچراپ بېرىپ باغرىغا باستى، ئەھۋال سورىدى.

— بۇ نېمە ئىش ئەمىرزادەم، خىلىدىن بېرى خەت ـ خەۋەر-لىرىنى ئالالماي تولىمۇ ئەنسىرىگەنىدىم، گەپ قىلسىلا، كۆزلىد-رىگە نېمە بولدى؟

سارايىنىڭ ئىچى تىمتاسلىقتا چۆمگەنىدى. سارايدىن تېخى قايتمىغان ئەمىرلەر ئاللىقانداق بىر خىياللار بىلەن ئۆمەر مىر-زىغا تىكىلىپ قالغانىدى. ھەئە، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆمەر مىرزىنى ياركەنتكە مەخپىي مۇپەتتىش قىلىپ ئەۋەتكىنىنى ئۇلاردىن سىر تۇتقان بولغاچقا، ئۇلار ئۆمەر مىرزىنىڭ كۆزىنىڭ كور بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ئالدىراۋاتاتتى.

ئۆمەر مىرزا بىرنەچچە دەقىقە سۈكۈتتىن كېيىن ئاستا ئې-غىز ئاچتى:

— قىلچىلىك ئەجەبلەنمىگەيلا جانابى ئەمىرلەر. كۆزۈمنى قەدىرلىك ئاغام مىرزا ئابابەكرى مىل تارتقۇزۇپ كور قىلدى. ھەر

① كۆتۈۋالدى بەگ ــ ئوردا مېھمانخانىسىنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈۋې-لىش، ئۇزىتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگ.

بىرلىرىگە سىر قالمىغايكى، ئاغام مىرزا ئابابەكرى سەر ئەمىر جانابلىرىنى ئالداپ رىيازەت شىكارىغا چىقىش باھانىسى بىلەن ئىجازەت ئېلىپ ئۇدۇل ياركەنتكە بارغان ھەمدە يالغان پەرمان ھىيلىسى بىلەن ياركەنت ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئە-مىر مىرزا يانتاقبەگنى جەددى ـ جەمەتى بىلەن قىرىپ تاشلىغا-نىكەن. كەمىنىلىرى جانابى سەر ئەمىرنىڭ پەرمانى بىلەن بۇ ئىشلارنى تەھقىقلەش ئۈچۈن ياركەنتكە بارغانىدىم. ئاغامنىڭ جى-نايى ـ قىلمىشلىرىغا ئائىت دەلىل ـ ئىسپاتلارنى قولىغا چۈشۈ-رۈپ بولغان ۋاقتىمدا خۇپىيانە سالاھىيىتىم ئاشكارىلىنىپ قال-دى. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئول ئاغام ھەقنى كۆرگەن، تەھقىقلىگەن كۆزلىرىمگە مىل تارتقۇزۇپ كور قىلىپ تاشلىدى. جانابى سەر ئەمىر ئاگاھ ۋە دانا بولسىلاكى، ئاغام مىرزا ئابابەكرىنىڭ نىيىتى بەكمۇ يامان. ئۇ ئاۋۋال ياركەنتنى، ئاندىن خوتەننى قولىغا ئالدى. لېكىن ئۇ قولىدىكى ئول ئىككى ۋىلايەتكە شۈكرى قىلىدىغاندەك ئەمەس.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاكا ـ ئۇكا مىرزىلارنى ئۆلتۈرۈپ خو-تەننى ئالغانلىق ھەققىدىكى خەۋەردىن ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىدىكى ئەمىرلەر تۇنۇگۈندىن باشلاپ خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، لېكىن مۇ-ھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرغىنىنى كۆ-رۈپ ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىغانىدى. چۈنكى، ئۇلار سەر ئەمىر بىلەن خوتەن ئەمىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بارلىقىنى ئوبدان بىلىشەتتى. مانا ئەمدى ئۆمەر مىرزىنىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ، نارازىلىقلىرىنى ئاشكارىلاشتى.

— بۇ دېگەن ئاپئاشكارا ئاسىيلىقتۇ.

— ئېغىر جىنايەت.

— سەلتەنەت قانۇنلىرىنى كۆزگە ئىلمىغانلىق.

— شۇنى دېسىلە. بىر ۋىلايەتنىڭ ئەمىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇش پەقەت خان ئالىيلىرىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

— ئابابەكرى مىرزا بىراقلا ئىككى ۋىلايەتنىڭ ئەمىرىنى

ئۆلتۈرۈپتۇ مانا.

— ئۆلارنىڭ ئۆلۈمگە لايىق گۇناھلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئاۋۋال تۇتۇپ، جىنايى پاكىتلىرى بىلەن ئوردىغا ئەۋەتىشى، خان ئالىيلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى.

— مۇشۇنداق باشتۇغلۇق قىلغۇدەك ئابابەكرى مىرزا قانچە-لىك مەنسەپدار ئىدى؟

— قولىدا خاننىڭ مەخپىي يارلىقى بارمىكەن - يا؟

— خوتەندىكى ئاغا - ئىنى مىرزىلارنىڭ ماڭلايسۆيە مەھكە-مىسىگە سەركەشلىك قىلغىنى راست، لېكىن ئوردىغا، خان ئا-لىيلىرىغا ساداقەتمەن ئىدى.

— بۇنى ئۆلۈمگە لايىق گۇناھ دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى.

— ئۇ يالغان يارلىق ياساپ ياركەنتكە بارغان ۋاقتىدىلا، تەد-بىر قوللىنىپ ئۇنى چەكلەپ قويۇش زۆرۈر ئىدى.

— مىرزا ياتاقبەگنىڭ ۋاپاتى ناھەق بولۇپتۇ.

— مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇ قىلمىشلىرى سەلتەنەتكە قىلىن-غان مۇخالىپەتچىلىكتۇر.

— ئارى، بۇ دېگەن ئىسيان.

— رىياكارلىق.

— بۇنداقمۇ قاپ يۈرەكلىك قىلغان بارمۇ؟

— قارا كۆڭۈللۈك دېسىلە.

— ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىنى ئالدىغاننى ئاز دەپ، سەلتەنەت قانۇنىنى دەپسەندە قىلىپتۇ.

— ئاڭلىشىمچە، ياركەنتتىكى ئاۋامغا سالغان ئالۋان ل سېلىقلىرى ھەددى - ھېسابسىز ئىمىش.

— رەئىيەتتىن كېلەر يىللىق باج ل سېلىقلارنىمۇ ئالدىن يىغىپتىمىش.

— ئۆزىنى «ئالىيلىرى»، «ئانەزرىتىم»، «قىبلىگاھىم» دەپ ئاتىمىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ تىلىنى كېسىپتىمىش.

— مەرتىۋىسىنى خان ئالىيلىرى بىلەن تەڭلەشتۈرۈۋاپتۇ.

ــ مانا ئەمدى قىرىندىشىنىڭ كۆزىنىمۇ كور قىلىپتۇ.
ــ ئۆمەر مىرزا سەر ئەمىر تەيىنلىگەن مۇپەتتىش تۇرسا؟!
ــ ئوردا مۇپەتتىشىنىمۇ كۆزگە ئىلماپتۇ.
ــ ئاڭلىشىمچە، خوتەندىكى ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنىمۇ ھىيلە ئىشلىتىپ يىغىۋالغانمىش.
ــ يىغىۋالغان بولسىغۇ مەيلىتى، لېكىن ئۆلتۈرۈۋەتكىنى يامان بولۇپتۇ.
ــ نىيىدىگەن ۋەھشىيلىك بۇ.
ــ بۇنداق ئادەمدىن قانداقمۇ ۋاپا ـ ساداقەت كۈتكىلى بولسۇن.
ــ ئەمدى ئۇ كۆزىنى قەشقەرگە تىكمەي قالمايدۇ.
ــ ئېھتىمال.
ــ ئېھتىيات قىلماقلىق كېرەك.
ــ ئۇنىڭ نىيىتى يالغۇز بۇلا ئەمەستەك قىلىدۇ.
ــ ئۆزى خان بولۇۋالماقچى.
ــ دەرھال ئوردىغا مەلۇمات يوللاش كېرەك.
ــ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى خان لەشكەرلىرىنى ئەۋەتسە بىرلىكتە جازا يۈرۈشى قىلىش كېرەك.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىمىغاندەك جىملا تۇرۇۋالدى. ئۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا ئەمەسلىكىگە ئىشەنەتتى. ئۆمەر مىرزىنىڭ تۇرقى، سۆزلىرىمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى، ئەمما تاغىلىق مېھرى بۇ پاكىتلارنى رەت قىلاتتى.

«ئۇلۇسبېگى خۇدايدادنىڭ، ئەمىر سەييىدئەلى ئالپىنىڭ ئەۋلادىدىن رىياكار، تۇزكور، مۇناپىق چىقسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇل تۆھپىكار بابائى بۇزرۇكۋارلارنىڭ سەلتەنەتكە كۆرسەتكەن ساداقىتىنى پۇتكۇل ئەل ـ يۇرت بىلىدىغۇ؟ ئەجەبا مىرزا ئاباەكرى بۇزرۇكۋارلارنىڭ يۈزىنى سۆرۈن قىلىدىغان ئىشلارنى قىلسا بۇ نى ئات، نى نومۇس؟ بۇ ئىشنى خان ئالىيلىرىغا قايسى يۈزۈم بىلەن مەلۇم قىلىمەن؟ ئۇنى دەسلىپىدىلا توسۇمىغان، رايىغا باققان گۇ-

ناھ ئۆزۈمدە. ھېچبولمىغاندا ئۇنى خوتەنگە لەشكەر تارتىشتىن توسۇپ قويسام بوپتىكەن. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ مىرزا يانتاق-بەگمۇ، ئول ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارمۇ ئۆلۈپ بولدى. ئەمدى تىرىل-دۈرۈۋالغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىشلارنى دەپ ئابابەكرى مىرزىنى نابۇت قىلسام، مەرھۇم ئاغامنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويىمەن. خان ئاليلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپسا ئابابەكرى مىرزىنى چوقۇم ئۆ-لۈمگە بۇيرۇيدۇ. بەلكىم شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتىپ كېلىشى-مۇ مۇمكىن. ئول چاغدا ئۆلۈسبېگى خۇدايداد جەمەتىنىڭ يۈزى تۆكۈلمەمدۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئابابەكرى مىرزىنى ياركەنتنىڭ ئەمىر-لىكىگە تەيىنلىگەن بولسام، بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمەس بولغىيتتى. ئەمدى قانداق قىلسام بولۇر؟...»

ئەمىرلەر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ گەپ قىلماي جىم تۇ-رۇۋالغىنىنى كۆرۈپ جىمىپ قېلىشتى ۋە ئۇنى خىجالەت، تەڭ-لىكتە قويماسلىق ئۈچۈن سارايدىن ئاستا چىقىپ كېتىشتى. ئۆ-مەر مىرزىنىمۇ كىملەردۇر ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ سارايدا ئۆزى يالغۇز ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى، چۈشلۈك تاماققا چىللاپ كەلگەن بىكاۋۇل بەگنىمۇ چىقىرىۋەتتى. سارايىنىڭ تۆت تېمى ئۇنى قىستايتتى، ئولتۇرغان كۆرسىنىڭ ئاستىدىن يۇزلى-گەن مىخلار پەيدا بولۇپ كاسىسىغا پاتاتتى. سارايدا ھېلى لەپىلدەپ قار ياغاتتى، ھېلى ھۇشقىتىپ بوران چىقاتتى. ئەتراپنى مىڭلىغان كۆزلەر قورشىۋالغانىدى. بۇ كۆزلەردە مەسخىرىمۇ، غەزەپ ـ نەپ-رەتمۇ، تاپا ـ تەنىمۇ، ئېچىنىشمۇ بار ئىدى، لېكىن ھېسداشلىق يوق ئىدى. بۇ ئازابلىق تۇيغۇلارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مۇھەم-مەد ھەيدەر مىرزا ئاخىر سارايىنى تاشلاپ يېنىپ چىقتى. ھەئە، ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتتىن بېرى قەسىرنىڭ بېغىدا خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ئۆزى يالغۇز ئايلىنىۋاتاتتى. كۆز ئال-دىدا بىردە ئۆمەر مىرزىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرقى، بىردە مىرزا ئا-بابەكرىنىڭ تەكەببۇر قىياپىتى زاھىر بولاتتى. سۇلتان يۇنۇسخان-نىڭ بىردە مېھىر ـ شەپقەت، بىردە غەزەپ يېغىپ تۇرغان تۇرقى-

مۇ غىل ـ پال پەيدا بولاتتى. شۇ تاپتا قولىدىن كەلسە مىرزا ئابا ـ بەكرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ ھارغىچە تىللىۋالسا، ھەتتا دۇمبالاتسىمۇ دەردى چىقمايتتى. ئەمما مىرزا ئابابەكرى يىراقتا ئىدى، پەرمان ئەۋەتسىمۇ ئالدىغا كېلىشى، گۇناھىنى تونۇشى ناتا ـ يىن ئىدى. ئۆمەر مىرزىنىڭ: «جانابى سەر ئەمىر ئاگاھ ۋە دانا بولسىلاكى، ئاغام مىرزا ئابابەكرىنىڭ نىيىتى بەكمۇ يامان. ئۇ ئاۋۋال ياركەنتنى، ئاندىن خوتەننى ئالدى. لېكىن ئۇ قولىدىكى ئول ئىككى ۋىلايەتكە شۈكرى قىلىدىغاندەك ئەمەس...» دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە توختىماي جاراڭلايتتى.

ئۇ باغدا مېڭىۋېرىپ ھېرىپ كەتكەندى، بەللىرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى؛ ئەتىگەنلىك ناشتىدىن بېرى ئاغزىغا قاق چاغلىق نەرسە سالمىغاچقا، ئاچلىق ئازابىمۇ قىيناۋاتاتتى؛ مىرزا ئابابەك ـ رىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغۇدەك مۇۋاپىق چارە تاپالمى ـ غاچقا، ئىسسىق خابگاھىغا كىرىپ كېتىشكە رايى بارمايتتى. نا ـ مازشام پەردىسىنىڭ يېيىلىشىغا ئەگىشىپ باغقا توپلاشقان مىڭ ـ لىغان ئاق قۇشقاچلار بەس ـ بەستە سايراشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا قۇشلارنىڭ بۇ جاۋۇلداشلىرىمۇ ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ قۇشقاچلارغا ئاداۋەت بىلەن قاراپ قويدى، ئەمما ئۈركۈ ـ تۈپ ئۇچۇرۇۋېتىشنى ئويلىمىدى.

«... قانداق قىلسام بولۇر زادى؟ ئابابەكرى مىرزىنى چا ـ قىرتسام قەشقەرگە كېلەرمۇ؟ نەسىھەتىمنى ئاڭلارمۇ؟ گۇناھىنى بوينىغا ئېلىپ ئەپۇ سورارمۇ؟ ئەگەر ئاشۇنداق قىلىشقا ماقۇل بولسا، خان ئالىيلىرىدىن ئۇنى كەچۈرۈم قىلىشنى تىلەيتتىم. مەرھۇم ئاغامنىڭ بىر ئوغلى كور بولدى، ئەمدى يەنە بىر ئوغلى ئاسىي بولسا، ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. ماڭلايسۆيەنىڭ سەر ئەمىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق قېرىنداشلىرىمغا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزەلمىسەم سەت ئەمەسمۇ؟ مىرزا ئابابەكرى مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىغان بىلەن ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلار. توققۇز ئاي، توق ـ قۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان، ئاق سۈتىنى بەرگەن ئانىسى

ئەمەسمۇ؟ تونغرا، ئايجامال ئاغىچا نەسھەت قىلىپ باقسۇن...»
بۇ خىيالىدىن خېلىلا روھلانغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇ ـ
دۇل ئايجامال ئاغىچىنىڭ قەسرىگە قاراپ ماڭدى.

※ ※ ※

ئايجامال ئاغىچىنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇ خەۋەر بەرمەيلا كىرگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ئىلگىرىكىدەك مېھرىبان خۇلق بىلەن قارشى ئالمىدى. ئۇنىڭغا رەسمىيەت يۈزىسىدىن ئېرىنىپقىنا ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى، ئەمما لام ـ جىم دېمىدى.

ــ ئۆمەر مىرزا بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟
ئايجامال ئاغىچا دەل مۇشۇ سوئالنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، باشتا مىشىلداپ، كېيىن ھۇقۇيتۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

ــ بۇ ماڭا نېمە تارتقۇلۇق ئەمدى؟ ئاغىسى ئىنىسىنىڭ كۆزىنى كور قىلغان نەدە بار؟ ھەرقانچە گۇناھ قىلغان بولسىمۇ، ئۆز قېرىندىشى بولغاندىكىن ئەپۇ قىلىۋەتسە بولماسمىدى، ئەمدى كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرەلمەي ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟

ــ سەۋر قىلسىلا، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تەسەللى بېرىپ، ــ قانداق قىلىمىز ئەمدى، بولغۇلۇق بولۇپ بوپتۇ. قاقشىساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. بۇنداق زارلاۋەرسىلە چوڭ ئەمىرزادىگە قارغىشى بولۇپ قالىدۇ.

ــ قارغىشى بولسا بولسۇن، ــ دېدى ئايجامال ئاغىچا ئۆپكىدىگىنىچە، ــ جايىنامازدا ئولتۇرۇپ قارغايمەن تېخى. ئىنىسىنى كور قىلغىنى مېنىڭ بىر كۆزۈمنى كور قىلغىنى ئەمەسمۇ؟

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئايجامال ئاغىچىنى ئىچىنى بوشىتىۋالسۇن دەپ ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى.

«ئۆمەر مىرزىنىڭ ياركەنتكە بېرىشىدىكى مۇددىئاسىنى مەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئابابەكرى مىرزا قانداقسىگە بىلىپ

قالغاندۇ... توغرا، ئۆتكەندە بۇ ئىشنى ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئايجامال ئاغىچىنىڭ ئالدىدا دەپ سالغاندىم، ئابابەكرى مىرزىغا خەۋەر بېرىۋەتكەن بولغىيمىدى؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق قىلماس. ئەمىسە بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىم بىلەتتى؟...»

ئۇ ئۆپكىدەۋاتقان ئايجامال ئاغىچىغا گۇمانسىراپ قارىدى:

ــ يېقىندىن بېرى ئابابەكرى مىرزىغا خەت يازغانمىدىلە؟

ئايجامال ئاغىچا قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا تىكتى:

ــ قانداق دەيدىلا ھەزرىتىم؟

ــ ئۆمەر مىرزىنى يانتاقبەگنىڭ ئۆلۈم ۋەقەسىنى خۇپىيانە تەھقىقلەشكە ئەۋەتكىنىمنى سىلىدىن باشقا ھېچكىمگە دېمىگەندىم. ئابابەكرى مىرزىغا خەت يازغان بولسىلا، بۇ ئىشنى ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ دەپ سالدىمىكىن دەيمىنا؟

ئايجامال ئاغىچا ئوغلى ئابابەكرى مىرزىنىڭ تەلىپى بويىچە ئاق پەرمان قەغىزىگە سەر ئەمىرنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت قوشۇپ ئەۋەتكىنىنى، خەتكە ئۆمەر مىرزىنىڭ مىرزا يانتاقبەگنىڭ ئۆلۈم ۋەقەسىنى خۇپىيانە تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى يازغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ تاتىرىپ كەتتى.

ــ شۇنداق. ئابابەكرى مىرزىغا ئەۋەتكەن خېتىمدە شۇنداقراق بىر ئىشنى يازغانلىقىم ئېسىمدە، ــ دېدى ئايجامال ئاغىچا گاڭگىرىغان ھالدا، ــ سىلى شول چاغدا: «مەھكىمىدىكى ئەمىرلەر مىرزا يانتاقبەگنىڭ ئۆلۈمىنى ئابابەكرى مىرزىدىن گۇمانلىنىۋاتىدۇ، بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتى نا ئېنىق. شۇڭا، تەھقىقلەشكە ئۆمەر مىرزىنى خۇپىيانە ئەۋەتتىم» دېگەنىدىلە. شۇڭا، ئابابەكرى مىرزىنى ئىنىسىغا ھەمدەمدە بولۇپ، گۇناھسىزلىقىنى ئىزرەك ئىسپاتلىسۇن، دېگەن ئويدا خەتكە پۈتۈپ قويغاندىم.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كەتتى، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان بىر غەزەپ ۋۇجۇدىنى

لەرزىگە سالدى.

— ئاقساقاللىق قىلىپ يۈرگىچە ئىشلىرىنى قىلسىلا بولماسمىدى!

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ چىرايىدىكى قەھرى - غەزەپنى كۆرۈپ ئايجامال ئاغىچا ھودۇقۇپ كەتتى.

— بۇ نېمىدېگەنلىرى؟ مەن پەقەت ئابابەكرى مىرزىنى ئەنىسىغا ھەمدەمدە بولۇپ، بۇ تۆھمەتتىن تېزرەك قۇتۇلسۇن دەپ ئويلىغانىدىم.

— تۆھمەت دەمدىلا تېخى؟ — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — مىرزا يانتاقبەگنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۇ بىزگە يازغان خېتىدە ئېنىق تىلغا ئالغان. لېكىن يانتاقبەگنى رىياكارلىق قىلىپ ئىسيانغا تەييارلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتتىم، دەپ سەۋەب كۆرسەتكەن. مەھكىمىدىكى ئەمىرلەر بولسا بۇ سەۋەبكە پەقەتلا ئىشەنمىدى. شۇڭا ئۆمەر مىرزىنى بۇ ئۆلۈم ۋەقەسىنىڭ ھەقىقىي سىرىنى بىلىپ، دەلىل - ئىسپات ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدىم. سىلى ئارتۇقچە ئىشقا ئارىلىشىپ، ئۆمەر مىرزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويۇپتىلا، شۇڭا ئابابەكرى مىرزا گۇناھىنى يوشۇرۇپ، ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئىنىسىنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىپتۇ. ئەمدى چۈشىنىشلىك بولغاندۇ؟ خاتۇن كىشىگە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى دەپ يۈرگەندىكىن مەنمۇ ئەخمەق! — ئايجامال ئاغىچىغا قاتتىقراق تەنبىھ بېرىشكە رايى بارماي غۇدۇرىدى، — ئاياللارغا زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ سىرىنى ئېيتقان ئەركەكلەرنىڭ پۇشايمان، ھەسرەتتە قالغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن مىساللارنى ئاڭلاپ تۇرۇپ نېمىشقىمۇ سىلىگە بۇ سىرنى ئاشكارىلىغان بولغىيتتىم. ئادەم ئاتىمىزنىڭ ھاۋا ئانىمىزنىڭ گېپىگە كىرىپ بۇغداينى يەپ قويۇپ جەننەتتىن ھەيدەلگەنلىكىنى ئېسىمدە تۇتۇشۇم كېرەك ئىدىغۇ؟

ئايجامال ئاغىچا گۇناھكارلاردەك بېشىنى ئەگدى.

— ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىشنى سىر تۇتۇش ھەققىدە تاپىلاپ قوي-

غان بولسىلا، مەنمۇ خەتكە يېزىپ يۇرمەستىم. ئاھ خۇدا، بالا تۇغ-
قان ئەجەب گۇناھلىق ئىش بولۇپ قالدى دېسە ئەمدى.
— بولدى. بۇ ھەقتە تەگەشمەيلى، — دېدى مۇھەممەد ھەي-
دەر مىرزا قولىنى سىلكىپ، — بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، پۇشايمان
قىلساقمۇ بىكار. مېنىڭ ھازىرقى ئەندىشەم ئابابەكرى مىرزىدا،
ئۇنىڭدىن چوڭ چاتاق چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ.
ئايجامال ئاغىچىنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم جىغىلدىدى. ئۇ
باياتىنبېرى ئابابەكرى مىرزىنى قارغىغاندەك قىلغان بىلەن، ئە-
مەلىيەتتە ئۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتاتتى، غەم قىلىۋاتاتتى.
— ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولغاندەكمۇ؟
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بايام سارايدا بولۇنغان گەپ ـ سۆز-
لەرنى بىرمۇبىر يەتكۈزدى.
— مېنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىم، — دېدى ئۇ ئايجامال ئاغىچى-
نىڭ ئەنسىزلىك بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرىگە
قاراپ، — ئابابەكرى مىرزىنىڭ سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلماقچى
بولغىنى. ئەگەر ئۇ ئاشۇ قارا نىيىتىنى ئاشكارىلايدىغان بولسا،
ئۇنىڭ گۇناھىغا ھېچكىم ئارا تۇرالمايدۇ. مەنمۇ بۇ ئىشلارنى
سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا دەرھال مەلۇم قىلمىسام بولمايدۇ.
سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ كاللىسى ئامان قالغان ئە-
مەس.
ئايجامال ئاغىچىنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە چىرمىۋالدى. شۇ
تاپتا ئابابەكرى مىرزىغا بولغان ئاغرىنىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇ-
غانىدى. ھاڭنىڭ لېۋىگە بېرىپ قالغان ئوغلىنى ھالاكەتتىن قۇ-
تۇلدۇرۇۋېلىش ئۇچۇن باش قاتۇرۇۋاتاتتى.
— بەلكىم ئول ئەمىرلەرنىڭ مەلۇماتلىرى راستتۇر، — دې-
دى ئايجامال ئاغىچا خىيالچانلىق بىلەن، — مەن چوڭ ئەمىرزادى-
نى گۇناھسىز دېيەلمەيمەن. ئۆمەر مىرزىنىڭ كور بولغان كۆزلى-
رى مىرزا يانتاقبەگنىڭ ئۆلۈمىدە بىر سىر بارلىقىنى دەلىللەپ
تۇرۇپتۇ. ئەمما، خوتەندىكى ئول ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنىڭ ھەزرى-

تىمگە سەركەشلىك قىلغىنىمۇ پاكىت. شۇڭا ئۇنىڭ خوتەن ھۆ-
كۈمىتىنى قولىغا ئالغانلىقىنى گۇناھقا جورۇسىلا بولماس. چوڭ
ئەمىرزادە ھەرگىزمۇ سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلىپ، بابائى بۈز-
رۇكلىرىنىڭ يۈزىگە قارا سۈركىمەيدۇ. بەلكىم ئۆمەر مىرزا كۆز-
لىرىنىڭ كور قىلىنغىنىغا ئاداۋەت تۇتۇپ، جان ئاچچىقىدا ئاغد-
سىنى سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلماقچى دېگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.
تەھقىلەپ كۆرمەي تۇرۇپ ئالدىراقسانلىق بىلەن ھۆكۈم چىقارمى-
غايلا، — ئايجامال ئاغىچا كۆزىگە لىق ياش ئالغان ھالدا يې-
لىنىدى، — ئابابەكرى مىرزا ئۆگەي بولسىمۇ پەرزەنتلىرىدۇر.
ئەسلىدىمۇ ياركەنتكە ئۇلۇسبېگى خۇدايداد جەمەتىدىن بىرەرسى
ئەمىر بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۆزلىرىگىمۇ ئايان، ياركەنت مەر-
ھۇم جەننەتماكان ئاغىلىرىنىڭ سۇيۇرغاللىق زېمىنى ئىدى. ئۆز
ۋاقتىدا مەرھۇم سۇلتان ئىسان بۇغاخان ئالىيلىرى ياركەنتنى
سىلىگە، قەشقەرنى ئاغىلىرىغا بۇيرۇپ بەرمەكچى بولغىنىدا، ئا-
غىلىرى سىلىنىڭ كۆرەگانلىق مەرتىۋىلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ،
قەشقەرنى سىلىگە قالدۇرۇپ، ئۆزى ياركەنتنى ئىختىيار قىلغان-
دى. شول سەۋەبتىن ياركەنتكە ئەمىر بولۇشقا باشقىلارغا قارىغاندا
ئابابەكرى مىرزا بەكمۇ ھەقلىق ئىدى. ئۆزىمۇ شۇنى ئارزۇ قىلات-
تى. ئەمما بۇ ئارزۇسى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن روياپقا چىقمىدى.
سىلىگە بۇ ئىشنى بىرقانچە قېتىم تەۋسىيە قىلغان بولسامۇ
ئانچە ئېرەڭشىمىدىلە. لېكىن ئابابەكرى مىرزا سىلىنى ھەم تاغا،
ھەم ئاتا ئورنىدا كۆرگەچكە كەڭچىلىكلىرىگە، مېھىر ـ شەپقەت-
لىرىگە ئىشەنچ قىلىپ باشتۇغلۇق بىلەن ياركەنتنى قولىغا ئېلىپ
ئاندىن ئۆزرە ئېيتتى. تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭ
ھېچقانداق يامىنى يوق، پەقەت مەنسەپكە تەيىنلەش پەرمانىنى كۆ-
تۈپ ئولتۇرمىغانلا يېرى بار. خوتەندىكى ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار
بولسا ئەزەلدىن ھۆكۈملىرىگە سەركەشلىك قىلىپ كەلگەن. بۇ
ھەقتە رەنجىشلىرىنى كۆپ قېتىم بايان قىلغانىدىلە. ئابابەكرى
مىرزا پەرمانلىرىغا بىنائەن ئول ئەغيارلىرىنى يوقىتىپتۇ. بىر

ھېسابتا بۇنىمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسى دېيىش كېرەك. ئويلاپ باقسىلا، سىلىگە سەركەشلىك قىلىشقا پېتىنغان خوتەن مىرزىلىرىنى ئاباـ بەكرى مىرزا چىرايلىقچە باش ئەگدۈرەلىشى مۇمكىنمۇ؟ ياغى بولغاندىكىن ئۆلۈم ـ يېتىم بولىدۇ. ناۋادا چوڭ ئەمىرزادەم ئۇلارـ نىڭ كاللىسىنى كەسمىگەن بولسا، ئۇلار ئۇنىڭ كاللىسىنى كېـ سەتتى. ئەمما مەھكىمىلىرىدىكى بىر قىسىم ئەمىرلەر بولسا بول ئىشنى سەلتەنەت قانۇنىغا تەتبىقلاپ، يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەرـ نى كۆرسىتىپتۇ. ئول ئەمىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ۋاقتىدا جەننەتماكان قىبىلىئاتام سەييىدئەلى ئالپ ھەزرەتلىرىنىڭ قول ئاستىدا مەنسەپ تۇتقان ۋە شۇ جەرياندا تەنبىھ ـ دەشنام ئاڭلىغان كىشىلەردۇر. ئەمدىلىكتە ئۇلار تاغا ـ جىيەن ئوتتۇرىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇقى تېرىپ، ئۆچەكەشتۇرۇش ئارقىلىق ئىنتىقامىنى ئالماقـ چى. سىلى ھە دېسىلا ئاشۇ ئەمىرلەرگە يان باسقاچقا، چوڭ ئەـ مىرزادەم سىلىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنى قانداقمۇ بۈيۈك سەلتەنەتكە قىلغان رىياكارلىق، خان ئالىيـ لىرىغا قىلغان ئاسىيلىق دېگىلى بولسۇن؟ مەن ئىككىلىرىنىڭ ھەقىقىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىشلىرىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. بايا ئېيتتىلا، خاتۇن كىشى دېگەن كالتە پەم كېلىدىكەنمىز. بۇ سۆزلىرىم توغرىمۇ ـ خاتامۇ بىلمەيمەن. ئەمما ئوبدانراق ئويلىـ نىپ بېقىشلىرىنى، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىقلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭغا ئايجامال ئاغىچىنىڭ سۆزلىرى ئورۇنلۇقتەك بىلىنگەندى. ئۇ ئايجامال ئاغىچىنىڭ بۇ مۇلاھىزىلىرىنىڭ ھەقىقەت بولۇپ چىقىـ شىنى، مىرزا ئابابەكرى ھەققىدە تارقالغان سۆزلەرنىڭ تۆھمەت بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

ــ مەنمۇ بۇ ئىشلارنىڭ شۇنداق بولۇشىنى خالايمەن. ئاباـ بەكرى مىرزا ھەم جىيەنىم، ھەم ئۆز پەرزەنتىمگە ئوخشاش. لېـ كىن ئۇ باشتىلا مېنى ئالدىمىغان بولسا ياخشى بولاتتى، بەلكىم

بۇنچىلىك پىتنە ـ پاساتلارمۇ، ئۇقۇشماسلىقلارمۇ بولمايتتى. ئۇل چاغدا ئۆمەر مىرزىنىمۇ ياركەنتكە ئەۋەتمەس بولغىيتىم. شۇنىسى ئېنىقكى، ئابابەكرى مىرزا باشتۇغلۇقنى بەكلا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتتى. بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇنى چەكلىمەسلىككە ئامالىم يوق. مەن قۇلاق يوپۇرۇۋالغىنىم بىلەن، مەھكىمىدىكى باشقا ئەمىرلەر ئوردىغا مەلۇمات يوللىشى، ياركەنت، خوتەندە بولغان ۋەقەلەردىن خان ئالىيلىرىنى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇل چاغدا بۇ ئىشنى يىغىشتۇرماق تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، سىلى ئابابەكرى مىرزىغا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ نەسىھەت قىلسىلا. مەن پەرمان چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن دەرھال قەشقەرگە كېلىپ، بولۇنغان ئەھۋاللارنى ئۆز ئاغزى بىلەن چۈشەندۈرسۇن. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ھېلىقى بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ ئاغزىنى ئەتكىلى بولىدۇ، ئەمىرزادەمگە بولغان گۇمانى بېسىقىدۇ. مۇھىمى، پىتنە ـ پاساتلارنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ـــ ماقۇل، ئۇنداق بولسا ھازىرلا خەت يازاي، ـــ دېدى ئايجامال ئاغىچا بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ.

ـــ شۇنداق قىلسىلا. مەن بېرىپ ئۆمەر مىرزا بىلەن ئەھۋاللىشاي. بەلكىم ئۇ شول تاپتا تەسەللىگە موھتاجدۇر. ئۇنى ياركەنتكە ئەۋەتكىنىمگە تولىمۇ پۇشايمان يەۋاتىمەن، ـــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئورنىدىن تۇرۇپ، ـــ ئەتىگەن سارايدا تۈزۈك ئەھۋاللىشالمىغانىدىم. بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ يېنىدا قونۇپ قېلىشىم مۇمكىن.

※ ※ ※

خوتەندىكى غەلىبىسىدىن تېخىمۇ كېرىلىپ كەتكەن مىرزا ئابابەكرى ئىنىسى ئۆمەر مىرزىنى قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن تاغىسى سەر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئىنكاسىنى كۈتكەچ، كۆنلىرىنى قەشقەرنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئېلىش

ھەققىدە تەدبىر تۈزۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. كۈتمىگەندە تاغىـ-
سىنىڭ ئەمەس، ئانىسىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ بىر ئاز تەئەج-
جۈپلەندى. ئۇ ئىنىسىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن ئانىسىنىڭ ئاتايىن
ياركەنتكە كېلىپ غوۋغا كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. ئەمما ئا-
نىسى كەلمەي خېتى كەلگەنلىكىدىن خېلىلا خاتىرجەم بولدى.

«بۇ خەتنى كۆرسەم - كۆرمىسەم بەرىبىر، — دەپ ئويلىدى
ئۇ خەتكە ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ، — ھەقىچان ئىنىمنىڭ
كۆزىنى كور قىلىپ قويغىنىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىگەندۇر، مەز-
دىن قاقشىغاندۇر. شۇنداق قىلماي نېمە ئىلاج؟ ئۇ ئىنىم، ئۆز
قېرىنداشىم بولغاندىكىن ئەلۋەتتە مەن تەرەپتە تۇرۇشى كېرەك
ئىدى...»

مىرزا ئابابەكرى خەتنى شۇ پېتىچىلا تاشلاپ قوياي دەپ بو-
لۇپ يەنە ئويلىنىپ قالدى.

«ئوقۇسام ئوقۇپ باقمامدىم، ھېچ بولمىسا سەر ئەمرىنىڭ
نىيەت - مۇددىئاسىدىن ئاز - تولا خەۋەر تېپىپ قالسام ئەجەب
ئەمەس...»

مىرزا ئابابەكرى خەتنى ئالدىرىماي ئېچىپ كۆز يۈگۈرتتى:

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*ئاسمانۇ زېمىنىنىڭ ياراتقۇچىسى، بەندىلىرىگە رىزىق
ئاتا قىلغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى شەپقەتلىك ئاللاھتىن جانجە-
گەر پەرزەنتىم ئابابەكرى مىرزىغا ئىنساب، تەۋپىق تىلەي-
مەن.*

*ئى يۈرەكپارەم، سالامەتمۇ سىلى؟ مەنكىم ۋالىدەئى
مېھرىبانلىرى بول دەرگاھتا ئوغلىقىنى قاشقىر[1]غا تالىتىپ
قويغان ئانا كېيىككە ئوخشاش يۈرەك - باغرىم پارە - پارە
بولغان ھالدا قاقشاپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئەمما بۇ قاقشاشلىد-*

---

① قاشقىر — بۆرە.

رىم بائىسىدىن ئاللاھ ئىگەم سىلىگە قارغىش ياغدۇرمىسد-
كەن دەپ ئەنسىرەيمەن. مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟
سىلى بىلەن ئۆمەر مىرزا ئوڭ ۋە سول كۆزۈم ئىدىڭلار.
بەلكىم كۆزلىرىمنىڭ ئاقۇ ھەم قارىسى ئىدىڭلار. مەرھۇم
جەننەتماكان پەدەرىڭلاردىن كىچىك يېتىم قالغان بول-
ساڭلارمۇ، تۇمشۇقلۇقتا چوقۇتماي، تىرناقلىقتا تاتىلاتماي
چوڭ قىلغىنىمدىن سۆيۈنەرىدىم، ھەم ئۆزۈمنى بەختىيار
ئانىلاردىن ھېسابلايتتىم. ناھايىتى ئەپسۇسكى، ئەرزىمەس،
سەۋەبلەر بىلەن ئىنىلىرىنىڭ كۆزىگە مىل تارتقۇزۇپ، مې-
نى بىر كۆزۈمدىن ئايرىپتىلا. بۇنچە قەبىھلىككە قوللىرى
قانداقمۇ بارغاندۇ؟ جېنىم ئوغلۇم، يىلان ـ چايانىنىڭ بالى-
سىمۇ بىر ـ بىرىنى چاقمايتتى ئەمەسمۇ؟! ئىنىلىرىدىن
ھەرقانچە گۇناھ سادىر بولسىمۇ كەچۈرۈۋېتىشلىرى كېرەك
ئىدىغۇ. نېمىشقا كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولالمىدىلا؟ بىلىپ
قويسىلا، سىلى دېگەن باھادىرلىقى، پەھلىۋانلىقى، مەردۇ
مەردانىلىقى پۈتكۈل ئالەمگە داستان بولغان بۈيۈك ئەمىر
سەييىدئەلى ئالىپنىڭ نەۋرىسى، سانىز مىرزىنىڭ پۇشتى
بولىدىلا. ئاشۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا ئاتا ـ بابىلىرىنىڭ پە-
زىلىتىگە ۋارىسلىق قىلمايدىلا؟ مەن شول تاپتا دوزاخ ئازا-
بىدا پۇچۇلىنىۋاتىمەن. شۇنداق تۇرۇپ يەنىلا غەملىرىنى
يەۋاتىمەن. سەر ئەمىر سىلىگە خۇددى ئۆز پەرزەنتىمدەك كۆ-
يۈنەتتى. ھېچبولمىغاندا ئۇنى ئالدىماسلىقلىرى كېرەك ئىد-
ىدى. مۇشۇ كۈنلەردە رايىلىرىغا بېرىپ، ئول ئاق كۆڭۈل
كىشىنى ئالدىغىنىمدىن تولىمۇ خىجىل بولۇۋاتىمەن. يالغان
پەرمان ياساپ ياركەنتنى ئالغانلىقلىرىدىن، مىرزا يانتاق-
بەگنى جەددى ـ جەمەتى بىلەن قىرىپ تاشلىغانلىقلىرى-
دىن، ياركەنتنىكى رەئىيەتكە قاتمۇقات ئالۋان ـ سېلىق
سالغانلىقلىرىدىن، ھەتتا مەھكىمىلىرىدىكى چوڭ ـ كى-
چىك بەگ ـ خىزمەتكارلارغا ئۆزلىرىنى «ئالىيلىرى»، «قىب-
لىگاھىم»، «ئانوھەزرىتىم» دەپ ئاتاشقا بۇيرۇپ، مەرتىۋىلىرى-

نى خان ئالىيلىرىنىڭ مەرتىۋىسىگە تەگلەشتۈرۈپ كەچۈر-
گۈسىز گۇناھ سادىر قىلغانلىقلىرىدىن بارلىق ماڭلايسۆيە
ئەمىرلىرى تولۇق خەۋەردار بولۇشۇپتۇ ۋە سىلىنى جازالاش
توغرۇلۇق خان ئالىيلىرىغا مەلۇمات يوللاشنى تەۋسىيە قىد-
لىشىپتۇ. پەقەت سىر ئەمىرلا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.
بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسى سەلتەنەتكە، سۇلتان يۇنۇس-
خان ئالىيلىرىغا قىلغان مۇخالىپەتچىلىكتۇر. مەن سىر ئە-
مىرگە، مەھكىمىلىرىدىكى ئەمىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز
ۋاقتىدا ئاتىلىرى سەييىدئەلى ئالىپ ھەزرەتلىرىنىڭ قول
ئاستىدا خىزمەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا
خىزمەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقى سەۋەبىدىن
ئاتىلىرىدىن تەنبىھ ئىشىتكەن، شول سەۋەبتىن قورسىقىدا
غۇم ساقلىغان بولۇشى مۇمكىن؛ ھازىر ئاشۇ غۇمنى چىقىد-
رىش ئۈچۈن ئەمىرزادەمگە تۆھمەت قىلىپ، ئىككىڭلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق پەيدا قىلماقچى؛ شۇڭا ئالدىراقسانلىق
قىلماي، بۇ ئىشلارنى تەھقىقلەپ كۆرگەيلا، ئەمىرزادەمنىڭ
ھەقىقەتەن گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلساق چوقۇم
كەچۈرۈم سورايدۇ؛ بۇ ئىشلارنى ۋاقتىنچە سۇلتان يۇنۇسخان
ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلماي تۇرسىلا، دەپ ئۆزرە ئېيتتىم.
سىر ئەمىرمۇ ھەر ھالدا ماقۇل بولدى. ئەمدى باشلىرىنى
ئىچىلىرىگە تىقىپ يۈرۈۋەرمەي دەرھال قەشقەرگە كېلىپ،
سىر ئەمىرگە ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرسىلە، ھەم ئۇستىلىرد-
ىكى پىتنە ـ پاساتلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىسىلا. بۇ مېنىڭ
ئەمەس، سىر ئەمىرنىڭ سۆزى. ئاشۇنداق قىلسىلا، مەھكى-
مىدىكى سىلىگە قارشى چىققان ئەمىرلەرنىڭ زۇۋانى بېسى-
قىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە خان ئالىيلىرىغا مەلۇمات يوللاپ،
مىرزا يانتاقبەگنى ئۆلتۈرگەن گۇناھلىرىنى تىلىتۋېلىش
ئاسانغا چۈشىدۇ.

قەدىرلىك ئوغلۇم، مەن ئەمدى سىلىنىڭ ئەمەس،
ئالدىمدىكى ئىككى ئوغلۇمنىڭ ــــ سۆيۈملۈك ئىنىلىرىنىڭ

*غېمىنى يېمىسەم بولمايدۇ. شۇڭا مېنى بۇنداق بىسەرەمجان قىلىپ ئەندىشىگە سالماي، ۋاقتىدا خاتىرجەم قىلىسىلا. ئۇشبۇ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان قىلچىلىك ئىككى-لەنمەي دەرھال قەشقەرگە كېلىپ، سەر ئەمىرگە سالام بەجا كەلتۈرۈپ، ياركەنت، خوتەندە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن چۈ-شەنچە بەرگەيلا.*

*سىلى بىلەن تېزرەك دىدارلىشىشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرغۇچى ۋالىدەلىرى ئايجامال ئاغىچىدىن دەپ بى-لۇرلا.*

*نامە تامام ۋەسسالام.»*

خەتنىڭ باش قىسمى مىرزا ئابابەكرىگە قىلچە تەسىر قىل-مىدى، يۈزى ئازراقمۇ قىزارمىدى. بەلكىم سوغۇق كۈلۈپ قويدى، ئەمما ئاخىرقى بۆلەكلىرىنى قايتا ئوقۇپ، خۇددى ئالتۇن تې-پىۋالغاندەك ھاياجانلىنىپ كەتتى.

«سىلىگە كۆپ رەھمەت ئانا، مۇشۇ خەتلىرى ئارقىلىق كەمىنە ئوغۇللىرىغا يەنە بىر قېتىم ياردەم قىلدىلا. گەرچە سەر ئەمىردىن ئانچە ۋايىم يېمىسەممۇ، ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىدىكى ئول ئەمىرلەر-دىن بەكمۇ ئەنسىرىگەنىدىم. ئۇلارنى كۆزدىن قانداق يوقىتىشنى بى-لەلمەي بېشىم بەكمۇ قاتقانىدى. ئۇلارنى قانداق يوقىتىش توغرۇلۇق مۇشۇ خەتلىرى ئارقىلىق بېشارەت بېرىپتىلا. كۆرسەتكەن ئەقىللى-رىگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت. ئاللاھ خالىسا ئول ئەمىرلەرنى بىر پارچە خەت بىلەنلا كۆزدىن يوق قىلغايمەن...»

مىرزا ئابابەكرى بىرپەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن ھا-ياجان بىلەن قولىغا قەغەز ـ قەلەم ئالدى.

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. ئى قۇياشتەك مېھىرلىك يۇرد-كىمگە ساداقەت ۋە ۋاپانى جا قىلغان، ئالىي مەرتىۋىلىك خا-*

قان سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىدىن باھادىرلىق مەرتىۋى-
سىنى ئېلىشقا مۇشەررەپ بولغان تاغام ھەم پەدەرىم ـــ
ماڭلايسۆيەنىڭ بۈيۈك سەر ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا
جانابلىرىغا قۇدرەتلىك بېگانە ئاللاھتىن كېچە ـ كۈندۈز
سالامەتلىك تىلەيمەن. شۇنداقلا پەرزەنتلىك بۇرچۇمدىن بى-
نا قىلغان ئەقىدە گۈلزارلىقىمدىن ساداقەت، ۋاپا گۈلدەس-
تىلىرىنى تىزىپ يوللايمەن.

ئى قەدىرلىك ئاتا، كەمىنە ئوغۇللىرى ئەقىل بابىدا
دانىشمەنلەردىن سانالمىساممۇ، كەم ئەقىللەردىنمۇ ھەم
ھېسابلانمايمەن. چۈنكى، نېمىلا بولمىسۇن ئۆزلىرىدەك
دانىشمەنىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغانمەن. شۇڭلاشقا، ئاق-
نى قارىدىن، ياخشىنى ياماندىن ئايرىغۇچىلىكىم بار. ھەر-
كىمنىڭ دەرد ـ ھەسرىتى ئۆزىگە ئايدىڭ، ئۆزگىگە قاراڭ-
غۇدۇر. تۇتۇنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟! بەل-
كىم سىلى كەمىنە پەرزەنتلىرىنى ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىدە
ياغىنىڭ ئارىسىدىكى بۆرەكتەك تولىمۇ بەختىيار ياشاۋاتىدۇ
دەپ ھېس قىلىشلىرى تەبىئىي. مەنمۇ ھەم شۇنداق بولۇش-
نى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئەينى يىلى سۇلتان دوستىمۇ-
ھەممەدخان ئوردىسىدىن جانابلىرىنىڭ دەرگاھىغا پاناھ تار-
تىپ كەلگىنىم خويمۇ ياخشى بولغانىكەن. شۇندىن بېرى
دەسلەپ تاغىلىق مېھرلىرىگە، كېيىن ئاتىلىق مېھرلىرى-
رىگە نائىل بولدۇم. سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى تاجۇ
تەختىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن بىزلەركىم نا قابىل پەر-
زەنتلىرىگە زور ئىشەنچ باغلاپ، ئىچكىيلەر قاتارىدىكى مەر-
تىۋەمنى ئورۇنباسارلىققا كۆتۈردىلە ۋە ماڭلايسۆيە لەشكى-
رىي دىۋاندىن ئورۇن بەردىلە. گەرچە كۆڭلۈم ھەرقاچان ئاتا
مىراس زېمىنىم ياركەنت ۋىلايىتىنى تارتىپ تۇرسىمۇ، يە-
نىلا بۇ مېھىر ـ شەپقەتلىرىدىن سۆيۈندۈم. ئەمما خان ئا-
لىيلىرى پايتەختنى يايلاققا كۆچۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن

ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىدىكى لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىرى قۇتلۇق پالۋان، قارا دىۋان ئەمىرى مەسۇم باھادىر، ئىشىك ئاغىسى مىرزا ئابدۇساتتار بەگ، مۇپەتتىش دىۋانىنىڭ ئەمىرى ئوبۇلھادى دادخاھ قاتارلىق بىر قىسىم قىتىغۇر، پىدائىچى ئەمىرلەر جانابلىرىنىڭ سەر ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە كۆز قىزارتىپ، نارازى بولۇشتى. ھەر يەردە ئورۇن، سورۇن، ۋاقىت تاللىماي: «ماڭلايسۆيە ۋادىسى ئۇلۇسبېگى خۇدايداد جەمەتىگە بەخشەندە قىلىنىپ كەتتى، شۇنچە كۆپ خان ـ سۇلتانلار ئالماشتى، ئاستانە نەچچە قېتىم يۆتكەلدى، ئەمما ماڭلايسۆيەنىڭ ئەمىرلىكى ئالماشمىدى. ئۇلۇسبېگى خۇدايداد جەمەتىنىڭ ماڭلايسۆيەگە ئەۋلادمۇئەۋلاد سەر ئەمىر بولۇشىغا نېمە ھەققى بار ئىكەن؟ شۇنىڭغا تۇشلۇق ئىستىبداتى، ئىقتىدارى بولسىدى كاشكى، ئۇلار بىزنى ئەزەلدىن ئەمىر ئەمەس، خىزمەتكار، مۇلازىم قاتارىدا كۆرۈپ كەلدى. تالاي قېتىملاپ دىلىمىزغا ئازار بەردى. ئەمدى يەنە چىداپ تۇرۇۋەرسەك بولمايدۇ...» دەپ ئاغزىغا كەلگىنىچە بىلجىرلاشتى. ئەمما سىلى بۇ پىتنىلەردىن بىخەۋەر يۈرۈۋەردىلە. ھەتتا ئول پىتنىچىلەرگە مېھىر ـ شەپقەت كۆرسەتتىلە، ئۇلارنى ئەتىۋارلىدىلا، مۇھىم مەنسەپ، مەرتىۋىلەرنى شۇلارغا بەردىلە. دانىشمەنلەر : «بىراۋ ئەيىبىڭنى ئېيتسا خاپا بولما، تۆھمەت قىلسا، پىتنە قىلسا پەندىيات ئەيلە» دەپتىكەن. مەن بۇ پىتنىلەرگە چىدىمىدىم. چۈنكى، ئۇلار مېنىڭ ئاشۇ ئورۇنباسار ئەمىر لەشكەرلىك مەرتىۋەمگىمۇ نارازى بولۇشقان، كوتۇلداشقانىدى. ئول دىلى قېيىقلارنىڭ شۇم نىيەتلىرىنى ئاشكارىلىسام ئىشەنمەسلىكلىرىدىن ۋايىم يېدىم. شۇنىڭ بىلەن دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولۇپ قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردىم. ئەمما ئاستىرتىن ئۇلارنىڭ پەيلىنى، مۇددىئاسىنى كۆزەتتىم. يۈز مىڭ قەتلە شۈكرىكى، ئاخىر ئۇلارنىڭ يار-

كەنت ئەمىرى مىرزا يانتاقبەگ، خوتەن ئەمىرى خاننەزەر مىرزا، قۇلنەزەر مىرزىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سىلە-گە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇپ، خان ئالىيلىرىغا ئەرز قى-لىپ، جانابلىرىنىڭ سەر ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى بىكار قىلىش، ماڭلايسۇيەدىن ئۇلۇسبىگى خۇدايداد جەمەتىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش ۋە ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا ئۇرۇنۇش-تەك قارا نىيىتى ئاشكارا بولدى. ئەسلىدە بۇنى سىلىگە مە-لۇم قىلايمۇ دېگەنىدىم، ئەمما ئويلاپ باقسام، ماڭلايسۇيەنىڭ ياركەنت، خوتەندىن ئىبارەت ئىككى كاتتا ۋىلايىتى ھەمدە ماڭلايسۇيە مەھكىمىسىدىكى مەنسەپلەرنىڭ مۇھىمى ئۇلار-نىڭ قولىدا ئىكەن. بۇنداق شارائىتتا سىلىنىڭ يالغۇز كې-لىپ قېلىشلىرىدىن، ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماسلىقلىرىدىن، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ تۆھمەت قىلغان ئاتاققا قېلىپ، لەت بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىدىم. چۈنكى، ئۇلار تولىمۇ ھىيلىگەر ھەم تەدبىرلىك ئىدى. بىردىنبىر چارە ھېچنېمىنى بىلمە-گەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇلارنى بىخۇدلاشتۇرۇپ ئاس-تىرتىن بىر - بىرلەپ يوقىتىش ئىدى. ياركەنت بىلەن خوتەننى قولىمىزغا ئېلىۋالساقلا، مەھكىمىدىكى ئول ئە-مىرلەر كۆچلۈك يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلىپ ئاشكارا قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ياركەنت بىلەن خوتەننى ئېلىشتىن ئىبارەت چوڭ خەتەرگە ئۆزۈم يالغۇز تەۋەككۈل قىلدىم - دە، سىلىدىن مۇددىئايىمنى يوشۇرۇپ، چېرىكلەرنى رىيازەت شىكارى قىلدۇرۇش باھانىسى بىلەن ئىجازەت سورىدىم. سىلىمۇ ئاتىلىق مېھىرلىرى بىلەن بۇ تەلىپىمنى رەت قىلمىدىلا. ياركەنتنى جەڭ بىلەن ئالسام ئول پىتنىچىلەرنى چۆچۈتۈپ قويياتتىم. شۇڭا ساختا پەرمان ھىيلىسى بىلەن ياركەنتنى ئاسانلا قولۇمغا ئالدىم. يالغان ھامان يالغان بولىدىكەن. مىرزا يانتاقبەگ پەرمانىنىڭ ساخ-تىلىقىنى ئاسانلا بايقىۋالدى ھەمدە شېرىكلىرىگە خەۋەر

بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. خوتەندىكى ئاغا ـ ئىنى مىرزىلارنىڭ سىد ـ لىگە ئوچۇق ـ ئاشكارا سەركەشلىك قىلىشۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولغاندى. بۇ ئىش تۇپەيلى تالاي قېتىم ھەسرەت يۇتقانلىقلىرىنى بىلەتتىم. شۇڭا، ياركەنتنى ئالغاندىن كې ـ يىن خەزىنىنى تولۇقلاپ، لەشكەر كۆپەيتىپ خوتەنگە يۈ ـ رۈش قىلىشقا تەييارلاندىم. چۈنكى، بۇ ئىشنى كېچىكتۈ ـ رۈشكە بولمايتتى. بولمىسا ئۇل ئاغا ـ ئىنى مىرزىلار ھا ـ زىرلىق كۆرۈۋالاتتى. بەلكىم خان ئالىيلىرىغا ئەرز قىلىپ يولىمىزنى توسۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇ نىيىتىمنى چۈشىنىپ خوتەنگە لەشكەر تارتىشىمغا سۈكۈت قىلدىلا ۋە بەلكىم يوشۇرۇنچە مەدەت بەردىلە. ئاخىرى ئاللاھنىڭ ئىنا ـ يىتى، ئاتا ـ بابىلىرىمىزنىڭ پاك روھىناتلىرىنىڭ مەددىتى بىلەن خوتەننىمۇ قولۇمغا ئالدىم. قەدىرلىك ئىنىم ئۆمەر مىرزىنىڭ ئىشىغا كەلسەك، بىردەملىك غەزىپىمگە ھاي بېرەلمىگىنىمدىن كۆپ پۇشايمان قىلىمەن. نە چارە، خىش قېلىپتىن چىقىپ بولدى. شول چاغدا ئۇنىڭغا مەقسەت ـ مۇددىئايىمنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرسەممۇ پەقەتلا ئۇنىڭماس ئىدى، بەلكىم مىرزا يانتاقبەگنىڭ ئۆلۈمىگە گۇۋاھ ـ لىك بىلەن ھۆكۈم چىقىرىپ، يەڭگىلىنەكلىك بىلەن يو ـ قىلاڭ پىتنىلەرنى دەلىل ـ ئىسپات قىلماقچى بولدى. ئۇ ـ نىڭغا ئاغا ـ ئىنى بىرلىشىپ ئاۋۋال خوتەننى قولىمىزغا ئېلىۋالايلى، ئاندىن سەر ئەمىر جانابلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا بىللە بارايلى. دەلىل ـ ئىسپاتلىرىنى شول چاغدا كۆرسەتى ـ سىلە، دەپ شۇنچە يېلىنسامىمۇ پەقەتلا قۇلاق سالمىدى. بەل ـ كى مېنى ۋەھشىيلىكتە، زالىملىقتا ئەيىبلەپ قاتتىق ھاقا ـ رەتلىدى. ئويلاپ باقسىلا، ئىنى بولغۇچى ئاغا بولغۇچىنى ھۆرمەتلەش ئەقەللىي پەزىلەت ئەمەسمۇ؟ ناۋادا ئۇ ئاشۇ يو ـ قىلاڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرىنى ئېلىپ دەرگاھلىرىغا بارسا،

مەھكىمىدىكى ھېلىقى پىتنىچى ئەمىرلەرگە دەستەك بولۇپ بېرەتتى ـ دە، ھەممە تىرىشچانلىقىم يوققا چىقاتتى. بۈنى ئاز دەپ كەمىنە ئوغۇللىرىلا ئەمەس، سىلىمۇ خەتەردە قالات-تىلا. ئەنە ئاشۇ زۇرۇرىيەت ۋە غەزەپنىڭ تۈرتكىسىدە ئۈنى ئەدەپلەپ قويۇش ھەمدە چۆچۈتۈپ قويۇش ئۈچۈن «كۆزۈڭنى ئويۇۋالىمەن» دەپ داۋراڭ سالغانىدىم. ئەپسۇسكى، قول ئاستىمدىكى ئەقىلسىز، كالتە پەم مەھرەملەر بۇ داۋراڭنى راست دەپ چۈشىنىپ ئىنىمنىڭ كۆزىگە مىل تارتىپتۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق چۆچۈدۈم ھەم ئەپ-سۇسلاندىم، يۈرەك ـ باغرىم قان بولدى. ھېلىقى گالۋاڭ مەھرەمنىڭ كاللىسىنى ئالدىم.

خۇلاسە كالام. ئەسلىدە خوتەننى ئىلكىمگە ئالغاندىن كېيىن دەرھال ھۆزۈرلىرىغا بېرىپ بارلىق ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرمەكچى، ھېلىقى پىتنىچى ئەمىرلەرنىڭ قارا نىـ-يەتلىرىنى ئاشكارىلىماقچى بولغانىدىم. ئەمما ئىشەنچلىك كىشىلىرىمدىن خەۋەر تېپىشىمچە ئۇلار ياركەنت، خوتەن ئەمىرلىرىدەك كۈچلۈك شېرىكلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىد-غا چىدىماي ئاۋام ئارىسىغا: «مىرزا ئابابەكرى سەلتەنەتكە قارشى چىقماقچى، ئىسيانغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ پىتنە تارقىتىپتۇ ھەمدە سىلىنىمۇ ئىشەندۈرۈپتۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قانداقمۇ دەرگاھلىرىغا بارالايمەن؟ چۈنكى، ئۇلار ماڭا دۈشمەندۇر. قولۇمدا ئۆلگەن ئاشۇ شېرىكلىرىنىڭ خۇن ـ قىساسىنى مەندىن ئالماقچى. شۇڭا ئۇلار ھەمىشە مېنىڭ ئەھۋالىمنى سىلىگە قەبىھلەشتۈرۈپ مەلۇم قىلىدۇ. ئەگەر ئاشۇ ئەمىرلەرنى مەھكىمىدىن ھەيدەپ چىقارسىلا، ئەتراپلىرىنى پىتنىچىلەردىن تازىلىسىلا، ئول چاغدا مەنمۇ خاتىرجەم بولاتتىم. مەن يەنىلا سىلىنىڭ پەرزەنتلىرىمەن. بەلكىم قۇللىرى بولۇپ ئاياغلىرىدا ئات ـ ئېشەكتەك خىز-مەت قىلىمەن، ئاتقان ئوقلىرى بولۇپ ئەغيارلىرىنىڭ يۈ-

*رىكىگە سانجىلىمەن.*
*ياراتقان ئاللاھ ئىگەمدىن ئەزىز تەنلىرىگە كىچە ـ*
*كۈندۈز سالامەتلىك تىلەپ، ئاتىلىق ھەققىلىرىگە دۇئا قىد ـ*
*لىپ تۇرغۇچى نا قابىل پەرزەنتلىرى ئابابەكرى مىرزىدىن*
*دەپ بىلۈرلا.»*

※ ※ ※

مىرزا ئابابەكرىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان مۇھەممەد ھەي ـ
دەر مىرزا قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.
«يا پاناھ، ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە، ئەڭ ئىشەنگەن
ئەمىرلىرىمنىڭ ئەڭ ئەشەددىي مۇخالىپەتلىرىم ئىكەنلىكىنى
بىلمەيلا يۈرۈپتىمەن. ئۇلار ھەدېسىلا ئابابەكرى مىرزىنى يامانلاپ
بەرسە، يوقىلاڭ دەلىل ـ ئىسپاتلارنى كۆرسەتسە سۆزلىرىگە ئى ـ
شىنىپتىمەن تېخى. ئۇلارنى مەرھۇم جەننەتماكان ئاتامنىڭ خىز ـ
مىتىدە بولغان، سەلتەنەت ئۈچۈن نۇرغۇن تۆھپە كۆرسەتكەن،
مۇھىمى، ئاتا كۆرگەن تەدبىرلىك كىشىلەر دەپ بىلىپ ھۆرمەت ـ
لەپتىمەن، ئەتىۋارلاپتىمەن، ھەر دائىم بىر داستىخاندا تۇز يەپتى ـ
مەن. ئەمما ئۇلار بولسا ئاستىرتىن پىيىمنى قىرقىپ، ئارقامدىن
خەنجەر ئۇرماقچى بولۇشۇپتۇ. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق. ھېلى ـ
مۇ ياخشى ئابابەكرى مىرزا ياركەنت، خوتەندىكى ئەشەددىي رەقىب ـ
لىرىمنى يوقىتىپتۇ. ئەمدى سوكوت قىلىپ ئولتۇرماي ئول مۇنا ـ
پىق، تۇزكورلارنىڭ جاجىسىنى بېرەي...»
ئوغلىنىڭ خېتىنى كۆرگەن ئايجامال ئاغىچىمۇ ھە دەپ مۇ ـ
ھەممەد ھەيدەر مىرزىنى قۇتراتتى.
ـــ ھەر نېمە بولسا تەڭرىنىڭ كۆزى بار ئىكەن. ئاۋۋال ئادا ـ
لەتلىك ئاللاھ ئىگەم، ئاندىن قالسا ۋاپادار پەرزەنتىمىز بىزنى بۇ
بالا ـ قازادىن ساقلاپ قاپتۇ. نەسىھەتىمنى ئاڭلاپ زىيان تارتمى ـ

غانلا مانا. يەڭگىلتەكلىك قىلغان بولسىلا، ئۇل رىياكار ئەمىرلەر-
نىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئوينىغاپ، ئاتا ـ بالا قىلىچ تەڭلىشىپ يۈرەر
ئىكەنلا. ئىشەنچىم بار ئىدى. ئابابەكرى مىرزا سىلىگە ھەرگىز
ۋاپاسىزلىق قىلمايتتى. ئەمدى قاراپ ئولتۇرمىسىلا، يىلانغا ئىچ
ئاغرىتىپ قوينۇڭغا سالساڭ،ھامان يىلان تەبىئىتىنى ئاشكارىلاي-
دۇ، ساڭا نەشتەر ئۇرىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئۇل يىلان مەسەللىك
ئەمىرلەرنىڭ ئىشىنى كېچىكتۈرمەي بىر تەرەپ قىلسىلا.

ئەجدادلىرىنىڭ تۆھپە، شان ـ شەرەپلىرىنى، خان ـ سۇل-
تانلارغا ساداقەتمەنلىك بىلەن قىلغان خىزمەتلىرىنى تولىمۇ قە-
دىرلەيدىغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆگەي ئوغلى مىرزا ئابابەك-
رىنىڭ ياركەنت، خوتەن ئەمىرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئىككى ۋىلايەتنى
قولىغا ئالغانلىقىنى سەلتەنەتكە كۆرسەتكەن كاتتا تۆھپە، سادا-
قەتمەنلىك دەپ ھېسابلىدى ھەمدە ئەجدادلىرىنىڭ يۈزىگە قارا
سۈرتۈلمىگەنلىكىدىن بەكلا خۇش بولدى. ئۇ مىرزا ئابابەكرى خې-
تىدە تىلغا ئالغان لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىرى قۇتلۇق پالۋان،
قارا دىۋان ئەمىرى مەسئۇم باھادىر، ئىشىكئاغىسى مىرزا ئابدۇ-
ساتتار بەگ، مۇپەتتىش دىۋانىنىڭ ئەمىرى ئوبۇلھادى دادخاھ قاتار-
لىق ئەمىرلەرگە ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان ئالتە ئورۇنباسار
ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى قوشۇپ، سۇلتان يۇنۇسخان بەرگەن ئىم-
تىياز بويىچە ھەممىسىنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىدى، ئاندىن
بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، قەشقەردىن قوغلاپ
چىقاردى. شۇ تاپتا ئۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۆ-
زىگە كۆچلۈك يۆلەنچۈك بولغان ئىقتىدارلىق، ساداقەتمەن ئە-
مىرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيت-
تى. ئۇلار لەشكىرىي ئىشلارغا پىششقان، بىر قوشۇنغا بىمالال
باشچىلىق قىلىپ جەڭ قىلالايدىغان تەجرىبىلىك، مۆتىۋەر ئە-
مىرلەردىن ئىدى.

※ ※ ※

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىنى «دۈشمەنلىرى»دىن پۈتۈنلەي تازىلاپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئالدىغا سالامغا كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا، بىر پارچە خەت بىلەن ماڭلايسۆيە دىۋانىدىكى قابىلىيەتلىك ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى يوقىتىشقا مۇۋەپپەق بولغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، قەشقەرنى مۇداپىئە قىلىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل يېڭىسار قەلئەسىگە لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدى.

ــ نېمىدېدىڭ؟ مىرزا ئابابەكرى يېڭىسار قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى؟

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇ كۈتۈلمىگەن خەۋەردىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچەيدى. قورقۇپ، تۈگۈلۈپ كەتكەن يېڭىسار بېگىنىڭ خەۋەرچىسى دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى:

ــ شۇنداق. سەر ئەمىر جانابلىرى، يېڭىسار قەلئەسى ھازىر قورشاۋدا، مىرزا ئابدۇلباسىت بەگ ئۆزلىرىدىن ياردەم سورايدۇ، ھەمدەمچى لەشكەرلەر تېزرەك بارمىسا يېڭىسار قەلئەسى قولدىن كېتىشى مۇمكىن، ــ خەۋەرچى قولىدىن ئالتۇن ئوتۇغاتنى ئېلىپ كۆرسەتتى، ــ مانا بۇ مىرزا ئابدۇلباسىت بەگنىڭ مەنسەپ ئوتۇغاتى. مەلۇمات يېزىشقا ئۈلگۈرمەي مۇشۇ ئوتۇغاتنى بەرگەنىدى. سەر ئەمىر جانابلىرى ئوتۇغاتنى كۆرسە دەرھال تەدبىر قوللىنىدۇ، دېگەنىدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا لاسسىدە بوشاپ كەتتى، بېشى پىررىدە قېيىپ، كۆز ئالدى دەقىقە قاراڭغۇلاشتى.

«بۇ نېمە ئىش؟ ھەرقانچە بولسىمۇ يېڭىسار بېگى مىرزا ئابدۇلباسىت بەگمۇ سەلتەنەتكە قارشى چىقمىغاندۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئابابەكرى مىرزىنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدىغۇ. ‹ئالدىلىرىغا سالامغا بارىمەن، خىزمەتلىرىدە بولىمەن› دەپ خەت ئەۋەتىپ قويۇپ يېڭىسارغا لەشكەر

تارتقىنى نېمىسى؟ ئابدۇلباسىت بەگ رىياكارلىق قىلماقچى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئەدەپلەشكە قۇربىم يېتەتتىمۇ؟ ئۇنداقتا ئابدۇلباسىت بەگ نېمىشقا مەندىن ياردەم سورايدۇ؟ ياق، ئۇ ھەرگىز رىياكارلىق قىلمايدۇ. بەلكىم ئابابەكرى مىرزىنىڭ نىيىتى باشقىدۇ. مەن ئۇنىڭغا زىيادە ئىشىنىپ كەتتىممۇ نېمە؟ مەيلى، ئاۋۋال يېڭىسارغا لەشكەر ماڭدۇراي. قايسىسىنىڭ كۆڭلى ئالا بولمىسۇن ھامان ئاشكارا بولىدۇ... ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈم لەشكەر تارتقىنىم تۈزۈكتەك قىلىدۇ. يېڭىسارغا بارسام ئابابەكرى مىرزا بىلەنمۇ، ئۇل يېڭىسار بېگى بىلەنمۇ كۆرۈشەلەيمەن. بۇ قېتىم ئارىغا باشقا بىرىنى قىستۇرماي...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا شۇ كۈنىلا يېڭىسارغا لەشكەر تارتتى. ئۇ يېڭىسارغا يېتىپ كەلگىنىدە، تاغىسى بىلەن جەڭ قىلىپ يېڭىۋېلىشقا ئىشەنچ قىلالمىغان مىرزا ئابابەكرى ئالللىقاچان يار-كەنتكە قاراپ چېكىنگەنىدى.

— بۇ قانداق گەپ جانابى بەگ، — دېدى مىرزا ئابابەكرىدىن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ يېڭىسارغا لەشكەر تارتىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىيالمىغىنىغا جىلە بولغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، مىرزا ئابدۇلباسىت بەگكە دوق قىلىپ، — ئەسلىدە ئابابەكرى مىرزا دەرگاھىمىزغا سالامغا كەلمەكچى ئىدى. سىلى ئاۋام ئارىسىدا پەيدا بولغان پىتنىلەرگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ئۆتەر يولىنى توسۇۋالدىمۇ ـ يا؟

— سەر ئەمىر جانابلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئۇنداق قىلىشقا ھەددىمىز ئەمەس، — دېدى مىرزا ئابدۇلباسىت بەگ سۇر باسقان ھالدا چۈشەنچە بېرىپ، — ياركەنتتىن بىھېساب لەشكەر كېلىۋاتقانلىقىدىن چامادۈڭ[1]نىڭ بېگى مەلۇمات بەرگەنىدى. ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە چاپارمەن ماڭدۇردۇم، ھەمدە مىرزا ئابابەكرى جانابلىرىنىڭ لەشكەر باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. شۇنىڭ بىلەن ئىستىقبالىغا چىقىپ ھاردۇق چېيى بېرىشكە تەييارلىنىپ تۇرغانىدىم، ئويلىمىغان يەردىن مىرزا ئابابەكرى جانابلىرى

---

[1] چامادۈڭ — ھازىرقى يېڭىسار ناھىيەسىگە تەۋە قىزىل يېزىسى.

بەرگەن سالامىمىزنى ئىلىك ئالمايلا، يېڭىسار قەلئەسىنى دەر ـ ھال تاپشۇرۇپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. ئۆزلىرىگىمۇ مە ـ لۇملۇق، يېڭىسار قەلئەسى قەشقەرنى مۇداپىئە قىلىشتىكى مۇ ـ ھىم ئۆتكەل. بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئوبدان بىلگەچكە، سەر ئە ـ مىرنىڭ پەرمانى بولمىسا قەلئەنى تاپشۇرمايدىغانلىقىمنى بىلـ ـ دۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن مىرزا ئابابەكرى جانابلىرى بىزگە قاراپ ئات سالدى. ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ قەلئەگە چېكىنىپ كىرىۋالدۇق. قوۋۇقلارنى تاقاپ قارشىلىق كۆرسەتتۇق. ئاندىن مەلۇمات يەتكۈزۈش ئۈچۈن دەرگاھلىرىغا چاپارمەن ماڭغۇزدۇق. قەلئەنىڭ سېپىللىرى مۇستەھكەم بولغاچقا، ئۇلار بىر كېچە ھۇجۇم قىلىپمۇ قەلئەنى ئالالمىدى. بۈگۈن ھەزرەتلىرىنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان چېغى، قامالنى بوشىتىپ چېكىنىپ كەتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەۋاتقان بىر غەزەپ ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئۆرتەۋاتاتتى.

— ھە راست، — دېدى مىرزا ئابدۇلباسىت بەگ قوينىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ، — مانا بۇ خەتنى مىرزا ئابابەكرى جا ـ نابلىرى لەشكەر چېكىندۈرگەن ۋاقىتدا يا ئوقىغا باغلاپ ئېتىپ بىزگە يەتكۈزۈپ بەردى. قارىسام خەت سىلىگە يېزىلغانىكەن، ئې ـ چىپ ئوقۇشقا پېتىنالمىدىم.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئالدىراپ خەتنى قولىغا ئالدى.

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*ماڭلايسۆيە ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا يېتىپ مەلۇم بولغايكى، مەنكىم مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەمدى ھېچ كىشىگە ھاجىتىم قالمىدى. ئۆزۈمگە ئۆزۈم خانمەن. مېنى ھەرقانداق بىر كىشى ئۆزىگە نۆكەر ھېسابلىسا، پەرمان ـ بەردارچىلىق قىلىشقا مەجبۇرلايمەن دېسە، خاتالاشقان بو ـ*

لىدۇ. ياركەنتنى ئۆزۈمگە ئاستانە قىلىپ مۇستەقىل سەل-
تەنەت تىكلىدىم. بۇ ئىشىمنى رىياكارلىقا، ساداقەتسىز-
لىككە جورۇسىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىشى. نى ۋاققىچە تۇغلۇق
تۆمۈرنىڭ ئەۋلادىغا پەرمانبەردارچىلىق قىلىپ ياشىغۇدەك-
مىز. بىزمۇ خان ـ سۇلتان بولۇپ، شاھانە خىلئەتلەرنى
كىيىپ، ئالتۇن تاجلارنى تاقاپ، سەلتەنەت تەختىدە ئول-
تۇرساق بولۇۋېرىدۇ.
ئى جانابى تاغائى بۇزرۇك، كاللىلىرىنى سىلكىۋەت-
سىلە. ئەسلىدە بول نىيەتكە سىلى خېلى بۇرۇنلا كېلىش-
لىرى، ئىقتىدارسىز، بەتقىلىق سۇلتان دوستمۇھەممەد-
خانغا ساداقەت كۆرسەتمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرى تاج
كىيىپ، تەختتە ئولتۇرۇشلىرى كېرەك ئىدى. بۇنداق
ئىمكانىيەتلەر ئىلگىرى ئۇلۇغ بابام ـــ ئۇلۇسبېگى
خۇدايداد ھەزرەتلىرىگە، بابام ئەمىر سەييىدئەلى ئالپ
ھەزرەتلىرىگىمۇ نېسىپ بولغانىكەن. لېكىن ئۇلار قۇرۇق
سادىقەت كۆرسىتىپ بۇنداق كاتتا ئىشقا نىيەت باغلىيال-
مىدى. مەن بۇنى پەزىلەت، سادىقەت ھېسابلىمايمەن. سى-
لى بولسىلا ئەخمەقلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، سۇلتان
دوستمۇھەممەدخان ئۆلگەندىن كېيىن نەلەردە لاماكان بو-
لۇپ يۈرگەن خانزادە يۇنۇسخاننى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ
بېشىغا تاج كىيدۈرۈپ، تەختتە ئولتۇرغۇزدىلا. بۇنى ئوي-
لىسام ھېلىمۇ ئىچىم ئاچچىققا تولىدۇ.
خۇداغا شۈكرىكىم، مەن يۈت دەسسەپ تۇرغۇدەك زې-
مىنغا ئېرىشىپ، ئۇزۇندىن بېرىقى ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە
ئاشۇردۇم. ھازىر ئىلكىمدە زېمىن، بۇيرۇقۇمدا لەشكەر
بار. مەھكىمىدىكى رەقىبلىرىمنى ئۆز قوللىرى بىلەن
ھەيدەپ چىقىرىپ مېنى خاتىرجەم قىلىپ قويدىلا. ھازىر
ئىلكىلىرىدە نۇرغۇن لەشكەر بولسىمۇ، ئۇلارنى باشلاپ
ماڭغۇدەك سەركەردىلىرى يوق، خۇددى پېيى يۇڭدالغان
بۆركۈتكە ئوخشاپ قالدىلا. بۇ نۆۋەت ئانامنىڭ نىكاھلى-
رىدا ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىلگىرىكى تاغىلىق مېھىر -

شەپقەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ سىلىنى ئاياپ قويدۇم. يەنە
بىر نۆۋەت ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى،
سۇلتان يۇنۇسخان سەلتەنەتىگە بولغان ساداقەتلىرىدىن
ۋاز كېچىپ قەشقەرنى ماڭا بېرىۋەتسىلە ھەمدە پەدەرۇ
بۇزرۇك بولۇپ كەمىنە ئوغۇللىرىنىڭ خانلىق سەلتەنەتىـ
گە رەھنەما بولسىلا. ماڭلايسۆيەدىكى بارچە بەگ ـ ئاۋامنى
تاجۇ تەختىم ئاستىغا جەمئىي قىلىشقا كۈچ چىقارسىلا.
بۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزلىرىگە ھەم ئىككى ئەمىرزادىلىرىگە
ئامانلىق بېرىمەن. بەلكىم ئول ئەمىرزادىلەر چوڭ بولـ
غاندا ئۇلارغا خالىغان ۋىلايەتنىڭ ئەمىرلىكىنى بېرەرمەن.
تەكلىپىمنى ئاقىلانىلىك بىلەن ئويلىشىپ كۆرگەيلا. سىدـ
لى بىلەن بىر مەزگىل تاغا ـ جىيەن، ئاتا ـ بالا بولۇپ
ئۆتكەن كۈنلەرنى ھېلىھەم قەدىرلەيمەن.
بۇيۇك سۇلتان مىرزا ئابابەكرى ئالىيلىرىدىن دەپ
بىلۇرلا.»

— تۈزكور بەدرەك!

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ مەكتۇپ تۇتقان قوللىرى تىتـ
رەپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

«ۋادەرىخا، ئاشۇ ساداقەتمەن ئەمىرلىرىمنىڭ گېپىگە كىرـ
مەي، ئول ھىيلىگەر بەدرەكنىڭ دامىغا چۈشۈپتىمەن ئەمەسمۇ؟
تېخى ئول ئەمىرلەرنى نابۇت قىلغىنىمنى كۆرمەمدىغان؟! ئۇلارنى
قايدىن ئىزدەپ تاپقىلى بولۇر ئەمدى؟ ئەھۋالنى سۇلتان يۇنۇسخان
ئالىيلىرىغا دەرھال مەلۇم قىلاي. جەمەتىمىزنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى
دەپ بۇ ئىشنى يوشۇرۇۋەرسەم ئاقىۋىتىنى يىغىشتۇرمىقىم تەسكە
توختايدىغان ئوخشايدۇ...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا مىڭ لەشكەر بىلەن ئىككى سەركەرـ
دىنى يېڭىسار قەلئەسىدە قالدۇرۇپ، مىرزا ئابدۇلباسىت بەگكە
قەلئەنى قاتتىق ساقلاشنى تاپىلاپ، ئۆزى قالغان سەركەردە ـ
لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يول بويى
توختىماي ئۇھ تارتاتتى.

## 87

بۇ يىل قىشنى ئەندىجانغا بېرىپ كۈيۈ ئوغلى ئۆمەر شەيخ
مىرزىنىڭ ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ سەپەر تەييار-
لىقى قىلىۋاتقان سۇلتان يۇنۇسخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئە-
ۋەتكەن جىددىي مەلۇماتنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئەندى-
جانغا بېرىۋېرىش ياكى دەرھال ماڭلايسۆيەگە قايتىش ئىشىدا بىر
قارارغا كېلەلمەي ئويلىنىپ قالدى.

«ماڭلايسۆيەگە يالغۇز بارغىنىمنىڭ پايدىسى يوق. لەشكەر
تارتىپ ماڭسام تېز يۈرگىلى بولمايدۇ. ئىلى ۋادىسىدىن ئاقسۇغا
بېرىپ بولغۇچە قاتتىق سوغۇق چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. لەش-
كەرلەرنى قارا قىشتا جەڭگە سالغاندىن سالمىغان تۈزۈك. بەلكىم
مىرزا ئابابەكرى تاغىسىغا باتناپ، ئۆزىنى چاغلىيالماي ئاشۇنداق
ئىشلارنى قىلىپ قالغاندۇ. ھەرقانچە بولسىمۇ سەلتەنەتكە ئاسىي-
لىق قىلماس. نە سەۋەبكى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئول جىيەنىنى
بەكلا يامانلاپ كېتىپتۇ، گويا ھازىرلا ئۇ مېنىڭ تەخت ـ سەلتەنە-
تىمنى تارتىۋالىدىغاندەك ئىزتىراپقا چۈشۈپتۇ. ماقۇل، ئابابەكرى
مىرزىنىڭ ھەقىقەتەن ئاشۇنداق نىيىتى بارمۇ دەيلى، لېكىن يار-
كەنت بىلەن خوتەنگە تايىنىپ قانچىلىك ئىش تەۋرىتەلەيتتى؟ بۇ-
نىڭ ئۈچۈن لەشكەر، خەزىنە، ئوزۇق ـ تۈلۈك، قورال ـ ياراغ بو-
لۇشى كېرەك. تېخى ئول ئىككى ۋىلايەتتىكى بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ،
ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش كېرەك. ئۇنىڭغا ھە دې-
گەندە ئاۋامنىڭ ئەگىشىشى مۇمكىن ئەمەس. ياركەنت، خوتەننى
ھىيلە بىلەن ئالغىنى ئۇنىڭ تەلىيى. ئەمدى بۇنداق ھىيلىسى ئە-
مەلگە ئاشمايدۇ. ئوچۇق ـ ئاشكارا جەڭ قىلىپ كىچىككىنە يې-
ڭىسار قەلئەسىنىمۇ ئالالماپتىغۇ ئەينا. بەلكىم مۇھەممەد ھەيدەر

مىرزا ئابابەكرى مىرزىنىڭ دامىغا چۈشۈپ بىر قىسىم ئەمىرلەر-
نى مەھكىمىدىن قوغلاپ چىقارغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇنداق ۋەھىمە-
گە چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا ماڭلايسۆيە لەشكە-
رىي دىۋانىدىمۇ بىر تۈمەندىن ئارتۇق سەرخىل لەشكەر بار. بۇنى
ئاز كۆرسە ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتىكى سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى
قەشقەرگە يۆتكىسە بولىدۇ. بەلكىم ئۇ ئۆگەي ئوغلىنىڭ سەلتە-
نەتكە قىلغان رىياسىدىن خىجىل بولۇپ، بىر قىسىم ئىشلارنى
زىيادە كۆپتۈرۈۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭلاشقا كۈتۈلمىگەن
يامان ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مېنىڭ لەش-
كەر تارتىپ كېلىشىمنى ئارزۇ قىلغاندۇ. بىپايان ماڭلايسۆيە ۋادى-
سىنى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ تاپشۇرغانىكەنمەن، ساداقىتىدىن قىلچە-
لىك گۇمانلانمايمەن. مىرزا ئابابەكرىنىڭ قىلغان رىياكارلىقى
ئۆزىگە، ھېلىغۇ ئۆگەي ئوغلى، جىيەنى ئىكەن، ئۆز پۇشتىدىن
تامغان پەرزەنتى بولغان تەقدىردىمۇ سەر ئەمىرنى ئەيىبلىسەم
بولمايدۇ. بەلكىم ئايجامال ئاغىچىمۇ قاراپ تۇرماس. ئۆز ئوغلى
بولغاندىكىن نەسىھەت قىلار. قايسىبىر پەرزەنت ئانىسىنىڭ نە-
سىھەتىنى ئاڭلىمايدۇ؟ مىرزا ئابابەكرى ئانىسىنى دەپمۇ بولسا
پەيلىدىن يېنىشى مۇمكىن...»

ھەئە، سۇلتان يۇنۇسخان مىرزا ئابابەكرىگە سەل قارىدى.
سوغۇقتا لەشكەر تارتىشقا قىزىقمىدى. كۈيۈ ئوغلى ئۆمەر شەيخ
مىرزىغا بۇ يىل قىشنى ئەندىجاندا ئۆتكۈزۈشكە ۋەدە بېرىپ قويغا-
نىدى. شۇ تاپتا كۈيۈ ئوغلى بىلەن سۆيۈملۈك قىزى قۇتلۇقنىگار
خېنىم ئۇنىڭ يولىغا قاراۋاتاتتى. قىزىنى ياتلىق قىلغان تۆت ـ
بەش يىلدىن بېرى سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزى-
نىڭ مۇناسىۋىتى بەكمۇ قويۇقلىشىپ كەتكەنىدى.

«قانداق قىلسام بولۇر؟ لەشكەر ئەۋەتمىسەم مۇھەممەد ھەيدەر
مىرزىنىڭ روھى چۈشۈپ كېتىشى، ئۈمىدسىزلىنىشى مۇمكىن.
ھازىر ئۇنىڭ يېنىدا لەشكىرىي ئىشلاردا ئەقىلدارلىق قىلغۇدەك،
تەدبىر كۆرسەتكۈدەك ئەمىر ـ سەركەردىنىڭ تايىنى قالماپتۇ.

مۇشۇنداق ۋاقىتتا مىرزا ئابابەكرى يەنە لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالسا تاقابىل تۇرالماسلىقى، يالغۇزلۇق تارتىپ قېلىشى، ھەتتا كۇتۇلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىپ قاتتىق پۇشايمان قىلىدىغان ئىش چىقىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، بۇ قارا قىشتا لەشكەر ماڭ-دۇرسا جاپا تارتقۇزغانغا تۇشلۇق ئىش بولمايدۇ. سوغۇقتا ھېرىپ ـ چارچىغان لەشكەرلەرنىڭ جەڭگە يارىشىمۇ ناتايىن، ياكى بولمىسا قابىل سەركەردىدىن بىرەرسىنى ئەۋەتسەممىكىن، ــ سۇلتان يۇ-نۇسخان بۇ خىيالدىن باشقىچە جانلىنىپ كەتتى، ــ شۇنداق قىلاي. لەشكەر ئەمەس، سەركەردە ئەۋەتەي. لەشكەر دېگەن ماڭلاي-سۈيەدە بار. قابىل سەركەردە تۇمەن كىشىلىك لەشكەردىن بەكرەك سەر ئەمىرگە مەدەت بولىدۇ، كۆڭلىنى تىندۇرىدۇ. سەر ئەمىرمۇ مەن بىلەن كارى بولمىدى دەپ رەنجىمەيدۇ. ئەمىر ـ سەركەردى-لەردىن كىمنى ئەۋەتسەم مۇۋاپىق بولاركىن؟ ئەڭ ياخشىسى قابىل سەركەردىدىن بىرنى تاللاي...»

ئۇ ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كەلتۈر-دى.

«ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنى ئەۋەتسەم قانداق بولۇر؟...»

سۇلتان يۇنۇسخان بۇ خىيالدىن تېزلا يالتايدى.

«ياق، ئۇنى ئەۋەتسەم بولمايدۇ. ئۇ ئۆزىگە تېخىمۇ كىبىر پەيدا قىلىۋالىدۇ...»

ئەسلىدە قەشقەرگە ئەۋەتىشكە ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ مۇۋاپىق كېلەتتى. سۇلتان يۇنۇسخان ھەرقانچە باش قاتۇرۇپمۇ ئۇ-نىڭدىنمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئادەمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمە-دى. لېكىن، مىرزا ئابابەكرىدەك سەلتەنەت ئاسىيسىغا جازا يۇ-رۇشى قىلىدىغان قوشۇنغا ئۇنى ئەمىر قىلىشقا كۆڭلى تارتمايۋا-تاتتى.

ھەئە، تاشكەنت ئەمىرى شەيخ جامالىددىن خىرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى ئۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرغان ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگكە سۇلتان يۇنۇسخان كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ، ئوردىنىڭ

لەشكىرىي ھوقۇقىنى تاپشۇرغان، كۆڭلىنى يېقىن تۇتقانىدى، ھەرقانداق چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنى ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە سالاتتى. بىراق، ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىپ ئەتىۋارلانغاندىن كېيىن، بەكمۇ مەغرۇرلىنىپ كەتتى. باشقا ئەمىرلەرگە كىبىر كۆرسىتىدىغان، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئىشلارنى يۇنۇسخاندىن بىسوراق قىلىدىغان، ھەددىدىن ئېشىپ سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئالدىغا ئاتتىن چۈشمەي كېلىدىغان، قىشىغا ئىجازەت سورىماي كىرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭدىن نارازى بولغان ئەمىرلەر سۇلتان يۇنۇسخانغا بىرنەچچە قېتىم ئەرز ـ شىكايەت قىلىشتى. ئۇنىڭ بۇ ھاكاۋۇرلۇقىنى، ئوردا يوسۇنلىرىنى كۆزگە ئىلمايۋاتقانلىقىنى سۇلتان يۇنۇسخان سەزگەن ۋە ئۇنىڭدىن رەنجىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمىرلەرنىڭ شىكايىتىگە سۈكۈت قىلغانىدى. لېكىن بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئاۋۋال ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ شاھ چېدىرىغا قورال ـ ياراغلىرى بىلەنلا كىرىپ كەلدى. سۇلتان يۇنۇسخان ھېچكىمگە بۇنداق ئىمتىياز بەرمىگەنىدى. خاننىڭ قېشىغا قورال ئېسىپ كىرىش كاللا كېتىدىغان ئېغىر گۇناھ ئىدى. ئۇنىڭ شۇنچە ئەمىرلەرنىڭ ئالدىدا قىلغان بۇ قىلىقىدىن سۇلتان يۇنۇسخان قاتتىق غەزەپلەندى. قىلچىلىك يۈز ـ خاتىر قىلمايلا نۆكەرلىرىگە بۇيرۇپ ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ يېنىغا ئېسىۋالغان قىلىچ ـ خەنجەرلىرىنى ئالغۇزۇۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قىلغان ئەدەپسىزلىكىنى بىرمۇبىر يۈزىگە سالغاندىن كېيىن شاھ چېدىرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس ۋەھىمە ئىلكىدە شاھ چېدىرىغا كىرەلمەي يۈرەتتى.

مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سۇلتان يۇنۇسخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنندى.

«ئىنسان دېگەن خام سۈت ئەمگەن بەندە، ئازماس ئاللاھ دەپتىكەن. ئۇنى زىيادە ئەتىۋارلاپ كەتكەنلىكىم ئۇچۇن ۋۇجۇدىدا ئاشۇنداق كىبىر پەيدا بولغان بولغىيتتى. بۇ تەرىپىنى ھېسابقا

ئالمىغاندا تەدبىرلىك ئادەم ئىكەن. ئاشۇ كۈنى شۇنچە ئەمىرلەر- نىڭ ئالدىدا تەنبىھ بەرمەي ئايرىم ئولتۇرۇپ قىلمىش ـ ئەتمىش- لىرىنى يۈزىگە سالسام، چىرايلىقچە نەسىھەت قىلسام بوپتىكەن. مانا شۇ ئۈركۈپ كەتكەنچە ئۆزىنى قاچۇرۇپ، دالدىغا ئېلىپ يۈرى- دۇ. چاندۇرماي ئىلگىرىكىدەك دەرگاھىمغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرگەن بولسا بۇ مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرارىدىم. راست، دەرگاھىمغا سالامغا كىرمىسىمۇ سۈرۈشتىسىنى قىلماپ- تىمەن. ئەدەپلىگىنىم بىلەن مەرتىۋىسىنى ئېلىۋەتمىگەنىدىمغۇ. شۇڭا دەرگاھىمغا كىرىشتىن نومۇس قىلىپتۇ. ئەمدىلىكتە يې- نىمغا چاقىرتىپ بۇ ۋەزىپىنى يۈكلىسەم: «خان ئاتىلىرى چوڭ سۆزلىگەن بىلەن بېشىغا كۈن چۈشكەندە يەنە مېنى يادىغا ئاپتۇ» دەپ تېخىمۇ كېرىلىپ كەتمەسمۇ؟ لېكىن بۇنداق يۈرۈۋەرسىمۇ ياخشى ئەمەس. ئۇ مەندىن تەشۋىشلىنىپ، ۋەھىمە يەپ، مەن ئۇ- نىڭدىن باتناپ يۈرسەم، ئۈمىدسىزلىنىپ دەرگاھىمدىن كېتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مەن دېگەن بىر ئەلنىڭ خاقانى، قول ئاس- تىمدىكىلەرنى تۆھپە كۆرسەتسە مۇكاپاتلاش، گۇناھ ئۆتكۈزسە جازالاش، ئەدەپلەش ئىمتىيازىم بار. لېكىن ئۇلار مەندىن خالىغان- چە يىراقلىشالىغىنى بىلەن، خالىغانچە يېقىنلىشالمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭدەك قاتتىق تەنبىھ يېگەنلەر. بوپتۇلا، ئۇنىڭغا پۇرسەت بې- رەي. كۈندە سىرتقا چىقماي شاراب ئىچەرمىش، باشقىلارغا: «خان ئاتىلىرىغا قارىغۇدەك يۈزۈم قالمىدى» دەپ زارلىنارمىش. مۇشۇ باھانىدا ماڭلايسۆيەگە بېرىپ مىرزا ئابابەكرىنى جازالاپ، يار- كەنت، خوتەننى تارتىۋېلىپ تۆھپە كۆرسەتسە، كۆڭلىدىكى ۋەھى- مە، تەشۋىشلەر تارقاپ، روھىي ھالىتى تۈزۈلۈپ قالار؛ مەغرۇر- لۇق، كىبىرلىكتىن ساقلىنار. شۇنداق قىلاي، بۇنىڭ بىلەن بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققۇدەكمەن...»

سۇلتان يۇنۇسخان ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنى يېنىغا چا- قىرتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئادالەتپاناھىمغا ئېھتىرام بولغاي، —

دېدى تۇرلۇك ۋەھىمە، تەشۋىش بىلەن كىرگەن ئەمىر ئابدۇلقۇد-
دۇس بەگ بېشىنى ئەگكىنىچە سالام بېرىپ.

سۇلتان يۇنۇسخان سالامنى خۇش خۇيلۇق بىلەن ئىلىك ئال-
دى، ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ يېنىدا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

— ئەھۋال مانا مۇشۇنداق، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ئۇ-
نىڭغا ماڭلايسۆيەدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى قىسقىلا سۆزلەپ بەرگەن-
دىن كېيىن، — سىلىنى مىرزا ئابابەكرىگە جازا يۈرۈشى قىلغۇ-
چى قوشۇننىڭ ئەمىر لەشكەرلىكىگە تەيىن قىلدىم. سەر ئەمىر
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ھەمدەم بولۇپ ئۇل ئاسىينى جازالاپ،
ئەل - يۇرتنى ئەمىن تاپتۇرغايلا.

— قىبلىگاھىمنىڭ كەمىنە مۇلازىمغا ئىشەنگىنىگە مىڭ
مەرتەم تەسەننا، چوقۇم ئۈمىدلىرىنى ئاقلايمەن. ناۋادا بول ۋەزد-
پىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسام، ئالدىلىرىغا ھەرگىز كەلمەي-
مەن.

— بارسىلا، سىلىگە قۇدرەتلىك ئىگەمدىن نۇسرەت تىلەي-
مەن، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان.

※ ※ ※

يېڭىسار.

ئاپئاق قاردىن لىباس كىيگەن دەل - دەرەخلەر ئاق يەكتەك-
لىك مويسىپىتلاردەك سۆلەتلىك كۆرۈنەتتى. كەڭرى دالىنى ياپقان
قار بولسا ئۇستىگە نازۇ نېمەتلەرنىڭ تىزىلىشىنى كۇتۇپ تۇرغان
ئاق داستىخانغا ئوخشاپ قالغانىدى. ۋىل - ۋىل كۆلۈپ تۇرغان
قىش قۇياشى تەپتى يوق نۇرىنى ئايىماي تۆكۈپ، بۇ ئاقچىلىقنى
تېخىمۇ جەزبدار تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. ئەمما، كەڭرى دالىغا
سېلىنغان بۇ ئاق داستىخاننىڭ ئۇستىگە ئېسىل نازۇنېمەتلەر ئە-
مەس، بىر - بىرىنىڭ بېشىنى كېسىپ، قېنىنى تۆكۈشكە تەييار
تۇرغان تۇمەنلىگەن لەشكەرلەر ئىككى سەپ بولۇپ تىزىلغانىدى.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھەيۋە كۆرسىتىپ نەرە تارتىشاتتى، سۇرەن سېلىشاتتى، ئاتلار كىشنەيتتى. يالىڭاچلانغان قىلىچلارنىڭ بىـ-سى، نەيزىلەرنىڭ ئۇچى مۇدھىش بىر پاجىئەدىن شەپە بېرىپ سوغۇق ۋاللىدايتتى.

سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ يارلىقىنى ئېلىپ قەشقەرگە تېز سۇر-ئەتتە يېتىپ كەلگەن ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ سەر ئەمىر مۇ-ھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن قىسقىلا مەسلىھەت قىلىشقاندىن كې-يىن، قەشقەر ـ يېڭىسارىدىكى لەشكەرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننى تەشكىللەپ بولغۇچە، قىشتا يېڭىسار قەلئەسىنى ئىشغال قىلىپ، يازدا قەشقەرنى ئېلىشنى خام خىيال قىلغان مىرزا ئابابەكرىمۇ خىللانغان بەش مىڭ ئاتلىق لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلگەندى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىنى كۆرگەن ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ، دالىغا پاتماي سەپ تۈزگەن بىر تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەرلىرىگە قاراپ مەغرۇر كۈلۈمسىرىدى.

«مىرزا ئابابەكرى مېنى يول ئازابى تارتىپ قالمىسۇن دېگەن ئوخشايدۇ. بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئالا تووۋسىنى چىقىرىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس. شەپقەتلىك ئاللاھ ئىگەم ماڭا يەنە ئۇلۇغ كۈزى بىـ-لەن قارىغان ئوخشايدۇ. قولدىن بېرىپ قويغان يۈز ـ ئابرۇيۇمنى، شان ـ شەرىپىمنى يەنە تىكلىۋالىدىغان بولدۇم...»

ــــ قارىسىلا ھەزرىتىم، مىرزا ئابابەكرى ئاشۇ بەش مىڭ لەشكىرى بىلەن مۇقابىلىمىزغا چىقىمەن دەپ ئويلاۋاتقانمىدۇ يا-كى يەنە ھەمدەمچى لەشكەرلىرى بارمىدۇ؟ ــــ دېدى ئۇ يېنىدىكى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا قاراپ.

ــــ ئايغاقچىلار، ياۋنىڭ ھەمدەمچىلىرى يوقكەن، دەپ مەلۇمات بېرىشتى، ــــ دېدى يېڭىسار ئەمىرى مىرزا ئابدۇلباسىت بەگ.

ــــ لېكىن ئۇل بەش مىڭ لەشكەرنىمۇ سەل چاغلىغىلى بول-مايدۇ. ئابابەكرى مىرزىنىڭ ھىيلىسى تولا، ئېھتىيات قىلماق كېرەك، ــــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا.

«سەر ئەمىر بۇ ئۆگەي ئوغلىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ دامىغا ئاز چۈشمىدى ـ دە، لېكىن ئۇنىڭ ھىيلىسى ياركەنت، خوتەن ئەمىرلىرىگە ھەمدە مۇنۇ ئۆگەي ئاتىسىغا ئىشلىگىنى بىلەن ماڭا ئىشلىمەيدۇ. كىچىككىمدىن باشلاپ نۇرغۇن جەڭ تەدبىرلىرىنى ئۆگەنگەن، جەڭنامىلەرنى ئوقۇغان، ھەر ـ ھەر جەڭلەرنى كۆرگەن، پىشقان سەركەردىلەر بىلەن ئېلىشىپ كۆرگەنمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۈچ باراۋەر لەشكىرىم بار...»

ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى.

ــ توغرا ئېيتتىلا سەر ئەمىر، ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. ئەگەر كۆڭۈللىرىگە خوپ كەلسە، سىلى ئارقا سەپنى ھىمات قىلسىلا. سەركەردە ئالتۇن ساقال مىرزا جەۋەنغار[1] قوشۇنغا باش بولسۇن. مىرزا ئابدۇلباسىت بەگ بەرەنغار[2] قوشۇنغا باش بولسۇن. كەمىنىلىرى تۇرشاۋۇل[3]لۇق قىلاي.

ــ تۇرشاۋۇللۇقنى پېقىرغا تاپشۇرسىلا، ــ دېدى ئالتۇن ساقال مىرزا، ــ سەر ئەمىر جانابلىرى ھىماتتا تۇرسا مەيلى، ئەمما سىلى قەلب[4]تە تۇرسىلا ياخشى بولارمىكىن دەيمەن. چۈنكى، قەلبتە تۇرسىلا، جەڭ ۋەزىيىتىگە قاراپ تەدبىر تۈزۈشلىرىگە پايدىلىق.

ــ ئالتۇن ساقال مىرزىنىڭ تەكلىپى ئورۇنلۇقتەك قىلىدۇ، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا.

ئابدۇلقۇددۇس بەگ ئالتۇن ساقال مىرزىنىڭ تەكلىپىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئەمىر لەشكەرلىك مەرتىۋىسىنى پەش قىلغۇسى كېلىپ، بۇ ئو-

① جەۋەنغار ــ ئوڭ قانات.
② بەرەنغار ــ سول قانات.
③ تۇرشاۋۇل ــ ھۇجۇم قىلغۇچى.
④ قەلب ــ مەركەز. بۇ يەردە سەپنىڭ ئوتتۇرىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

رونلۇق تەكلىپنى رەت قىلدى:
ــ بۇ دېگەنلىرىڭىز توغرا، ــ دېدى ئۇ ئۆزىگە تەمەننا قويغان ھالدا، ــ بىراق مەيدان جېڭىدە تۇرشاۋۇللۇقمۇ مۇھىم. تۇنجى ھۇجۇم جايىدا، ئۇنۇملۇك بولسا قەلبىتىكىلەرنىڭمۇ، ھىماتتىكىلەرنىڭمۇ جاسارىتى ئۇرغۇيدۇ. دېمەكچىمەنكى، تۇرشاۋۇلنىڭ ھۇجۇمى مىسالى مۇشتتۇر. تۇنجى مۇشت دەل جايىغا تەگسە رەقىب تەمتىرەيدۇ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ پەشۋانى ئاتقىلى بولىدۇ. قەلب ــ پەشۋا دېمەكلىكتۇر. مۇشت پەشۋاغا يول ئاچىدۇ. ئۇل چاغدا رەقىب ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ. شۇڭا، يەنىلا كەمىنىلىرىنىڭ تۇرشاۋۇل بولغىنى ئەۋزەل.
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئابدۇلقۇددۇس بەگ بىلەن تالاشقۇسى كەلمىدى. جاھىللىق قىلسا، خان يارلىقى بىلەن كەلگەن ئەمىرنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولۇپ قالاتتى.
ــ ئىشقىلىپ جەڭ نۇسرەتلىك بولغاي ئىلاھىم. ئۇنداق بولسا مەن ھىماتتا تۇراي.
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا شۇنداق دېگىنىچە نۆكەرلىرىنى باشلاپ ئارقا سەپكە قاراپ ماڭدى. ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ خىرىلداپ كۈلدى.
«شۇنداق قىلسىلا سىز ئەمىر. ئەڭ ياخشىسى ھېچكىم مەندىن تۆھپە تالىشىش تەمەسىدە بولمىسۇن. گەرچە سىلى ماڭلايسۆيەنىڭ سەر ئەمىرى بولسىلىمۇ، مەن خان يارلىق چۈشۈرۈپ تەيىنلىگەن جازا يۈرۈشى قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئەمىر لەشكىرىمەن. جەڭ مەيداندا سىلىنىڭ ئەمەس، مېنىڭ دېگىنىم ھېساب. سىلى دېگەن مىرزا ئاتابەكرىنىڭ تاغىسى، ئۆگەي ئاتىسى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئانىسى سىلىنىڭ نىكاھىلىرىدا، ئەتىۋارلىق ئاغىچىلىرى تېخى. يامان يېرىگە كېلىپ قالسا قېرىنداشلىق مېھرىنى ئەلا بىلىپ ئۇل ئۆگەي ئوغۇللىرىغا ئىچ ئاغرىتىپ قېلىشلىرى، يول قويۇپ قېلىشلىرى مۇمكىن. مۇشۇ تەرىپىنى دېگەندىمۇ ھىماتتا تۇرۇپ ياغى بىلەن قانداق ئېلىشقىنىمنى تاماشا قىلغانلىرى تۈزۈك...»

ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ ئاتلىق لەشكەرلەرنى ئالدىغا، پىيا ـ دە لەشكەرلەرنى كەينىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ تامنى ئۇلـداش شەكلىـدە سەپ تۈزدى. ئەس ـ يادى ھۇجۇم تەشكىللەشتە بولغاچقا سەپنىڭ ئوڭ ـ سولىغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى.

ــ پىيادىلەرنى ئارقىغا ئەمەس، ئوڭ ـ سول تەرەپكە ئو ـ رۇنلاشتۇرساق ياخشى بولارمىكىن، ــ دېدى ئالتۇن ساقال مىرزا، ــ ياۋ لەشكەرلىرى ساپلا ئاتلىق، ناۋادا چېكىنىش توغرا كېلىپ قالسا....

ــ چېكىنىشنى خىيال قىلىۋاتاملا تېخى، ــ دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ ئالتۇن ساقال مىرزىغا مەسخىرىلىك قاراپ، ــ ياغى بىلەن جەڭ قىلماي تۇرۇپ چېكىنىشنى خىيال قىلغىلى تۇرساق قانداقمۇ نۇسرەت قازانغىلى بولسۇن؟ ياۋدىن ۋەھىمە يەپ قالغان بولسىلا ئىجازەت، بېرىپ سەر ئەمىرگە ھەمراھ بولسىلا.

ئالتۇن ساقال مىرزا پوكاندەك قىزارغىنىچە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ھەئە، شۇ دەقىقىدە ئۆز سېپىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مىرزا ئابا ـ بەكرىمۇ قارشى تەرەپنىڭ جەڭ سېپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆ ـ زىتىۋاتاتتى.

ــ سەر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ــ سورىدى سەركەردە مىرزا سەدىردىن قۇشچى.

ــ بايىلا ئارقا سەپكە كەتتى، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى گۇ ـ مانسىراپ، ــ ئۇلار نېمە ھىيلە ئىشلىتىۋاتقاندۇ، ياكى سەر ئە ـ مىرنىڭ ماڭا روبىرو كەلگۈسى كەلمىدىمىكىن. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئالدى سەپتە تۇرمىغىنى ياخشى بولدى. ئابدۇلقۇددۇس بەگ شۇن ـ چىۋالا كۆپ لەشكەرنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا يېتىشىپ بولالارمى ـ كىن؟

مىرزا ئەمىن قولبەگ خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن خىرىلداپ كۈلدى.

ــ ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى. ھېلى ئالدىدا، ھېلى ئوتتۇ ـ

رىسىدا جەڭ قىلار بولمىسا. ئالدىرىغان خاتۇن ئېرىگە تەزىم قىلار، دېگەندەك.
مىرزا ئەمىن قۇلبەگنىڭ بۇ ئوخشىتىشىدىن مىرزا ئابابەك- رى ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى.
ــ ياۋ سېپىگە قاراڭلار. ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنى كۆپ جەڭ كۆرگەن، تەدبىرگە ماھىر سەركەردە دەپ بىلىپ ۋايىم يەپ- تىكەنمەن، جەڭ سېپى تۈزۈشنىمۇ بىلمەيدىكەن ئەمەسمۇ. ئات- لىقلارنىڭ سۆڭگىچىگە پىيادىلەرنى چاپلاپ قويغان نەدە بار؟ ناۋادا ئاتلىقلار چېكىنسە پىيادىلەرنى دەسسەپ ـ چەيلىۋەتمەمدۇ؟ خىيا- لىدا ئۇ تامنى ئۇلداش شەكلىدە سەپ تۈزدۇم، جەڭ سېپىم ئاساد- لىقچە يېمىرىلىپ كەتمەيدۇ، دەپ ئويلاۋاتقان چېغى. بۇنداق سەپ تۈزگەندە ئاتلىقلار بىلەن پىيادىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئارىلىق قال- دۇرۇش كېرەك ئىدى. يەنە تېخى سەپنىڭ ئوڭ ـ سولىنى ئوچۇق قويۇپتۇ. بۇ خۇددى پۈتى بىلەن بېشىغا قېلىن كىيىۋېلىپ، بەدد- ىنىنى يالاڭ قويغاندەك ئىش ئەمەسمۇ؟ بۇنى ئابدۇلقۇددۇس بەگ بىلمىگەندىمۇ ئالتۇن ساقال مىرزا بىلىشى كېرەك ئىدىغۇ. قىسما ـ قىسما جەڭ سېپى تۈزۈشكە ئېپى بار ئىدى ئۇل سەر- كەردىنىڭ...
ــ قۇدرەتلىك خان لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ دەرھال گۇناھلىرىنى تىلىمەي نېمىگە قاراپ تۇرىلا ئەمىرزادەم؟!
مىرزا ئابابەكرى گېپىنى توختىتىپ دەرھال ئالدىغا قارىدى. ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ ئالتۇن ساقال مىرزا، مىرزا ئابدۇلبا- سىت بەگ قاتارلىق بىرقانچە سەركەردىسىنى ئەگەشتۈرۈپ مەيداد- ىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇمۇ دەرھال ئېتىنى دې- ۋىتتى، كەينىدىن مىرزا سەدىردىن قۇشچى قاتارلىق سەركەردىلەد- رى ئەگەشتى.
ــ بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا شۇنچە يىراق يەردىن كېلىپ بىھۇدە ئاۋارە بولۇپلا جانابى ئەمىر، ــ دېدى مىرزا ئابابەكرى ئۆ- زىنى توختىتىۋېلىپ، ــ يېگىسار بىلەن قەشقەرنى جانابى سەر

ئەمىردىن ئۆتكۈزۈۋالسىمۇ بولاتتى. قارىغاندا سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ سىلىنى ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ. خوش، ئۇل قەلئە ـ شەھەرلەرنى قاي يوسۇندا ئۆتكۈزۈپ بېرەي دەيدىلا؟ بىراقلا ئۆتكۈزۈپ بېرەمدىلا ياكى ئاۋۋال يېڭىسارنى، ئاندىن قەشقەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرەمدىلا؟ مەنمۇ ئانچە نا ئىنسابلاردىن ئەمەس، بىراقلا ئۆتكۈزۈۋالسام ھەر بىرلىرىگە بۇ سوغۇقتا پاناھلانغۇدەك جاي قالمايدۇ. ھازىرچە يېڭىسارنى ئۆتكۈزۈۋالاي بولمىسا.

— ھەددىلىرىدىن ئاشمىسىلا، — دېدى ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ تېرىكىپ، — يېڭىسار بىلەن قەشقەر ياركەنت بىلەن خوتەن ئەمەس، بىزمۇ سىلىنىڭ داملىرىغا چۈشىدىغان مىرزا يانتاقبەگ بىلەن خاننەزەر، قۇلنەزەر مىرزا ئەمەس. ئۇل ئىككى شەھەرنى ھىيلە بىلەن ئېلىپ زىيادە كۆرەڭلەپ كەتكەن ئوخشىمامدىلا؟ راۋۇرۇس مەيدان جېڭى قىلىپ شەھەرنى ئالغان بولسىلا قانچىلىك چوڭ سۆزلەيتتىلە؟ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش خاتۇن خەقنىڭ خۇلقى. بول ئىش ھەقىقىي يىگىتكە ياراشمايدۇ.

ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ سۆزلىرى مىرزا ئابابەكرىنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، غەزەپتىن تىلى دەماللىققا گەپكە كەلمەي قالدى. ھەقىقىي سەركەردە مەيدان جېڭىدىن باشقا جەڭنىڭ غەلىبىسىنى كۆزگە ئىلمايتتى، باھادىرلىقنى مەيدان جېڭى ئارقىلىق كۆز ـ كۆز قىلاتتى، ماختىناتتى. ئۆزىنى بۈيۈك سەركەردىلەردىن سانايدىغان مىرزا ئابابەكرى شۇ دەقىقىدە خۇدۈك بولۇپ قالغانىدى.

— بوپتۇ. ئۇنداق بولسا مەيدان جېڭى قىلايلى. كىمنىڭ يىگىت ئىكەنلىكى ھازىرلا مەلۇم بولىدۇ، — دېدى ئۇ گەدىنىگىچە قىزارغان ھالدا.

ئۇلار ئۆز سەپلىرىگە قايتىشتى.

— پەرمان! — دېدى مىرزا ئابابەكرى سەركەردىلىرىگە قاراپ، — ھەر يۈز ئاتلىق لەشكەر بىر توپ بولۇپ تۆمۈر مۇشت

شەكىللىك جەڭ سېپى تۈزسۇن. ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇ توپ بىر ـ بىرىدىن ئاجراپ كەتمىسۇن. ياۋغا ئوڭ ـ سول تەرەپتىن قىسماق ـ قا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىڭلار. ئاۋۋال كاماندازلار تەييار بولسۇن.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ سۆزى تۈگەپ بولغۇچە ئەمىر ئابدۇلقۇد ـ دۇس بەگ ھۇجۇم ناغرىسىنى چالدۇردى. ئاتلىق، پىيادە لەشكەرلەر سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى.

شۇ ھامان مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرى سېپىدىن مىڭ تال ـ مىڭ تالدىن ئوق ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. جازا يۈرۈشى قىلغۇچى خان لەش ـ كەرلىرى بۇ ئوقلارنى توسۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئەس ـ يادى ياۋ بىلەن قۇچاقلاشما جەڭ قىلىشتا قالغان ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ كۆتمىگەن بۇ زەربىدىن گاڭگىرىدى. لەشكەرلەر ئاتلىرىدىن خۇددى ئۈجمە تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈۋاتاتتى.

ــ سەركەردە ئالتۇن ساقال مىرزىغا يا ئوقى تەگدى.

تاۋاچى بەگ①نىڭ مەلۇماتى ئابدۇلقۇددۇس بەگنى چۆچۈتۈ ـ ۋەتتى.

ــ ئەھۋالى قانداقراق؟

ــ ئاتلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ كەتتى.

بايا ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ مەسخىرىسى ئالتۇن ساقال مىر ـ زىنىڭ قاتتىق غۇرۇرىغا تەگكەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قور ـ قۇنچاقلاردىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن ياۋ سېپىگە ئېتىلدى. ھەئە، ئۇ ئېھتىياتنى ئۇنتۇ ـ غانىدى. زەرب بىلەن ئۇچۇپ كەلگەن غايىب ئوق نەق كېكىردىكى ـ گە سانجىلغانلىقتىن، بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئالتۇن ساقال مىرزا ئېتىدىن ئۇچۇپ چۈشكەنىدى.

«مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھىيلىسى ھەقىقەتەن تولىكەن. مەيدان جېڭى قىلىمىز دەپ قويۇپ ئات سېلىپ چىقماي ئوقيا بىلەن ھۇ ـ جۇم قىلغىنىنى قارىمامدىغان. نامەرد بەدرەك. بولمىدى، چېكى ـ

① تاۋاچى بەگ ــ جەڭ مەيدانىدا پەرمان، خەۋەر يەتكۈزگۈچى سەركەردە.

نىش كېرەك...»

— پەرمان، ناغرىچىلار چېكىنىش ناغرىسى چالسۇن!

مىڭلىغان ئاتلىق لەشكەرلەر ئاتلىرىنىڭ بېشىنى دەرھال كەينىگە بۇرىدى. شۇ ھامان ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان پىيادە لەشكەرلەر ئارقىسىغا چېكىنگەن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاستىدا دەسسىلىپ، چەيلىنىشكە باشلىدى. ئەمىر ئابدۇلقۇددۇسنىڭ تامنى ئۇلداش شەكلىدە تۈزگەن جەڭ سېپى پۈتۈنلەي بۇزۇلدى.

— ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار! — دېدى مىرزا ئاباباكرى ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ چېكىنگىنىنى كۆرۈپ.

مىرزا ئاباباكرىنىڭ ھەر يۈز ئاتلىق لەشكەرنى بىر توپ قىلىپ تۈزگەن تۆمۈر مۇشت شەكىللىك جەڭ سېپى قارىماققا پارچە - پارچە كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ھەر بىر توپ مەھكەم تۈگۈلگەن مۇشتقا ئوخشاش مۇستەھكەم ھەم ئەجەللىك ئىدى. خان لەشكەرلىرى بۇ ھۇجۇمغا پەقەتلا بەرداشلىق بېرەلمىدى.

جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تۇرشاۋۇللىرىنىڭ چېكىنىپ جەڭ سېپىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىنى توسۇيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى - دە، ھىماتچى قوشۇنغا چېكىنىش بۇيرۇقى بەردى.

ئاپئاق قارلىق دالا بىردەمدىلا قىپقىزىل قان بىلەن بويالدى. ئوق - تەتۈر سۇنايلىنىپ سايىنىڭ تېشىدەك ياتقان ساناقسىز جەسەتلەر بىردەمدىلا مۇز بولۇپ قاتتى.

ھەئە، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ ئۈچتىن بىر قىسىم لەشكەرلىرىنىڭ جەسىتىنى قارلىق دالىدا قالدۇرۇپ قالغان لەشكەرلىرى بىلەن يېكىسار قەلئەسىگە ئاران كىرىپ ئۈلگۈردى - دە، قەلئەنىڭ دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقىۋالدى. قىقاس - سۈرەن بىلەن قوغلاپ كەلگەن مىرزا ئاباباكرىنىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرى سېپىلنىڭ تۈۋىدە توختاشقا

مەجبۇر بولدى.

مىرزا ئابابەكرى يېڭىسار قەلئەسىنى ئۇدا ئۈچ كۈن قورشى-دى. بىرقانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ سېپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەمدى ئۇقيا ئېتىش نۆۋىتى خان لەشكەرلىرىگە كەلگەنىدى. ھەر قېتىم-لىق ھۇجۇمدا مىرزا ئابابەكرى يۈزلىگەن لەشكەرلىرىدىن ئايرى-لىپ قالدى. بۇنى ئاز دەپ ھاۋا تۇتۇلۇپ، سوغۇق باشقىچە كۈچە-يىپ كەتكەنىدى. تۆكۈرگەن تۈكۈرۈك يەرگە مۇز بولۇپ چۈشەت-تى. لەشكەرلەر جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيۋا-تاتتى. جاھىللىق بىلەن تىركىشىۋەرسە لەشكەرلىرىنىڭ بىر تە-رەپتىن يا ئوقىدا، بىر تەرەپتىن قاتتىق سوغۇقتا تامامەن قىرى-لىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن مىرزا ئابابەكرى قامالنى بو-شىتىپ، ياركەنتكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

※ ※ ※

مەغلۇبىيەتتىن قاتتىق خىجالەت بولغان ئەمىر ئابدۇلقۇد-دۇس بەگ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ يۈزىگە قارىيالمىدى.

«تەقدىرىم شۇنداق ئوخشايدۇ. ئالتۇن ساقال مىرزىنىڭ گې-پىگە كىرسەم بوپتىكەن. تۆھپە تالىشىپ ئۆزۈمنىڭمۇ، شۇنچىۋالا لەشكەرنىڭمۇ بېشىغا چىققىتىم. ياردار بولغان لەشكەرلەرمۇ ھەلەم بار. ئامان قالغان لەشكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ نۇسرەتلىك جەڭ قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس. بەلكىم يەنە جەڭ قىلىش تەلەپىمگە سەر ئەمىرمۇ قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. بۇنداق ھالەتتە ماڭلايسۆيە-دە تۇرغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ دەسلەپتە چوڭ سۆزلىمىسەم، جەڭ تەدبىرىنى بار مەسلىھەت تۈزسەم بوپتىكەن. ئەمدى خان ئالىيلى-رىنىڭ دەرگاھىغا بارغۇدەكمۇ يۈزۈم قالمىدى. تۆھپە، يۈز ـ ئاب-رۇي، مەنسەپ ـ مەرتىۋە، قايتا باش كۆتۈرۈشلەردىن ئېغىز ئې-چىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مەندىن ئازار يېگەن، رەنجىگەن ئە-

مىر ـ سەركەردىلەر خان ئالىيلىرىغا يامان گېپىمنى قىلىشقا
ئاران تۇرۇشىدۇ ھەقىچان. ياخشى سەگ ئۆلۈكنى ئىگىسىگە
كۆرسەتمەيدۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئەڭ ياخشىسى، باشقا تەرەپلەرگە
بېشىمنى ئېلىپ كېتەي. نام ـ ئاتىقىم مۇشۇنىڭ بىلەن بۇ ئالەم-
دىن غايىب بولسۇن...»

ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەنمۇ خوشلاشماي، نەگە باردى-
غانلىقىنىمۇ دېمەي، ئۈچ يۈز نەپەر خاس نۆكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ
يېڭىسارىدىن چىقىپ بەدەخشان يولىغا قاراپ ماڭدى. ھەئە، ئۇ
مەرھۇم ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى — بەدەخشان ئە-
مىرى سۇلتان مەھمۇد مىرزىدىن پاناھلىق تىلەشنى كۆڭلىگە
پۈككەندى.

## 88

مىلادىيە 1481 ـ يىلى، ئۆرۈك پىشىقى.

سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن سىر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىر-
زىنىڭ ئوتتۇز مىڭ لەشكىرى ياركەنت شەھىرىنى خۇددى ئۈزۈك-
نىڭ كۆزىدەك ھالقا قىلىپ قورشىۋالغىنىغا بۇگۈن تۇپتوغرا
ھەپتە بولغانىدى. شەھەر سېپىلىغا بارلىق لەشكەرلىرىنى چىقى-
رىپ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان مىرزا ئابابەكرى تېخىچىلا
جەڭگە چىقمايۋاتاتتى.

ھەئە، ئۆتكەن بىر يىل ياركەنت شەھىرى تىنچىمىدى. ئە-
مىر ئابدۇلقۇددۇس بەگ يېڭىساردا قاتتىق يېڭىلىپ بەدەخشانغا
كەتكەندىن كېيىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئامان قالغان ئون
مىڭغا يېقىن لەشكىرىگە يېڭىدىن يىغقان يىگىرمە مىڭ چېرىكى-
نى قېتىپ، ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ ئەتىياز

كىرىشى بىلەن ياركەنتكە لەشكەر تارتقان بولسىمۇ، ئۆزىگە ھەمـ-
ـدەم بولغۇدەك ئىقتىدارلىق، تەدبىرلىك سەركەردىلىرى بولمىغاچـ-
ـقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى جەڭ كۆرۈش
تۇگۇل، جەڭ ماھارىتىنىمۇ تۈزۈك مەشىق قىلمىغان، جەڭ قورالـ-
ـلىرىنىمۇ ئەپلەپ تۇتۇشنىمۇ بىلمەيدىغان يېڭى لەشكەرلەر بولـ-
ـغاچقا، ئۇنجى قېتىملىق جەڭدىلا تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولدى.
مىرزا ئاباﺑەكرىنىڭ يالغان ـ ياۋىداقلار بىلەن تولغان بىر پارچە
خېتىگە ئىشىنىپ، قول ئاستىدىكى ئىقتىدارلىق ئەمىر ـ سەرـ-
ـكەردىلىرىنى قوغلىۋەتكىنىگە تولىمۇ ئەپسۇسلاندى، پۇشايمان يېـ-
ـدى. ئايجامال ئاغىچا بولسا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش تۇگۇل ئوغـ-
ـلىنىڭ قىلغان ۋاپاسىزلىق، تۈزكورلۇقىدىن قاقشاپ، يىغلاشتىن
باشقىغا يارىمىدى.

ئەمىر ئابدۇلقۇددۇس بەگنىڭ بەدەخشانغا كەتكەنلىكىدىن،
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ رىياكار ئۆگەي ئوغلىغا تەڭ كېلەلـ-
ـمەيۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان يۇنۇسخان كۆزگە يېقىن
ئون بەش مىڭ لەشكەر بىلەن قەشقەرگە كەلدى ۋە قەشقەردىكى
لەشكەرلەر بىلەن بىرلىكتە ياركەنتكە يۈرۈش قىلدى. سۇلتان يۇـ-
ـنۇسخاننىڭ شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن
خەۋەر تاپقان مىرزا ئاباﺑەكرى ئالدىن پۇختا تەييارلىق كۆرۈۋالغاـ-
ـنىدى. ئۇ تاغىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا باشچىلىقىدىكى قەشقەر
لەشكەرلىرى بىلەن كارى بولماي، ئۇزاق يول يۈرۈپ كەلگەن
سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ لەشكەرلىرىنى ئاساسلىق ھۇجۇم نىشانى
قىلدى ـ دە، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بۇ لەشكەرلەرگە ئارام ئېـ-
ـلىۋېلىشقا پۇرسەت بەرمىدى. شۇ سەۋەبتىن سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ
لەشكەرلىرى جەڭگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. لەشكەرلىرىنىڭ كۆپـ-
ـلەپ تالاپەتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇلتان يۇنۇسخان
ئىلاجسىز قەشقەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

ـــ مىرزا ئاباﺑەكرىنى سەل چاغلاپ ئاز لەشكەر بىلەن كېلىپ
قاپتىمەن. سىلى يېڭىسار قەلئەسىنىڭ مۇداپىئەسىنى چىڭىتىپ

قەشقەرنى مەھكەم ساقلىسىلا. ئاللاھ خالىسا كېلەر يىلى زور قوشۇن بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭ ئىشىنى بىر يوللا تاماملايلى، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان قەشقەردىن كېتەر ۋاقتىدا.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ياركەنتكە لەشكەر تارتىپ بېرىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، يېڭىسار قەلئەسى بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى ناھايىتى پۇختىلىدى. ئۇنىڭغىچە سوغۇق چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، مىرزا ئابابەكرى قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ كەلمىدى.

مانا بۇ يىل كۆكلەم كىرىشى بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئەمدىلىكتە ياركەنت شەھىرىنى قاتمۇقات قورشىۋالغانىدى.

ياركەنت شەھىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى قارلىغاچلىق ياردىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان خان قارارگاھى تولىمۇ تىمتاس ئىدى. بىر ھەپتىدىن بېرى مىرزا ئابابەكرى جەڭگە چىقماي يېتىۋالغانلىقى ئۈچۈنمۇ سۇلتان يۇنۇسخان كېسىلگەك[1] بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تايىنى يوق ئىشلار ئۈچۈنمۇ چېپىلاتتى. سەركەردىلىرىدىن تارتىپ ئاددىي خىزمەتكارلارغىچە ئۇنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ مېڭىشاتتى، پىچىرلىشىپ ياكى ئىما ـ ئىشارەتلەر بىلەن سۆزلىشەتتى. زۆرۈر مەلۇماتلىرى بولمىسا سەر چېدىرغا كىرىشكە، خانغا كۆرۈنۈش قىلىشقا ھېچكىم پېتىنالمايتتى. بىر ھەپتىدىن بېرى توختىماي ھۇجۇم قىلىپمۇ شەھەرنى ئالالمىغانلىقى سۇلتان يۇنۇسخانغا قاتتىق ھار كەلگەنىدى. سەركەردىلىرىنى بوشاڭلىقتا ئەيىبلەيتتى، تومۇز قۇياشى زېمىنغا ئوت پۈركۈيتتى، ئەتراپ بىر تال چوغ تاشلىسا ئوت كەتكۈدەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق ئىدى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ مىدىرلىمايتتى. ئوچۇقچىلىقتا بىردەم تۇرغىلى بولمايتتى. لەشكەرلەر كۆيۈك ئاپتاپقا بەرداشلىق بېرەلمەي دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، يەكتەكلىرىنى

① كېسىلگەك — ئاچچىقى يامان، تېرىككەك.

باشلىرىغا سايىۋەن قىلىپ ئاپتاپتىن دالدىلىنىشاتتى. سەركەردى-
لەر لەشكەرلەرنى چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ، تىل ـ ھاقارەت ياغ-
دۇرۇپ مىرزا ئابابەكرىنى جەڭگە ئۈندەشكە بۇيرۇيتتى. چاناش[①]
لىرىدىكى سۇلارنى ئالىقاچان ئىچىپ بولغان لەشكەرلەرنىڭ گال-
لىرى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، سۈرەن سالغۇدەك، تىل ـ ھاقارەت
ياغدۇرغۇدەك ھەپسىلىسى قالمىغانىدى. چاغداۋۇل[②] قوشۇنىنىڭ
لەشكەرلىرى ئەپكەشتە سۇ توشۇپ كېلىپمۇ لەشكەرلەرنىڭ ئۇس-
سۇزلۇقىنى قاندۇرالمايۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر قېتىملىق ھۇجۇمى-
نى سېپىلنىڭ ئۈستىدىن يامغۇردەك ئېتىلغان يا ئوقلىرى چې-
كىندۈرەتتى. تومۇز ئىسسىق، ئۇسسۇزلۇق، ئۈنۈمسىز ھۇجۇم
لەشكەرلەرنىڭ روھىنى چۈشۈرۈۋەتكەنىدى.

قۇچاق يەتكۈسىز چىنارنىڭ سايىسىغا تىكىلگەن سۇلتان يۇ-
نۇسخاننىڭ يىپەك چېدىرى بەكمۇ تىنچىق ئىدى. ئىككى مەھرەم-
نىڭ توختىماي يەلپۈشلىرى، مۇز ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن قېتىق
دوغ سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى باسالمايۋاتاتتى.

«يا پاناھ، جاھاندىكى ئاپتاپنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بېشىمىز-
غا چۈشۈۋاتامدۇ نېمە؟ جاھانغا ئوت كېتىدىغاندەك ئىسسىق بو-
لۇۋاتىدۇ ـ يا. ئاۋۇ مىرزا ئابابەكرى دېگەن بەدرەكمۇ جەڭگە چىق-
ماي يېتىۋالدى دېسە. سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ بۇنداق ئىس-
سىقتا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىۋالغان چېغى. ئەسلىدە
بىر ئاي بۇرۇنراق ياكى بولمىسا تايىنلىق كۈزدە لەشكەر تارتىپ
كەلسەم بوپتىكەن. بۇ يىل يازنىڭ بۇنداق تىنچىق بولۇشىنى پە-
قەتلا ئويلىماپتىمەن. ئەمدى بولغاندا لەشكەر چېكىندۈرسەم ئول
بەدرەكنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ قالىدۇ، سەركەردە ـ لەشكەر-
لەرنىڭ جاسارىتىمۇ سۇنىدۇ. قامال قىلىپ تۇرۇۋېرەي دېسەم
لەشكەرلەر ئىسسىققا چىدىمايۋاتىدۇ. كۈزدىن ئۇنى سەل چاغلاپ
ئازغىنە لەشكەر ئېلىپ كەلگەن ئىكەنمەن، مانا ئەمدى ئۈچ تۈمەن

① چاناش ـــ سۇ قاچىلايدىغان تېرە خالتا، تۇلۇم.
② چاغداۋۇل ـــ ئارقا سەپ مۇلازىمەت قوشۇنى.

لەشكەر بىلەن كېلىپ تۈزۈك جەڭ قىلمايلا چېكىنسەم كۆلكىگە قالمامدىمەن؟...»

ــ مەلۇم بولغاي. سەر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرى كەلدى.

سۇلتان يۇنۇسخان خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈردى.

ــ ئىجازەت.

ــ قىبلىگاھىمىزغا ئېھتىرام بولغاي، ــ دېدى ھايال بولماي چېدىرغا كىرىپ كەلگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سالام بېرىپ.

ــ كەلسىلە سەر ئەمىر.

سۇلتان يۇنۇسخان بىرئاز قىمىرلاپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا يېنىدىن جاي كۆرسەتتى.

مەھرەم بىر چىنە دوغ ئېلىپ كىرىپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا تۇتتى. ئۇسساپ كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دوغنى بىر تىنىقتىلا گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

ــ بۇنداق ئىسسىق بولغىنىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ئالەم ــ جاھان تونۇردەكلا بولۇپ كەتتى ــ يا، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا چىنىنىڭ تۈۋىدە سۈزۈلۈپ قالغان مۇز پارچىلىرىنى گاراچلىتىپ چاينىغاچ.

ــ شۇنى دېسىلە، ئازراق شامال چىققان بولسا كاشكى، ــ دېدى يۇنۇسخان، ــ لەشكەرلەرگە جاپا بولدى ــ دە، ئول مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇ كۇنلەردە جەڭگە چىقىدىغان ئەلپازى باردەكمۇ؟

ــ چاشقاندەك ئىنىدىن چىقمايۋاتىدۇ، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ــ نەدىن تاپتىكىن ئول قارغىشتەگكۈر شۇنچە كۆپ مەرگەنلەرنى، بىر تال ئوقىمۇ زايا كەتمەيدىكەن دېسىلە. سەركەردە ــ لەشكەرلىرىمىز شۇنچە ھۇجۇم قوزغاپمۇ سېپىلنىڭ تۈۋىگە پەقەتلا يېقىنلىشالمايۋاتىدۇ.

ــ شەھەرگە كىرىدىغان بارلىق ئېرىق ــ ئۆستەڭلەرنىڭ

سۇيىنى توختىتىۋەتكىنىمىزگە ئىككى كۈن بولدى. بۇنىڭمۇ پايدىسى بولماپتۇ ـ دە، ـــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ئۈمىدسىزلىنىپ.

ـــ شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلاردىن ئۇقۇشىمىزچە، ياركەنت شەھىرىدە چوڭ ـ كىچىك بولۇپ يۈزگە يېقىن كۆل بار ئىكەن. ئاشۇ كۆلنىڭ سۈيى شەھەر ئاھالىسىنىڭ بىر ئاي ئىچىشىگە بەمالال يېتىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ھويلىسىدا چاچاپلىق قۇدۇقى بار ئائىلىلەرمۇ ھەلەم بارمىش، سۇ بىلەن ئابابەكرى مىرزىنى قورقۇتقىلى بولمىغۇدەك.

ـــ مۇنداق دېسىلە، ـــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان لاسىدە بولۇپ.

ئارىنى بىرپەس سۈكۈنات قاپلىدى. ۋۇجۇدىنى ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالغان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كاللىسى شۇ تاپتا قۇپقۇرۇق ئىدى.

ـــ لەشكەرلەرگە ئىسسىق ئۆتۈپ كەتكەن چېغى، كۆپىنچىسىنىڭ ئىچى سۈرۈپ كېتىپتۇ. تېۋىپ ـ جەرراھلار بۇنداق كېتىۋەرسە لەشكەرلەر ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىدۇ، ھەتتا كىسەل تارقاپ ئۆلۈم ـ يېتىم كۆپىيىپ كېتىشى مۇمكىن دېيىشىۋاتىدۇ.

سۇلتان يۇنۇسخان بىردىنلا قاپىقىنى تۈردى:

ـــ ئاغرىققا ئامال قىلىش ئۇل تېۋىپلارنىڭ ۋەزىپىسى. ئەجەبا ئۇلار شۇنچىلىك راخىنا[1]غىمۇ ئامال قىلىشالمامدىكەن؟

ـــ دورا تەييارلاۋاتىدۇ. ئەمما لەشكەرلەر ئاپتاپتا تۇرۇۋېرىسە راخىنا دورىسىمۇ كار قىلمايدۇ دېيىشىۋاتىدۇ.

سۇلتان يۇنۇسخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆزىگە قەھرى بىلەن تىكىلدى:

ـــ قامالنى بوشىتايلى دېمەكچىمۇ سىلى؟

ـــ يوقسۇ، ـــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بېشىنى تەۋازۇ بىلەن ئېگىپ، ـــ لەخمە كولاپ سېپىلنى پارتلىتايلىمىكىن دەيمەن...

① راخىنا ـــ ئىچ سۈرۈكى.

— بۇرۇنراق شۇنداق دېسلە بولمامدۇ، — سۇلتان يۇنۇس-
خاننىڭ چىرايى قايتىدىن مۇلايىم تۇس ئالدى، — بۇ بولىدىغان
تەدبىركەن. نەچچە تۈمەن لەشكەر ئۈچۈن نەچچە ئون لەخمىنى
كولىماق ئانچە تەس ئەمەس، بىر تەلپەكتىن توپا توشۇسىمۇ سې-
پىلنىڭ تۈۋگە بىردەمدىلا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلاي-
لى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ يەنە قانداق كارامىتى باركىن. راخىنا بو-
لۇپ قالغان لەشكەرلەر سايىدا ئارام ئالسۇن، قالغانلار دەرھال
لەخمە كولاشقا تۇتۇنسۇن.

※ ※ ※

خان لەشكەرلىرىنىڭ لەخمە كولاشقا كىرىشكەنلىكىدىن خە-
ۋەر تاپقان مىرزا ئابابەكرىنىڭ خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى، قاتتىق
چۆچۈپ كەتتى.

— ئۇلار لەخمىنى شەھەرنىڭ قايسى تەرىپىدىن كولاۋېتىپ-
تۇ؟

— خان لەشكەرلىرى بەجايىكى چۇمۇلىگە ئوخشاش شەھەر-
نىڭ ھەممە تەرىپىدىن ياپسا لەخمە كولاۋاتىدۇ ئالىيلىرى، — دې-
دى قۇر بېگى① مىرزا ھېلىم بەگ بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن ئېگىپ.

مىرزا ئابابەكرىنى غەم باستى. ئۇ ئۈچ - تۆت كۈندىن بېرى
خان لەشكەرلىرىنىڭ ئانچە - مۇنچە سورەن - چۇقان سېلىپ،
تىل - ھاقارەت ياغدۇرۇپ، ناغرا چېلىپ جەڭگە ئۈندەپ قويغىنى
بىلەن، تومۇز ئىسسىق،كۆيۈك ئاپتاپقا بەرداشلىق بېرەلمەي بار-
غانسېرى سولىشىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپ خېلىلا خاتىرجەم
بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ مۆلچىرىچە بولغاندا ئىسسىق مانا مۇ-
شۇنداق ھالەتتە يەنە بىر ھەپتە داۋاملاشسا سۇلتان يۇنۇسخان
لەشكەرلىرىنى چېكىندۇرۇپ كېتىشى ياكى ئىسسىققا بەرداشلىق
بېرەلمىگەن لەشكەرلەر جەڭگاھتىن قېچىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ-

① قۇر بېگى — مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ بېگى.

ڭا ئۇ جەڭگە چىقماي خان لەشكەرلىرىنىڭ بىزار بولۇشىنى ساقلاۋاتاتتى. كۈتۈلمىگەندە ئۇلارنىڭ لەخمە كولاشقا كىرىشىشى ئۇنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى.

«سۇلتان يۇنۇسخان لەخمە كولاپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ شەھەرگە لەخمە ئارقىلىق كىرمەكچى بولۇۋاتقانمىدۇ ـ يا؟ ھەر بىر لەخمە ئاغزىغا تۆتتىن لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسام لەخمە ئېغىزى ئۇلارنىڭ ئۆلۈكى بىلەنلا ئېتىلىپ قالىدۇ. ھېچبولمىغاندا سامان دۆۋىلەپ ئوت قويۇپ بەرسەم ھەرگىز ئالدىغا ماڭالمايدۇ...»

مىرزا ئابابەكرى بۇ خىيالدىن مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

«بىراق، شۇنچىۋالا كۆپ لەخمە ئېغىزىنىڭ نەدىن چىقىشىنى مۆلچەرلىمەك تەس. يۇنۇسخاننىڭ لەشكەرلىرى بەكمۇ كۆپ، پەقەت ئىككى لەخمە ئېغىزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇتاشتۇرۇۋالسىلا چوڭ ئاپەت بولىدۇ. ناۋادا لەخمە ئارقىلىق سېپىلنى پارتلاتسىچۇ؟...»

مىرزا ئابابەكرى بۇ خىيالدىن چۆچۈپ كەتتى، چىرايىنى يەنە غەم بۇلۇتلىرى قاپلىدى.

«شەھەرنى پەقەت لەشكەرلەر بىلەنلا ساقلاش مۇمكىن. شەھەردىكى رەئىيەتكە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. خان لەشكەرلىرى شەھەرگە كىرسىلا ئاۋام شۇلارغا بولۇشىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، خان لەشكەرلىرىنىڭ لەخمە كولىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋەرمەي. ئۇلارنىڭ سانى كۆپ بولغىنى بىلەن بىر ھەپتىدىن بېرى ئاپتاپقا قاقلىنىپ سولىشىپ كەتتى، ھازىر ئىلگىرىكىدەك جاسارىتىمۇ يوق. ئەمدى يەنە ساقلاۋەرسەم خان لەشكەرلىرىنىڭ لەخمە كولاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمگە ۋەھىمە پەيدا بولۇپ قالمىسۇن. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپتىكەن. نۇسرەت قازانسام تېخى ياخشى. ناۋادا كۈچ ئىلىشالماي قالغۇدەك بولسام دەرھال چېكىنىپ، ياركەنت دەرياسىنى مۇداپىئە توسۇقى قىلىپ، پوسكامغا قارارگاھ قۇرارمەن. دەرياغا ھازىر كەلكۈن كېلىۋاتىدۇ. ياركەنت شەھىرى-

ـدىكى مەغلۇبىيەتنى ياركەنت دەرياسى بويىدا نۇسرەتكە ئايلانـ
ـدۇرارمەن. ئاۋۋال بىر ئىلىشىپ كۆرەي...»
مىرزا ئابابەكرى قەددىنى رۇسلىدى:
ــ پەرمان!
باش ــ ئاخىرى يوق خىياللارغا غەرق بولۇپ ئولتۇرغان ئەـ
ـمىر ــ سەركەردىلەر گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قول باغلاشـ
ـتى.
ــ بارلىق سەركەردىلەر ئۆز لەشكەرگاھىغا قايتىپ ھازىرلىق
كۆرگەي، ناماز دىگەر ۋاقتى بىلەن جەڭگە چىقىمىز.
ــ پەرمانبەردارمىز! ــ دېيىشتى ئەمىرلەر تەڭلا.
ــ قۇربېگى مىرزا ھېلىمبەگ ئىلگىرىكىدەكلا شەھەر سىپـ
ـپىلىنىڭ مۇداپىئەسىگە مۇئەككەل بولغاي. بىرمۇ ياۋ لەشكىرىنى
سېپىلنىڭ تۇۋىگە يېقىن يولاتمىغاي. مەگەركى ياۋ لەشكەرلىردـ
ـدىن بىرەرسىنىڭ سېپىلغا ياماشقانلىقى سېزىلىپ قالسا كاللىسى
بىلەن جاۋاب قىلىدۇ.
ــ باش ئۈستىگە! ــ دېدى قۇربېگى.
ــ سۇپەرچىلەر[1] ئالدىدا مېڭىپ كاماندازلارنى مۇھاپىزەت
قىلغاي. كاماندازلارنىڭ كەينىدىن چەۋەندازلار سەپراس بولغاي!
ــ باش ئۈستىگە! ــ دېيىشتى ئەمىرلەر يەنە بىر قېتىم.
مىرزا ئابابەكرى خوتەننى ئالغاندىن كېيىن ئەسىرگە چۈشكەن
خوتەن لەشكەرلىرى بىلەن ياركەنت لەشكەرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ
خىلىلا كۆچىيىپ قالغانىدى. لەشكەرلەرنى قورال ــ ياراغ ئىشلىـ
ـتىش ماھارىتى بويىچە سۇپەرچى، كاماندار، چەۋەنداز دەپ بىرقانـ
ـچە تۈرگە ئايرىدى. سۇپەرچى قوشۇندا قىلىچ ئوينىتىش ماھارىتى
ئالاھىدە يۇقىرى ئۈچ مىڭ شەمشەرۋاز بار ئىدى، ئۇلارغا يەنە
ئىككى مىڭ نەيزىۋازنى ھەمدەمچى قىلدى. ئوقيا ئېتىش ماھارىتى
ئالاھىدە يۇقىرى ئىككى مىڭ مەرگەننى تاللاپ كاماندار قوشۇن
تەشكىللىدى. كېيىن ھەرقايسى يۇرت ــ بەگلىكلەردىن مىڭ نەپەر

① سۇپەرچىلەر ــ قالقانچى، قالغان كۆتۈرگەن لەشكەرلەر.

مەرگەننى تاللاپ كاماندازلارنىڭ سانىنى ئۈچ مىڭغا يەتكۈزدى ۋە ئۇلارغا ئات سەپلەپ بەردى. بۇ كاماندازلار جەڭنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ گاھى سۇپەرچىلەر بىلەن بىر سەپ، گاھى چەۋەندازلار بىلەن بىر سەپ بولاتتى، سۇپەرچىلەر بىلەن بىر سەپ بولغاندا پىيادە جەڭگە چىقاتتى. بىر ھەپتىدىن بېرى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ لەشكەرلىرىگە مانا مۇشۇ كاماندازلار ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ھۇجۇمنى چېكىندۈرۈۋاتاتتى. چەۋەندازلار قوشۇنىدا بەش مىڭ ئاتلىق لەشكەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، سالما تاشلاش ماھارىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇندىن باشقا ئۈچ مىڭ نەپەر شەھەر مۇھاپىزەتچى قوشۇنى، مىڭ نەپەر ياساۋۇلى بار ئىدى. ئادەتتە ئۇلار ھىماتچىلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى.

※ ※ ※

مىرزا ئابابەكرىنىڭ تۇيۇقسىز جەڭگە چىققانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ بىر ھەپتىدىن بېرى ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغان سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن سەركەردىلىرى خۇش بولۇپ كېتىشتى.

لەشكەرلەرنى لەخمە كولاشقا بۇيرۇپ قويۇپ قارلىغاچلىق يار ئۈستىدىكى شاھ چېدىرىدا ئۆرۈك يەپ ئولتۇرغان ئەمىرلەر گۇرىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ــ چاشقان ئاخىرى ئىنىدىن چىقىپتۇ ـ دە.

ــ يۇخادىن چىققۇدەك بىر مەيدان جەڭ قىلايلى.

ــ بۇگۈن شەھەرنى ئالمىساق ھېساب ئەمەس.

ــ خەپ شۇك. خەپ شۇك، ــ سۇلتان يۇنۇسخان ئەمىر ـ سەركەردىلەرنى ھاياجان بىلەن ئەدەپكە بۇيرۇدى، ــ جانابى باھادىرلار بۇگۈن يېگانە قۇدرەت ئىگىسى شەھىرى ياركەنتنى زابىت[1] قىلىشىمىزنى بۇيرۇغان ئوخشايدۇ، ئۇل بەدرەك جەڭگە چىققان بولسا بىزمۇ دەرھال سەپ تۈزىلى. كىمكى ئول تۈزكور مىرزا ئا-

① زابىت ــ قولغا ئېلىش، ئىستېلا قىلىش.

بابەكرىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئەكەلسە ياكى شەھەرگە بىرىنچى بولۇپ باستۇرۇپ كىرسە، مىرزا ئابابەكرىنىڭ خەزىنىسىنىڭ يېرىمى شۇنىڭ بولىدۇ. ئۇل بەدرەكنىڭ مەلىكە ھۆسنىگار خېنىمدىن باشقا ئاغىچا ـ توقاللىرىنى خالىغانچە تاللىۋالسا بولىدۇ. مەنسەپ ـ مەرتىۋىسى دەرىجە ئاتلاپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

ئەسلىدىمۇ جەڭگە ئالدىراپ تۇرغان سەركەردىلەر خاننىڭ بۇ پەرمانىنى ئاڭلاپ تۇرالمايلا قېلىشتى.

ــ قىبلىگاھىمىزغا مەلۇم بولغاي، ــ دېدى مىرزا ئەلەم شەيخ باھادىر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ مىرزا ئابابەكرى شەھەرنىڭ قالغات دەرۋازىسىدىن جەڭگە چىقىپتۇ. كەمىنىلىرىنىڭ لەشكەرلىرى پەرمانلىرىغا بىنائەن قالغات دەرۋازىسىغا قارارگاھ قۇرغان. شۇڭا تۇرشاۋۇللۇقنى كەمىنىلىرىگە بەرسىلە، باشقا سەركەردىلەر ھەمدەمچى بولسا.

سۇلتان يۇنۇسخان ۋەدە قىلغان ئىنئاملارنى ئۆگچە قولغا كەلتۈرۈش تەمەسىدە ۋەسۋەسىگە چۈشكەن مىرزا ئەلەم شەيخ باھادىر قەتئىيلىك بىلەن خانغا تىكىلدى. بىر ھېسابتا ئۇنىڭ تەلىپى ئورۇنلۇق ئىدى. چۈنكى، سۇلتان يۇنۇسخان بارلىق لەشكەرلىرىنى بەش تارامغا بۆلۈپ، ياركەنت شەھىرىنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسى، ئاقسۇ دەرۋازىسى، قاغىلىق دەرۋازىسى[1]، مەسخىرە دەرۋازىسى، قالغات دەرۋازىسىدىن ئىبارەت بەش دەرۋازىسىغا جايلاشتۇرغاندى. مىرزا ئەلەم شەيخ باھادىر دەل قالغات دەرۋازىسىغا جايلاشقان قوشۇننىڭ ئەمىرى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ئاڭلاپ باشقا سەركەردىلەر كۆڭلىدە نارازى بولۇشقان بولسىمۇ، ئالدىراپ بىر نېمە دېيەلمىدى.

سۇلتان يۇنۇسخان باشقىچە لەشكىرىي ئورۇنلاشتۇرۇش قىلسا سەركەردىلەر ئارىسىدا كۆڭۈل ئاغرىقى پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋ لەشكەرلىرى جەڭگە چىقىپ بولغان ۋاقىتتا قايتا لەشكىرىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ

① قاغىلىق دەرۋازىسى ــ كېيىن «خانىقا دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان.

ئەپسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ــ ئىجازەت. ئەلەم شەيخ باھادىر تۇرشاۋۇل بولغاي!

باشقا سەركەردىلەرنىڭمۇ جەڭگە چۈشكىسى بولسىمۇ، ئەلەم شەيخ باھادىرنىڭ تۆھپە تالاشتى، دەپ رەنجىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ جىم تۇرۇۋېلىشتى. بۇنى سەركەردىلەرنىڭ تۇرشاۋۇللۇق تەگمىگەنلىكى ئۈچۈن باتىنغانلىقى، دەپ چۈشەنگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

ــ ئالىيلىرى ئىجازەت بەرسە، مىرزا ئەلەم شەيخ باھادىرنى ھىمات قىلاي.

ــ ھاجەتسىز، ــ ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى ئەلەم شەيخ باھادىر، ــ سەر ئەمىر جانابلىرى يەنىلا مەسخىرە دەرۋازىسىنى قامال قىلغاي. كەمىنىلىرى تۈزكور مىرزا ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچتۇرۇپ بېرىمەن. ئۇنىڭغىچە باشقا سەركەردىلەر ھىماتچى بولىمەن دەپ لەشكەر يۆتكەپ يۈرمىگەي.

ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى ھىماتچى بولۇۋېلىپ تۆھپىگە شېرىك بولماقچى، دەپ خاتا چۈشەنگەنىدى. ئەسلىدىمۇ ئوردا لەشكىرىي دىۋاندىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ ماڭلايسۆيە ئەمىرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا قورساق كۆپۈكى بار ئىدى. سۇلتان يۇنۇسخاننى ئۇنىڭغا ھوقۇق ـ ئىمتىيازنى زىيادە بېرىۋەتتى، دەپ پىتنە قىلىشاتتى. ئىسيان بايرىقى كۆتۈرۈپ چەتنىپ سەلتەنەتكە يۈت ئاتقان مىرزا ئابابەكرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ جىيەنى ھەم ئۆگەي ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئوچۇق ـ ئاشكارا ئاغزىدىن چىقىرىشمىغىنى بىلەن، كۆڭلىدە بۇ رىياكارلىقنىڭ باش سەۋەبكارى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، دەپ قارىشاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ جەڭدە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن ھەمكارلىشىشنى، غەلىبە ـ نۇسرەت، ئەجىر ـ تۆھپىگە ئۇنى شېرىك قىلىشنى خالىمايتتى. شۇ سەۋەبتىن گەرچە ئەلەم شەيخ باھادىرنىڭ مەرتىۋىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن

تۆۋەن بولسىمۇ، خانىنىڭ ئالدىدا ئاشۇنداق چوڭ سۆزلەشكە پېتىنغانىدى. بۇ ئەدەپسىزلىككە مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇكۇت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەس ـ يادى مىرزا ئابابەكرىنى تېزرەك يوقىتىپ، خەتەرلىك ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇشتا قالغان سۇلتان يۇنۇسخان بولسا بۇ ئىشلارنى ئانچە ئىنچىكىلەپ كەتمىدى.

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۇ ئەلەم شەيخ باھادىرنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ، — باشقا سەركەردىلەر ئۆز قارارگاھلىرىدا پەرمان كۈتۈپ تۇرغاي. ئەلەم شەيخ باھادىرنىڭ تۇرشاۋۇللىرىغا قەلبىتىكى پىيادە سەرۋازلار ھىماتچى بولغاي.

— پەرمانبەردارمىز!

سەركەردىلەر دەرھال ئۆز قارارگاھلىرىغا قاراپ ئات سېلىشتى.

※ ※ ※

شاھ چېدىرىدا سۇلتان يۇنۇسخان بىرقانچە مۇشاۋۇرلىرى بىلەن قالغانىدى.

— بۇ تىنچىق چېدىرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغىچە چىقىپ جەڭنى تاماشا قىلمامدۇق ئالىيلىرى، — دېدى ئوردا مۇنەججىمى. بۇ يەردە تۇرۇپ جەڭنىڭ ئەھۋالىنى تازا ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىكەن.

بۇ تەكلىپكە باشقىلار بىر ئېغىزدىن ئاۋاز قوشتى:

— شۇنداق قىلايلى ئالىيلىرى. ئالدىمىزدىكى ئاۋۇ تۆپىلىكتىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغاندەك قىلىدۇ. سىلىنى كۆرسە لەشكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاشىدۇ.

— جەڭنى تاماشا قىلغاچ سەركەردە ـ لەشكەرلەرگە مەدەت بەرگەيلا.

مۇشاۋۇرلارنىڭ تەكلىپى تىنچىق چېدىردا ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغان سۇلتان يۇنۇسخانغا ياغدەك ياقتى.

— ئوبدان گەپ بولدى، شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — ئول تۈزكور بەدرەكنىڭ شەرمەندىلەرچە يېڭىلگىنىنى تاماشا قىلىشمۇ ھوزۇر.

سۇلتان يۇنۇسخان جەڭ كىيىملىرىنى كىيىمەستىن مۇشاۋۇر ـ مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە بارگاھتىن چىقتى. قارلىغاچلىق ياردىن ئانچە يىراق بولمىغان تۆپىلىكتىن قالغاس دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىقتا بولۇۋاتقان جەڭنى ھەقىقەتەن ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. شۇ تاپتا ئىككى قوشۇننىڭ كاماندازلىرى ئۆز سەپلىرىدە تۇرۇپ ئوق ئېتىشىۋاتاتتى. مىرزا ئابابەكرى ھەر بىر مەرگەننىڭ ئالدىغا بىردىن سۇپەرچىنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، قارشى تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقلارنى سۇپەرچىلەر قالقانلىرى بىلەن توسۇۋېلىپ، ئارقىسىدىكى مەرگەنلەرنى مۇداپىئە قىلىۋاتاتتى. مەرگەنلەر بولسا ئالدىدىكى سۇپەرچىلەرنىڭ قولىدىكى قالقانلارنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ، رەقىبلىرىگە بىمالال ئوق ئۈزەتتى. ئەلەم شەيخ باھادىر مەرگەنلىرىنى ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، قارشى تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقلار ئۇلارنى باش كۆتۈرگۈزمەيۋاتاتتى. شۇڭا ئۇلار بىر تەرەپتىن رەقىبلىرىگە قارىتىپ ئوق ئۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن باش ئۈستىگە يېغىۋاتقان ئوقتىن مۇداپىئەلىنىشكە مەجبۇر بولۇۋاتاتتى.

— سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىز سەل ھودۇقۇپ قالغاندەك قىلىدۇ، سەل پەسكىراق چۈشۈپ ئۇلارغا كۆرۈنۈش قىلايلى، — دېدى يۇنۇسخان.

— شۇنداق قىلايلى. ئالىيلىرىنى كۆرسە لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتى ئاشىدۇ.

سۇلتان يۇنۇسخان مۇشاۋۇرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دۆڭدىن پەسكە چۈشتى. خاننىڭ جەڭ ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى چىققانلىقىنى كۆرگەن مىرزا ئەلەم شەيخ باھادىر قايتىدىن روھلاندى. كۆڭلىدە خاننىڭ كۆز ئالدىدىلا جەڭبازلىق ماھارىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ھەۋىسى غەلىيان كۆتۈردى ـ دە،

سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. ئۆزى سەپنىڭ ئالدىدا يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي ئاي قىلىچىنى پۇلاڭلاتقىنىچە شىددەت بىلەن ئات سالدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئىككى قوشۇننىڭ لەشكەرلىرى خۇددى دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك بىر ـ بىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇپ ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇر ـ چاپ سادالىرى پەلەككە يەتتى. سۇلتان يۇنۇسخان ئەلەم شەيخ باھادىر بىلەن سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتىدىن تولىمۇ زوقلاندى، ئىچىدە بارىكاللا ئېيتتى،

«ئەلەم شەيخ باھادىرنى چوڭ سۆزلەمدىكىن دېسەم، جاسارىتىمۇ شۇنىڭغا تۇشلۇق بار ئىكەن...»

كۈن ئولتۇرۇپ، غەربىي ئۇپۇق قان چېچىۋەتكەندەك قىزىرىشقا باشلىغانىدى. دەھشەتلىك قىر ـ چاپ داۋاملىشىۋاتاتتى. قىلىچ ـ نەيزىلەر بىسىدىكى قان ئۇپۇقتىن بالقىغان قىزغۇچ نۇردا تېخىمۇ بەك جۇلالىيتتى. شۇ تاپتا مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى مۇداپىئەدە، مىرزا ئەلەم شەيخ باھادىرنىڭ لەشكەرلىرى ھۇجۇم ھالىتىدە جەڭ قىلىۋاتاتتى ۋە ياۋنى بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن قالغات دەرۋازىسىغا قىستاۋاتاتتى. جەڭ قىلغانسېرى قىزىپ كەتكەن ئەلەم شەيخ باھادىر ياۋ سىپەرچى قوشۇنىنىڭ سەركەردىسىنى نىشانغا ئېلىپ ئات سالدى. سىپەرچى قوشۇنىنىڭ بۇ سەركەردىسىنىڭ شەمشەرۋازلىق ماھارىتى بەكمۇ يۇقىرى ئىدى. ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغان خان لەشكەرلىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا يىقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇۋالغانىدى. ھايال ئۆتمەيلا مىرزا ئەلەم شەيخ باھادىر ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇ سەركەردىسى پىيادە ئىدى. ئۇ ھەرقانچە چەبدەسلىك قىلىپمۇ ئات ئۈستىدىكى ئەلەم شەيخ باھادىرنىڭ قىلىچ ئۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى... شۇنىڭ بىلەن شاققىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. ئەلەم شەيخ باھادىر بولسا دەمبەسقەدەم ئات سالدى. قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سەركەردە شاققىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ، يېتىشىۋالاي دەپ قالغان ئەلەم شەيخ

باھادىرنىڭ ئىتتىنىڭ ئالدىغا قولىدىكى قىلىچنى ئاتتى. قىلىچ ئالدى پۇتىغا تەگدىمۇ ياكى ئۈركۈپ كەتتىمۇ ئەيتاۋۇر ئات بىرلا كىشنەپ ئۆرە بولدى. پۇتۇن ئەس ـ يادى بىلەن ياۋ سەركەردىسىدىگە قىلىچ ئۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان ئەلەم شەيخ باھادىر تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالماي ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭغىچە سەركەردىسىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرغان ئون نەچچە سۇپەرچى لەشكەر ئىتتىلىپ كېلىپ ئەلەم شەيخ باھادىرغا قىلىچ چاپتى. جەڭنى كۆزىتىپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرى ئەلەم شەيخ باھادىرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ چەۋەندازلىرىنى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. شۇ ھامان بەش مىڭ چەۋەنداز خان لەشكەرلىرىگە قاراپ ئات سالدى. سەركەردىسىدىن ئايرىلىپ قالغان خان لەشكەرلىرى بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن تەمتىرەشتى، جېنىنى ساقلاپ قېلىش كويىغا چۈشۈشتى. ئەلەم شەيخ باھادىرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ جەڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرگەن مۇشاۋۇرلار ۋەھىمىگە چۈشتى.

ــ لەشكەرلىرىمىز مىرزا ئابابەكرىنىڭ چەۋەندازلىرىغا تەڭ كېلەلمەيۋاتىدۇ ئالىيلىرى. بىزنىڭ ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇشىمىز خەتەرلىك. دەرھال يار ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ناغرا چالدۇرۇپ، باشقا قوشۇندىكىلەرنى ھەمدەمگە چاقىرايلى.

شۇ دەقىقىدە سۇلتان يۇنۇسخانمۇ شۇنداق ئويغا كەلگەنىدى. چۈنكى، يارنىڭ ئۈستىدە بىر قىسىم نۆكەرلىرى بىلەن تاۋاچى بەگ[1] ۋە ناغرىچىلار بار ئىدى. يار ئۈستىگە چىقىپ پەرمان بەرسىلا، تاۋاچى بەگ ناغرا چالدۇرۇپ، ئانچە يىراق بولمىغان قارارگاھتىكى سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى ھەمدەمگە چاقىراتتى.

ــ شۇنداق قىلايلى.

سۇلتان يۇنۇسخان دەرھال يارنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئات سالدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان ھىماتچى قوشۇن سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئارقىسىغا قاراپ

① تاۋاچى بەگ ــ جەڭ مەيدانىدا پەرمان يەتكۈزگۈچى.

ماڭغىنىنى كۆرۈپ، خان ئالىيلىرى قاچقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويـ ـلىدى ـ دە، بىردىنلا جەڭدىن رايى يېنىپ، جىنىنى ياقىغا ئېلىپ قېچىشقا باشلىدى. يارنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ناغرىچىلار بىلەن تاۋاچى بەگ بولسا خاننىڭ يارنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئات سېلىشى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ قاچقىنىنى كۆرۈپ، خاننىڭ كېلىشىنى كۈتمەيلا چېكىنىشكە باشلىدى.

سۇلتان يۇنۇسخان تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تاۋاچى بەگ بىلەن ناغرىچىلارنىڭ يوقلۇقىنى، تۆۋەندە جەڭ قىلىۋاتقان لەشـ ـكەرلەرنىڭمۇ قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇ باشقا قارارگاھتىكى قوشۇنلارنى ھەمـ ـدەمگە كېلىشكە پەرمان بېرىمەن دەپ ئارقىسىغا يېنىپ، جەڭ قىـ ـلىۋاتقان لەشكەرلەرگە خاتا تۈيغۇ بېرىپ قويغانلىقىنى پەقەتلا ھېس قىلالمايتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ چەۋەندازلىرى بولسا قاچـ ـقان خان لەشكەرلىرىنى تاشلاپ، سۇلتان يۇنۇسخاننى تىرىك تۇـ ـتۇۋېلىش ئۈچۈن تۆپىلىككە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئىشنىڭ چاتاقلىـ ـقىنى پەملىگەن سۇلتان يۇنۇسخان تۆپىلىكتىن ئانچە يىراق بولـ ـمىغان قارلىغاچلىق ياردىكى شاھ چېدىرىغا قاراپ ئات سالدى ۋە يېتىراپ كەتكەن لەشكەرلىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

ــ ھېچكىم چېكىنمىسۇن! ھەممەمچى قوشۇن ھازىرلا كېـ ـلىدۇ. بەرداشلىق بېرىڭلار. كىمىكى ئارقىسىغا بىر قەدەم ماڭىدىـ ـكەن، كالللىسى ئېلىنىدۇ!

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى جان قايغۇسىدا قالغان لەشكەرلەرنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ قارلىغاچلىق يارغا چىقىپ بولغۇچە، قوغلاپ كەلگەن ياۋ چەۋەندازلىرى يېتىشىۋالايلا دەپ قالغانىدى. تەرەپ ـ تەرەپكە يېتىراپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى توپلاشقا ئامالـ ـسىز قالغان سۇلتان يۇنۇسخان ساداقەتمەن، جاسارەتلىك نۆكەر بېشى بۇيانقۇلىنى سايرامدىكى ئوردىسىدا چوڭ ئوغلى خانزادە مەھمۇدخاننىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ قويغىنىغا پۇشايمان يېدى. مۇـ ـشۇنداق خەتەرلىك ۋەزىيەتتە بۇيانقۇلىنىڭ ئۇكشىيالايدىغانلىقىغا،

ئامال تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

«بوّيانقوّلىنى ئويلاۋەرمەي. پىتىراپ كەتكەن لەشكەرلەرنى ئەمدى بىر يەرگە جەمئىي قىلىش موّمكىن ئەمەس. ناغرىچىلارمۇ، تاۋاچى بەگمۇ قېچىپتۇ. ئۇلار بولمىسا باشقا قارارگاھتىكىلەرگە پەرمان يەتكۈزگىلى بولمايدۇ. ئەلەم شەيخ باھادىر چوڭ سۆزلىسە بەكلا ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. تەقدىر شۇنداقكەنمۇ دەيمەن. ئابابەكرى مىرزا دېگەن تۇزكورنىڭ تەلىيىمۇ ئوڭ كېلىۋەردى دېسە. ئەمدى چېكىنىش كېرەك. قەشقەرگە بېرىۋالغاندىن كېيىن قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، قايتا لەشكەر تارتىپ كېلەرمەن...»

سۇلتان يۇنۇسخان بەش يۈز نەپەر خاس نۆكىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئۇدۇل قەشقەرگە قاراپ ئات سالدى.

※ ※ ※

ياركەنت شەھىرىنىڭ باشقا دەرۋازىلىرىدا يەنە نۇرغۇن خان لەشكەرلىرىنىڭ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان مىرزا ئابابەكرى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان تەقدىردىمۇ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا ھەمدە سۇلتان يۇنۇسخاننىمۇ قوغلاپ تۇتالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ـ دە، دەرھال بىر ئامال ئويلاپ تاپتى.

ـــ پەرمان! بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلەر قوغلاشنى توختاتسۇن.

تاۋاچى بەگ ناغرا چالدۇرۇپ لەشكەرلەرنى يىغىۋالدى.

مىرزا ئابابەكرى پەرمان كۈتۈپ تۇرغان سەركەردىلىرىگە قارىدى:

ـــ مىرزا سەدىردىن قۇشچى، مىرزا ئەمىن قۇلبەگ!

ئىككى سەركەردە ئات ئۈستىدىلا بېشىنى ئېگىپ قول باغلىدى:

ـــ لەببەي ئالىيلىرى!

ـــ ئىككىڭلار دەرھال جەسەتلەر ئارىسىدىن چىراي ـ شەكلى

سۇلتان يۇنۇسخانغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئىككى كاللىنى كېسىۋېلىپ، يۈزىنى قانغا بوياپ، دەماللىققا قارىسا پەرق ئېتەلمىگۈدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، نەيزەڭلارنىڭ ئۇچىغا سانجىپ، بىرىڭلار قاغىلىق دەرۋازىسى تەرەپتىن، بىرىڭلار ئالتۇن دەرۋازىسى تەرەپتىن: «سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كاللىسىنى تاپشۇرۇۋالىدىغان نوچى بارمۇ؟ » دەپ سۈرەن سېلىپ، ياۋ قارارگاھىنى باسقىن قىلىڭلار. ياۋ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى خاننىڭ ئۆلگىنىگە ئىشەنمىسىمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈشى ئېنىق. ناۋادا ئۇلار جەڭ قىلىشقا رايى بارماي چېكىنسە دەرھال قوغلاڭلار، تاكى پەرمان بارمىغۇچە توختاپ قالماڭلار. مەنمۇ ئارقاڭلاردىن ھەمدەمچى لەشكەرلەرنى ئېلىپ يېتىشىۋالىمەن.

— باش ئۈستىگە!

مىرزا ئەمىن قۇلبەگ بىلەن مىرزا سەدىردىن قۇشچى ھەر بىرى ئىككى مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن ياۋ قارارگاھىغا قاراپ ئات سالدى.

ھەرقايسى دەرۋازىلارنى قامال قىلىپ قارارگاھ قۇرغان سەركەردىلەرنىڭ تۇرشاۋۇل بولالمىغانلىقى ئۇچۇن قورساق كۆپۈكى بار ئىدى. ئۇلار مىرزا ئەلەم شەيخ باھادىرنىڭ چوڭ ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسىتىپ ئەتىۋارلىنىپ كېتىشىنى خالاپ كەتمەيتتى. شۇڭلاشقا، كۆرۈنۈشتە سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ھەمدەمگە چاقىرىپ پەرمان بېرىشىنى كۈتكەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىشكە چاپارمەن ئەۋەتمەي ئارام ئېلىپ ياتقانىدى. پەقەت مەسخىرە دەرۋازىسىنى قامال قىلىپ قارارگاھ قۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىلا ساقلاپ تۇرۇۋېرىشكە كۆڭلى ئۇنىماي كېچىكىپرەك چاپارمەن ماڭغۇزغانىدى. ئەۋەتكەن چاپارمىنى قالغات دەرۋازىسىغا يېقىنلىشا ـ يېقىنلاشمايلا مىرزا ئەمىن قۇلبەگنىڭ باشتۇرۇپ كەلگەن ئاتلىق لەشكەرلىرىگە دۈچ كەلدى ـ دە، ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى. ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قېشىغا كېلىپ كۆرگەنلىرىدىن مەلۇمات

بېرىپ بولغۇچە، ھۇجۇمغا ئۇچرىغان قاغىلىق دەرۋازىسىدىكى لەشكەرلەر ئالدىقاچان پاتىپاراق بولۇشۇپ چېكىنىشكە باشلىغاندى.

ھەئە، مىرزا ئابابەكرىنىڭ يالغان كاللا ھىيلىسى ئۈيلىغىنىدىنمۇ بەك ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەندى.

مىرزا ئەمىن قۇلبەگىنىڭ لەشكەرلىرى بار ئاۋازى بىلەن توۋلايتتى:

ــ ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كاللىسىنى نەيزىمىزنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ قويدۇق. ئۇنى تاپشۇرۇۋالدىغان نوچى بولسا ئالدىمىزغا چىقسۇن!

مىڭلىغان ئاتلارنىڭ دۈكۈرلىشى، مۇدھىش نەرە ساداسى ۋە نەيزىنىڭ ئۇچىغا سانجىلغان قانغا بويالغان كاللا بىتۈيۈق تۇرغان سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكەنىدى. ئەلەم شەيخ باھادىر ياۋ لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىدۇ، دەپ تەمەدە ئولتۇرغان بۇ سەركەردە ـ لەشكەرلەر بۇ كۇتۇلمىگەن ھۇجۇمدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشقان ۋە جەڭ قىلغۇدەك جاسارىتىنى يوقاتقانىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ياۋ سەركەردىسىنىڭ نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا سانجىۋالغان كاللىنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا زەن سېلىپ قارىمايلا دەرھال چېكىنىشكە تەرەددۇتلاندى ۋە قارشىلىق كۆرسەتمەيلا قەشقەرنى نىشانغا ئېلىپ قاچتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ بولغۇچە قاغىلىق دەرۋازىسىدىن چېكىنگەن لەشكەرلەر يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن لەشكەرلىرىنىڭ ۋەھىمىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

ــ خان ئالىيلىرى شېھىت بوپتۇ.

ــ ياۋ سەركەردىسى ئالىيلىرىنىڭ بېشىنى نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا سانجىۋاپتۇ.

ــ قالغات دەرۋازىسى قارارگاھىدىكى سەركەردە ـ لەشكەر ـ

لەرنىڭ بىرىمۇ ھايات قالماپتۇ.

ـــ قاچايلى.

ـــ قەشقەرگە بېرىۋالايلى.

ـــ بۇ ئەھۋالدا قەشقەردىمۇ پاناھلىق تاپقىلى بولمايدۇ.

ـــ ئۇدۇل سايرامغا كېتەيلى.

ـــ يەتتە سۇغا كېتەيلى.

ـــ تۇرپانغا بارايلى.

ـــ ئىلىبالىققا بارايلى.

ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتمەيلا ئالامانغا قوشۇلۇپ قېچىشقا باشلىغان لەشكەرلىرىنى توسۇيالمىغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئىلاجسىز ئىتىنىڭ بېشىنى قەشقەر يولىغا بۇرىدى. ھەئە، ئۇ ئالدىرىمىسا بولمايتتى. قەشقەردە خوتۇن ـ بالىلىرى بار ئىدى. ئەڭ مۇھىمى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىشەنگەن قاچقۇن سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ قەشقەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

«شۇنداق. قەشقەرگە ئەڭ ئاۋۋال يېتىپ بېرىشىم كېرەك. بولمىسا قەشقەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭدىن، ۋەيرانچىلىقتىن ساقلاپ قالالمايمەن. خان ئالىيلىرىنىڭ مىرزا ئابابەكرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكىم ئۇل ھىيلىگەر بەدرەك ئاشۇ ھىيلە بىلەن ۋەھىمە پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. كىم بىلىدۇ، خان ئالىيلىرىمۇ قەشقەر يولىدىمۇ تېخى. ئىشقىلىپ قەشقەرگە ئەڭ ئاۋۋال يېتىپ بېرىۋالسام بۇ قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشىيالايمەن. ناۋادا خان ئالىيلىرى قازا قىلغان بولسا ئىككى خانزادىسى بار. تەخت ـ سەلتەنەت پاسىبانسىز قالمايدۇ. ئەلەم شەيخ باھادىرغا نېمىشقا يۈز ـ خاتىر قىلغان بولغىيتتىم. ھىمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇۋالغان بولسام خان ئالىيلىرىمۇ ياق دېمەيتتى. ئۆزۈمدىن ئۆتتى...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئىتىغا قامچا سالغاچ سەركەردىلىرىگە بۇيرۇق قىلدى:

ــ ئۆز لەشكەرلىرىڭلارغا ھېزى بولۇڭلار. ئىمكان بار چېپ-چىلىپ كەتمىسۇن. ئېتىڭلارنى قامچىلاڭلار. قەشقەرگە چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

ھەئە، مىرزا سەدىردىن قۇشچى نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا ئىلىنغان سۇلتان يۇنۇسخانىنىڭ «كاللىسى»مۇ ئالتۇن دەرۋازىسى قارارگاھىدىكى خان لەشكەرلىرىنى پۈتۈنلەي ساراسىمىگە سىلىۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ بۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن بەتتەر ئىدى.

يالغان كاللا ھىيلىسى بىلەن ئوتتۇز مىڭ لەشكەرنى پۈتۈنلەي تارمار قىلغان مىرزا ئابابەكرى سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە قاچقان ياۋنى توختىماي قوغلاشقا پەرمان بەردى.

※ ※ ※

سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قەشقەردە ئۇچراشتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئەھۋال سورىغۇدەك ھەپىسىلىسى يوق ئىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇلتان يۇنۇسخاننى كۆرۈپ «ياراتقان ئاللاھ ئىگەمگە شۈكرى» دەپ يەڭگىل نەپەس ئالدى. ئەمما خاننى خىجىل قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، مىرزا ئابابەكرىنىڭ «يالغان كاللا» ھىيلىسى بىلەن قوشۇننى پاراكەندە قىلغانلىقىنى، سەركەردە ـ لەشكەرلەرنىڭ ئىرادىسىنى، جاسارىتىنى سۇندۇرغانلىقىنى تىلغا ئالمىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇ ھىيلىسىدىن سۇلتان يۇنۇسخان قېچىپ كېلىۋېتىپ خەۋەر تاپقانىدى.

ــ ئول بەدرەك كەمەك ھەييارىنىمۇ بېسىپ چۈشكۈدەك ھىيلىگەر ئىكەن. يالغاندىن خان كاللىسى ياساپ لەشكەرلەرنى ساراسىمىگە ساپتۇ، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان يېرىلغۇدەك بولۇپ، ــ ئۆزۈمدىنمۇ ئۆتتى، ئەلەم شەيخ باھادىرنىڭ زەي سالماي ئاتقان لاپلىرىغا ئىشىنىپ قاپتىمەن. باشقا قارارگاھتىكى سەركەردىلەر-

نى ھىماتچى قىلسام بوپتىكەن. پەرمان بېرەي دېسەم ئۆلگۈر ناغ-
رىچىلار ئاللىقاچان جېنىنى ياقىغا ئېلىشىپتۇ. شۇنچىۋالا كۆپ
لەشكەرلەر تۇرۇپ تىرىقتەك چېچىلىپ كەتتى مانا.

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا ئالىيلىرى، — دېدى
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تەسەللى بېرىپ، — ئامان - ئېسەن تۇر-
غانلىقلىرىنىڭ ئۆزى تەخت - سەلتەنەتىمىزنىڭ تەلىيى. جەڭ
دېگەندە يېڭىش - يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. ئاۋۋال قەشقەرگە قاي-
تىپ كەلگەن لەشكەرلەرنى ئېدىتلاپ كۆرەيلى. قەشقەرنى ساقلاپ
قېلىش ھەممىدىن مۇھىم. سىلى ئارام ئېلىۋالسىلا.

سۇلتان يۇنۇسخانغا ھاردۇق يېتىپ، ئۆرە تۇرغىدەك ماجالى
قالمىغانىدى.

— ماقۇل ئەمىسە. ھەرقانداق ۋاقىتتا مېنى ئويغاتسىلا، —
دېدى ئۇ بىردەم يانپاشلىۋېلىشقا جاي ئىزدەپ.

قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئې-
نىقلاپ كۆرگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىنى پۈتۈنلەي
ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالدى. ھەئە، قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن
لەشكەرلەرنىڭ سانى بەش مىڭغىمۇ يەتمەيتتى. ئوتتۇز مىڭ لەش-
كەردىن ئۆلگىنى ئۆلۈپ، ھايات قالغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قەش-
قەردە توختاشقىمۇ رايى بارماي ئاقسۇ، ئىسسىقكۆل، سايرام تەرەپ-
كە قاراپ كېتىپ قالغانىدى.

— مەلۇم بولغاي، مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى يېڭى-
سارنى ئىشغال قىلىپ، ئۇدۇل قەشقەرگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ.

«ئەمدى خان ئالىيلىرىنى ئويغاتماي بولمىدى.»

مەڭدەپ ئويغانغان سۇلتان يۇنۇسخان مەلۇماتنى ئاڭلاپ قۇ-
لىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى.

— نېمە، شۇنچىۋالا لەشكەردىن ئاران تۆت - بەش مىڭى
قەشقەرگە كەپتۇما؟

— شۇنداق ئالىيلىرى، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا
بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، — ئۇلار ئابابەكرى مىرزىنىڭ يالغان

كاللا ھېيلىسىگە چىنپۇتۇپ قالغان چېغى. ئىشەنچسىز مەلۇ-
ماتلاردىن قارىغاندا، يەنە تۆت ـ بەش مىڭ لەشكەر ئاقسۇغا قاراپ
ماڭغان ئوخشايدۇ، قالغانلار...

— ئول تۇزكور بەدرەك يېڭىسار قەلئەسىنى ئىشغال قىلغان بولسا، قەشقەرگە ھەمساتتىلا يېتىپ كېلىدۇ، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئەمدى بىزگە قەشقەردە تۇرغۇدەكمۇ ئىمكانىيەت قالماپتۇ. دەرھال يولغا چىقىپ، ئاقسۇغا ماڭغان لەشكەرلەرگە يېتىشىۋالايلى. بولمىسا ئۇلار ئۇمىدسىزلىنىپ ئاقسۇدىنمۇ كېتىپ قالمىسۇن يەنە.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قەشقەردە قالغۇسى، مىرزا ئابا-بەكرى بىلەن يۈزمۇيۈز كۆرۈشۈپ ئۇنى بۇ تۇزكورلۇقتىن توسۇپ قالغۇسى بار ئىدى. ئەمما سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ غەم ـ تەشۋىشتە قالغان سۇلتان يۇنۇسخانغا بۇ خىيالىنى دېيىش-كە جۈرئەت قىلالمىدى. ھەئە، يۇنۇسخان ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشى، ئۇنى مەندىن يۈز ئۆرۈمەكچى ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئەمدى ئويلىنىپ تۇرۇۋۇشقا پۇرسەت يوق ئىدى، ھەر بىر دەقىقە ۋاقىت بەكمۇ قىممەتلىك ئىدى. ئۇ ئال-دىراپ ئۆز قەسرىگە يۈگۈردى. ئايجامال ئاغىچا ئۇنى قار ـ يام-غۇر يىغلاپ قارشى ئالدى.

— ئادەمنىڭ قورسىقىدىن ئارغامچا ـ توقۇناقتىن باشقىسى چۈشىدىكەن. باغرىمنى يېرىپ چىققان پەرزەنتىمنىڭ بۇنچىلا تۇزكورلۇق قىلىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن. بۇنداق بولارىنى بىلگەن بولسام، تۇغۇلغاندىلا دۇم قىلىپ زاكىسىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋېتەر-كەنمەن. سىلىگە يۈز كېلەلمەيمەن غوجام. خان ئالىيلىرىنىڭ دىدارىغا قارىغۇدەك يۈزۈم قالمىدى.

ئايجامال ئاغىچا چېچىنى يۇلۇپ يىغلايتتى.

— بولدى، ئۆزلىرىنى ئەيىبلەۋەرمىسىلە، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قاپىقىنى تۈرۈپ، — بەندىنىڭ خۇي ـ پەيلى تۇغۇل-غاندا مەلۇم بولمايدۇ. ئابابەكرى مىرزىنىڭ رىياكارلىقىغا سىلى

سەۋەبكار ئەمەس. ياراتقان ئىگىسى ئىنسابىنى بەرمىگەنىكەن. ئەمىرزادىلەر قېنى؟

— ئىچكىرى قەسىردە. سىلى بىلەن كۆرۈشۈشنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، چاقىرتايمۇ؟

— بولدى، ئۇلار بىلەن يولدا كۆرۈشەرمەن. ھازىرلا يولغا چىقمىساق بولمايدۇ. ئابابەكرى مىرزا ئاسىي قوشۇنى بىلەن قەشقەرگە قىلىچ يالىڭاچلاپ كېلىۋاتىدۇ. شول تاپتا ئىلكىمىزدە قەشقەرنى مۇداپىئە قىلغۇدەك لەشكەر يوق. ئوشۇق ـ تۆشۈك يۇك ـ تاقلارنى ئالماي، يەڭگىل جابدۇنۇپ تەييارلىق قىلسىلا. سەل تۇرۇپ مەپە ئەۋەتىمەن. خىزمەتكارلاردىن قېپقالغۇسى بارلارغا ئىجازەت.

— نەگە بارىمىز غوجام؟

— ئاقسۇغا، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا گەپنى قىسقىلا قىلىپ.

ئايجامال ئاغىچا مىشىلداپ يىغلىغىنىچە قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن ئىچكىرى قەسىرگە قاراپ ماڭدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ئۆگەي ئوغلى ئۆمەر مىرزىنىڭ قەسىرگە قاراپ ماڭدى.

ئۆمەر مىرزا ياركەنتتىن كۆزىدىن ئايرىلىپ قايتىپ كەلگەندىن بېرى، ھېچكىمگە ئارىلاشماي زاھىتلارچە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى.

— ئاقسۇغا بارمايمەن، — دېدى ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — سىلى ئانامنى، ئىنىلىرىمنى ئېلىپ كېتىۋەرسىلە.

— سىلىنى بۇ ھالەتتە قەشقەردە قالدۇرۇپ قانداقمۇ كېتەلەيمەن، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا، — ئەڭ ياخشىسى ئاقسۇغا بىللە كېتەيلى، ھەر بالا كەلسە تەڭ كۆرەرمىز.

ــ خاتىرجەم بولسىلا. مەن قەشقەردىمۇ تۇرمايمەن، ــ دېدى ئۆمەر مىرزا قەتئىيلىك بىلەن، ــ ھازىر خان ئالىيلىرى بىلەن سەلتەنەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن كەلدى. بۇنداق ئەھۋالدا سىلىگە ئەگىشىپ يۈك بولۇپ قالغۇم يوق. ناۋادا كۆزۈم ساق بولغان بول-سىدى، ئول تۇزكور ئاغام بىلەن يا ئۆلۈم - يا كۆرۈم جېڭى قىل-غان بولاتتىم. بۇ تۇرقۇمدا كۈچلۈك ياۋغا تاقابىل تۇرۇش ئەمەس، ئاجىز چۈمۈلىگىمۇ بوزەك بولۇپ ياشاۋاتىمەن. ئاللاھ ئىگەم خان ئالىيلىرىنىمۇ، سەلتەنەتنىمۇ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

ــ قەشقەردە تۇرمىسىلا نەگە باراي دەيدىلا؟

ــ سەمەرقەنتكە بارغۇم بار. كىچىك ۋاقتىمدا ئۇستازلى-رىمدىن، جەننەتماكان پەدەرۇ بۇزرۇكتىن ئول شەھەرنىڭ تەرىپى-نى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. رەھمەتلىك ئاتاممۇ مېنى سەمەرقەنتكە ئە-ۋەتىپ، سەمەرقەنت دانىشمەنلىرىنىڭ دەرگاھىدا ئىلىم تەھسىل قىلدۇرغۇسى بار ئىدى. ھېلىھەم بولسا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلاي دەيمەن. قاچانكى ئول تۇزكورنى يوقىتىپ ئەل - يۇرت ئا-سايىشلىققا يۈزلەنگەندە خەۋەر بەرسىلە، يەنە قايتىپ كېلىمەن، چۈنكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئايىغىدا ياتقۇم بار.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا ئۆمەر مىرزىنى باغرىغا باستى.

ــ مەيلى، ئارزۇلىرى شۇ بولسا توسۇپ قېلىشقا ئامالىم يوق. ئىشەنچلىك نۆكەرلەرنى قاتاي، ئۇلار سىلىنى سەمەرقەنتكە ساق - سالامەت يەتكۈزۈپ، سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا ئاپىرىپ قويسۇن.

ــ ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، ــ دېدى ئۆمەر مىرزا رازىمەن-لىك بىلەن.

ئۆمەر مىرزىنىڭ سەمەرقەنتكە بارماقچى بولغانلىقىدىن خە-ۋەر تاپقان سۇلتان يۇنۇسخان كۈيۈ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن قىزى مەلىكە مېھرىنىگار خېنىمغا بىر پارچە خەت يېزىپ بەردى.

قاش قارايغان مەزگىلدە ئۆمەر مىرزا سەمەرقەنتكە، سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قالدى ـ قاتتى لەشكەر ـ لىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى.

سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئاقسۇغا ماڭغانلىقىدىن، مىرزا ئابا ـ بەكرىنىڭ تۈمەنلىگەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان قەشقەر خەلقى بىردىنلا ۋەھىمىگە چۈشتى ـ دە، ئال ـ دىراش ـ تېنەش مال ـ مۈلۈكلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ سۇلتان يۇنۇسخانغا ئەگەشتى. چۈنكى، ئۇلار مىرزا ئابابەكرىنىڭ ياركەنت خەلقىگە سالغان دەھشەتلىك زۇلمىدىن خەۋەردار ئىدى. قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلسە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئېھتىمالىمۇ بار ئىدى. ئاقسۇغا قاراپ ماڭغان قەشقەر ئاھالىسى بەش مىڭ ئۆيلۈكتىن ئاشاتتى. يەنە بىرنەچچە مىڭ ئۆيلۈك كىشىلەر ئەنديجانغا كەتتى.

※ ※ ※

مىرزا ئابابەكرى قەشقەرگە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرى ـ مايلا باستۇرۇپ كىردى. تۇرقىدىن خوتەن، ياركەنت، قەشقەردىن ئىبارەت مەشھۇر ئۈچ شەھەرنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپمۇ ئانچە قا ـ نائەت قىلمىغاندەك قىلاتتى.

«ئۇلارنىڭ قەشقەرنى تاشلاپ قاچقىنىغا قارىغاندا ئاقسۇنى جان تىكىپ قوغدايدىغاندەك قىلىدۇ. بىراق، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۈنچىلىك ماغدۇرى قالمىدى. ئاۋۋال قەشقەرنى مۇستەھكەم ـ لىۋالاي...»

مىرزا ئابابەكرى قېپقالغان قەشقەر ئاھالىسىنى خاتىرجەم قىلىشقا، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، لەشكىرىي يۈرۈشكە كېتەر ـ لىك قورال ـ ياراغ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئات ـ ئۇلاغ تەييارلاشقا، خەزىنىنى تولۇقلاشقا كىرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن سۇلتان يۇ ـ نۇسخان بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئەھۋالىنى، ئوي ـ خىيالىنى بىلىپ كېلىشكە ئاقسۇغا ئايغاقچى ماڭغۇزدى.

ئارقىمۇئارقا قازانغان نۇسرەت مىرزا ئابابەكرىنىڭ سۇلتان
يۇنۇسخان ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۈيۈك موغۇلىستان
ئېلىنىڭ تەخت ـ سەلتەنەتىنى قولىغا ئېلىش، ئۆز ئالدىغا خاند-
لىق تىكلەش ئىرادىسىنى چىڭىتقان، نەپسىنى تېخىمۇ يوغىنىتىد-
ۋەتكەنىدى.



مىلادىيە 1482 ـ يىلى، ئاقسۇ، كۆكلەم پەسلى.

ياركەنتتىكى قاتتىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئاقسۇغا چېې-
كىنگەن سۇلتان يۇنۇسخان چېچىلىپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى يى-
غىش، مىرزا ئابابەكرى ئىسيانىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن ھەرقايسى
ۋىلايەت ـ تۈمەنلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، جاكارچى ئەۋەتىپ ئەل ـ
يۇرتنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ سېپىل-
لىرىنى مۇستەھكەملەپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپى-
ئە كۆرۈش قاتارلىق بىر تالاي ئىشلار بىلەن كۈز ۋە قىشنى تول-
مۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

بۇ يىل ئەتىياز باشلىنىشى بىلەن ھەرقايسى ۋىلايەت، شە-
ھەر، تۈمەنلەرگە ئەۋەتكەن ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتلىرى
سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ غەش قىلىپ قويدى.
بىر ـ بىرىدىن قورقۇنچلۇق، ئەندىشىلىك بۇ مەلۇماتلارنىڭ مەز-
مۇنى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.
ياركەنتتىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن تەرەپ ـ تەرەپكە پېتىراپ
كەتكەن لەشكەرلەر ھەر بىر قونالغۇ، ئۆتەڭلەردە، شەھەر ـ بازار،
يېزا ـ قىشلاقلاردا، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ قازا قىلغانلىقىنى، ئۇ-
نىڭ مۇبارەك تېنىدىن كېسىۋېلىنغان كاللىسىنى مىرزا ئابابەكرى

سەركەردىلىرىنىڭ نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا سانجىپ سازايى قىلغانلىـ ـ قىنى، بۇ قاباھەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ھېكايە قىـ ـ لىپ مېڭىشقانىدى. گەرچە سۇلتان يۇنۇسخان ئاقسۇغا كېلىپلا ھەرقايسى ۋىلايەت، تۇمەنلەرنىڭ، ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە يارلىق چۈشۈرگەن، جاكارچى ماڭدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاددىي ئاۋام ئارىسىغا تارقالغان ئۇ ـ لۇم خەۋىرىنى پەسەيتەلمىگەنىدى. ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن مە ـ لۇماتىدىن قارىغاندا، بىر قىسىم يۇرتلارنىڭ ئەمىر ـ بەگلىرى بۇ پىتنە ـ پاساتلارغا ئىشىنىپ، پات يېقىندا تەخت ـ سەلتەنەتنى قولىغا ئېلىش ئېھتىمالى بولغان مىرزا ئابابەكرىگە ساداقەت بىلـ ـ دۈرۈش كويىغا چۈشكەنىدى. بۇ مىرزا ئابابەكرى ئىسياندىنمۇ خەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپ ئىدى.

ئارقىمۇئارقا كەلگەن مەلۇماتلارنى ئاڭلاپ سۇلتان يۇنۇسخان بىردىنلا ئالدىراپ قالدى. شۇ تاپتا بۇ يوشۇرۇن خەۋپنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىردىنبىر چارە ئەل ـ يۇرتقا، ئاۋام ـ رەئىيەتكە ئۆزىـ ـ نىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئىدى. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن يارلىقلىرىنىڭ، ماڭدۇرغان جاكارچىلىرىنىڭ ئانچە ئۈنۈمى بولـ ـ مىغاندەك قىلاتتى، بەلكىم ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ، بۇ پىتنە ـ پاساتلارنى ئۇلغايتىۋەتكەنىدى.

ئۇ قانداق قىلىش ھەققىدە ئۇزاق باش قاتۇردى.

«مىرزا ئابابەكرى دېگەن تۇزكورنىڭ يالغان كاللا ھىيلىسىـ ـ نىڭ تەسىرىنى يوقىتىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى — دەرھال سە ـ پەرگە چىقىپ، ھەرقايسى يۇرتلارنى ئارىلاپ، ئەمىر ـ بەگلەر، ئاۋام ـ رەئىيەت بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش، ئۇلار مېنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىلا ئاندىن ھايات ئىكەنلىكىمگە، بۈيۈك سەلـ ـ تەنەتنىڭ، تاجۇ تەختىنىڭ ئىگىسىز قالمىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، پىتنە ـ پاساتلارمۇ بېسىقىدۇ، ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ، ئاۋام ـ رەئىـ ـ يەتنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆزگە چارە يوق...»

بىر قارارغا كەلگەن سۇلتان يۇنۇسخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى يېنىغا چاقىرتتى.

ــ بىزدە راست ئىش بوسۇغا ئاتلىماس، يالغان ئىش داۋان ئاشار، دەيدىغان گەپ بار. مېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىم پۈتكۈل تەسەر- رۇپىمىزغا پۇر كېتىپتۇ. گەرچە شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يارلىق چۈشۈرۈپ، جاكارچى چىقارتقان بولساقمۇ، بىر قىسىم ئە- مىر ـ بەگلەر يەنىلا ئارىسالدى بولۇپ، ئول رىياكار بەدرەك بىلەن كۆمەكلىشىشكە تەرەددۇتلىنىۋېتىپتۇ. بۇ سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز يوشۇرۇن خەۋپتۇر. بۇ خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاۋام ئارىسىدا تارقالغان پىتنىلەرگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن دەر- ھال يولغا چىقىپ، تەسەررۇپىمىزدىكى ۋىلايەت ـ شەھەرلەرنى، مۇھىم ئۆتەڭلەرنى ئارىلاپ، ئاۋامغا كۆرۈنۈش قىلىپ، ئەمىر ـ بەگلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلاي دەيمەن.

ــ قىبلىگاھىمىز دانادۇر، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تەۋازۇ بىلەن بېشىنى ئېگىپ، ــ ئوبدان ئويلاپتىلا. بۇنداق قىل- سىلا، بىرنەنچىدىن، ئەل ـ ئاۋامنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزغىلى، ئىككىنەنچىدىن، مۇشۇ باھانىدا ھەرقايسى يۇرتلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، سەلتەنەت ئىشلىرىنى تەپتىش قىل- غىلى بولىدۇ. ئانھەزرىتىمنىڭ ئەل ـ يۇرتنى كۆزدىن كۆچۈرمە- گىنىگىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالغانغۇ دەيمەن.

سۇلتان يۇنۇسخان بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ ئارى. مۇشۇ باھانىدا ئەل ـ يۇرتنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي. ھازىر زىمىستان ئاخىرلىشىپ، ئەتىياز مەۋسۇمى باشلاندى. ئەل ـ يۇرتنى ئارىلىغاچ تۇرپانغا باراي. چوڭ خانزادەم مەھمۇدخان بۇ يىل قىشنى تۇرپاندا ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ ئوردا ئەئيانلىرى، سەركەردە ـ لەشكەرلىرى تۇرپاندا ئىكەن. سى- لى ئاقسۇغا مۇئەككەل بولۇپ، بولغۇسى لەشكىرىي يۈرۈشكە پۇخ- تا تەييارلىق كۆرگەچ تۇرسىلا. ئاللاھ خالىسا، كۆزدە مىرزا ئابا- بەكرىگە قايتا جازا يۈرۈشى قىلىمىز. مەن تۇرپاندىن يولغا چى-

قىپ، ئىلى ۋادىسى، يەتتەسۇ، تۈركىستان، ئىسسىقكۆل ۋادىلىرى-
نى كۆزدىن كەچۈرگەچ قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ كېلىمەن. بەل-
كىم كۇيۇ ئوغلۇم ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن كۆمەكلىشىشكە لەشكەر
سورىشىم مۇمكىن. ۋاقتى كەلگەندە سىلىگە خەۋەر بېرىمەن. قەش-
قەردە ئۇچرىشىپ، مىرزا ئابابەكرىگە بىرلىكتە تېگىش قىلىمىز.

— ئانھەزرىتىم، قاچان يولغا چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى-
كىن؟

— ئاللاھ خالىسا ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىمەن.

— ئەمىسە كەمىنىلىرى ئانھەزرىتىمنىڭ سەپەر تەييارلىقىغا
كىرىشەي.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن خوشلى-
شىپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ كونا شەھەر قەلئەسىگە جايلاشقان قە-
سىرىگە قاراپ ماڭدى.

※ ※ ※

ئۆز ۋاقتىدا سەييىدئەلى ئالپ سۇلتان ئىسان بۇغاخاننى
تۇرپاندىن ئاقسۇغا ئەكېلىپ، ئاقسۇ شەھىرىنى پايتەخت قىلغان-
دىن كېيىن يېڭىدىن ئوردا قەلئەسى سالدۇرغانىدى. شۇڭا، ئاقسۇ
شەھىرىنىڭ كونا - يېڭى ئىككى قەلئەسى بار ئىدى. سۇلتان يۇ-
نۇسخان تەختنى قولىغا ئېلىپ ئاقسۇغا كەلگەندىن بېرى ئىنىسى
ئوردا قىلغان يېڭى قەلئەدە تۇرغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يېڭى
شەھەر قەلئەسى ئوردا، كونا شەھەر قەلئەسى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ
ئەمىر مەھكىمىسى ئىدى.

يېقىندىن بېرى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆڭلى تازا جا-
يىدا ئەمەس ئىدى. ئۆگەي ئوغلى مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاسىيلىقى
سەۋەبىدىن ئاۋۋال ياركەنت، ئاندىن خوتەن، ئاخىرىدا يېڭىسار،
قەشقەردىن ئىبارەت كاتتا شەھەر، مۇھىم ئۆتكەللەرنىڭ ئارقا —
ئارقىدىن قولدىن كېتىشى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ

ئۆز ئالدىغا خانلىق ئېلان قىلىشى، ھەر قېتىملىق جازا يۈرۈشىـ نىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىشىدىن ئىبارەت بىر قاتار ئىشلار ئۇنى بەكمۇ چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. گەرچە سۇلتان يۇنۇسخان ئۇنى قىلچىلىك ئەيىبلىمىگەن، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان، ئىززەت كۆرسىتىپ ھەرقانداق ئەمىرلەردىن بەكرەك ئەتىۋارنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇ مەيلى خاننىڭ ئالدىدا، مەيلى باشقا ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ ئالدىدا بولسۇن ئۆزىنى ئازادە تۇتالمايتتى، ئولتۇرسا ـ قوپسا ھەسرەت چېكەتتى. بولۇپمۇ سەر ئەمىر مەھكىمىسىگە قايتا چاقىرتىپ كېلىنگەن بىر قىسىم ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ قوپال مۇئامىلىسى، كۆزگە ئىلماسلىـ قى، تەنە ـ تەئەددىلىرى، «مىرزا ئابابەكرى ئىسيانىنىڭ باش سەـ ۋەبكارى سىلى، ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى جىيەنىم، پەرزەنتىم دەپ ھايـ تاقتا قويۇۋەتمەي تىزگىنلىگەن بولسىلا بۇ رىياكارلىق يۈز بەرـ مىگەن بولاتتى» دەپ يۈزىدىن ـ يۈزىگە ئەيىبلەشلىرى، گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتتە يول قويىماسلىقلىرى ئۇنىڭغا تولىمۇ ھار كەلگەنىدى. ماڭلايسۆيە دىۋانىدىكى بىر قىسىم ئەمىرلەر بولسا ئۇـ نىڭ بۇ كۆڭۈل ئاغرىقىغا تەسەللى بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھە دەپ قوتراتقۇلۇق قىلىۋاتاتتى.

سۇلتان يۇنۇسخان ياركەنتتىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئاقسۇغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ھۆسەيىن مىرزىنى چوڭ خانزادىسى مەھمۇدخانـ نىڭ قېشىغا ئەۋەتكەنىدى. چۈنكى، سۇلتان يۇنۇسخان ئاقسۇغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا چوڭ خانزادىسى مەھمۇدخاندىن خەت تاپـ شۇرۇۋالغانىدى. خانزادە خېتىدە بالىلىق دەۋرىدە ئاداش ـ ئاغىنە بولۇپ ئوينىغان مۇھەممەد ھۆسەيىن مىرزىنى سېغىنغانلىقىنى، مۇمكىن بولسا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن سوراپ ئۇنى قېشىغا ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەنىدى. سۇلتان يۇنۇسخان چوڭ ئوغلى بىلەن مۇھەممەد ھۆسەيىن مىرزىنىڭ كۆڭلىنىڭ زىدـ يادە يېقىنلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. دېمىسىمۇ چوڭ خانزادە بىلەن

چوڭ ئەمىرزادىنىڭ گەرچە ياش پەرقى بولسىمۇ، ئەمما ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە دوستلۇق بار ئىدى. ئۇلار يىلدا ئۈچ ـ تۆت قېتىمدىن خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ، سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىشىپ تۇراتتى. تېخى بەش ـ ئالتە ئاي بۇرۇنلا ئەمىرزادە مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزا خانزادە مەھمۇدخانغا يازغان خېتىدە، ناۋادا دادىسى قوشۇلسا، ئۆزىنىڭ خانزادىنىڭ قېشىغا بېرىپ، دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇپ، بىرنەچچە ۋاقىت تۇرۇپ كېلىش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن خانزادە مەھمۇدخان دادىسىغا يازغان خېتىدە بۇ تەلەپنى ئالاھىدە تىلغا ئالغانىدى.

سۇلتان يۇنۇسخان ئوغلىنىڭ تەلىپىنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا يەتكۈزدى.

— سەن ئەمىر خانزادىنىڭ ئۇشبۇ مەكتۇپىنى كۆرۈپ باققاي.

— ئانھەزرىتىم مەرھەمەتلىكتۇر، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، — خانزادەمنىڭ ئارزۇسى شۇ بولسا، كەمىنىلىرى مىڭ مىرتە رازىمەن. ئاتىلارنىڭ دوستلۇق ـ ساداقىتىنى پەرزەنتلىرىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ ۋايىغا يەتكۈزسە ئەجەب ئەمەس. بۇنى شەرەپ دەپ بىلگەيمىز.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەمدىلا ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئوغلىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىسىمۇ يەنىلا ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇش نىيىتىگە كەلگەن ۋە بۇ ئىشىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ، مىرزا ئابابەكرى ئىسيانى سەۋەبىدىن كۆڭلىگە سايە تاشلاپ تۇرغان غەشلىكلەردىنمۇ خېلىلا يەڭگىللەپ قالغانىدى. بىراق سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ نەزەرىدە ياخشىلىقتىن بېشارەت دەپ قارالغان بۇ ئىشلارغا، ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىدىكى بىر قىسىم ئەمىرلەر يامانلىقتىن بېشارەت دەپ پەتىۋا چىقىرىشتى.

— خان ئالىيلىرىنىڭ چوڭ ئەمىرزادىنى چوڭ خانزادىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىشىدە باشقا بىرەر مۇددىئايى بارمۇ ـ قانداق؟

پوسۇقىدە سورالغان بۇ سوئال مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا غەلىتە تۇيۇلدى.
ـــ قانداق دەيدىلا؟ ـــ دېدى ئۇ دەرگۇماندا بولۇپ.
ـــ ئەمدى دەيمىنا. يا ئىلگىرى، يا كېيىن ئەمەس، دەل مۇ-شۇنداق ۋاقىتتا خانزادىنىڭ ئەمىرزادەم بىلەن كۆرۈشكۈسى كې-لىپ قالغىنى قىزىق.
ـــ خانزادەم ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا ئەمىرزادەم بىلەن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇش ئارزۇسىنى ئالاھىدە بىلدۈرگەنىكەن. قىبلىگا-ھىمىزمۇ خانزادىنىڭ ئارزۇسىغا مايىللىقىنى بىلدۈرۈپ قالدى. بۇنى دېمىگەندىمۇ، خانزادە بىلەن ئەمىرزادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى بۇرۇنلا دوستلۇق بار ئىدى، بىر ـ بىرىنى ئاداش دېسە ئاداش دەپ ھالى قالمايتتى. چوڭ خانزادە تۇرپان، ئىلى ۋادىسىغا نائىب خان بولۇپ كەتكەندىن بېرى ئۇلار كۆرۈشەلمىدى. سېغى-نىشقان چېغى، ـــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا.
ـــ ئۇغۇ شۇنداق، ـــ دەپ گەپكە لوقما سالدى يەنە بىر ئە-مىر، ـــ بىراق خانزادە بۇ ئارزۇسىنى نېمىشقا بۇرۇنراق بىلدۈر-مەيدۇ دېسلە؟
ئەمىرلەرنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى پەملىگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىردىنلا قاپىقىنى تۈردى:
ـــ گەپلىرى بولسا ئوچۇق دېيىشسىلە. خان ئالىيلىرىدىن قالايمىقان گۇمانلانساق ئاسىيلىق بولىدۇ.
ـــ ئەمىسە كۆڭلىمىزدىن كەچكىنىنى دەۋېرەيلى، سەر ئە-مىر جانابلىرى ئويلىنىپ ھۆكۈم چىقارغايلا. كەمىنىلىرىنىڭ كۆڭلىدىن شۇنداق بىر خىيال كەچتىكى، بۇ ئىشنىڭ تېگىدە بىر ئويۇن باردەك قىلىدۇ. دېمەكچىمەنكى، خان ئالىيلىرى جانابلىرى-نىڭ ساداقىتىدىن گۇمانلىنىپ قالغان چېغىۋا.
ـــ ئارى، كەمىنىلىرىنىڭ ئويىمۇ شۇ، مىرزا ئابابەكرى ئۆ-گەي بولسىمۇ پەرزەنتلىرى، يەنە كېلىپ جىيەنلىرى ئىدى. خان ئالىيلىرى ئۇنىڭ ئاسىيلىقىنى ھەزرەتلىرىدىن كۆرۈۋاتامدىكىن

دەيمەن.

ــ ئەينى مۇددىئا. جانابلىرىنىڭ ئابابەكرى مىرزا تەرەپكە ئېغىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چوڭ ئەمىرزادىنى ئاشۇنداق چىرايلىق باھانە بىلەن تۇرغاق① قىلىۋالدىمىكىن دەيمەن.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى، قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. سۇلتان دوستمۇھەممەدخاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ سەلتەنەتنى قولىغا ئېلىپ تەختتە ئولتۇرغان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ـ تۇمەنلەرنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئاقسۇغا چاقىرتىپ ئوردىدا تۇرغاق ھېسابىدا تۇتۇپ قالغانلىقى دەرھال يادىدىن كەچتى. ئەمىرلەر ئۇنىڭ روھىي ھالىتىگە ئانچە دىققەت قىلماي گۇمانلىرىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىۋاتاتتى.

ــ ماڭلايسۆيەدىكى بىر ـ بىردىن كاتتا ئۈچ شەھەرنىڭ قولدىن كېتىشى كىچىك ئىش ئەمەس. مۇنداقچە ئېيتقاندا پۈتكۈل تەسەررۇپىنىڭ يوغان، سېمىز بىر پارچىسى قولدىن كەتتى دېگەن گەپ. گەرچە خان ئالىيلىرى ھازىر سۇرۇشتۇرمىگەندەك قىلغىنى بىلەن، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىۋالسا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماي قالمايدۇ.

ــ ئويلاپ باقسىلا سىر ئەمىر، ياركەنتتىكى جەڭدە ئەلەم شەيخ باھادىر نېمىشقا سىلىگە ئەدەپسىزلىك قىلىشقا پېتىنالىدى؟ يەنە تېخى خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا دېسىلە. مېنىڭچە، خان ئالىيلىرى ئاستىرتىن شەپە بەرگەن گەپ. بولمىسا، ئۇنىڭ سىلىگە ئاشۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىشىغا نېمە ھەددى؟!

ــ ئەسلىدە ياركەنتتىكى جەڭدە سىلى پۈتكۈل قوشۇنغا ئەمىر لەشكەر بولۇشلىرى كېرەك ئىدى. بىراق خان ئالىيلىرى سىلىنىمۇ ئاشۇ ئەلەم شەيخ باھادىرغا ئوخشاش سەركەردىلەر بىلەن بىر قاتاردا بىر دەرۋازىنى قامال قىلىشقا بۇيرۇدى.

① تۇرغاق ــ «تۇتقۇن» دېگەن مەنىدە.

ــ يەنە كېلىپ مەسخىرە دەرۋازىسىغا دېسىلە.

ــ مەسخىرە دەرۋازىسىنىڭ ياركەنت شەھىرىنىڭ ئاساسلىق دەرۋازىسى ئەمەسلىكىنى بارچە خالايىق بىلىدۇ. بۇ دەرۋازىنى جەننەتماكان ئاغىلىرى سانىز مىرزا جانابلىرى ياركەنتكە ئەمىر بولۇپ تۇرغاندا سۈرگۈن قىلىنغان مەنسەپدارلارنى، قارشى ئېلىندىمايدىغان مېھمانلارنى، باشتۇڭ ـ سەركەشلەرنى جازالاپ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئاچقۇزغان ھەمدە ئۇنىڭغا «مەسخىرە دەرۋازىسى» دەپ نام بەرگەنىكەن.

ــ شۇڭا مەسخىرە دەرۋازىسى باشقا دەرۋازىلارغا قارىغاندا خېلىلا كىچىك.

ــ خان ئالىيلىرىنىڭ سىلىنى مەسخىرە دەرۋازىسىنى قامال قىلىپ قارارگاھ تىكىشكە بۇيرۇشىدىمۇ چوقۇم بىر گەپ بار.

ــ ئەسلىدە بىز خان ئالىيلىرىنىڭ بارگاھىغا يېقىن بولغان قالغات دەرۋازىسىنى ياكى ھەشەمەتلىك ئالتۇن دەرۋازىسىنى قامال قىلىشىمىز كېرەك ئىدى.

ــ خان ئالىيلىرى سىلىنى ئۆزىدىن قەستەن چەتلەشتۈرگەن گەپ.

ــ كۆڭلىدە ئىشەنچ بولمىغاندىكىن ئاشۇنداق بولىدۇ ـ دە.

ــ ناۋادا بىز قالغات دەرۋازىسىنى قامال قىلغان بولساق بۇنداق ئېغىر مەغلۇبىيەت يۈز بەرمەيتتى.

ــ ئول جەڭدە ھىماتچى بولۇش تەلەپلىرىنى ئەلەم شەيخ باھادىر قوپاللىق بىلەن رەت قىلىۋەتسە، خان ئالىيلىرى لام ـ جىم دېمىدى.

ــ مانا ئەمدى ئەمىرزادەمنى چاندۇرماي تۇرغاق قىلىپ سىدىلىدىن ئايرىۋەتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەمىرلەرنىڭ بۇ بىلجىرلاشلىرىنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقەت قىلالمىدى.

ــ ئاغزىلىرىنى يۇمۇشسىلا، بۇ دېگەن رىياكارلىق! بىزنىڭ خان ئالىيلىرىدىن گۇمانلىنىشقا ھەققىمىز يوق. ھازىر تەخت ـ

سەلتەنەت ئېغىر تەھلىكىدە قالدى. خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىمۇ جايىدا ئەمەس. بۇنداق ناباب سۆزلەرنى ئەمدى تىلغا ئالمىغايسىلەر.

ئەمىرلەر جىم بولۇشتى. بىراق ئۇلار مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆڭلىگە چوڭ بىر گۇماننى تاشلاپ قويغانىدى. ساددا، تۈز كۆڭۈل، بىراۋلارنىڭ گېپىگە ئاسان ئىشىنىپ قالىدىغان مۇ-ھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە ئۇلارنىڭ بۇ گۇمانلىرىنى تەستىقلاۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ سۇلتان يۈنۈسخانغا بولغان ئىشەنچىنى پەقەتلا يوقاتمىدى. كۈز ۋە قىشنى ئاشۇنداق خام ياغ ئىچىۋالغاندەك خاراموش ھالەتتە ئۆتكۈزدى. ئوغلى تۇغۇلغاندىن بېرى بۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ باقمىغاند-لىقى ئۈچۈنمۇ سېغىنىش ئوتلىرى يۈرىكىنى ئۆرتەيتتى. قايتۇرۇپ كېلىش تەلىپىنى سۇلتان يۈنۈسخانغا دېيىشتىن خىجىل بولاتتى.

«سوغۇق تىنچ ـ ئامان چىقىپ كەتسۇن. ئاللاھ خالىسا يازد-چە چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىمەن. شول چاغدا خان ئالىيلىرى ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئىجازەت بەرسە، ئول ئەمىرلەرنىڭ گۇمانلىرى خاتا بولغان بولىدۇ، ناۋادا ئىجازەت بەرمىسىچۇ...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇ خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

ھەئە، ئەمىرلەرنىڭ ئوغلى ھەققىدە قىلغان گۇمانلىرى ئۇ-نىڭغا خېلىلا تەسىر قىلغانىدى. ئولتۇرسا ـ قوپسا بۇ سۆزلەر ئۇ-نىڭ كاللىسىدىن نېرى كەتمەيتتى، بىر كىمگە دەردىنى تۆككۈسى كېلەتتى، ئەمما سىرداشقۇدەك ئىشەنچلىك كىشىسى يوق ئىدى. سۇلتان يۈنۈسخاننىڭ كۆڭلىنى يېقىن تۇتۇشلىرى، چوڭ ـ كى-چىك سەلتەنەت ئىشلىرىنى مەسلىھەتكە سېلىشلىرى، باراۋەتلەردە يېنىدا ئولتۇرغۇزۇشلىرى يالغاندەك تۇيۇلاتتى. سۇلتان يۈنۈسخان بىلەن ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا خۇدۇكسىرەيتتى، كۆڭلىدىكى گۇ-مانلىرىنى، تۈگۈنچلەرنى ئېيتىپ ئازادە سۆزلىشىشنى نىيەت قىلاتتى ـ يۇ، لېكىن ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. يۈرد-ىكىنى قۇرتتەك غاجىلاپ ئارام بەرمىگەن گۇمان، تەشۋىش، خۇ-

دۆكسىرەشلىرى ئاخىر ئۇنىڭ خانغا، سەلتەنەتكە بولغان ئىشەن-
چىنى سۇسلاشتۇرۇۋاتاتتى.
«شۇنچىۋالا ئىشلار يۈز بەرگەن تۇرۇقلۇق يەنىلا ‹سەر ئەمىر›
دېگەن ئاتاقنى كۆتۈرۈپ يۈرسەم ئۇيات ئەمەسمۇ. ھېلىقى ئەمىر-
لەرنىڭ گەپلىرىنىمۇ خاتا دېگىلى بولمايدۇ. ئابابەكرى مىرزا نې-
مىلا دېگەنبىلەن جىيەنىم ھەم ئۆگەي بولسىمۇ پەرزەنتىمدۇر. ئۇ-
نىڭ ئۇستىگە ھامىيلىقىمدا، تەربىيەمدە چوڭ بولدى. ئۇنىڭ
دامىغا بىر ئەمەس، بىرقانچە قېتىم چۈشتۈم؛ يالغان گېپىگە ئى-
شىنىپ ساداقەتمەن، ئىستېداتلىق ئەمىرلەرنى مەھكىمىدىن قوغ-
لىدىم؛ ياركەنت، خوتەن ئەمىرلىرىنى نابۇت قىلىشقا سۈكۈت
قىلدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم. شۇڭا، خان
ئالىيلىرىنىڭ مەندىن گۇمانلىنىشقا، ئېھتىيات قىلىشقا ھەققى
بار. شول سەۋەبتىن ئەمىرزادەمنى تۇرغاق قىلىۋالغان بولۇشىمۇ
مۇمكىن. ھېلىمۇ ماڭا كۆپ يۈز ــ خاتىر قىلدى. بۇ سەۋەبلىكنى
باشقىلار قىلغان بولسا ئاللىقاچان كاللىسىدىن ئايرىلاتتى. بولدى
بەس، ئەمدى يەنە يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ يۈرۈۋەرمەي، سەر ئە-
مىرلىك مەرتىۋىسى ئەمدى ماڭا لايىق ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى، ئۆ-
زۈمنى بىلىپ ئىستېپا سوراي، كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر يۇرتتا
كېيىنكى ئۆمرۈمنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزەي. بىراق، ئابابەكرى مىرزا
ئىسيانىنى بېسىقتۇرماي تۇرۇپ بول مۇددىئانى ئالىيلىرىغا
قانداقمۇ دېگىلى بولۇر، ئول چاغدا ئالىيلىرى مەندىن تېخىمۇ
گۇمانلىنىپ قالماسمۇ؟ بىرەر ئىقتىدارلىق، ساداقەتمەن مەھرەم-
نى سەر ئەمىرلىككە كۆرسىتىپ ئۆزۈم ئۇنىڭغا ئورۇنباسار بول-
سامچۇ؟ شۇنداق، مەنسەپتىن بىراقلا ئىستېپا سورىماي، مەرتى-
ۋەمنى تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلسام بولغۇدەك. كىم بىلىدۇ، ئا-
لىيلىرىمۇ ئاشۇنداق ئېغىز ئېچىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتامدۇ تې-
خى. لېكىن ئورنۇمغا كىمنى كۆرسەتسەم بولۇر؟ كىم بۇ مەرتىۋى-
گە مۇۋاپىق كېلەر؟...»
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە مۇشۇ

مەسىلە ئۈستىدە توختىماي باش قاتۇردى، بىراق ھەرقانچە قىد-
لىپمۇ مۇۋاپىق نامزات تاپالمىدى.

ھەئە، تېخى ھەپتە بۇرۇن ئۇنىڭ كاللىسىدىن تۇيۇقسىز بىر خىيال پاللىدە كەچتى. ئۇ خۇشاللىقتىن ھاياجانلىنىپ كەتتى، زىمىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن بىردىنلا قۇتۇلۇپ كەتكەندەك بولدى.

«... توغرا، ئەڭ مۇۋاپىق نامزات شۇ. بۇنىڭغا خان ئالىيلىرىمۇ باشقا خىياللاردا بولمايدۇ. مەنمۇ تەشۋىشلىنىشتىن، خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلىمەن. ئۇنىڭغا ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلسام بولىدۇ ئەمەسمۇ...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇ مۇددىئاسىنى سۇلتان يۇنۇسخانغا بىلدۈرمەكچى بولۇپ يەنە يالتىيىپ قالدى.

«توختا، ئاۋۋال ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، ئۇ ماقۇل بولسىلا خان ئالىيلىرىمۇ ياق دېيەلمەيدۇ...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سەر ئەمىرلىككە تاللىغان بۇ نامزات باشقا بىرى ئەمەس، دەل سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئون ئالتە ياشلىق ئىككىنچى خانزادىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئىدى.

ـــ سەر ئەمىر جانابلىرى قانداقسىگە بۇنداق خىيالغا كېلىپ قالدىكىن؟ ـــ سورىدى ساقال ـ بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ، بەستىلىك ۋۇجۇدىدىن يىگىتلىك جاسارىتى چىقىپ تۇرغان خانزادە ئەھمەدخان ئەقىل ـ پاراسەت بالقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا تەمكىنلىك بىلەن تىكىپ.

ئۇ خانزادىگە كۆڭلىدىكى خىجالەتچىلىكلىرىدىن تارتىپ، ئوي ـ خىياللىرىغىچە قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى.

ـــ بۇ تەكلىپىمنى خانزادەمنىڭ رەت قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

خانزادە ئەھمەدخان بىرپەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى:

ـــ ئەگەر رەت قىلسامچۇ؟

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى:
ــ ناۋادا رەت قىلسىلا، كەمىنىلىرىگىمۇ باشقا ئامال يوق. خان ئالىيلىرىدىن ئىستىپا سوراپ ئاددىي ئاۋام بولىمەن.
ــ ئۆزلىرىنى بۇنچىۋالا ئەيىبلەپ خىجالەت تارتىپ يۈرۈشلىرىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى سەر ئەمىر، ــ دېدى خانزادە ئەھمەدخان تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەپ، ــ ئابابەكرى مىرزىنىڭ رىياكارلىقى جانابلىرى بىلەن ھەقىقەتەن مۇناسىۋەتسىز. چۈنكى، ئۇ كىچىك بالا ئەمەس، بەلكىم ئەر ئوتتۇرىسى بولۇپ قالغان ئادەم. يەنە كېلىپ بۇنداق قىلىشنى ئۇنىڭغا سىلى ئۆگەتمىگەن. ھەتتا ئۆز ئاتىسىغا تۇزكورلۇق قىلىدىغان پەرزەنتلەرمۇ بارغۇ، مىسالەن ئالايلى، ئەينى ۋاقىتتا خانزادە ئابدۇللەتىپخانمۇ تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاسى قىلىپ ئاتىسى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىغا ئاسىيلىق قىلغان، ھەتتا قاتىل بولۇپ ئاتىسىنىڭ ھايات شامىنى ئۆچۈرۈپ كۆزگەنىكەن. بۇ تۇزكورلۇقنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئول بەختسىز مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرىدىن كۆرۈشىمىز كېرەكمىدى؟
ــ دېگەنلىرى توغرا خانزادەم، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىر ئاز يەڭگىللەپ، ــ ئەمما ئابابەكرى مىرزا بىلەن ئول خانزادە ئابدۇللەتىپخاننى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. گەرچە ئابدۇللەتىپخاننىڭ ئاتىسىغا تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاسى قىلىشى خاتا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا خانزادە، يەنە كېلىپ ۋەلىئەھد ئىدى، ئاشۇ سەلتەنەت، تاجۇ تەخت ھامان شۇنىڭ بولاتتى. ئۇنىڭ پەقەت ئەقىلسىزلىقى، دىيانەتسىزلىك قىلىپ ئالدىراپ قالغان يېرى بار. ئەمما ئابابەكرى مىرزىنىڭ بولسا بول سەلتەنەت، تاجۇ تەختتە قىلچىلىك ھەققى يوق. شۇڭا ئۇنىڭ تەخت ـ سەلتەنەت دەۋاسى قىلىشى بىمەنىدۇر. چۈنكى، ئەجدادىمىزدىن تارتىپ مەيلى بۇزرۇكۋار بابىمىز ئەمىر بولاجى، ئۇلۇسبېگى خۇدايداد، مەيلى ئەمىر سەييىدئەلى ئالپلار بولسۇن، بول بۈيۈك سەلتەنەتنىڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارلىرى بولمىش خان ـ سۇلتانلارغا نۆكەرلىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئادا قىلىپ كەلگەن

خالاس. ئابابەكرى مىرزىنىڭ بۇ قىلمىشى مۇناپىقلىقتۇر.

خانزادە ئەھمەدخان ئۇندىمدى، تۇرقىدىن قىيىن بىر مەسىلىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ شۇنچىۋالا كەچۈرگۈسىز ئېغىر گۇناھلىرىنى يۈزۈمگە سالمىغانلىقى، سۈرۈشتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن خان ئالىيلىرىدىن چەكسىز مىننەتدارمەن. ئەگەر بۇ گۇناھلارنىڭ ئوندىن بىرى باشقا ئەمىرلەردىن سادىر بولغان بولسا خان ئالىيلىرى ئاللىقاچان كاللىسىنى ئالغان بولاتتى. ھېچكىمنىڭ سەلتەنەت قانۇن ـ تۈزۈملىرىنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋېلىشىغا ھەققى يوقتۇر. ھەر كىم ئۆز گۇناھىنىڭ جاۋابىنى بېرىپ ياساققا تارتىلىشى كېرەك. خان ئالىيلىرىنىڭ كەمىنە نۆكىرىگە مېھرى بارلىقى شەكسىزدۇر. ئەمما مەن بۇ سەر ئەمىرلىك مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈپ يۈزۈمنى سۆرۈن قىلىپ يۈرۈۋېرىدىغان بولسام باشقا ئەمىرلەر پىتنە قىلىشىدۇ، مەھرەملىرىگە ئىككى كۆزىدە قارىدى، دەپ غوۋغا قىلىشىدۇ، ھەتتا باشتۇقلۇق قىلىپ، سەلتەنەت ئىشلىرىدا تۇرلۇك سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇشتىنمۇ ھېيىقمايدۇ. بۇ ھال سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. كەمىنىلىرى بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق سەۋەنلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش، ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن بۇ يولنى تاللىدىم. شۇڭا بۇ نىيىتىمدىن ھەرگىز يانمايمەن.

ــ ھەقىقەتەن ئالىيجاناب ئىكەنلا سەر ئەمىر، ــ دېدى خانزادە ئەھمەدخان قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، ــ خان ئاتام ھەرقاچان ساداقەت بابىدا سۆز ئاچسا جانابلىرىنى مىسال قىلىشنى ئۇنتۇمايتتى ھەم بىزگىمۇ جانابلىرىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئۆگىنىشىمىزنى تاپىلايتتى. مانا بۈگۈن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتىمەن.

ــ خانزادەمدىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، كەمىنىلىرىنى يەنە تەڭقىسلىقتا قويمىسىلا. بۇ مەرتىۋىگە سىلىدىنمۇ لايىق كىشى يوقتۇر. ماڭلايسۆيەگە بۈيۈك تەسەررۇپىمىزنىڭ كاتتا ۋىلايەتلىرى

جايلاشقاندۇر. ماڭلايسۆيەلا تەسەررۇپىمىزدا بولىدىكەن، سەلتەنە ـ
تىمىز ھەرگىز زەبۇنلۇققا يۈز تۇتمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق مۇھىم تە ـ
سەررۇپنى ئىشەنچسىز كىشىلەرگە تاپشۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر خانزادەمنىڭ يېشىمۇ يېگىتلىك مەۋسۇمى ـ
غا يەتتى. ئەمدى ھەدېسىلا خان ئالىيلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگى ـ
شىپ يۈرمەي، سەلتەنەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى زىممىلىرىگە ئې ـ
لىشلىرى كېرەك. سۇغا كىرمەي تۇرۇپ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنگىلى
بولمايدۇ. ھازىردىن باشلاپ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا ئارىلاشسىلا.
تەسەررۇپىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، ئۇنى باشقۇرۇشقا خان ئالىيلىرى
يېتىشىپ بولالمايدۇ.چوڭ خانزادە ھازىر تۇرپاننى مەركەز قىلىپ
قومۇل، ئىلبالىق، يەتتەسۇ، تۈركىستان، ئىسسىقكۆل ۋادىسىد ـ
كى زېمىنلارغا شىغدار[1] بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. سىلى ماڭلايسۆيە
ۋادىسىغا شىغدار بولۇپ بەرسىلە، ئالىيلىرىنىڭمۇ يۈكى يەڭگىل ـ
لەيدۇ. سىلىگىمۇ مەلۇم، ئالىيلىرى ھەرقاچان شەھەر ـ دىيار
ئارزۇسىدا بولۇپ كەلدى، مەيلىنى ھەرقاچان كاتتا شەھەرلەر تار ـ
تىپ تۇرىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئاقسۇدا كاتتا ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدۇ ـ
رۇش ئارقىلىق، ماڭلايسۆيە تەۋەسىدىمۇ سەمەرقەنت، ھىراتتەك
كاتتا شەھەر قۇرۇش مۇددىئاسى بار ئىدى. بىراق يايلاق، داللاردا
ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ رايىغا بېرىپ،
بۇ ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغانىدى. قەشقەر، خوتەن،
ياركەنت، ئاقسۇ ئابا ـ ئەجدادلىرىمىز بىنا قىلغان كاتتا شەھەر ـ
لەردىندۇر. ئۇنى قايتۇرۇۋېلىپ تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇش زىممىلى ـ
رىگە يۈكلەنگەن پەرھىزلەردىندۇر.

خانزادە ئەھمەدخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆزىگە ئى ـ
شەنچ بىلەن قارىدى:

ــ بۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىلا تەكلىپلىرىنى يىرىشقا ئامالسىز
قالغۇدەكمەن. راست گەپنى قىلسام، ماڭلايسۆيە ۋادىسىغا ھەقىقە ـ
تەن مېھرىم چوڭقۇردۇر...

---

① شىغدار ــ ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى.

— تەكلىپىمنى قوبۇل كۆرگەنلىكلىرىگە مىڭ - مىڭ تە-
سەننا، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئورنىدىن تۇرۇپ، —
كەمىنىلىرىنى ئېغىر مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلدۇردىلا.
— ئالدىراپ خۇش بولۇپ كەتمىسىلە، بىر شەرتىم بار، —
دېدى خانزادە ئەھمەدخان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.
— قېنى ئېيتسىلا، ھېلىغۇ بىر شەرتكەن، مىڭ شەرتلىرى
بولسىمۇ كۆنىمەن.
— ھەرقانداق شارائىتتا مەندىن ئايرىلمايدىلا، يېنىمدا تۇرۇپ
رەھنەما[1] بولۇپ بېرىدىلا.
— ئاللاھ گۇۋاھكى، خانزادەمدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، يان-
لىرىدىن بىر قەدەم نېرى كەتمەيمەن. گەرچە رەھنەما بولۇشقا
سالاھىيىتىم توشمىسىمۇ، تېگىشلىك مەسلىھەتىمنى ھەرگىز ئا-
يىمايمەن.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خانزادە ئەھمەدخاننى قايىل قىلغان-
دىن كېيىن، سۇلتان يۈنۈسخانغا تەكلىپ بېرىش ئۈچۈن مۇۋاپىق
پۇرسەت كۈتتى. ئەمما ئايغاقچىلارنىڭ ھەرقايسى يۇرتلاردىن ئېلىپ
كەلگەن مەلۇماتلىرى سۇلتان يۈنۈسخاننى جىددىيلەشتۇرۇپ قوي-
غانىدى، خاننىڭ كەيپىياتىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ھە
دېگەندە ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

مانا بۈگۈن ئويلىمىغان يەردىن سۇلتان يۈنۈسخان ئۇنى چا-
قىرتىپ ئۆزى ھەققىدە تارقالغان پىتنە - پاساتلارنى بېسىقتۇرۇش
ئۈچۈن ئەل - يۇرتنى ئارىلاپ، ئەمىر - بەگلەر بىلەن كۆرۈشۈش
مۇددىئاسىنى بىلدۈردى. بۇنى ئاڭلاپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا
بىردىنلا ئالدىراپ قالدى، كىچىك خانزادە ئەھمەدخاننى سىر ئە-
مىرلىككە تەيىنلەتكۈزۈۋالمىسا، خاننىڭ يۇرت ئارىلاپ قايتىپ
كېلىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى. بىراق ئۇ سۇلتان يۈنۈسخان-
نىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىقنى كۆرۈپ، كۆڭلىدىكىنى بىلدۈ-
رۈشتىن يەنە يالتىيىپ قالدى. چۈنكى، سۇلتان يۈنۈسخان بۇنداق

① رەھنەما — يول كۆرسەتكۈچى.

كەيپسىز تۇرغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ھەئە، خان «ياق» دېدىمۇ بولدى، قايتا ئېغىز ئې-چىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەرقانداق ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكمىدىن ئاسانلىقچە يانمايدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

«ئالىيلىرىنىڭ كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئەتە ئەتىگەن ئېغىز ئاچاي، ئويلىغانلىرىمنى قال-دۇرماي ئېيتىپ چۈشەندۈرەي، بەلكىم ئالىيلىرىمۇ ياق دەپ تۇ-رىۋالماس...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەنە ئاشۇنداق خىيال بىلەن كونا شەھەر قەلئەسىدىكى سارىيىغا قايتىپ كەلدى.

※ ※ ※

ــ سىر ئەمىر جانابلىرى ئەجەب غەمكىن بولۇپ قاپتىلىغۇ. كەچ بولۇپ كەتتى.

كونا شەھەر قەلئەسىگە قايتىپ كەلگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەتە سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن كۆرۈشكەندە دەيدىغان گەپلى-رىنى كۆڭلىدە پىشۇرۇپ كۈننىڭ كەچ بولۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قالغانىدى. ئۇ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ بېشىنى كۆتۈردى، ماڭلاي-سۆيە مەھكىمىسىدىكى ئەمىرلىرى خۇددى چاقىرىپ قويغاندەك ئالدىدا قول باغلاپ تۇراتتى.

ــ كەچ بولغان بولسا كەتمەي نېمىگە تۇرىسىلەر، ھەممىڭلار سارايغا جۈغلىشىۋاپسىلەرغۇ، ئىش ـ كۈشىڭلار بارمىدى؟

ــ ئىش ـ كۈشىمىزغۇ يوق، ــ دېدى ئەلى شۇكۇر بەگ، ــ لېكىن يوچۇنلا بىر گەپنى ئاڭلاپ قالدۇق.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئېرەنشىمىگەن ھالدا سورىدى:

ــ قانداق يوچۇن گەپكەن ئۇ؟

ــ خان ئالىيلىرى ئاقسۇدىن كەتكۈدەك.

ــ خەۋىرىم بار، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، ــ بايا

خان ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىدىن كېلىشىم.

— ئەجەبا سەر ئەمىر جانابلىرى بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلمىدىلىمۇ؟

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەلى شۇكۇر بەگكە قاپىقىنى تۈردى:

— نېمە غەلىتىلىككەن ئۇ؟

— خان ئالىيلىرى لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكۇدەك.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئەمدى رەسمىي ئاچچىقى كەلدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ جاۋاب بەردى.

— ئالىيلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلماق زۆرۈر.

— ئۇغۇ راست، — دېدى ئەلى شۇكۇر بەگ تىلىنى چايناپ، — ئەمما ياركەنتتىكى مەغلۇبىيەتتە ئەسلى ـ ۋەسلىدىن ئايرىلغان ئول لەشكەرلەرنىڭ پەيلى بەكمۇ يامان. ئۇلار ماغار ۋاقتىدا شەھەرنى بۇلىغىدەك. خان ئالىيلىرىمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن سۈكۈت قىلارمىش.

— نەدىنمۇ ئاڭلايدىغانسىلەر مۇشۇنداق پىتنە ـ پاساتلارنى، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەمىرلىرىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ.

— غەزەپ قىلمىغايلا سەر ئەمىر جانابلىرى، — دېدى ئىشىكئاغىسى مىرزا قەمبەردىن دوغلات تەمكىنلىك بىلەن ئېغىز ئېچىپ، — بۇ ھەرگىزمۇ پىتنە ئەمەس، ئىشەنچلىك يەردىن ئاڭلىدۇق. خان ئالىيلىرى ئاقسۇدىكى خەزىنىنى پۈتۈنلەي ئېلىپ كەتسىغۇ مەيلى، يەنە تولدۇرۇۋالغىلى بولۇر. ئەمما لەشكەرلەر شەھەردىكى ئاۋامنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ كەتسە، ئۇنىڭ زىيىنىنى تولدۇرۇۋالماق تەس. رەئىيەت بۇلاڭغا ئۇچرايدىغان بولسا بىزدىن رايى قايتىدۇ. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۆزلىرىگىمۇ ئايان.

ناۋادا ئاۋامىنىڭ رايى يېنىپ، مىرزا ئابابەكرى تەرەپكە ئېغىپ كەتسە، ئاقسۇنى ساقلاپ قالمىقىمىزمۇ تەسكە چۈشىدۇ. ئۇ چاغدا خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا خىجالەت تارتىدىغىنى يەنە بىزلەر بولىمىز.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەمدى ئويغاندى. ئۇ بۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتى.

«شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ خان ئالىيلىرى بۇنىڭغا راستىنلا يول قويارمۇ؟ بۇلار بۇ گەپنى بىر يەردىن ئاڭلىمىغان بولسا ماڭا دەپ يۈرمەيتتى. بۇ مېنى قاراپ تۇرۇپ يار لېۋىگە قىستىغانلىق ئەمەسمۇ؟ بايا ئىككىنچى خانزادىنى ماڭلايسۆيەنىڭ سىر ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە تەۋسىيە قىلىش ئىشىنى دېسەم بوپتىكەن، بەلكىم ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ قالار بولغىيتتى. ئۇ چاغدا لەشكەرلەرنى ئاۋامنى بۇلاشتىن قەتئىي توسۇيتتى. ئەمدى قانداق قىلسام بولۇر؟...»

— خان ئالىيلىرى كېتىپ بولغۇچە شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقىۋالايلى بولمىسا.

مىرزا قەمىرىددىن دوغلاتنىڭ بۇ تەكلىپى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، — دېدى ئەلى شۇكۇر بەگ، — بۇنىڭ خانغا ئاسىيلىق قىلغانلىق بىلەن پەرقى يوق. خان ئالىيلىرى غەزەپ قىلىپ قالسا...

— يامىنى كەلسە جېنىمىزنى تىكىپ قويارمىز.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن سىر ئەمىر جانابلىرىنى ئويلاپ قويمىساقمۇ بولماس. چوڭ ئەمىرزادە مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا چوڭ خانزادىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتسا...

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قۇلىقىغا ئۇلارنىڭ كېيىنكى گەپلىرى كىرمىدى، ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ دىققىتى چېچىلغان، كاللىسى قوچۇلۇپ كەتكەندى. ئۇنىڭ جىم تۇرغىنىنى كۆ-

روپ ئەمىرلەر يەنە بەس ـ بەستە ئەقىل كۆرسىتىشكە باشلىدى.

ــ ياكى بولمىسا كىچىك خانزادە ئەھمەدخاننى ئالداپ ئاچىـقىپ كونا شەھەر قەلئەسىگە قامىۋالايلى. ئاشۇنداق قىلساق، خان ئالىيلىرى لەشكەرلىرىنى شەھەرنى بۇلاشتىن توسۇيدۇ.

ــ بۇمۇ بولىدىغان چارىكەن.

ــ خانزادە ئەھمەدخاننى ئاقسۇدا تۇتۇپ قالساق، سەر ئەمىر جانابلىرىنىڭ ئەمىرزادىسىمۇ بىخەتەر بولىدۇ.

ــ خان ئالىيلىرى ھازىر ئۆزى ئۇستىدىكى يالغان كاللا ھىيلىسىدىن كېلىپ چىققان ئۆسەكلەرنى بېسىقتۇرۇشقا ئالـدىراۋاتقاندا، خانزادىسىنى ئېلىپ كېتىمەن دەپ ۋاقىتنى زايا قىـلىشنى خالىمايدۇ...

سۇلتان يۇنۇسخانغا كىچىك خانزادە ئەھمەدخاننى ماڭلايسۇـيەنىڭ سەر ئەمىرلىكىگە تەيىنلىتىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلدۇـرۇشقا كۆزى يەتمەي ئولتۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كالـلىسىغا ئەمىرلەرنىڭ مەسلىھەتىدىن پاللىدە بىر ئەقىل كەلدى.

ــ بولدى، سىلەر ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشماڭلار، خانزادە بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ باقاي.

ــ خانزادە قوشۇلماي قالسىچۇ؟

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بەردى:

ــ ئەندىشە قىلماڭلار، خانزادە بىزگە چوقۇم ياردەم قىلىدۇ.

خان لەشكەرلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەن شەھەرلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ كۆنۈپ قالغانلىقى، بۇنىڭغا خانىنىڭمۇ يول قويىدىـغانلىقى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ئايان ئىدى. ئەمما شۇ تاپتا ئوغلىنىڭ تەقدىرىدىن ۋايىم يەپ ئەقلى كېسىلىپ كەتكەن مۇـھەممەد ھەيدەر مىرزا خان لەشكەرلىرىنىڭ ئۆز تەسەررۇپىدىكى شەھەرلەرنى بۇلىمايدىغانلىقىنى، پەقەت جەڭ قىلىپ ئالغان شەـھەرلەرنىلا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالمىغانىدى. ھەئە، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن «ئوغلۇمنى سۇلتان يۇنۇسخان تۇرغاق قىلىۋالدى» دېگەن خىيال تېخىچە تەلتۆكۈس يوقالمىغانىدى.

※ ※ ※

كۆن كەچ بولۇپ قالغان، يېڭىشەھەر قەلئەسى ئاللىقاچان تاقىلىپ بولغانىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇ كېچىنى تەستە تاڭغا ئۇلىدى، سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن كۆرۈشۈپ خانزادە ئەھ-مەدخاننى سەر ئەمىرلىككە تەۋسىيە قىلىش خىيالىدىنمۇ ۋاز كەچتى، بامدات نامىزىنىمۇ دىققىتىنى يىغىپ ئوقۇيالمىدى، ناش-تىغىمۇ كۆڭلى تارتمىدى.

«ئەلى شۈكۈر بەگ بىلەن مىرزا قەمىرىددىن دوغلاتلار كۆر-سەتكەن تەدبىر بولىدىغاندەك قىلىدۇ. خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلى ھازىر جايىدا ئەمەس. تەكلىپىمنى قوبۇل قىلماسلىقى، كېچىككە-نە بالىغا ئېغىر مەسئۇلىيەتنى يۈكلەپ قويۇپ، ئۆزىنى مۇشكۇلات-تىن قاچۇرماقچى، دەپ مەندىن رەنجىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇ-نىڭدىن كۆرە خانزادىگە ئەھۋالنى دەي. قايسى كۈندىكى سۆھبەت-تىن ئۇنىڭ خېلى جىگەرى بار، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان يە-گىت بولۇپ يېتىشكەنلىكى چىقىپ تۇرۇپتۇ. چوقۇم تەكلىپىمگە ماقۇل بولىدۇ. خان ئالىيلىرى يولغا چىقىپ بولغۇچە كونا شەھەر قەلئەسىدە تۇرۇپ بەرسە، لەشكەرلەر شەھەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قى-لىشقا ھەرگىز پېتىنالمايدۇ...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خانزادە ئەھمەدخانغا چاپارمەن ئە-ۋەتتى.

ــ خانزادە كەلدىمۇ؟ ــ سورىدى ئۇ بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن قايتىپ كەلگەن چاپارمەنگە.

ــ خان ئالىيلىرى خانزادىگە سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى ھا-زىرلاشنى بۇيرۇغانىكەن، سەر ئەمىرگە يەتكۈزۈپ قوي، كېچىك-كەندىمۇ نامازدىگەر ۋاقتىغىچە يېتىپ بارىمەن، دەيدۇ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئېغىر پۇشۇلدىدى، ۋۇجۇدىدا غەلى-يان كۆتۈرگەن گۇمان ـ تەشۋىشلەر بارغانسېرى كۈچىيىپ كەت-

كەندى، ئىلاجسىز كۆتۈشكە مەجبۇر بولدى، سارايدىن چىقىشقا كۆڭلى تارتمىدى.

خانزادە ئەھمەدخان بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ نامازدىگەر ۋاقتىدىن بۇرۇنراق كونا شەھەر قەلئەسىگە يېتىپ كەلدى.

— ئانھەزرىتىمگە خانزادەم بىلەن كېلىشكەن مۇددىئانى دېيىشكە پەقەتلا پۇرسەت بولمىدى، مانا ئەمدى ئالىيلىرى تۇيۇقسىز سەپەرگە جابدۇندى. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، لەشكەرلەر شەھەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئاندىن يولغا چىققۇدەك، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا مۇددىئاسىنى قىسقىلا بايان قىلىپ.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى خانزادە ئەھمەدخان كەسكىن قىلىپ، — بەلكىم بۇ بىراۋلارنىڭ تاپقان پىتنىسىدۇر. نەدىمۇ ئۆز شەھىرىنى ئۆز لەشكەرلىرىگە بۇلاتقۇزىدىغان ئىش بار ئىكەن؟

— بۇ مۇمكىن خانزادەم. ئۆز ۋاقتىدا ئابابەكرى مىرزىمۇ قەشقەردىكى ۋاقتىدا ئۆز قەسرىنى لەشكىري دىۋاندىكى سەرۋازلىرىغا، مەھكىمىدىكى ياش خىزمەتكارلارغا قەستەن بۇلاتقۇزاتتى. شول چاغدا مەن ئۇنى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئوينىغان ئويۇنىمىكىن دەپتىكەنمەن، كېيىن ئۇ ئاشۇ ئۇسۇل بىلەن بىر قىسىم سەرۋاز، مۇلازىملارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ ئۆزىگە رام قىلىپ، يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئاساس سالغانىكەن. بۇنداق دېيىش ئارقىلىق خان ئالىيلىرىنى ئول تۇزكور بەدرەككە ئوخشاتماقچى ئەمەسمەن، ئەمما خان ئالىيلىرىنىڭ بېشىغىمۇ ئېغىر كۈن كەلدى. ئۈچ تۈمەن لەشكەردىن ئىلكىدە ئاشۇ نەچچە مىڭ لەشكەرلا قالدى. ھە دېگەندە ئۇلارنىڭمۇ تەمىناتىنى بېرەلمەي قىسىلىپ قېلىۋاتىمىز. خەزىنىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالاي دېدى. بۇنى بىر خان ئالىيلىرى، بىر خەزىنىچى بەگ، يەنە بىرى مەنلا بىلىمەن، باشقا ئەمىرلەر پەقەتلا بىلمەيدۇ. ھازىر خان ئالىيلىرى ئۇزاق سەپەرگە ئاتلىنىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا لەشكەرلەرنىڭ تەمىناتىنى تولۇقلاپ بېرىش، ھەتتا ئۇلارنى تارتۇقلىشى كېرەك

ئىدى. شۇنداق قىلسا لەشكەرلەرنىڭ ساداقىتى ئاشاتتى. خان ئا-لىيلىرى ھەرگىزمۇ قاراپ تۇرۇپ لەشكەرلەرگە شەھەرنى بۇلاتمايدۇ، ئەمما لەشكەرلەر ئاشۇنداق نىيەتكە كېلىپ قالسا، كۆزنى يۇمۇپ سۈكۈت قىلىشى مۇمكىن. بۇ يەنىلا سەلتەنەت ئۈچۈندۇر. ئەمما شەھەردىكى رەئىيەت بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىسا چوقۇم كۆڭ-لى ئاغرىپ، بىزدىن رايى قايتىدۇ، ناۋادا مىرزا ئابابەكرى لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالسا بىزدىن يۈز ئۆرۈشى، ئىچىدىن ماسلىشىپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىشى مۇمكىن. ئۇل چاغدا ئاقسۇ-نىمۇ ساقلاپ قالالمايمىز.

خانزادە ئەھمەدخان بىرنەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كې-يىن بېشىنى كۆتۈردى.

ـــ ئۇنداق بولسا مەن جانابلىرىنىڭ يېنىدا قالاي. مەنلا بو-لىدىكەنمەن، لەشكەرلەر شەھەرنى بۇلاشقا پېتىنالمايدۇ.

ـــ كەمىنىلىرىنىڭ خانزادەمنى چاقىرتىپ كېلىشىدىكى مۇددىئاسىمۇ شۇل ئىدى، ـــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يەڭ-گىل تىن ئېلىپ، ـــ بىراق ئالىيلىرىدىن ئىجازەتسىز ئايرىلىپ قېپقالسىلا ئەيىبكە بۇيرۇيدۇ، ئۇل چاغدا ماڭلايسۆيەنىڭ سەر ئە-مىرلىك ئىشىمۇ سۇغا چىلىشارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

ـــ ئۇل مەرتىۋنى مەيلى مەن، مەيلى سىلى تۇتسىلا، بەرد-بىر مەقسەت ـ مۇددىئا سەلتەنەت ئۈچۈنغۇ؟ بۇ ئىشنى تىلغا ئال-مايلى. ھازىرقى مۇھىم ئىش ئاۋام ـ رەئىيەتنى بۇلاڭ ـ تالاڭدىن ساقلاپ قېلىش. خاتىرجەم بولسىلا، ھەممە ئىشقا ئۆزۈم ئىگە.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خانزادىنىڭ بۇ مەردلىكىدىن ھەم تەسىرلەندى، ھەم سۆيۈندى.

※ ※ ※

خانزادە ئەھمەدخاننىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىشى ئەتە تاڭ سەھەردە سەپەرگە چىقىشقا نىيەت قىلغان سۇلتان يۇنۇسخان-

نى جىلە قىلىپ قويدى، ئۇنى ئىزدەپ تېپىشقا تەرەپ ـ تەرەپكە چاپارمەن ماڭغۇزدى.

ــ سىلەر خانزادىنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ كېلىڭلار، بارلىق ئەمىرلەر، سەركەردىلەر يۈزلۈكتىن يۇقىرى① سەرۋازلار دەرھال سارايغا جەمئىي بولغاي، مۇھىم كېڭەش بار.

سۇلتان يۇنۇسخاننى ئېغىر غەم بېسىۋالغاندەك، كاللىسىنى ھەل قىلماق تەس بولغان چىگىش مەسىلە چىرمىۋالغاندەك قىلاتتى.

ئۇ ھارغىن ھالەتتە كۆزىنى يۇمغىنىچە تەختكە يۆلەندى.

شاھنىشىنغا بىر ـ بىرلەپ كىرىپ كەلگەن ئەمىر ـ سەركەردىلەر ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ جىمجىت تۇرۇشاتتى. كېلىشكە تېگىشلىكلىرنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغاندى. ھۆدەيچى بەگ خاننى ئويغىتىشقا پېتىنالماي يەڭگىل يۆتىلىپ قويدى.

يۇنۇسخان ئاستا كۆزىنى ئېچىپ ئەمىرلەرگە تەكشى نەزەر تاشلىدى. ئەمىرلەر قەددىنى رۇسلاپ سالام بەردى:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئادالەت پاناھىمىزغا ئېھتىرام بولغاي.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىجازەت. جاي ئالسۇنلار.

ــ قىبلىگاھىمىز مەرھەمەتلىكتۇر!

ئەمىرلەر مەرتىۋىسى بويىچە ئولتۇرۇشتى. شاھنىشىن يۈزدىن ئارتۇق مەھرەملەر بىلەن لىق تولغاندى.

ــ خەزىنىچى بەگ!

ــ لەببەي قىبلىگاھىم! ــ خەزىنىچى بەگ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ بىر قەدەم ئالدىغا چىقتى.

ــ ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە ھەميانلارنى تارقىتىپ بەرسۇنلار.

خەزىنىچى بەگ ئون نەچچە پەتنۇسقا تىزىلغان تېرە ھەم-

① يۈزلۈكتىن يۇقىرى ــ يۈزبېشىدىن يۇقىرى.

يانلارنى مۇلازىملارغا كۆتۈرتۈپ بىر ـ بىرلەپ تارقىتىپ چىقتى. ھەميانىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلىشكە قىزىققان ئەمىر ـ سەركەردىلەر ھەميانىنىڭ سىرتىدىن مۇجۇپ باقتى ۋە خانىنىڭ نېمە مەقسەتتە تۇيۇقسىز ھەميان تارقاتقۇسى كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي بىر ـ بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشىۋالدى.

— جانابى ئەمىر ـ سەركەردىلەر، سۆيۈملۈك باھادىرلىرىم، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ئورنىدىن تۇرۇپ، — سىلەر بۈيۈك سەلتەنەت ئۈچۈن مۇشەققەتلەردىن قورقماي، كاللاڭلارنى قولتۇقۇڭلارغا قىسىپ قويۇپ، قان كېچىپ جەڭ قىلىپ نۇرغۇن ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتتىڭلار ھەم ئەل ـ يۇرتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەت چۈشكەن، تاجۇ تەخت خەۋپتە قالغان پەيتتە ساداقەت، ۋاپانى ئەۋزەل بىلىپ، بىزلەركىم خانۇ خاقانىڭلار بولمىش پاسىبانىڭلارنى تاشلىۋەتمىدىڭلار، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەردىن چەكسىز مىننەتدارمەن. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاشۇ ساداقەت، جاسارىتىڭلارنى مۇكاپاتلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، سىلەرنىڭلا ئەمەس، لەشكەرلەرنىڭمۇ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلالمىدىم. شول تاپتا قولۇڭلاردىكى ھەمياندا نېمە بارلىقىغا قىزىقىۋاتىسىلەر. سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي: ھەر يۈزبېشىنىڭ قولىدىكى ھەمياندا يۈز ئون دانە كېپەكى①، ھەر مىڭبېشىنىڭ قولىدىكى ھەمياندا يىگىرمە دانە كېپەكى، ھەر باھادىر، ئارسلان، ھەيدەر، پەھلىۋان، شىر مەرتىۋىلىك سەركەردىلەرنىڭ قولىدىكى ھەمياندا ئوتتۇز دانە كېپەكى، ھەر ئورۇنباسار ئەمىرنىڭ قولىدىكى ھەمياندا قىرىق دانە كېپەكى، ھەر ئەمىرنىڭ قولىدىكى ھەمياندا ئەللىك دانە كېپەكى بار. يۈزبېشىلار قولۇڭلاردىكى يۈز ئون دانە كېپەكىدىن ئون دانىسىنى ئۆزۈڭلارغا ئايرىۋېلىپ، قالغىنىنى لەشكەرلىرىڭلارغا بىر دانىدىن ئۈلەشتۈرۈپ بېرىڭلار.

سۇلتان يۇنۇسخان گېپىنى توختىتىپ بىرپەس تۇرۇۋالدى. ئەمىر ـ سەركەردىلەر خان ئالىيلىرىنىڭ نېمىشقا ئۆزلىرىگە كې-

① كېپەكى — مىس پۇل، ئەڭ كىچىك پۇل بىرلىكى.

پەكى تارقاتقانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قېلىشقانىدى.

— قولۇڭلاردىكى بۇ پۇللار ئادەتتىكى كىپەكلەردىن ئەمەس. مەن بۇنى نەچچە كۈندىن بېرى ئالاھىدە بۇيرۇتۇپ، ھەر بىر كىپەكى يۈزىگە مۆھۈرۈمنى چۈشۈرۈپ قۇيدۇرۇپ چىقتىم. نېمىشقا شۇنداق قىلدىم؟ چۈنكى، خەزىنىدە سىلەرگە بەرگۈدەك ھېچنېمە قالمىدى. ئەمما ئەتە سەپەرگە چىقىمىز دەپ تۇرۇۋاتىمىز. گەرچە سىلەر ساداقەتمەن باھادىرلىرىم مېنىڭ بۇ قىيىنچىلىقىمنى چۈشەنسەڭلارمۇ، بارىغا قانائەت قىلساڭلارمۇ، لېكىن لەشكەرلەرنىڭ چۈشەنمىكى تەس. ئۇلار ئوردا خەزىنىسىدە پۇل قالماپتۇ دېسە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. ئاڭلىشىمچە، بىر قىسىم لەشكەرلەر بۈگۈن كېچە شەھەردىكى رەئىيەتنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئاز ـ تولا مال دۇنيا غەنىيمەت ئېلىپ ئاندىن سەپەرگە چىقىش مۇددىئاسىدىكەن. دەسلەپتە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم، كېيىن خىجىل بولدۇم، نومۇستىن يۈزۈمنىمۇ كۆتۈرەلمىدىم. لەشكەرلىرىمنىڭ مائاش ـ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلالمىغان مەندەك ھۆكۈمدارغا بۇ مەسخىرىمۇ ئازلىق قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنى توسۇشقا نېمە ھەققىم بار دەيسىلەر؟

يۇنۇسخان گېپىنى توختىتىپ ئەمىر ـ سەركەردىلەرگە قارىدى. ئۇلارنىڭ بېشى ئاللىقاچان پەسكە چۈشۈپ كەتكەن، ۋۇجۇدىنى خىجىللىق، نومۇس تۇيغۇلىرى چىرمىۋالغانىدى.

— لېكىن، — دېدى يۇنۇسخان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — لەشكەرلەر بۇلىماقچى بولغان ئاشۇ رەئىيەتنىڭ ئىلكىدىمۇ پۇلغا يارىغۇدەك بىسات يوق. نەچچە ئايدىن بېرى ئۇلار بار ـ يوقىنى لەشكەرلەرنى بېقىشقا سەرپ قىلىپ تۈگەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىسا، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولىدۇ. سەلتەنەتتىن رايى قايتىدۇ. ئەغيارلىرىمىزغا مايىل بولىدۇ. نەتىجىدە، ئاقسۇ شەھىرىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىمىز، شۇڭا، ئىلاجسىز مۇشۇ چارىنى ئويلاپ تاپتىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قولۇڭلاردىكى ئاشۇ كىپەكى سىلەرگە يېزىپ بەرگەن

قەرز ھۆججىتىم بولۇپ قالسۇن. ۋاقتى كەلگەندە ھەر بىر كىپە-
كنى ئون تىللادىن سېتىۋالىمەن. ئەھۋال شۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇق
سۆزلىگۈمۇ يوق. ھەرقايسىڭلارنىڭ لەشكەرلىرىڭلارنى قايىل
قىلالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن. ناۋادا لەشكەرلەر قايىل بولماي
ئاۋامنى بۇلاش نىيىتىدىن يانمىسا، ئاۋۋال مېنىڭ ئوردامنى بۇ-
لىسۇن. پەقەت ئۇچامدىكى مۇشۇ تونۇم بىلەنلا قالسام رازىمەن
ھەم ئۆزۈمنى چەكسىز بەختىيار ھېس قىلىمەن.

ھاياجانلانغان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كۆزىگە لىققىدە ياش
كەلدى. شۇ ھامان ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆپكىدى-
گەن، خىتىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

ــ ئالىيلىرى، ئادالەتپاناھىم، ــ دەيتتى ئەمىرلەر ئۆپكى-
دەپ تۇرۇپ، ــ بىز توۋا قىلدۇق. ئاۋامنى بۇلاش لەشكەرلەرنىڭ
ئەمەس، بىزنىڭ مۇددىئايىمىز ئىدى. لەشكەرلەرگە تەمىنات تار-
قىتىپ بېرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئاشۇنداق نىيەتكە كەلگەن-
دۇق. بىزنى كەچۈرسىلە. يامان نىيەتتە بولغانلىقىمىزدىن نومۇس
قىلىۋاتىمىز. بولدى، بۇ كىپەكلەرنى بىز ئالمايمىز، ئەمما لەش-
كەرلەرگە بىر تالدىن تارقىتىپ بېرەيلى. بېشىمىز تېنىمىزدە ئا-
مانلا بولىدىكەن، بۈيۈك سەلتەنەت ئۈچۈن جېنىمىز پىدا.

ئەمىر ـ سەركەردىلەر قوللىرىدىكى ھەميانلارنى بىر ـ بىر-
لەپ كېلىپ خەزىنىچى بەگنىڭ ئالدىغا قويدى.

ــ مېنى چۈشەنگىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت، ــ دېدى سۇلتان
يۇنۇسخان ھاياجانلانغان ھالدا، ــ ئىنسان ئۈچۈن نەپسىدىنمۇ
قۇدرەتلىك دۈشمەن يوقتۇر. سىلەر ھازىر ئاشۇ قۇدرەتلىك رەقىب
ئۈستىدىن غالىب كەلدىڭلار. ئىشەنچىم كامىلكى، بۇنداق جاسا-
رەتكە ئىگە باھادىرلار بىلەن ھەرقانداق قۇدرەتلىك ياۋنىمۇ باش
ئەگدۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ھىممىتىڭلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماي-
مەن. ئەمىسە چىقىپ لەشكەرلەرنى خاتىرجەم قىلغايسىلەر. ئاللاھ
خالىسا ئەتە بامداتتىن كېيىن يولغا چىقىمىز.

ــ خان ئالىيلىرى ئامان بولغايلا!

ئۇلار سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

※ ※ ※

لېكىن ئەتىسى بامداتتىن كېيىن يولغا چىقىش سۇلتان يۇ-نۇسخانغا نېسىپ بولمىدى. خانزادە ئەھمەددخاننى ئىزدەپ كەتكەنلەر بىر ـ بىردىن يامان خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

ـــ خانزادىنى سەر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تۇتقۇن قىلىپ كونا قەلئەگە قاماپ قويۇپتۇ.

ـــ ئۇ، خان ئالىيلىرى ئەمىرزادەمنى قايتۇرۇپ بەرسە ئاندىن خانزادىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن دېگۈدەك.

ـــ سەر ئەمىر خان ئالىيلىرى ئەمىرزادەمنى تۇرغاق قىلىۋالدى دېگۈدەك.

ـــ ئاقسۇ شەھىرىنى مىرزا ئابابەكرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە تەييارلىنىۋېتىپتۇدەك.

ـــ شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى پۈتۈنلەي تاقىۋاپتۇ.

ـــ سېپىل ئۈستىگە لەشكەرلىرىنى چىقىرىپ جەڭگە تەييارلىق كۆرۈۋېتىپتۇ.

سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ بېشى قايغاندەك بولدى، غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلىدى. ئەمما مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يەنىلا ئىشەنمىدى. ھەئە، بۇ خەۋەرنى ماڭلايسۆيە ئەمىر مەھكىمىسىدىكى ھېلىقى كوت ـ كوت ئەمىرلەر تارقاتقانىدى.

سۇلتان يۇنۇسخان ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ كېلىش ئۈچۈن چاپارمەن ئەۋەتتى. لېكىن چاپارمەن كونا شەھەر قەلئەسىگە كىرەلمەي قايتىپ كەلدى. ئىلاجسىز خەت يېزىپ ئەۋەتتى. ئەمما كەچكىچە ساقلاپمۇ خەتنىڭ جاۋابىنى ئالالمىدى. شۇ تاپتا ھەم غەزەپلەنگەن، ھەم ئۈمىدسىزلەنگەن سۇلتان يۇنۇسخان خانزادە ئەھمەددخاننىڭ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى جاۋاب خەت يېزىشتىن توسۇپ قالغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

ــ ھەرگىز جاۋاب يازمىسىلا سەر ئەمىر، ــ دېدى خانزادە ئەھمەدخان، ــ ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە بۇ ۋەقەنى خان ئاتامغا خەت يېزىپ چۈشەندۈرمەك تەس، ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. ھازىر خانئاتام سەپەرگە چىقىشقا ئالدىراۋاتىدۇ. بەلكىم ساقلاۋېرىشكە تاقەت قىلالماي يولغا چىقىپ كېتەر. كېيىنچە ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈۋالارمىز.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ غەزەپ قىلىدىن ئەنسىرەپ تۇرسىمۇ، خانزادە ئەھمەدخاننىڭ گېپىنى يىرالمىدى.

ئۈچ كۈن ساقلىغان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ تاقىتى چېكىگە يەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ بىر قىسىم ئەمىر ـ سەركەردىلەر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن يامانلاپ بېرىپ، كونا شەھەر قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بېرىۋاتاتتى.

ــ كونا شەھەر قەلئەسىنى قامال قىلىڭلار، لېكىن ھۇجۇم قىلىشقا ئالدىرىماڭلار، ــ پەرمان بەردى سۇلتان يۇنۇسخان.

شۇنداق قىلىپ سەپەرگە تەييارلىنىپ تۇرغان لەشكەرلەر كونا شەھەر قەلئەسىنى قورشىۋالدى.

ئىشنىڭ كۈتكىنىدەك نەتىجىلەنمەي ئەكس تەسىر بېرىپ يوغىناپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يۇنۇسخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. شۇ تاپتا ئۇ لەشكەرلەر شەھەرنى راستتىنلا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى.

جەھلى قاتقان سۇلتان يۇنۇسخان شەھەرنى قامال قىلىشنى پەقەتلا بوشاتمىدى. قىرىق كۈن ئەنە ئاشۇ تەرزدە ئۆتۈپ كەتتى. ئەتىياز پەسلى بولغاچقا، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى قالمىغانىدى.

قامال قىلىنغاچقا دېھقانلار، رەۋەندىلەر شەھەرگە ساتقىلى ئاشلىق ئېلىپ كىرەلمىدى. ئاچارچىلىق يۈز بېرىشكە باشلىدى. شەھەر خەلقى ئاۋۋال پۇرچاقتەك، قوناقتەك بولۇشقا باشلىغان

ئۆرۈك غورىلىرىنى، ئاندىن ئۆرۈك، ئۈجمە غازاڭلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر بولدى. كۈندە دېگۈدەك ھازا ئاڭلىناتتى. ئىلاجسىز قالغان پۇقرالار شەھەردىن قېچىشقا باشلىدى.

— خان ئاتام پەيلىدىن ياندىغاندەك ئەمەس، — دېدى تىمۇركىشىپ تۇرۇۋەرسە تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۆلچەرلىگەن ئەھمەدخان، — مەن چىقىپ خان ئاتام بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرەي، سىلى خەۋىرىمنى كۈتسىلە.

بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوقلۇقىنى ھېس قىلغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا «ماقۇل» دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

«مەيلى خانزادە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ باقسۇن، باشتىلا خان ئالىيلىرىغا ئەھۋالنى ئوچۇق ئېيتسام بوپتىكەن. خان ئالىيلىرى نېمە دەپمۇ قالغاندۇ؟ ھۇجۇم قىلمىغان بىلەن شەھەرنى ئەجەب قاتتىق قامال قىلدى ـ يا؟ خانزادىنى كۆرۈپ لەشكەرلەر پەيلىدىن يانغاندۇ. سېپىلنىڭ ئۈستىدىكى لەشكەرلەرنى چۈشۈرۈۋېتەي، شەھەر دەرۋازىسىنىمۇ ئاچقۇزۇۋېتەي بولمىسا. ئۇلار بىزنىڭ خان ئالىيلىرى بىلەن قارشىلىشىش مۇددىئايىمىزنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ قالسۇن، بەلكىم قامالنى بوشىتىپ چېكىنىپمۇ كېتەر. ھېلىغىچە خانزادە ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى چۈشەندۈرۈپمۇ بولغاندۇ...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچقۇزۇۋەتتى. ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، ئۇ خاتالاشقانىدى. قىرىق كۈندىن بېرى شەھەرنى قامال قىلىپ زېرىككەن خان لەشكەرلىرى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرۈپ، پەرمان كۈتمەيلا شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى ـ دە، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. شول تاپتا ئۇلار شەھەرنى جەڭ قىلىپ ئالدۇق، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىمىز يوللۇق، دەپ ئويلىغانىدى. چۈنكى، جەڭ قىلىپ ئالغان شەھەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە ئىدى.

ئوغلىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سۇلتان

يۇنۇسخان لەشكەرلەرنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

— پەرمان! لەشكەرلەرنى ئاۋامنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتىن قەتئىي توسۇپ قىلىڭلار!

خانزادىنى باشلاپ خاننىڭ دەرگاھىغا كىرگەن سەركەردىلەر ئاللىقاچان كېچىككەندى. ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ قۇترىغان لەشكەرلەرنى توسۇپ قالالمىدى. ئاچارچىلىقتا ئىلىكى قۇرۇغان شەھەر خەلقى بۇ بۇلاڭ ـ تالاڭغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشتى.

ھەممە بالانىڭ بېشى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەپ چۈشەنگەن سەركەردىلەر ئۇنى تۇتۇپ باغلىغىنىچە سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— سەر ئەمىرنى باغلاشقا پېتىنغان كىم؟ دەرھال بوشىتىۋېتىڭلار!

سۇلتان يۇنۇسخان ۋارقىرىغىنىچە بېرىپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى باغلاقتىن ئۆز قولى بىلەن يەشتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە تىزلاندى:

— ئالىيلىرى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا.

سۇلتان يۇنۇسخان ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— ئۇتتۇرىمىزدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت، ئىشەنچكە نېمىشقا كۆكۈل توختىتالمىغاندىلا سەر ئەمىر. چوڭ ئەمىرزادىلىرىنى خانزادە مەھمۇدخاننىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتىشىمۇ سىلىنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدىغۇ؟ نېمىشقا ماڭا ئىشەنمەي ئاشۇ بىئەقىل سۇخەنچىلەرگە ئىشىنىدىلا؟ كىچىك خانزادىنى يادلىرىدا ئېلىپ قالغىلىرى بولسا كۆڭۈللىرىدىكىنى دەۋەرسىلە بولاتتىغۇ؟ قاچان بىر سىلىنىڭ تەلەپ ـ ئىلتىماسلىرىنى رەت قىلغان يېرىم بار؟ مانا قاراپ تۇرۇپ ئۆز لەشكەرلىرىمىز ئۆز پۇقرالىرىمىزنى بۇلاپ ـ تالىدى. مۇشۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىم ـ ھە؟! ئىسىت،

ئىسست...

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئاغزى «كەچۈرسىلە ئالىيلىرى، ئەقىلسىزلىك قىلىپتىمەن» دېگەندىن باشقا گەپكە كەلمەيتتى.

ــ سىلىنى ئەيىبلەۋەرسەممۇ بولماس، بۇ ئىشتا خانزادىنىڭمۇ بىر ئۇلۇش مەسئۇلىيىتى بار، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ھەسرەت بىلەن، ــ ئەمدى بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، پۇشايمان قىلساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. خانزادە ئەھمەدخاننى يانلىرىدا قالدۇرۇپ قوياي. لېكىن ئۇ سىلىگە ئورۇنباسار بولسۇن، بۇ ۋەيرانچىلىقنى ئىككىلىرى بىر تەرەپ قىلىشسىلا، مەن سەپەردىن قالماي.

ــ شەھەردىكى ئاۋامنىڭ ئىلكى قۇرۇپ كەتتى. ئۇنى ئاز دەپ بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىدى. بۇغداي ئورۇمىغا يەنە خېلى ۋاقىت بار. بۇنداق ئەھۋالدا ئاقسۇدا قانداقمۇ تۇرغىلى بولار؟ ناۋادا مىرزا ئابابەكرى لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالسا تاقابىل تۇرماقمۇ بەسى مۇشكۈل، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ.

ــ سىر ئەمىر جانابلىرى راست ئېيتىدۇ ئاتا، ــ دېدى خانزادە ئەھمەدخانمۇ سۆز قېتىپ، ــ ئەمدى ئاقسۇ شەھىرىدە تۇرغىلى بولمايدۇ. ئاۋامنىڭ كۆڭلى بىزدىن پۈتۈنلەي سوۋۇپ كەتتى.

سۇلتان يۇنۇسخان بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ گېپى توغرا ئىدى. بۇنداق ۋەيرانچىلىقتا مىرزا ئابابەكرى لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالسا ھەرگىزمۇ تاقابىل تۇرغىلى بولمايتتى.

ــ ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاقسۇدىنمۇ ۋاز كەچمەي ئامال يوقتەك قىلىدۇ. ھازىرچە مىرزا ئابابەكرى دېگەن بۇ تۇزكور بەدبەخت راسا خۇشال بولۇۋالغاچ تۇرسۇن. تۇرپانغا بىللە كېتەيلى. ئۇ يەردىن ئىلى، يەتتەسۇ، تۈركىستانلارغا بىللە بېرىپ، كۆيۈ

ئوغلۇم ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن كۆمەكلىشىشكە لەشكەر ئېلىپ، قەشقەرگە ئاندىن لەشكەر تارتىپ كېلەيلى. شەرت شولكى، ماڭلاي- سۆيەنىڭ سەر ئەمىرلىكىدىن ئالدىراپ ۋاز كەچمىسۇنلار.

— قىبلىگاھىمىز ھىممەتلىكتۇر، — دېدى مۇھەممەد ھەي- دەر مىرزا كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ.

شۇنداق قىلىپ سۇلتان يۇنۇسخان ئاقسۇ شەھىرىنى تاشلاپ تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مىرزا ئابا- بەكرى ئاقسۇ شەھىرىنى كۆچمەيلا ئىلكىگە ئالدى.

## 90

سۇلتان يۇنۇسخان ئاقسۇنى تاشلاپ چىققاندىن كېيىن كۇ- چاردا قىسقا مۇددەت توختاپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن كۇچارنىڭ مۇداپىئەسىگە چالىش①، كۆنچى بەگلىكىدىن لەشكەر، خىراجەت يۆتكىدى. ئاندىن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش، يەنە بىر تە- رەپتىن ئەل - يۇرتنى ئارىلاپ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماق، تۈمەن- لەردىكى ئەمىر - بەگلەر، ئەل - رەئىيەتكە ئۆزىنىڭ ھايات ئى- كەنلىكىنى بىلدۈرۈش، قىسقىسى، مىرزا ئابابەكرى ئىسيانى سە- ۋەبىدىن تەۋرىنىپ قالغان ھاكىمىيەت ئاساسىنى مۇستەھكەم- لەش، ئەل - يۇرتتا پەيدا بولغان پىتنە - پاساتلارنى تىنچىتىش ئۈچۈن ناھايىتىمۇ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. قومۇل، ئارا- تۈرك، بارىكۆل قاتارلىق ۋىلايەت - ئايماقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغۇچە سوغۇق چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قايتىپ كېلىپ تۇر- پاندا قىشلىدى. بۇ چاغدا ماڭلايسۆيە ۋادىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى

① چالىش — قاراشەھەر.

قولغا كىرگۈزۈۋالغان مىرزا ئابابەكرى ئاقسۇدىن كۇچارغا لەشكەر تارتىشقا ئالدىرىماي، ئۈچ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى، ئەمما ئىككى ئاي تىركىشىپمۇ ئالالمىدى. ئاقسۇدا بىر قىسىم سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى قالدۇرۇپ قەشقەرگە قايتىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ پەرغانىدىكى كۈيئو ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرگە قايتا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىدىن ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق خەۋەر تاپقانىدى.

سۇلتان يۇنۇسخان قىشنى تۇرپاندا ئۆتكۈزدى. ئالتۇنتاغ ئېتەكلىرىدىكى كېرىيە، چەرچەن، چاقىلىق بەگلىرى، تارىم، لوپ، كۆنچى ۋادىسىدىكى ئەمىر ـ بەگلەر قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقىغا قارىماي تۇرپانغا كېلىپ ساداقىتىنى بىلدۈردى. ئىلى، يەتتەسۇ ۋادىسىدىكى بىپايان يايلاقلاردا بولسا چوڭ خانزادىسى مەھمۇدخان بىرنەچچە يىلدىن بېرى خېلى مۇستەھكەم ئاساس تىكلىۋالغانىدى. شۇڭا، بۇ تەرەپلەردىن ئانچە ۋايىم يەپ كەتمەيتتى.

تۇرپاندا كۆكلەم ئەزەلدىن بۇرۇن باشلىنىدۇ. پۇتكۇل ئەس ـ يادى مىرزا ئابابەكرى ئىسيانىنى تىنچىتىپ، ماڭلايسۆيە ۋادىسىنى قايتۇرۇۋېلىشتا قالغان سۇلتان يۇنۇسخان تېرەكلەر پوتلا بولۇشى ھامانلا سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى.

— لەشكىرىي دىۋاننىڭ ھازىرلىقلىرى قانداق بولدى سەر ئەمىر؟

سۇلتان يۇنۇسخان تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى لەشكىري دىۋاننىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئاقسۇدا يۈز بەرگەن نىزانى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغانىدى.

— قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، — لەشكىري دىۋاندا ھازىر ئىككى تۈمەن لەشكەر جەمئىي بولدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئايماقلار ئەۋەتىشكە تېگىشلىك خىراجەت، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلەرمۇ ئاساسەن كەلتۈرۈلۈپ بولدى. چوڭ خانزادە مەھمۇدخان ئالىيلىرى بەش مىڭ ئات تەيـ

يارلاپتۇ.

ــ قورال ـ ياراغلارنىڭ ئەھۋالىچۇ؟

ــ قورال ـ ياراغلار تولۇق، لېكىن يا ئوقى تازا يېتەرلىك ئەمەس.

ــ لەشكىرىي دىۋان نامىدىن چوڭ خانزادىگە پەرمان ماڭدۇرسىلا، يەنە بەش تۈمەن تال ئوق ھازىرلىسۇن.

ــ باش ئۈستىگە.

سۇلتان يۇنۇسخان بىرپەس خىيال سۈرۈپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن پەرمان كۈتۈپ تۇرغان باشقا ئەمىرلىرىگە تەكشى قارىۋېلىپ ئېغىز ئاچتى:

ــ كۇچار ئەمىرى مىرزا ۋەلى بوغا بىلەن ئۈچ ئەمىرى مىرزا ئابدۇللا دوغلات مىرزا ئاتابەكرىنىڭ يولىنى توسۇپ سەلتەنەتىمىزنىڭ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن چوڭ تۆھپە كۆرسەتتى. ئول ئىككى ئەمىرنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن باھادىرلىق ئۇنۋانى بەردىم. يارلىق بىلەن ئوتۇغاتلار دەرھال ماڭدۇرۇلغاي، ــ ئۇ دەستارپىچقا قارىدى:

ــ تونۇمنى ئېلىپ كەللىمۇ؟

ــ پەرمانلىرىغا بىنائەن زەرباب تونلىرىدىن ئىككىنى ئېلىپ كەلدىم ئالىيلىرى.

دەستارپىچ كېيىنى تۈگىتىپ مۇلازىملارنى شەرەتلىدى. مۇلازىملار ئىككى پەتنۇسقا ئايرىم ـ ئايرىم قاتلاپ سېلىنغان زەرباب تونلارنى كۆتۈرۈپ تەخت ئالدىغا كەلدى.

ــ ئول ئىككى ئەمىرگە يارلىققا قوشۇپ بۇ تونلارنىمۇ ئەۋەتىپ بەرسۇنلار.

ــ ئالىيلىرى مەرھەمەتلىكتۇر.

خاننىڭ بۇ كاتتا ئىلتىپاتىدىن ھاياجانلانغان ئەمىرلەر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى. چۈنكى، خان ـ سۇلتانلارنىڭ ئۆزى كىيگەن تونلىرىنى ئەمىر ـ سەركەردىلىرىگە ئىلتىپات قىلىشى كاتتا ئىنئام ھېسابلىناتتى. بۇنداق ئىلتىپاتقا ئاسانلىقچە ئېرىش-

كىملى بولمايتتى.

ــ مەلۇم بولغاي!

ھۆدەيچى بەگ تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلىدى.

ــ خوش! ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان.

ــ پەرغانە ئەمىرى مىرزا ئۆمەر شەيخ كۆرەگان جانابلىرى ھۇزۇرىدىن ئەلچى كەلدى.

كۆيۈ ئوغلىدىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ سۇلتان يۇ-نۇسخان دەرھال ئىجازەت بەردى:

ــ باشلاپ كىرسۇنلار!

ئەلچى تەختنىڭ ئالدىغا ئۈچ قەدەم قالغاندا توختاپ سالام بەردى، ئاندىن خەت سېلىنغان پەتنۇسنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈ-رۈپ تەڭلىدى:

ــ پاسىبانىمىز مىرزا ئۆمەر شەيخ كۆرەگان جانابلىرىنىڭ دۇئايى سالامىنى قوبۇل قىلغايلا ئالىيلىرى.

ساراي بېگى خەتنى ئېلىپ سۇلتان يۇنۇسخانغا ئۇزاتتى. يۇ-نۇسخان خەتكە ئالدىراش نەزەرىنى ئاغدۇردى.

*«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم*

*جاھان سۇلتانلىرىنىڭ ئۇلۇغى، ئەدلى - ئادالەت زۇلپىقارىنىڭ ئىگىسى، مېھىر - شەپقەت، ۋاپا گۈلزارلى-قىنىڭ كۆيۈمچان باغۋىنى، قۇدرەتلىك تاج ئىگىسى مۆھتە-رەم قېيىنئاتام سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا شەپقەتلىك تەڭرىدىن سالامەتلىك، خاتىرجەملىك، قوۋناقلىق تىلەيمەن.*

*ئى مۇرۇۋۋەتلىك ئاتا، قۇدرەتلىك تەسەررۇپلىرىدا باش كۆتۈرگەن تۈزكور مىرزا ئابابەكرى ئىسيانىنىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم. ئەسلىدە سىلىگە كۆمەكلىشىپ ئۇدۇل قەشقەرگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئۇل مۇناپىق ناكەسنىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ قويۇش مۇددىئايىم بار ئىدى، بىراق ئويلىمىغان يەردىن ئا-*

غام سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئەتراپىدىكى يىلان تىللىق، قىد-
تىغۇر، سۇخەنچى ئەمىرلەرنىڭ پىتنىلىرىگە يەنە قۇلاق
سېلىپ، ئاتا مىراس تەسەررۇپىم بولمىش پەرغانە ۋادىسى-
دىكى تاشكەنت شەھىرىنى يەنە مەندىن تارتىۋېلىش كويىغا
چۈشۈپتۇ. ئىلگىرىمۇ ئۇنى بۇ يامان پەيلىدىن سىلى توسۇپ
قالغانىدىلە، ئاغام پەقەت سىلىدىن تەپ تارتىدۇ، سىلىنىڭلا
نەسىھەتلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئاغامنىڭ مۇقابىلىسىگە چىققۇدەك
سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم، كۈچ ـ قۇدرىتىم ئەلۋەتتە بار-
دۇر. بىراق، ئاغا ـ ئىنى قىلىچ يالىڭاچلاشساق، ئارىدىن
ئەغيارلىرىمىز نەپ ئالىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا زىيانىنى يەنە
ئۆزىمىز تارتىمىز. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا جەننەتماكان خان
ئاتامدىن ۋە ئۆزلىرىدىن كۆپ قېتىم دەككىسىنى يېگەن
دەشتى قىپچاق ھۆكۈمدارى سۇلتان ئەبۇلخەيرخاننىڭ نەۋ-
رىلىرى ھېچبىر تىنچىغىنى يوق. ئايغاقچىلىرىم يەتكۈزگەن
ئىشەنچلىك ئاخباراتلاردىن قارىغاندا، مۇھەممەد شەيبانىخان
ئەتراپىغا چېچىلىپ كەتكەن ئۆزبېك قوۋمىنى جۇغلاپ، دەش-
تى قىپچاقنىڭ يىراق سەھرالىرىدا ۋە تۈركىستان دالىسى-
نىڭ خىلۋەت جاڭگاللىرىدا ھازىرلىق كۆرۈپ، پەيت ـ
پۇرسەت كۈتۈۋېتىپتۇ. ئاغا ـ ئىنىلەر دۈشمەنلەشسەك، بۇ
ئۇلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار-
نىڭ بىزدە تەسەررۇپ دەۋاسىلا ئەمەس، ئاتا قىساسىمۇ بار.
ئەينى يىلى سىلى قارا توقاي قىشلىقىدا، ئۇنىڭ تاغىسى
بولمىش بۇرۇج ئوغلاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئىنى-
سى بوداغ ئوغلان قېچىپ كەتكەنىدى. كېيىن ئۇ دەرگاھىم-
دىن پاناھلىق تىلىگەن بولسىمۇ، يۈز ـ خاتىر قىلمىغانى-
دىم. ئىككى يىل ئاۋۋال ئول بوداغ ئوغلاننىڭمۇ ئۆلۈم خە-
ۋىرىنى ئىشىتتىم. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد شەي-
بانىخان قايتىدىن باش كۆتۈرۈش قەستىگە چۈشۈپتۇ، بول
ئىشلارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، ئاغام سۇلتان ئەھمەد

مىرزىغا مەلۇمات يوللىغانىدىم. بىراق ئۇ بۇ ئاگاھلانىدۇ-
رۇشلىرىمغا قۇلاق سالمايۋاتىدۇ. بەلكىم بۇنى تاشكەنتنى
بەرمەسلىكنىڭ سەۋەبى قىلىۋالدى، دەپ خاتا چۈشىنىۋاتىد-
دۇ. ئەسلىدە ئاغامغا تاشكەنتنى بېرىۋەتسەممۇ بولۇۋېرەتتى.
ئەمما ئۇنىڭ بۇ يولسىز تەلىپىگە قايىل بولغۇم كەلمىدى.
چۈنكى، تاشكەنت ئەزەلدىن پەرغانە تەسەررۇپىدىكى شەھەر-
دۇر. بابائى بۇزرۇك ئەمىر تۆمۈر زامانىسىدىن تارتىپ تاكى
جەننەتماكان خان ئاتامنىڭ سەلتەنەتىگىچە ھېچكىم تاش-
كەنتنى پەرغانە تەسەررۇپىدىن ئايرىۋالغان ئەمەس. ئەينى
ۋاقىتتا خان ئاتام تاشكەنتكە شەيخ جامالىددىن خەرنى ئە-
مىر قىلغىنى بىلەن ئۇنى يەنىلا ماڭا تەۋە قىلىپ بەرگەند-
دى. گەرچە شەيخ جامالىددىن خەر ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ
بىۋاستە سەمەرقەنت ئوردىسىغا پەرمانبەردارلىق قىلىپ
كەلگەن بولسىمۇ، بىرنەنچىدىن، پېشىمنىڭ كىچىك بولغاز-
لىقى؛ ئىككىنەنچىدىن، سەلتەنەتنىڭ مۇقىملىقىنى كۆزدە
تۇتۇپ، ئەڭ مۇھىمى خان ئاتامغا ئۇشۇق ـ ئارتۇق باش
ئاغرىقى تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن سۈكۈت قىلغانىدىم.
كېيىن سىلى ئول تەكەببۇرنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلدىلا
ۋە تاشكەنتنى كەمىنە ئوغۇللىرىغا قايتۇرۇپ بەردىلە. ئاغام
تاشكەنتنى مەندىن تالاشمىسىمۇ، ئۇنىڭ تەسەررۇپىدا تاش-
كەنتتەك كاتتا شەھەرلەر ھەلەم بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاش-
كەنت مېنىڭ تەسەررۇپىمدا تۇرسا نە بولدى، ئاغامنىڭ تە-
سەررۇپىدا تۇرسا نە بولدى. ئىككىمىز بۈيۈك بۇسەيىن
سۇلتاننىڭ پۇشتى ـ پەرزەنتلىرى، قان ـ قېرىنداشلار-
دىنمىزغۇ ئاخىر؟! خۇلاسە، كالام. گەپنى قىسقا قىلسام،
ئۇشبۇ مەكتۇپىمنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان دەرھال تاشكەنت-
كە مۇبارەك قەدەملىرىنى يەتكۈزگەن ۋە كەمىنە پەرزەنتلە-
رىنى غەمدىن خالاس قىلغان بولسىلا. شول تاپتا قىلىچ بد-
لەن تۇرغان ئەغيارىمىز مۇھەممەد شەيبانىخاندىن بەكرەك

*ۋايىم يەۋاتىمەن. بەلكىم بول زاكوننى سىلىنىڭ ئاغزىلىدـ*
*ـرىدىن ئاڭلىسا ئاغام پەيلىدىن يېنىپ قالۇر.*
*پايە ـ قەدەملىرىگە تەلمۈرۈپ تۇرغۇچى ناقابىل پەرـ*
*زەنتلىرى ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن دەپ بىلۇرلا.»*

خەتنى ئوقۇپ سۇلتان يۇنۇسخان بىرھازا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ تۇنجى قېتىم مەدەت سورىشى ئەمەس ئىدى. ئاكا ـ ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زېمىن دەۋاسىغا تۆت ـ بەش يىلدىن بېرى ئۇ بىرنەچچە قېتىم ئارىلاشقاـ نىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ھەر قېتىم تاشكەنتنى تارتىۋېلىشقا تەييارلانسا، ئۆمەر شەيخ مىرزا سۇلتان يۇنۇسخاننى ئارىغا سالاتـ تى. بۇ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى كۈيۈ ئوغلى بولغاچقا، ئىككى كۈيۈ ئوغلى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ دەۋانى بىر تەرەپ قىلىش سۇلتان يۇنۇسخانغا تولىمۇ تەسكە چۈشەتتى، بىر كۈيۈ ئوغلىنى دەپ يەنە بىر كۈيۈ ئوغلىنىڭ دىلىنى رەنجىتىشنى خالىمايتتى.

سۇلتان يۇنۇسخان خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ ئەمىرلەرگە قاـ رىدى:

ــ سەر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىدىن باشقىلارغا ئىجاـ زەت!

ــ خان ئالىيلىرى ئامان بولغايلا!

ئەمىرلەر ئۇنىڭغا ئېسەنلىك تىلەپ شاھنىشىندىن چىقىپ كېتىشتى.

ــ كۆرۈپ باقسۇنلا.

سۇلتان يۇنۇسخان خەتنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ئۇزاتـ تى. ئۇ ھەرقانداق مۇھىم ئىشنى ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە سالاتتى، پىكرىنى ئالاتتى.

ــ ئۆمەر شەيخ مىرزىغا كۆمەكلىشىش ئۈچۈن پەرغانىگە لەشكەر ماڭدۇرماق زۆرۈر، ئالىيلىرى، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ.

ـــ ئاغا ـ ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ نىزاغا سەل قارىغۇلۇق ئەمەس، ـــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ئويچانلىق بىلەن، ـــ بىراق، ئۆمەر شەيخ مىرزىغا كۆمەكلىشىش ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتسەك، ئۇلارنى ياراشتۇرۇش مەقسىتىگە ھەرگىز يېتەلمەيمىز. سۇلتان ئەھمەد مىرزا تاشكەنتتىن مېھرىنى پەقەتلا ئۈزەلمىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزىغا نەسىھەت قىلاي دېسەم ئۇنىڭغا ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. چۈنكى، تاشكەنت ئەزەلدىن پەرغانە ئەمىرىنىڭ تەسەررۇپ زېمىنى.

ـــ ئەمىسە قانداق قىلاي دەيدىلا ئالىيلىرى؟

ـــ لەشكەر ئەۋەتسەم، ئاغا ـ ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ئوتىغا ماي چاچقاندەك ئىش قىلغان بولۇپ قالىمەن. ئەڭ ياخشىسى، ئۆزۈم بېرىپ نەسىھەت قىلساممىكىن.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئېھتىياتچانلىق بىلەن سورىدى:

ـــ قەشقەرگە لەشكەر تارتىدىغان ئىشنى قانداق قىلىمىز؟

ـــ ئاللاھ نېسىپ قىلمىغان ئوخشايدۇ، ـــ دېدى يۇنۇسخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ـــ بول ئىككى ئىشنى بىراقلا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەسلىي مۇددىئايىمىز بويىچە ئەندىجان ئارقىلىق قەشقەرگە لەشكەر تارتايلى دېسەك، چوڭ كۈيئو ئوغلۇم سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىزنى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا كۆمەكلىشىش ئۈچۈن لەشكەر باشلاپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئارىدىكى ئاداۋەتنى كېلىشتۈرمەن دەپ يوغىنىتىپ قويۇشۇم مۇمكىن، شۇڭا، ئاۋۋال ئاغا ـ ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىزانى بىر تەرەپ قىلاي. چۈنكى، پەرغانە ۋادىسى تىنچىمىسا مىرزا ئابابەكرىنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسىدۇ. بۇ ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىۋالغاندىن كېيىن ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن لەشكەر سوراپ قەشقەرگە ئىككى تەرەپتىن تەڭ تېگىش قىلارمىز.

سۇلتان يۇنۇسخان بىرئاز تۇرۇۋېلىپ يەنە ئېغىز ئاچتى:

ـــ تاشكەنتكە مەن بىللە بارسىلا، بەش يۈز نۆكەر ئې-

لىۋالساق بولۇر. كىچىك خانزادە ئەھمەدخان تۇرپاندا قېلىپ، بۇ تەرەپنىڭ ئىشلىرىغا مۇئەككەل بولغاچ تۇرسۇن.

— قاچان يولغا چىقىشنى دىتلىدىلىكىن ئالىيلىرى؟

— كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئاللاھ خالىسا ئەتىلىككە جۈمە نامىزىنى يۇرت جامائىتى بىلەن ئۆتىۋېلىپ يولغا چىقايلى.



تاشكەنت، ئۆرۈك پىششىقى.

ئۆمەر شەيخ مىرزا قېيىنئاتىسىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىش ئۈچۈن بارلىق چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ مەھرەملىرىنى ئېلىپ چىققان، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاغىچا ـ ئايىملىرىمۇ چالا قالمىغانىدى. تاشكەنت شەھىرىنىڭ سىرتىغا راسلىغان بۇ قارشى ئېلىش سورۇنىغا توققۇز پايىلىك ھەشەمەتلىك شاھسۇپا ياساتقان، گىلەملەردىن پاياندار سالغان، نەچچە ئونلىغان ھەشەمەتلىك يىپەك چېدىرلارنى تىككۈزگەنىدى. يۈزلىگەن ئۇستىلار، مۇلازىملار تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەرنى تەييارلاش، داستىخان بېزەش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

ئۆمەر شەيخ مىرزا سۇلتان يۇنۇسخان ۋە ئۇنىڭ ئىككى خانىشى — ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىمنى ئالاھىدە راسلانغان شاھسۇپىغا ئولتۇرغۇزۇپ، قايتىدىن سالام بەجا كەلتۈردى، ئاندىن پۈتكۈل پەرغانە ۋادىسىنى موغۇلىستان ۋادىسىغا ئۆتكۈزۈپ، سۇلتان يۇنۇسخانغا رەسمىي تەۋەلىك بىلدۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

بۇ ئىشتىن سۇلتان يۇنۇسخان دەسلەپ بىر ئاز تەئەججۈپلەندى، تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى؛ كېيىن كۈيئوغلىنىڭ بۇنداق قارارغا كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ، ھۆسلە قىلىپ ئول-

تۇرمىدى؛ مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ، پەرغانە ۋادىسىنى قوبۇل قىلدى؛ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن تۈزگەن بۇ تەدبىرىدىن قايىل بولدى.

ھەئە، ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ تاشكەنتتىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئۆمەر شەيخ مىرزا بىر تەرەپتىن ئاكىسىنىڭ تەھلىكىسىنى چەكلەش، يەنە بىر تەرەپتىن تاشكەنتنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق تەدبىرنى ئويلاپ تاپقانىدى. چۈنكى، ئۇ پەرغانە ۋادىسىنى سۇلتان يۇنۇسخانغا تەۋە قىلىپ بەرگىنى بىلەن يەنىلا ئۆزى باشقۇراتتى، قېيىنئاتىسى ئۇنىڭدىن ھەرگىز تارتىۋالمايتتى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپسا، قېيىنئاتىسىغا شەھەر ـ زېمىن دەۋاسى قىلىشتىن نومۇس قىلىپ، تاشكەنتنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈمىدىنى ئۈزەتتى. ئىنىسى پۈتكۈل تەسەررۇپىنى بېرىۋەتكەن يەردە، ئۇ قېيىنئاتىسىدىن بىر شەھەرنى تالاشسا ئەلۋەتتە نومۇسلۇق ئىش بولاتتى.

«ھەقىقەتەن تەدبىرلىك، ئەقىللىق ئىكەنلا كۈيۈ ئوغلۇم، مۇددىئالىرىنى چۈشەندىم، ئاغىلىرى بىلەن قىلىچ يالىڭاچلاپ قان تۆكۈشنى خالىمىدىلا. ئول ھىممەتلىرى سەۋەبىدىن پەرغانە ۋادىسى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن خالىي بولسا ئەجەب ئەمەس. لېكىن مەن بول پىشكەشلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلالمايمەن. قوبۇل قىلسام جاھان سۇلتانلىرى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ شۇنچە كەڭرى تەسەررۇپى تۇرۇقلۇق كۈيۈ ئوغلىنىڭ تەسەررۇپىنى تارتىۋاپتۇ دەپ پىتنە قىلىشىدۇ، ئىنسابسىزلىقتا ئەيىبلەيدۇ. بۇنداق دېمىگەندىمۇ ماڭا پەرغانە ۋادىسىنىڭ كېرىكى يوق. ئۇنى ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنىڭ ھۆكمىدىن ئايرىۋەتسەم ھەرگىز بولمايدۇ. خەيردىيەت، ھازىرچە ئاغا ـ ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدا تالاشتا قالغان تاشكەنت شەھىرىنى ئايرىپ، باشقۇرۇپ تۇراي...»

سۇلتان يۇنۇسخان كۈيۈ ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن

ئايرىم مۇڭدىشىپ، ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپ ئۇنى قايىل قىلدى.
ئىنىسىنىڭ سۇلتان يۇنۇسخانغا تاشكەنت شەھىرىنى بېرىدۇ-ۋەتكەنلىكىدىن ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق خەۋەر تاپقان سۇلتان ئەھمەد مىرزا لەشكەر تارتىپ بېرىپ تاشكەنتنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتىدىن ئىلاجسىز ۋاز كەچتى.
سۇلتان يۇنۇسخان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ كۆڭلىدىكى گۇماننى تۇگىتىش ئۇچۇن ھېچ ئىشنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كۇيۇ ئوغلى ۋە قىزىنى يوقلاش باھانىسى بىلەن سەمەرقەنتكە قاراپ يولغا چىقتى.
قېيىنئاتىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئانچە خالاپ كەتمىسىمۇ، خانىش مېھرىنىگار خېنىم بىلەن ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ كۇتۇۋالدى، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۇردى، ئەمما تاشكەنت ھەققىدە پەقەتلا ئېغىز ئاچمىدى.
سۇلتان يۇنۇسخان سەمەرقەنتتە بىرەر ئايچە مېھماندارچىلىق قىلىپ تاشكەنتكە قايتىپ كەلگەن ۋاقتتا ئاللىقاچان كۈز پەسلى ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى.
— قىش كىرەي دەپ قالدى. ئەمدى قەشقەرگە يۇرۇش قىلساق سەركەردە ـ لەشكەرلەر سوغۇقتا قىينىلىپ قالىدۇ، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان كۇيۇ ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا، — ئول تۇزكور ئابابەكرى مىرزا ماڭلايسۆيەدە بۇ قىش خاتىرجەم يايرىۋالغاچ تۇرسۇن.
— شۇنداق قىلايلى ئاتا، — دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا، — زىمىستاندا لەشكەر تارتساق تاغ يوللىرى بەكمۇ خەتەرلىك. قاراپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنى ـ ئۆزىمىز ھالاكەتكە ئىتتىرگەن بولىمىز. ئاللاھ خالىسا كېلەر يىلى باھاردا لەشكەر تارتارمىز. سىلىمۇ بۇ قىشنى تاشكەنتتە خاتىرجەم ئۆتكۈزسىلە.
شۇنداق قىلىپ سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تاشكەنتتە تۇرۇپ قالدى.

※ ※ ※

ئەسلىدىنمۇ سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ تاشكەنتكە بۆلەكچە مېھرى بار ئىدى. ئەمدىلىكتە تاشكەنت رەسمىي يوسۇندا ئۇنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەنىدى. ئۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككى كۈيئو ئوغلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتلەرنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن تاشكەنتتە مۇقىم تۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدى. چوڭ خانزادىسى مەھمۇدخاننى تاشكەنتكە ئەكىلىپ يېنىدا تۇرغۇزۇپ، كىچىك خانزادىسى ئەھمەدخاننى تۇرپاندا تۇرغۇزۇش قارارىغا كەلدى.

«چوڭ خانزادەم ۋەلىئەھد، شۇڭا چوقۇم يېنىمدا تۇرۇشى كېرەك. قېرىدىم، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. مەندىن كېيىن تەخت ـ سەلتەنەتكە شۇ پاسىبانلىق قىلمىسا بولمايدۇ. كىچىك خانزادەممۇ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك بولۇپ قالدى. قومۇل، تۇرپان، ئىلىبالىق، كۆنچى، كۇچا، ئۈچ ئەمىرلىرى سەلتەنەتكە تولىمۇ ساداقەتمەن. ئۇلار كىچىك خانزادەمنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى يۇرۇشتۇرۇشىگە ھەمدەمدە بولىدۇ. مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمدا ئىككى خانزادەمگە تەسەررۇپ بەلگىلەپ بەرمىسەم، كېيىن مۇنۇ ئىككى كۈيئو ئوغلۇمغا ئوخشاش زېمىن دەۋاسى قىلىشىپ، ئەل ـ يۇرتنى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا پاتۇرۇپ بابائى بۇزرۇكلەردىن قالغان سەلتەنەتنى پارچىلىۋېتىشى مۇمكىن. مىرزا ئابابەكرى ئىسيانىنى تىنچىتسام، ماڭلايسۆيەنى يەنىلا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا بېرەي. چۈنكى، ماڭلايسۆيەمۇ ئەزەلدىن ئاشۇلارنىڭ ئەجدادىي سۇيۇرغاللىق زېمىنى بولۇپ كەلگەن. سەر ئەمىردىن كېيىن قالسىمۇ ئوغۇللىرى ئوخشاشلا سەلتەنەتىمىزگە ساداقەت بىلدۈرۈپ ئۆتىدۇ. بۇيۇك تەسەررۇپىنىڭ ئىدشىنى بۇنىڭدىن ياخشىراق تەسەۋۋۇر قىلىش ھازىرچە بالدۇر...»

سۇلتان يۇنۇسخان تاشكەنتتە نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزگەندىن

كېيىن يۇقىرىقى خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۇرپانغا بېرىش تەرەددۇتىغا چۈشتى.

— سىلى يول جاپاسى تارتىپ يۈرمىسىلە، — دېدى ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بىللە بېرىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، — ئاللاھ خالىسا ئول تەرەپتىكى ئىشلارنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۈزگىچە قايتىپ كېلىمەن. ھازىرچە كىچىكرەك بولسىمۇ ئوشنىڭ ئەمىرلىكىنى قىلغاچ تۇرسىلا.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يۇنۇسخاننىڭ بۇيرۇقىنى يىرالمىدى.

— ئالىيلىرىدىن ئۆتۈنىدىغان بىر ئىشىم بار ئىدى، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تەۋازۇ بىلەن قول باغلاپ، — مۇمكىن بولسا چوڭ ئەمىرزادەم مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىنى ئەۋەتىپ بەرگەن بولسىلا، ئانىسى سېغىنىپ كەتتىم دەپ غەلۋە قىلىپ كەتتى.

سۇلتان يۇنۇسخان خىرىلداپ كۈلدى:

— چوڭ ئەمىرزادىنى يالغۇز ئانىسىلا ئەمەس، سىلىمۇ سېغىنغانلا سەر ئەمىر؟ ھېلىمۇ كۆرمىگىلى بىر يىلدىن ئاشتى ئەمەسمۇ. بولىدۇ، چوڭ خانزادىنىڭ قېشىغا بېرىپلا ئۇنى يولغا سېلىۋېتەي.

— قىبلىگاھىمىز ھىممەتلىكتۇر! — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھاياجانلانغان ھالدا.

سۇلتان يۇنۇسخان ۋەدىسىدە تۇرۇپ، مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىنى ئەۋەتىپ بەردى.

※ ※ ※

ئەندىجاننىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى بەراكوھ تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان ئوش شەھىرى پەرغانە ۋادىسىدا چوڭ شەھەرلەردىن ھېسابلانمىسىمۇ، سۈيىنىڭ ئەلۋەكلىكى، ھاۋاسىنىڭ ساپلى-

قى، تۇپرىقىنىڭ مۇنبەتلىكى، ئەتراپنى يېشىللىق ـ بوستانلىق ـ
نىڭ ئوراپ تۇرغانلىقى بىلەن باشقا شەھەرلەردىن ئالاھىدە پەرق ـ
لىنىپ تۇراتتى. شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بوستانلىقلارنى كېسىپ
ئۆتىدىغان ئەندىجان دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپى پۈتۈنلەي باغ ياكى
باغلارنىڭ ھەممىسى دەريا بويىدا ئىدى. شۇڭا ئوشنىڭ باھار پەس ـ
لى تولىمۇ پەيزى، نەگىلا قارىسا لەيلى، قىزىلگۈللەر ھۇپپىدە ئې ـ
چىلىپ تۇراتتى.

ئوش ئەنە ئاشۇنداق گۈزەل مەنزىرىسى، ئاب ـ ھاۋاسى بىلەن
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان ۋە قەلبىدىكى
قەشقەرگە بولغان سېغىنىش ئوتلىرىنى خېلىلا پەسەيتكەنىدى. ئۇ
كۆڭلىرىنى گاھى ئوشنىڭ باي ـ زەردارلىرى بىلەن باراۋەت قىد ـ
لىپ، گاھى ئىككى ئەمىرزادىسىنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا بويىدا
سەيلە قىلىپ دېگۈدەك ئۆتكۈزەتتى، ناگان ـ ناگاندا قەشقەردىكى
گۈزەل تۇمەن دەرياسى بويىدىكى سەيلىگاھلارنى، تۇمەننىڭ بويىغا
جايلاشقان ئۆرۈكلۈك، ئالمىلىق، ئانارلىق، ئەنجۈرلۈك باغلارنى،
ياڭاقلىق، بادامىلىقلارنى، ئاستى سالقىن، شاماللىق كەڭرى ئۈزۈم
باراڭلىرىنى ئەسلەپ قالاتتى؛ بۇنداق چاغلاردا پېشىنى قېقىپلا
قەشقەرگە كەتكۈسى كېلەتتى. ئۇ ئەنە ئاشۇنداق ئەسلىمە، ئەپ ـ
سۇسلۇق، نادامەت، پۇشايمانلىق خىياللار ئىلكىدە ئوشتا تۇرۇپ
قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئوشتىن ئەمەس، ئوشنىڭ
ئەمىر ـ بەگلىرىدىن كۆڭلى سوۋۇپ قېلىۋاتاتتى. گەرچە ئۆمەر
شەيخ مىرزا ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، كۆڭلىنى ئىزدەپ
تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئوش شەھىرىنىڭ ھاكىمى مىرزا قەمە ـ
رىددىن دورغا قاتارلىق بىر قىسىم يەرلىك بەگلەر ھە دېسە ئۇنىڭ
پەرمانىغا بويسۇنغىلى ئۇنىمايۋاتاتتى، بۇيرۇغان ھەرقانداق بىر
ئىشنى يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئاقسىتاتتى. تەنە ـ تە ـ
ئەددىلەرگە تولغان گەپ ـ سۆز، مۇئامىلىلىرىدىن مۇھەممەد ھەي ـ
دەر مىرزىنى ياقتۇرمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئوش ئەمىرى بولغانلىقىد ـ
دىن نارازى بولغانلىقى، قىزغانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. قەشقەر ـ

دەك كاتتا شەھەردە تۇرۇپ بىپايان ماڭلايسۆيە ۋادىسىغا ھۆكمىنى بىر قوللۇق ئۆتكۈزۈپ كۆنۈپ قالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى ھار كەلگەندى. دېمىسىمۇ بۈيۈك موغۇلىس-تان سەلتەنەتىدە سۇلتان يۇنۇسخاندىن كېيىن تۇرسىلا ئەڭ ئالىي مەنسەپدار ھېسابلىنىدىغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا يۇقىرى - تۆۋەن مەنسەپدارلارنىڭ ھەممىسى ۋاي دەيتتى، خۇشامەت قىلاتتى. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ماڭلايسۆيە مەھكىمىسىنىڭ سارىيى سالامغا كەلگەن ئەمىرلەر بىلەن تولۇپ كېتەتتى، ھېچكىم سە-ۋەبسىز سالامغا كېچىكمەيتتى. ئەمما مۇنۇ كىچىككىنە مەنسەپدار سانىلىدىغان ئوش شەھىرىنىڭ دورغىسى بولسا ئۇنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە ئېتائەت قىلمايۋاتاتتى؛ سالامغا خالىسا كېلەتتى، خالىسا كەلمەيتتى؛ ئۆزىنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن تەڭ تۇتاتتى. ھەر قېتىم مۇشۇلارنى ئويلىسا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزى-نىڭ قورسىقى كۆپەتتى، ماڭلايسۆيەنى، قەشقەرنى سېغىناتتى.

«ئوشنىڭ ئەمىرلىكىگە مەنمۇ خۇشتار ئەمەس، ئىلاجىنىڭ يوقىدىن تۇرۇۋاتىمەن. بۇلارنى سەركەشلىك، ئاتىكارچىلىق قىلدى دەپ ئەدەپلەي دېسەم، ئۆمەر شەيخ مىرزىنى رەنجىتىپ قويۇشۇم مۇمكىن. سەگنى ئۇرساڭمۇ ئىگىسىگە باق، دەيدىغان گەپ بار ئە-مەسمۇ. ئۇلار نېمىلا بولمىسۇن ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ بەگلىرى، مىرزىغا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى پەش قىلىشىدۇ. ئەرز قىلسام، ئۆمەر شەيخ مىرزا مېنى قورسىقى تار، ئۇششاق سۆز ئادەمكەن دەپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ئوشنى تاشلاپ كېتەيمۇ ـ يا؟ كەتسەم نەگە بېرىشىم مۇمكىن؟ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى بولغان بولسا تاشكەنتكە كەتسەممۇ بولۇۋېرەتتى...»

ئۇ ھەر قېتىم كاللىسىغا كەلگەن بۇ سوئالدىن تېڭىرقاپ قالاتتى. ئوشنى تاشلاپ سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كەينىدىن تۇرپانغا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خاننىڭ قايتىپ كېلىشىنى ساقلاي دېسە، بۇ قورساق كۆپۈكىگە بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى.

ئاخىرى دەردىنى ئايجامال ئاغىچىغا تۆكۈشكە مەجبۇر بول-

دى. چوڭ ئاغىچىسى مەلىكە دۆلەتنىگار خېنىم كېسەللىك سەۋەبى
بىلەن قەشقەردە ۋاپات بولغاندىن بېرى ئايجامال ئاغىچا ئارقىمۇ ـ
ئارقا ئىككى ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەن تۆھپىسى بىلەن چوڭ ئاغىچد ـ
لىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ
سىردىشىغا ئايلانغانىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ تۇزكورلۇقى ئۇلار ـ
نىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق مېھرىگە ئانچە تەسىر يەتكۈزەلمىگەنىدى.
— قەشقەرگە كېتەمدۇق ـ يا؟ — دېدى ئېرىنىڭ دەردىنى
ئاڭلىغان ئايجامال ئاغىچا ئويلىمىغان يەردىن.
— قەشقەرگە دەمدىلا؟
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىرپەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.
شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ قەشقەرگە ئوتتەك كەتكۈسى بار ئىدى. لېكىن
قەشقەرگە قايسى سالاھىيەت بىلەن بارىدۇ؟ ماڭلايسۆيەنى ئالىقىد ـ
نىغا ئېلىۋالغان مىرزا ئابابەكرى ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلار؟
ئايجامال ئاغىچا ئۇنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى چالغىتىپ يەنە
ئېغىز ئاچتى.
— ئابابەكرى مىرزا نېمىلا بولمىسۇن سىلىنىڭ جىيەنلىرى
ھەم پەرزەنتلىرىدۇر، ھەرقانچە قارا كۆڭۈل بولۇپ كەتسىمۇ ئاتىد ـ
لىق، تاغىلىق ھۆرمەتلىرىگە ئىتائەت قىلار. كىم بىلىدۇ، قىلغان
ۋاپاسىزلىقلىرىغا پۇشايمان يەپ ئولتۇرامدۇ تېخى.
مىرزا ئابابەكرىنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ئىشەنمەس بولۇپ قال ـ
غان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىنى كۈچ ـ
لۈك بىر خام خىيال چۇلغىۋالغانىدى.
— ئابابەكرى مىرزا بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق ئولتۇرۇپ بىر
قېتىممۇ مۇڭدىشىپ باقمىدىلا ھەم بۇنداق قىلىشقا پۇرسەتمۇ
بولمىدى. ھازىر سۇلتان يۇنۇسخان ئائىلىرىنىڭ پەيلى ئىنتايىن
يامان. كېچىككەندىمۇ كېلەر يىلى كۈيۈ ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزا
بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرگە لەشكەر تارتماي قالمايدۇ. ناۋادا ئابا ـ
بەكرى مىرزا يېڭىلىپ قالسا، خان ئائىلىرى ئۇنى ھەرگىز ئاياپ
ئولتۇرمايدۇ. سەلتەنەتكە پۇت ئېتىپ ئىسيان كۆتۈرۈش خام خىد ـ

يالىدا بولغانلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈنمۇ بولسا ئۇنى دارغا ئاسـ-
ماي قالمايدۇ. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ ئىشقا سىلىمۇ ئارا
تۇرالمايدىلا. بۇنداق پاجىئەنى كۆرگىنىمدىن ھازىرلا ئۆلۈپ تۈ-
گەشكىنىم ياخشى. مەرھۇم جەننەتماكان ئاغىلىرى سانىز مىرزد-
نىڭ روھىغا يۈز كېلەلمەيمىز.

ئايجامال ئاغىچا مىشىلداپ يىغلىۋەتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى، شۇڭـا
لام ـ جىم دېمىدى.

— نېمىلا بولمىسۇن ئابابەكرى مىرزىغا ياخشى ـ يامىنىنى
چۈشەندۈرۈپ بىر قېتىم نەسىھەت قىلىش يوللىرى بار. خان ئا-
لىيلىرى بىلەن لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئاندىن نەسىھەت قىلىمەن
دېسىلە، بەلكىم نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغۇسى بولسىمۇ، غۇرۇرىغا
ئېلىپ جەھلى قېتىشى، نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماسلىقى مۇم-
كىن. لەشكەر ئالماي مۇشۇنداقلا بېرىپ نەسىھەت قىلساق ياخشى
بولۇرمىكىن دەيمەن.

ئايجامال ئاغىچىنىڭ دەۋەتلىرى بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر
مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىدا غەلىيان كۆتۈرگەن خام خىياللار ئاخىر غا-
لىب كەلدى.

— مەيلى، قەشقەرگە بېرىپ نەسىھەت قىلساق ـ قىلىپ با-
قايلى. ناۋادا ئابابەكرى مىرزا گېپىمىزنى ئاڭلاپ قالسا، ئەل ـ
يۇرت ياغىدىن خالىي بولىدۇ. سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىمۇ
لەشكىرىي يۈرۈش ئاۋارىچىلىقىدىن خالاس بولىدۇ. ئالىيلىرىنىڭ
ئالدىدا يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ. مۇھىمى، ئابابەكرى مىرزا خانىنىڭ
غەزىپىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەمما ئىككى ئوغلىمىز ئەندىجاندا
قالسۇن. ئۇلارنى ئۆمەرشەيخ مىرزا بىلەن مەلىكە قۇتلۇقنىگار
خېنىمنىڭ ھامىيلىقىغا تاپشۇرايلى.

— نېمىشقا؟

ئىككى ئوغلىنى ئەندىجاندا تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغان
ئايجامال ئاغىچا ئېرىنىڭ بۇ قارارىدىن چۆچۈپ كەتتى.

— بىرىنەنچىدىن، بىزنىڭ بۇ سەپىرىمىز ئىشەنچسىز، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا چۈشەندۈرۈپ، — ئابابەكرى مىرزى-نىڭ نىيەت - ئىقبالىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ؛ ئىككىنەنچى-دىن، ئەندىجان بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقىدا خەتەرلىك داۋانلار كۆپ، قورقۇنچلۇق مۇز تاغلىرىدىن ئۆتۈشىمىزگە، شۇغرانلار-دىن دالدىلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ئەمىرزادىلەرنى قىيناپ قويىمىز؛ ئۈچىنەنچىدىن، سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىدىن ئىجازەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ سەپەرنى ئىختىيار قىلىۋاتىمىز، ئىككى ئەمىرزادىنى ئېلىپ ئائىلە بويىچە قەشقەرگە كېتىدىغان بولساق، خان ئالىيلىرى خەۋەر تاپسا، بىزنى ئىسيانكار ئوغلىنى پاناھ تارتىپ بىراقلا كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ قالى-دۇ. ناۋادا ئابابەكرى مىرزىغا نەسىھەت ئاڭلىتالماي قايتىپ كەل-سەكمۇ بۇ ئىشنى خان ئالىيلىرىغا چۈشەندۈرمىكىمىز تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، ئەمىرزادىلەرنى قويۇپ كەتكىنىمىز ياخشى.

ئايجامال ئاغىچا كۆڭلىدە نارازى بولسىمۇ، لام - جىم دېيەل-مىدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەندىجانغا بېرىپ ئۆمەر شەيخ مىر-زىغا مۇددىئاسىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى ۋە ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغلى — مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا بىلەن سەييىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشىنى ئۆتۈندى.

— سەر ئەمىر جانابلىرىنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسى تولۇق ئايان بولدى، — دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا رازىمەنلىك بىلەن، — ناۋادا ئابابەكرى مىرزا نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، قىلمىشىغا پۇشاي-مان قىلىپ، ئىسياندىن يالتايسا، بۇمۇ سىلىنىڭ سەلتەنەتكە كۆرسەتكەن كاتتا تۆھپىلىرى بولۇپ قالىدۇ. ئول ئىككى ئە-مىرزادەمدىن خاتىرجەم بولسىلا، سىلىنىڭ جىگەر پارىلىرى مې-نىڭ يۈرەك پارەمدۇر. ئۇلارنى ئۆز پەرزەنتىمدەك كۆرىمەن، يوق-لۇقلىرىنى بىلىندۈرمەيمەن. قېيىنئاتام سۇلتان يۇنۇسخان ئالىي-لىرى كېلىپ قالسا مۇددىئالىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ قويە-

ـمەن.

ــ ئەمىسە ئاللاھقا ئامانەت، كۆرۈشكىچە ئامان بولسىلا.

※ ※ ※

مۇشەققەتلىك يول جاپاسىنى تارتىپ، زور ئارزۇ ـ ئۈمىد بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن ئايجامال ئاغىچىنى كۈتۈپ تۇرغىنى ھۆرمەت ـ ئېھتىرام ئەمەس، قاراڭغۇ زىندان بولدى. ھەئە، ئۇلارنىڭ مىرزا ئابابەكرىگە باغلىغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپلا پۈتۈنلەي بەربات بولدى.

مىرزا ئابابەكرى تاغىسى ھەم ئۆگەي دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنى سەركەردىلىرىنى بۇيرۇپ ئۇدۇل زىندانغا سالغۇزدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭلا ئەمەس، ئانىسى ئايجامال ئاغىچىنىڭ بىر قېتىم دىدارلىشىۋېلىش تەلىپىنىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن رەت قىلدى.

ئۇلار زىنداندا ئاشۇ تەرزدە بىر ياز، بىر قىش ياتتى، مىرزا ئابابەكرىگە نەسىھەت قىلىش ئەمەس، ھاياتىدىنمۇ ئۈمىد ئۈزۈشتى.

ــ ياق، بۇنداقلا ئۆلۈپ كەتسەك بولمايدۇ. ئۇل قارغىش تەگكۈر بىلەن كۆرۈشۈپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشىۋالماي قويمايمەن.

كۈنبويى تامغا قارىغىنىچە ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئايجامال ئاغىچىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك پەرۋاسىز ئولتۇراتتى.

ــ ماڭا قەغەز ـ قەلەم ئەكېلىپ بېرىش، ئابابەكرى مىرزىغا خەت يازىمەن.

زىندان بېگى مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۈندە نەچچە خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان خۇي ـ پەيلىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئايجامال

ئاغىچىنى رەنجىتىپ قويۇپ، مىرزا ئابابەكرىدىن دەشنام يەپ قې-
لىشتىن قورقتى ـ دە، قەغەز ـ قەلەم ئەكەلدۈرۈپ بەردى.

*«زىندانىدا يېتىپ ئارتقان مۇشەققەتلىرىم سىلىگە
ھەرگىز قارغىش بولۇپ قالمىغاي ئوغلۇم. سىلىنى سېغى-
نىپ قەشقەرگە كەلگىنىم راست. ئارزۇيۇم ــ دىدارلىرىغا
بىر قېتىم قېنىۋېلىش ئىدى. بىر يىلدىن بېرى زىندانىدا
يېتىپ بۇ ئارمىنىم نەپرەتكە ئايلىنىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ
سىلىنى قارغىغىم كەلمىدى. ئانا قارغىشى ئوق، دەيدىكەن،
قارغىشىم تۇتۇپ قالمىسۇن دېدىم. سىلىنى توققۇز ئاي ـ
توققۇز كۈن قورسىقىمدا كۆتۈرگىنىمگە، ئاچچىق تولغاق
ئازابى يەپ، مىڭ ئۆلۈپ ـ بىر تىرىلىپ تۇغقىنىمغا، ھالال
سۈتۈمنى بېرىش ئۈچۈن ئاغزىلىرىغا ئەمچەك سالغىنىمغا
مىڭ مىراتە رازىمەن.*

*لېكىن تاغىلىرى ھەم ئۆگەي ئاتىلىرى بولمىش مۇ-
ھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆمۈرلۈك ھالال جۈپتىم، كۈيۈيىم-
دۇر. ئۇنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەن كۈنۈمدىن باشلاپ بىر ئۆمۈر
خىزمىتىنى قىلىشقا ئەھدى قىلغانمەن. ئەر كىشى دېگەن
خاتۇن كىشىنىڭ يېرىم خۇداسىدۇر. بىراق زىندانلىرىدا
ياتقان بۇ بىر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلالمىدىم.
ئۆز قولۇم بىلەن ناشتىلىق تەييارلاپ، تاھارىتىگە سۇ ئىس-
سىتىپ بېرەلمىدىم. قىسقىسى، خاتۇنلۇق بۇرچۇمنى ئادا
قىلالمىدىم. بۇ گۇناھىم ئۈچۈن مەھشەرگاھتا مۇنكىر ـ
نەكىرلەرنىڭ سورىقىغا ئۇچراپ قالسام ئازابقا بەرداشلىق
بېرەلمەي، گۇناھنى سىلىگە ئارتىپ قويۇشۇمدىن قاتتىق
ۋايىم يەيمەن.*

*بىزنىڭ قەشقەرگە قەدەم كەلتۈرۈشىمىزدىكى يەنە بىر
مۇددىئايىمىز سىلىگە نەسىھەت قىلىش ئىدى، نىيىتىمىز-
دىن پۈتۈنلەي ياندۇق.*

*تەلىپىم شۇلكى، ئانىلىق ھۆرمىتىمنى نەزەردە تۇ-*

*تۇپ، بىزنى زىندانلىرىدىن ئازاد قىلىپ ئەندىجانغا يولغا سېلىپ قويسىلا. بول ھەممەتلىرى ئۈچۈن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولۇپ كېتەتتىم.*
*بەختلىرىگە كېچە ـ كۈندۈز دۇئاگۇيلۇق قىلىپ تۇر ـ غۇچى ئانىلىرى ئايجامال ئاغىچىدىن دەپ بىلۈرلا.»*

مىرزا ئابابەكرى ئانىسىنىڭ خېتىدىن تەسىرلەندىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئەمىرلىرىگە ئۇلارنى زىنداندىن چىقىرىپ، ئەندىجانغا يولغا سېلىپ قويۇشنى بۇيرۇدى، ئانىسى بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشمىدى، ئەمما سارايىنىڭ مۇنارىغا چىقىپ، ئانىسىنى يىراقتىن كۆرۈۋالدى، ئىختىيارسىز ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

※ ※ ※

ئەندىجانغا ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلىۋالغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئۆتكەن يىلى تۇرپانغا بارغاندىن كېيىن ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن تېخىچىلا تاشكەنتكە قايتىپ كېلەلمىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى.

ــ تەكەببۇر، ۋاپاسىز ئادەملەر نەسىھەتكە قۇلاق سالمايدۇ، ــ دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تەسەللى بېرىپ، ــ ئۇنداق ئادەملەر رەنجىشكىمۇ لايىق ئەمەستۇر. ئابابەكرى مىرزا سىلىدەك ئاتا يوللۇق تاغىسىنىڭ، قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ ئاق سۈت بەرگەن ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاش تۇگۇل، دىدارلىششتىنمۇ ئۆزىنى ئەپقاچقان بولسا، ئاخىر بىر كۈنى بۇ تەكەببۇرلۇقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. ئالالاھ خالىسا بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىلىرىغا كېلىپ ئاياغلىرىنى قۇچاقلاپ گۇناھىنى تىلىگىنىنى كۆرۈلا تېخى.

ــ ئېيتقانلىرى كەلگەي ئىلاھىم.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئۇزاقىراق مۇڭداشقۇسى، دەردى-
نى تۆكۈپ قورساق كۆپۈكىنى بوشىتىۋالغۇسى بار ئىدى. بىراق
ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنىچە بېشىنى تۆۋەن
سالدى.

ـــ جانابلىرىنىڭ بىرەر دىلخەستىلىكى بارمۇ قانداق؟ ـــ
سورىدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ كەيپىيا-
تىنىڭ تازا جايىدا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ.

ـــ جانابلىرىدىن نېمىنى يوشۇراي، يەنە شۇ تاشكەنتنىڭ خا-
پىچىلىقى بولمامدۇ. ئاغام تاشكەنتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن يەنە ھا-
زىرلىق كۆرۈۋېتىپتۇ. ئايغاقچىلارنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن
قارىغاندا، پات يېقىندا لەشكەر تارتىپ كەلگۈدەك.

ـــ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا تاشكەنتنى پىشكەش قى-
لىپ بەرگەنلىرىدىن بېرى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرى بۇ
پەيلىدىن يانغاندەك قىلىۋىدى. ئەجەبا...

ـــ شۇنى دېسىلە. دەسلەپىدىغۇ تاشكەنتنى مەندىن تالاشتى.
ئەمدى بۇ پەيلىدىن تەلتۆكۈس يانار دەپ ئويلىۋىدىم. سۇلتان يۇ-
نۇسخان ئالىيلىرى ئاغا ـ ئىنى ھەر ئىككىلىمىزگە قېيىنئاتا
ئەمەسمۇ. قېيىنئاتىسىدىن شەھەر تالاشتى دېگەن قانداق گەپ؟
بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى قېيىنئاتام تۇرپاندا تۇرۇۋاتا-
قاچقا، ئەمدى تاشكەنتكە كەلمەيدۇ دەپ ئويلىغان چېغى.

ـــ خان ئالىيلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتىمۇ؟

ـــ خەۋەر ئەۋەتتىم، ئاغلاقچى بەگ تېخى يولدىغۇ دەيمەن، يە-
نە بىرەر ـ ئىككى ھەپتىدە دەرگاھىغا بارالارمىكىن.

ـــ ئالىيلىرى ھازىر تۇرپاندىمىكىن؟

ـــ سالامەتلىكى بىرئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن سايرامغا قە-
دەم كەلتۈرگەن چېغى، ـــ ئۆمەر شەيخ مىرزا بىرنەچچە دەقىقە
تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، ـــ خان ئالىيلىرى ئاغام-
دىن بۇرۇنراق تاشكەنتكە يېتىپ كەلسە ياخشى بولاتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەھۋالنىڭ خېلىلا ئېغىرلىقىنى

مۆلچەرلىدى. ناۋادا سۇلتان يۇنۇسخان ۋاقتىدا تاشكەنتكە يېتىپ كېلەلمىسە، ئاغا ـ ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان ئۇرۇش باشلىنىپ، پەرغانە ۋادىسىنىڭ قانغا بويىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. بۇنىڭ ئالدىنى پەقەت سۇلتان يۇنۇسخانلا ئالالايتتى.

«خان ئالىيلىرى يېتىپ كەلگۈچە بىر ئىش قىلغاچ تۇرساق بولاتتى...»

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىدىن لىپ قىلىپ بىر خىيال كەچتى.

— خان ئالىيلىرىنىڭ خاس ئەلچىسى بولۇپ سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ باقسام قانداق بولۇر؟

— ئۇنۇمى بولۇرمۇ؟ — ئىشەنچسىزلىك بىلەن سورىدى ئۆمەر شەيخ مىرزا.

— مېنىڭچە سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىغا بۇ تەرەپنىڭ ئەھۋالى قاراڭغۇ. ئۇنىڭ دەرگاھىغا خان ئەلچىسى بولۇپ بارسام گۇمانلانماسلىقى مۇمكىن. ھېچ بولمىسا نەسىھەتىمنى ئاڭلىتالىسامسۇ، تاشكەنتكە قىلىدىغان لەشكىرىي يۈرۈشنى بىرنەچچە ۋاق كېچىكتۈرگىلى بولۇر. ئۇنىڭغىچە خان ئالىيلىرىمۇ كېلىپ قالۇر.

ئۆمەر شەيخ مىرزا بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— مەيلى، بۇمۇ بولىدىغان چارىكەن، ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى، — دېدى ئۇ بىرئاز ئۈمىدلىنىپ، — جانابلىرى سەمەرقەنتكە بارغاندىن كېيىن ئاغامغا نەسىھەت قىلغاچ، ئىمكان بار خوجا ناسىرىددىن ئەبەيدۇللا ئەھرار ئىشان ھەزرەتلىرى بىلەن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇشنىڭ ئېپىنى قىلىپ، ئول ئىشان ھەزرەتنى نىيەت ـ مۇددىئايىمىزدىن خەۋەرلەندۈرسىلە. ئاغام ئول ئىشان ھەزرەتنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتى. ناۋادا ئىشان ھەزرەتلىرى نەسىھەت قىلسا، ئاغام گېپىنى ھەرگىز يىرالمايدۇ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەندىجاندا تۇزۇك ئارام ئالمايلا دەرھال سەمەرقەنتكە قاراپ يول ئالدى.

※ ※ ※

سەمەرقەنت.

بېشىدىكى قاردەك ئاپئاق سەللە، ئۇچى كىندىكىگىچە چۈشۈپ تۇرغان ئاپئاق ساقال، ئۇچىسىدىكى ئاپئاق خەسە يەكتەك بىلەن خەسە تامبال ھەزرىتى ناسىرىددىن خوجا ئەبەيدۇللا ئىشانني گويا ئاپئاق نۇرغا ئورىلىپ تۇرغاندەك پەرىشتە سىياق كۆرسىتەتتى. ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ئىككى مەڭزى چىلاندەك قىزىل، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى ئۆتكۈر ئىدى.

پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر ۋادىسىدىكى سان ـ ساناقسىز مۇرىتلىرىنىڭ نەزەرىدە «تەڭرىنىڭ دوستى» دەپ تەرىپلىنىدىغان خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان ھەشەم ـ دەرەمدىن خالىي، ئاددىي ـ ساددا ياشايتتى. ئۇنىڭ تىلى بويىچە «غېرىبخانا» دەپ ئاتىلىدىغان، سەمەرقەنت شەھىرىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى ھاۋالىق سەھراغا جايلاشقان، ئەتراپى سوقما تام بىلەن قورشالغان ئىشان قەسىرىنىڭ ئاددىي ۋادەكلىك غورۇ[1]سى كىچە ـ كۈندۈز داغدام ئوچۇق تۇراتتى. قەسىر دەرۋازىسىدىن بىرەر چاقىرىم يىراقلىقتا بەش يۈز نەپەر نۆكەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ قەسىر تەرەپكە ھۆرمەت بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. بۇلار ماۋەرائۇننەھر ھۆكۈمدارى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ خاس نۆكەرلىرى ئىدى. بۈگۈن سۇلتان ئەھمەد مىرزا تاشكەنتكە قىلىدىغان لەشكىرىي يۈرۈشتىن ئاۋۋال ئىشان پىر بۇزرۇكىدىن دۇئا ئېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە چىققانىدى.

ئادەم بېلىدەك چوڭلۇقتىكى تۆت تۇۋرۇكلۇك، تام ـ تورۇسلىرى ھەشەمەتلىك بېزەلگەن خانىقانىڭ تۆرىدىكى مېھرابتا خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان مۇرىتلىرىغا ۋەز ئېيتىۋاتاتتى. بېشىنى تۆۋەن سېلىشىپ ئىخلاس بىلەن ۋەز ئاڭلاۋاتقان مۇرىتلارنىڭ ئالدىنقى رېتىدە سۇلتان ئەھمەد مىرزا

① غورۇ ـــ شادىلىق دەرۋازا.

يوٚكۈنگەن پېتى قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. تۇرقىدىن ئىشان پىرنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ... خوش، — دەپ بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ۋەز ئېيتىشنى داۋاملاشتۇردى ئىشان ئاۋازىغا تېخىمۇ ۋەزمىن تۈس بېرىپ، — تەرىقەتنىڭ سۈننىتى نەچچە دەپ سورالسا، ئالتە دەپ جاۋاب بەرگەيلەر. يەنى: بىرىنچى، ۋاقتىنى جامائەت بىلەن بىللە ئۆتكۈزمەك؛ ئىككىنچى، سەھەر ۋە شام پەيتلىرىدە خاتىر ـ جەم بولماق؛ ئۈچىنچى، دائىم پاك يۈرمەك، يەنى بىتاھارەت يەر دەسسىمەسلىك؛ تۆتىنچى، كۆڭۈلنى ئاسراشنى بىلىش؛ بەشىنچى، زىكىر ـ تەكبىرنى بەجا كەلتۈرمەك؛ ئالتىنچى، پىرلار ۋە ئاباـ ئەجدادلارنى ھەر دائىم ياد ئېتىپ تۇرماق. مەگەر تەرىقەتنىڭ مۇستەھەبى، يەنى مەقبۇل ۋە مەقبۇل ئۇدۇملىرى نەچچە دەپ سورالسا، بۇنىڭغىمۇ ئالتە دەپ جاۋاب بەرگۈلۈك. يەنى: بىرىنچى، كىشىلەرگە ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىش؛ ئىككىنچى، تائامنى يالغۇز يېمەسلىك؛ ئۈچىنچى، قانچىلىك ئېغىر ۋە ئازابلىق بولمىسۇن، چىرايىنى پۈرۈشتۈرمەي ئولتۇرۇش؛ تۆتىنچى، ھەممىگە باراۋەر خەير ـ ئېھسان كۆرسىتىش؛ بەشىنچى، ھەممە يەردە ھۆر ـ مەت ـ ئېھتىرامنى ساقلاش؛ ئالتىنچى، ئۆزىنىڭ ۋە پىر ـ ئۇستازلىرىنىڭ نومۇسىنى ساقلاش... مەگەرىكى، تەرىقەتنىڭ نەھيىسى، يەنى مەنئى قىلىنغان ئىشلىرى قايسى دەپ سورالسا، يەنىلا ئالتە دەپ جاۋاب بەرگەيلەر. يەنى: بىرىنچى، نەپسى ـ ھەۋەسلەرنى تەرك ئېتىش؛ ئىككىنچى، مال ـ دۇنيانى تەرك ئېتىش؛ ئۈچىنچى، يالغاننى تەرك ئېتىش؛ تۆتىنچى، زىنانى تەرك ئېتىش؛ بەشىنچى رىشۋەت[1] نى تەرك ئېتىش؛ ئالتىنچى، خىيانەتنى تەرك ئېتىش....

شۇنچە يوغان خانىقادا ئىشاننىڭ ھەم سۈرلۈك، ھەم يېقىملىق ئاۋازىدىن باشقا تىۋىش ئاڭلانمايتتى. مۇرىتلار باشلىرىنى

① رىشۋەت ــ پارا.

تېخىمۇ بەك ئەگكىنىچە قاتتىقراق نەپەس ئېلىشتىنىمۇ ھېيىقىپ تىمتاس ئولتۇرۇشاتتى. ھەر بىر تىنىقىدىن گۇپۇلدەپ شاراب پۇ-رىقى كېلىپ تۇرغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا يۇكۇنگەن پېتى قىمىر قىلمايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇتلىرى ئېغىر گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمەي ئۇيۇشۇپ كەتكەندى. ئاللىقانداق بىر قاتتىق، ئۇچلۇق نەرسە تىزىغا پاتقان بولۇپ، كۆيۈشۈپ ئاغرىۋاتاتتى. ئەمما ئىشان پىرنىڭ ئالدىدا ئەدەپ، ساقلاپ ئولتۇرۇش ئۇچۇن تىزىنى يۆت-كەشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. بىراق ئىشاننىڭ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان ۋەزلىرى ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ـــ ... مەگەرىكى شەرىئەت، تەرىقەت ۋە ھەقىقەت ئارىسىدا قانداق پەرق بار دەپ سورالسا، بۇلارنىڭ ھەر ئۇچىلىسى ئۆزئارا باغلىنىشلىق دەپ جاۋاب بەرگەيلەر. چۈنكى، شەرىئەت ئېنىق بىلگەن نەرسىلەر نىشان ۋە ھۆرمەتتۇر. تەرىقەت ئىزدىنىدىغان نەرسىلەر ئىنتىلىش، بايان ۋە خىزمەتتۇر. ھەقىقەت بولسا كۆرەش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ئايان ـ ھېكمەتتۇر. مەگەر بۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ سەمەرىسى نېمە دەپ سورالسا، شۇنداق جاۋاب بەرگەي-لەركىم: شەرىئەتنىڭ سەمەرىسى ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، تەرىقەتنىڭ سەمەرىسى پېقىر، يەنى ئۆزىدىن ۋاز كېچىش؛ ھەقىقەتنىڭ سەمە-رىسى بولسا بەقادۇر، يەنى ساختىلىقتىن ئۇمىد ئۈزۈپ، ھەق سۆيگەن ئىشلارغا باغلىنىش. ئىككى ئالەم رىزالىقىنى ئىزدەپ ھەق جامالىنى سېغىنغان ھەر بىر مۇرىت ئۇچۇن تەرىقەتنىڭ ئاب-رۇيىنى قوغدىمىقى ۋاجىپتۇر. بۇ دەرۋىشلەر ئالدىغا قۇرۇق قول بارماسلىق، ھەمىشە تاھارەتلىك، پاك بولۇش بىلەن ئۆز ماقامىغا يەتكەيلەر...

ھە، خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ ۋەز ـ تەبلىغى ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت داۋاملىشىپ ئاخىرلاشتى. ئىشان ۋەزدىن كېيىن قول كۆتۈرۈپ مۇرىتلىرىغا دۇئا قىلدى. دۇئادىن كېيىن مۇرىتلار يەڭگىل بىر نەپەس ئېلىپ، ئۇيۇشۇپ كەتكەن پۇتلىرىنى ھەرىكەت-

لەندۇرۇپ ئازادە ئولتۇرۇشتى. سۇلتان ئەھمەد مىرزىمۇ كاسىسى-
نى ئاستا كىگىزگە قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇتلىرى قولىشىپ
كەتكەنىدى. ئۇ ئاستا سىيپاشتۇرۇپ بايا تىزىغا پاتقان نەرسىنى
ئىزدەشتۇردى. ئەسلىدە كىملەردۇر غاجىلاپ تاشلىۋەتكەن بىر
پارچە سۆڭەك كىگىزنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان بولۇپ، ئۇچلۇق
تەرىپى ئۇنىڭ تىزىغا پاتقانىدى.

ئەمدىلا قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئالاي دەپ قالغان سۇلتان
ئەھمەد مىرزا ئىچكۇۋازلىققا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى. ئاغزى
شارابقا تېگىپ قالسا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلىمىغىچە توختىمايتتى
ھەمدە يىگىرمە ـ ئوتتۇز كۈن ئۇدا شاراب ئىچىپ غەرق مەست
يۈرەتتى. ئىچمىگەن ۋاقىتلىرىدا جايىنامازدىن قوپماي يىگىرمە ـ
ئوتتۇز كۈنلەپ ئىبادەت قىلاتتى. خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان تالاي
قېتىملاپ نەسىھەت قىلىپمۇ ئۇنى شارابىبازلىقتىن توسۇيالمىغا-
نىدى. بۈگۈنمۇ سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ بەزمە سورۇنىدىن قو-
پۇپلا غېرىبخانىسىغا كەلگەنلىكىنى، تىنىقىدىن گۇپۇلدەپ تاراۋات-
قان شاراب ھىدىنى ھېس قىلغان ئىشان ھەزرەت بۇ كاتتا ھۆ-
كۈمدارغا ئانچە ئىلتىپات كۆرسەتمەسلىك بىلەن نارازىلىقىنى ئى-
پادىلىدى، ئايرىم ئەھۋال سورىمىدى، بەرگەن سالامىنى سوغۇقلا
ئىلىك ئالدى. ئىشان پىرىنىڭ شاراب ئىچكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ
نەسىھەت قىلىشىدىن، ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان سۇلتان
ئەھمەد مىرزا سەمەرقەنتتىكى ئوردىسىغا قايتىشقا ئالدىراپ قال-
غانىدى. ھەئە، شۇ تاپتا تاشكەنتكە يۈرۈش ئۇچۇن تەق بولۇپ تۇر-
غان نەچچە تۇمەن لەشكەر ئۇنىڭ پەرمانىنى كۈتۈپ تۇراتتى. سە-
مەرقەنت ئەتراپىدىكى يېقىنراق بىر سەھراغا ئوۋغا چىقىسىمۇ ئى-
شان پىرى بىلەن دىدارلىشىۋېلىپ ئاندىن يولغا چىقىشنى ئادەت
قىلغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئاشۇ ئادىتى بويىچە ئىشان قەسى-
رىگە ئالدىراپ كەلگەنىدى. ئۇ پىر بۈزرۈكنىڭ تاشكەنت يۈرۈشىگە
ئىجازەت بەرمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى، خوجا ئەبەي-

دۇللا ئىشان بۇ ئاكا ـ ئۇكا سۇلتانلار ئوتتۇرىسىدا جەڭگى ـ جې ـ
دەل بولۇشىنى پەقەتلا قوللىمايتتى. شۇڭا ئىشانغا بۇ قېتىمقى
مۇددىئاسى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. باشقا ۋاقىت بولغان بولسا
ئىشان بۇ كاتتا ھۆكۈمدارنى ھويلىسىدىكى يوغان داشقا قايناپ
پىشاي دەپ قالغان شىلاندىن بىر قاچا ئىچكۈزمەي ھەرگىز يول ـ
غا سالمىغان بولاتتى. ئەمما سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ گۇپۇلدەپ
شاراب پۇراپ كەلگىنىنى كۆرۈپ قايتىپ كېتىش تەلپىگە تە ـ
كەللۇپسىزلا ئىجازەت بەردى ۋە ئارقىسىدىن ئۇزىتىپمۇ چىق ـ
مىدى.

— ياراتقان قۇدرەت ئىگىسى ھەر بەندىسىنىڭ دىلىغا ئۆزى
ئىنساب، تەۋپىق سالغاي، — دېدى ئىشان سۇلتان ئەھمەد مىرزى ـ
نىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆتەك ـ قونالغۇلاردا ئات ئالماش ـ
تۇرۇپ، توختىماي يول يۈرۈپ سەمەرقەنتكە يېتىپ كەلگەندە،
سۇلتان ئەھمەد مىرزا سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى باشلاپ سەمەر ـ
قەنتتىن ئاللىقاچان چىقىپ بولغانىدى.

«شۇنچە ئالدىراپ مېڭىپمۇ كېچىكىپ قاپتىمەن. تېز يېتىپ
بارىمەن دەپ ئۇدۇل، چىغىر يوللارنى تاللاپ مېڭىپ سۇلتان ئەھ ـ
مەد مىرزا بىلەن يولدا ئۇچرىشىشىمۇ نېسىپ بولماپتۇ. ئەمدى
خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان ھەزرەتنىڭ دەرگاھىنى تاۋاپ قىلماي ئامال
يوقتەك قىلىدۇ. بەلكىم ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ دېگەنلىرى
راستتۇر. ئول ئىشان ھەزرەت بۇ ياغىنىڭ ئالدىنى ئالالىسا ئەجەب
ئەمەس...»

ئۇ سەمەرقەنتتە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ھامىيلىقىدا يا ـ
شاۋاتقان ئۆگەي ئوغلى ئۆمەر مىرزا بىلەن كۆرۈشۈش خىيالىنى
بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ دەرھال شەھەر سىرتىدىكى ئىشان قە ـ
سىرىگە قاراپ ئات سالدى.

## 92

مىلادىيە 1485 ـ يىلى، ياز.

ئۈچ تەرەپتىن ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقان زور قوشۇننىڭ ئا-
رىسىدا قالغان تاشكەنت شەھىرىنى ۋەھىمە باسقانىدى. ئۇرۇش ما-
لىمانچىلىقىدىن ئەنسىرەپ خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ تەرەپ ـ
تەرەپكە قېچىشقا باشلىغان ئۇلاغلىق ياكى پىيادە كىشىلەر
ماگدامدا بىر كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇلارنىڭ تاشكەنت شەھىرىنى
تاشلاپ كېتىشكە قىيمىغان تۇرقى بەكمۇ غەمكىن، بىچارە ئىدى.

ھەئە، سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ تاشكەنتنى تارتىۋېلىش
ئۈچۈن ساناقسىز لەشكەر باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان
سۇلتان يۇنۇسخان سايرامدىن چوڭ خانزادىسى مەھمۇدخاننى ئون
بەش مىڭ لەشكەر بىلەن تاشكەنتنى قوغداشقا ئالدىن ماڭغۇزغانى-
دى. ئۆمەر شەيخ مىرزىمۇ ئاكىسىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن
ئەندىجاندىن يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىلەن يولغا چىققانىدى. تاش-
كەنتكە يېقىنلىشىۋاتقان ئۈچ قوشۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىش
ئېھتىمالى بولغان جەڭ قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغا-
نىدى.

دادىسى ئەبۇسەئىد مىرزا ۋاپاتىدىن كېيىن سەمەرقەنت تەخ-
تىدە ئولتۇرغان سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئىتتىپاقدىشى سۇلتان
ھۇسەيىن بايقارانىڭ ھىرات تەختىدە ئولتۇرۇپ خۇراساننى مۇس-
تەقىل قىلىۋېلىشى خېلىلا ئېغىر كەلگەنىدى. گەرچە ئۇ خۇرا-
ساننى قايتۇرۇۋېلىپ ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتىنىڭ شانۇ شەۋكى-
تىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى شۇنچىلىك ئارمان قىلغان
بولسىمۇ، لېكىن يادىكار مۇھەممەد مىرزىنى ئۆلتۈرۈپ تەختتە

ئولتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ھىراتنىڭ
ئەمىر تۆمۈر، شاھرۇخخان قاتارلىق كاتتا ھۆكۈمدارلار دەۋرىدىكى
شانۇ شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قاتار ئۈنۈملۈك
تەدبىرلەرنى قوللىنىپ خۇراسان ۋادىسىدىكى ئەمىر ـ بەگلەردىن
تارتىپ ئاددىي ئاۋامغىچە بىردەك قوللىشىغا ئېرىشىپ بىردىنلا
كۈچىيىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ھە دېگەندە ھىراتقا لەشكەر تار-
تىشقا قاراملىق قىلالمىدى ۋە ئىلاجسىز سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا
سەلتەنەتىنى ئېتىراپ قىلىپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر
بولدى. شۇنداقتىمۇ بىپايان ئىككى دەريا ۋادىسى — ماۋەرائۇن-
نەھر سەلتەنەتى ئۇنىڭ ئىلكىدە ئىدى. پەرغانە ئەمىرى بولغان
ئىنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن تارتىپ بەدەخشان ـ قۇندۇز ۋادى-
سىنىڭ ئەمىرى بولۇپ تۇرغان ئىنىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزى-
غىچە ئۇنىڭ سەلتەنەتىگە ئىتائەت قىلاتتى، ئۇنى چوڭ خان دەپ
ئېتىراپ قىلغانىدى. ئۇ ئىككى ئىنىسى بىلەن لەشكىرىي كۈچى-
نى بىرلەشتۈرۈپ سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇ-
رۇپ خۇراساننى قايتىدىن تەسەررۇپىغا ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككە-
نىدى. مىرزا ئابدۇلقۇددۇس بەگ سۇلتان يۇنۇسخاننى قۇتۇلدۇرۇش
ئۈچۈن شەيخ جامالىددىن خەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن
سەمەرقەنت تەختگاھىغا بىۋاستە قاراشلىق ھېسابلانغان تاشكەنت
شەھىرىگە ئىنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا ئىگىدارچىلىق قىلىۋالدى.
ئەس ـ يادى خۇراساننى قايتۇرۇۋېلىشتا قالغان سۇلتان ئەھمەد
مىرزا بۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىگەن، ئىنىسىنىڭ تاش-
كەنتكە ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا يول قويغانىدى. بىراق سۇلتان
يۇنۇسخاننىڭ ئۆمەر شەيخ مىرزىنى كۈيئو ئوغۇل قىلىۋېلىشى بى-
لەن ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان تەسۋىرلىگۈسىز بىر يېقىنچىلىق
ئۇنى بىرئاز خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ قويدى. گەرچە ئۆزىنىڭمۇ
سۇلتان يۇنۇسخانغا كۈيئو ئوغۇل ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ
تۇرسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدىكى گۇمان ـ تەشۋىشلەر پەقەتلا يوقال-
مىدى. ئۇ ئىنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا سۇلتان يۇنۇسخانغا كۈيئو

ئوغۇل بولغاندىن كېيىن پەرمانلىرىغا بويسۇنماس، ئاكىلىق، چوڭ خانلىق مەرتىۋىسىگە ئېتىبار قىلماس بولۇۋالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. تاشكەنت شەھىرىنىڭ پەرغانە تەسەررۇپىغا تەۋە بولۇپ قېلىشى ئوردىدا ئاز ـ تولا پىتنە ـ پاساتقا سەۋەب بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنىسىنىڭ تاشكەنتكە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ يارلىق چۈشۈردى. ئۆمەر شەيخ مىرزا بولسا بۇ يارلىققا قارشى چىقتى. ئىنىسىنىڭ بۇ قارشىلىقىنى ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەت ھېسابلىغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا سەلتەنەت سۈرى بىلەن ئىنىسىنى ئەدەپلەش، تاشكەنتكە بولغان ئىگىدارچىلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم لەشكەر تارتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ھەر قېتىملىق ئۇرۇنۇشنى ئەقىللىق ئىنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا قېيىنئاتىسى سۇلتان يۇنۇسخاننى ئارىغا سېلىش ئارقىلىق توسۇپ قويغانىدى.

سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ نەزەرىدە سۇلتان ئوبۇلخەيرىخاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاكا ـ ئۇكا قازاق سۇلتانلارنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچراپ قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن دەشتى قىپچاق قوۋمى ئانچە كۈچلۈك دۈشمەن ھېسابلانمايتتى. ئۇ ئۇلارنى مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ، بىر بايراق ئاستىغا جۇغلىشىپ خەۋپ يەتكۈزگۈدەك كۈچ بولۇپ ئۇيۇشالمايدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا ياش مۇھەممەد شەيبانىخانىنىڭ دەشتى قىپچاق دالىسىنىڭ خىلۋەت سەھرالىرىدا لەشكەر جۇغلاپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەي، خۇراساننى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن ھىراتتەك كاتتا، گۈزەل بىر شەھەرگە سەلتەنەت تەختىنى تىكلىۋالغانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ يۈرگەن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارادىن ئېھتىيات قىلىۋاتاتتى. ئىنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنى ئەدەپلەشكە ئالدىراپ تۇرسىمۇ، ئارىغا قېيىنئاتىسى — بۈيۈك موغۇلىستان ھۆكۈمدارى سۇلتان يۇنۇسخان قىستۇرۇلۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئىلاجسىز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇنىغانغا يۇنىغان، دېگەندەك، ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇزا-

قى يىلى شاھرۇخىيە قەلئەسىنىمۇ يوقىلاڭ باھانە بىلەن بېـ.
سىۋالدى، قەلئە بېگىنى سەمەرقەنتكە قوغلىۋەتتى. بۇنىڭدىن قاتـ.
تىق قورساق كۆپۈكى ھېس قىلغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا قەتئىي
نىيەتكە كېلىپ لەشكەر تارتىشقا تەييارلىنىۋىدى، ئۆمەر شەيخ
مىرزا يەنە قېيىنئاتىسى سۇلتان يۇنۇسخاننى تەكلىپ قىلىپ ئە.
كەلدى ـ دە، ئۇستىلىق ئىشلىتىپ پۈتكۈل پەرغانە ۋىلايىتىنى
تاشكەنت شەھىرى بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئـ.
نىسى بىلەن قېيىنئاتىسىنىڭ بىرلىشىۋېلىشى سۇلتان ئەھمەد
مىرزىنىڭ قاتتىق ئوغىسىنى قايناتقان بولسىمۇ، ئايغاقچىلىرى
ئارقىلىق سۇلتان يۇنۇسخانىنىڭ ئۆمەر شەيخ مىرزىغا نىسبەت
قىلىپ پەرغانە ۋادىسىنى تەسەررۇپىغا ئېلىشقا ئۇنىمىغانلىقىنى،
ئەمما ئاكا ـ ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدا تالاشتا قالغان تاشكەنت شە.
ھىرىنى ئايرىپ باشقۇرۇپ تۇرماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ يەنە
بىر قېتىم پەيلىدىن يېنىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

ئىنىسىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن، قېيىنئاتىسىنىڭ ئىنسابسىز.
لىقىدىن ئاغرىنىپ، ھەسرەتلىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە ئايغاقچىلىرى
ئۇنىڭغا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ قەشقەرنى مەركەز
قىلغان پۈتكۈل ماڭلايسۆيە ۋادىسىنى ئىلكىگە ئېلىۋالغانلىقىنى،
سۇلتان يۇنۇسخانىنىڭ بىرقانچە قېتىم جازا يۈرۈشى قىلىپمۇ
ئىسياننى بېسىقتۇرۇش ئۈياقتا تۇرسۇن قاتتىق يېڭىلىپ، نۇرغۇن
لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

«قېيىنئاتام سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى ماڭلايسۆيەدىن
ھەم نۇرغۇن لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسا ئەمدى ئۇنىڭ
ئىنىم ئۆمەر شەيخ مىرزىغا كۆمەكلەشكۈدەك ماجالى قالماپتۇ. بۇ
تاشكەنتنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستى. ئەمدى نېمە.
گە قاراپ تۇرىمەن؟ دەرھال لەشكەر تارتىپ بېرىپ پۈتكۈل پەرغانە
ۋادىسىنى ئىلكىمگە ئالاي. ئۆزىنى تولىمۇ ئەقىللىق چاغلايدىغان
ئىنىم ئۆمەر شەيخ مىرزىنى راسا ئەدەپلەپ، ئۇنى سەمەرقەنتكە
قايتۇرۇپ كېلىپ سەلتەنەتىمنى مۇستەھكەملەي. ئاللاھ خالىسا

بۇ نىيىتىم ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، كېلەر يىلى كۆكلەم پەسلىدە زور قوشۇن تەشكىللەپ ھىراتتىكى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۈستىگە لەشكەر تارتاي. جەننەتماكان خان ئاتام نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئىلكىگە ئالغان ماۋەرائۇننەھر سەلتەنەتى مېنىڭ قولۇمدا پارچىلىنىپ ۋەيران بولۇپ كەتسە نومۇس ئەمەسمۇ؟!...»

تاشكەنتكە لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ نىيىتى ئەنە ئاشۇنداق يامان ئىدى. شۇڭا ئۇ سەمەرقەنتتىن يولغا چىققاندىن بېرى لەشكەرلىرىنى ئارام ئالدۇرماي ماڭدۇرۇپ تاشكەنتكە قىستاپ كېلىۋاتاتتى. ئات ئۈستىدە چايقىلىپ ئولتۇرغان ۋۇجۇدىنى تاتلىق ـ تاتلىق خىياللار ئەسىر ئېلىۋالغانىدى.

ــ قىبلىگاھىمغا مەلۇم بولغاي.

ئېتىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ كەلگەن تاۋاچى بەگ سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئاتتىن چۈشتى.

ــ نېمە گەپ؟

سۇلتان ئەھمەد مىرزا تاتلىق خىياللىرىغا بەرھەم بەرگەن تاۋاچى بەگكە سەت گۆلەيدى.

ــ تەڭرىنىڭ دوستى پىر بۇزرۇك خوجا ناسىرىددىن ئەبەيدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىدىن ئانھەزرىتىمگە جىددىي مەكتۇپ كەلدى.

ئىشان پىرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ چىرايىدىكى غەزەپ تۇمانلىرى تارقىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە پىر بۇزرۇكۋارنىڭ ھەرقانداق پەرمانى دەخلىسىز ئىدى. ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق جايدا خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ نامىنى ئاڭلىسا دەرھال دىققىتىنى جەم قىلاتتى.

تاۋاچى بەگنىڭ يېنىدىكى دەرۋىش سۈپەت يىگىت قوينىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئۇزاتتى. خەتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇ دەرھال ئاتتىن چۈشتى ـ دە، خەتنى ئېلىپ ئاۋۋال پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ تاۋاپ قىلدى، سۆيدى، ئاند-

دىن ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. شۇ دەقىقىدە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قوشۇملىرى تۇرۇلۇپ كېتىپ باراتتى.

ھەئە، سەمەرقەنتكە يېتىپ كەلگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا خوجا ئەبەيدۇللا ئىشانىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ تاشكەنتكە لەشكەر تارتقانلىقىدىن خەۋەرلەندۈرگەن ۋە ئىشانىنى پەرغانە ۋادى-سىنى ئۇرۇش ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا نەسىھەت قىلىشقا كۆندۈرگەنىدى. تاشكەنتتە زور قىر-غىنچىلىقنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بارلىقىنى پەرەز قىلغان خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا خېتىنى تاپشۇ-رۇۋالغان ھامان مىدىرلىماي تۇرۇشنى، ئۇنىڭغىچە ئۆزىنىڭمۇ دەرھال يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ چاپارمەن ماڭغۇزغان-دى.

ئىشان پىرىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ تۈگەتكەن سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى، چىرايىدىن كۆچلۈك نارازىلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ تاشكەنت شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالاي دېگەنىدى، لەشكىرىي يۈرۈشنى توختاتقۇسى يوق ئىدى. تاشكەنتكە قانچە تېز تېگىش قىلسا غەلىبە قازىنىش ئېھ-تىماللىقىنىڭ شۇنچە چوڭ بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. لې-كىن پىر بۈزرۈكنىڭ قارغىشىدىن ۋايىم يەپ لەشكىرىي يۈرۈشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

— لەشكەرلەر يۈرۈشنى توختىتىپ مۇشۇ يەرگىلا قارارگاھ تىكسۇن. ئىشان ھەزرىتىمنى ساقلايمىز، — دېدى ئۇ تاۋاچى بەگكە قاراپ.

※ ※ ※

چاتقال تاغلىرىدىن ئەسكەن غۇر ـ غۇر شامال قۇچاق يەت-كۈسىز پور سۆگەتنىڭ سايىسىدىكى ئوتقاشتەك زىلچا ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان كىشىلەرگە باشقىچە راھەت بې-

غىشلايتتى.

تۆردە ـــ سۆگەتنىڭ قارنى يوق غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان خوجا ناسىرىددىن ئەبەيدۇللا ئىشان قولىدىكى كەھرىۋا تەسۋىنى سىيرىغىنىچە كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان سۇلتان يۇنۇسخان بولسا يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى كۈيۇ ئوغلى بىلەن كۆزىنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالغانىدى، تۇرقىدىن ئېغىر بىر زىددىيەت ئىچىدە قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ چىرايىدا بولسا ئېغىر ئاداۋەت تۇمانلىرى ئەلەڭگىيتتى، گويا ھازىرلا بىر ـ بىرىگە قىلىچ يالىڭاچلاپ قوپىدىغاندەك.

ھەئە، خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان بۇ ئۈچ ھۆكۈمدارغا تەڭلا خەت ئەۋەتكەن، خېتىدە ئۆزى يېتىپ بېرىپ بولغۇچە ياغىدىن ساقلىنىپ كۈتۈپ تۇرۇشنى ئالاھىدە تاپىلىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار قارارگاھ تىكىشىپ، جەڭ قىلماي ساقلاپ تۇرۇشقانىدى.

سەمەرقەنتتىن كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ يېتىپ كەلگەن خوجا ناسىرىددىن ئەبەيدۇللا ئىشان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قارارگاھىدىن ئانچە يىراق بولمىغان تۆپىلىككە چېدىر تىكىپ، بۇ ئۈچەيلەننى قېشىغا كېلىشكە تەكلىپ ئەۋەتكەنىدى.

پۇتكۈل ماۋەرائۇننەھر ۋادىسىدا تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا يەتكەن زات دەپ چەكسىز ھۆرمەتلىنىدىغان خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ نامىنى سۇلتان يۇنۇسخان خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا يۇنۇسخانغا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن سەمەرقەنتكە كەتكەنلىكىنى، ناۋادا ئاكىسىنى پەيلىدىن ياندۇرالمىسا خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننى ئارىغا سالماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. يۇنۇسخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئەلچىلىكىنىڭ خەيرلىك بولۇشىغا، خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا نەسىھەت ئاڭلىتالىشىغا ئانچە ئىشەنچ قىلالمىدى. ئايغاقچىلىرىدىن سۇلتان

ئەھمەد مىرزىنىڭ زور قوشۇن بىلەن تاشكەنتكە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كۆيۈ ئوغلى بىلەن بىر مەيدان ھايات ـ ماماتلىق جېڭى قىلىشقا بەل باغلىدى. ئارقىدىنلا ئايغاقچىلار خوجا ئەبەيدۇللا ئىشانىڭمۇ تاشكەنتكە قاراپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. بۇ خەۋەر سۇلتان يۇنۇسخاندىن كۆرە ئۆمەر شەيخ مىرزىنى بەكرەك خۇش قىلىۋەتتى.

ـــ ئەھۋالدىن قارىغاندا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرى ئىشان ھەزرەتنى قايىل قىلغان چېغى. ئول ئىشان ھەزرەت يولغا چىققان بولسا پەرغانە ۋادىسى ياغى ئاپەتتىن ساقلىنىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، ـــ دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا خۇشاللىقىنى يوشۇرماي.

ـــ ئىنشائاللاھ، ئېيتقانلىرى كەلگەي، ـــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان كۆڭلىدىكى گۇمانلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، ـــ ھەر ھالدا بىخۇد تۇرۇپ قالمايلى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، سوپى چاپارمەن ئىشاننىڭ سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزىغا ئايرىم ـ ئايرىم يازغان خېتىنى يەتكۈزدى. ئىشان خېتىدە ئۇلارنى سەۋر ـ تاقەت قىلىپ، ياغى قىلىشتىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ دەرھال يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

تۇنۇگۈن ئايغاقچىلاردىن خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قارارگاھىغا چۈشكۈن قىلماي ئايرىم چېدىر تىككەنلىكىنى ئاڭلىغان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كۆڭلىدىكى ئىشانغا بولغان گۇمانلىرى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

«ئىشان ھەزرەتنىڭ سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قارارگاھىغا چۈشكۈن قىلماي ئايرىم چېدىر تىككىنىگە قارىغاندا، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ دەۋاغا ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشقا بەل باغلىغان ئوخشايدۇ. تاشكەنتنى ماڭا بۆيرۈپ بەرمىسە مەيلى، لېكىن ئۆمەر شەيخ مىرزا ناھەقچىلىققا ئۇچراپ قالسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ پەيلىدىن قارىغاندا تاشكەنتنى ئاغىسىغا

بىرىشكە ھەرگىز رازىلىقى يوق. بىراق ئۇل ئىشان ھەزرەت بۇ دەۋاغا قانداق ھۆكۈم چىقىراركىن؟ نەسىھەت قىلىپ سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى پەيلىدىن ياندۇرالارمۇ؟ ئۇ تاشكەنتنى ئىنىسىگە بېرىشكە رازى بولارمۇ؟ مۇشۇ سەۋەبتىن ئاغا ـ ئىنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت دۈشمەنلىككە ئۆزگىرىپ كەتمىسە بولاتتى. ئىدىشەنچلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، دەشتى قىپچاق ھۆكۈمدارى سۇلتان ئوبۇلخەيرخاننىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد شەيبانىخان چىچىلىپ كەتكەن قوۋمنى توپلاپ قىساس شەمشىرىنى بىلەۋېتىپتۇ. دانىشمەنلەرنىڭ يىلان بالىسى كىچىك بولسىمۇ ئادەم چاقىدۇ، ئوت ئۇچقۇنى كىچىك بولسىمۇ چاچرىسا كۆيدۈرىدۇ، دېيىشقان ھېكمەتى بار. شۇڭا ئۇنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. ماڭا تۈزكور مىرزا ئابابەكرىدىن كېلىۋاتقان باش ئاغرىقى يېتىپ ئاشىدۇ، ھىراتتىكى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنى مىسلىسىز كۈچىيىپ كەتتى، دەپ ئاڭلىدىم. ئەمدى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئىنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن ئاداۋەتلەشمەي سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەپ، خۇراساننى قايتۇرۇۋېلىش خام خىيالىدىن ۋاز كەچكىنى ئەۋزەل. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ياغى قىلىشسا مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى چوڭ. ناۋادا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ياغى بولسا ئارىدىن پايدىنى مۇھەممەد شەيبانىخان باشچىلىقىدىكى دەشتى قىپچاق قىساسكارلىرى ئالىدۇ. سۇلتان ئەھمەد مىرزا نېمىشقا بۇ يوشۇرۇن خەۋپنى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ بۇرنى ئاستىدىكى خەتەرلىك ياۋدىن ئېھتىيات قىلماي، نېمىشقا ھەدېسىلا ئىنىسى بىلەن ياغى قىلماقچى بولىدىغاندۇ؟ ھەئە، ئۇ مېنىڭ تاشكەنتكە ئىگىدارچىلىق قىلغىنىمدىن نارازى، ئەمما كۆڭلىدىكىنى دېيىشتىن ئۇيىلىدۇ. ياق، ئۇ ھەرگىز ئۇيالمىغۇدەك، بولمىسا لەشكەر تارتىپ يۈرمەيتتى. قېيىنئاتا بىلەن كۈيئو ئوغۇل، ئاغا بىلەن ئىنى قىلىچ يالىڭاچلىشىپتۇ دېسە مۇخالىپلىرىمىزنىڭ خورىكى ئۆسۈپ قالامدۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ تۈزكور مىرزا ئابابەكرىنىڭ نەپسى تېخىمۇ يوغىناي-

دۇ. قىساس شەمشىرىنى بىلەپ تۇرغان مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ
قوۋمى غەيرەتكە كېلىدۇ...»

شۇ تاپتا ئىككى كۆيۈ ئوغلى بىلەن بىر زىلچىدا ئولتۇرغان
سۇلتان يۈنۇسخاننىڭ كاللىسىدىن ئاشۇ خىياللار قايتا ئەلەڭگى-
مەكتە ئىدى. ئۇ خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ كۆيۈ ئوغۇللىرىغا يەر
تېگىدىن قاراپ قويدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن ئۆمەر شەيخ
مىرزا بارلىق ئۈمىدىنى تۆردە ئولتۇرغان ئىشان ھەزرەتكە باغلى-
غاندەك قىلاتتى.

«ئىشان ھەزرىتىم نېمىلا دېگەنبىلەن سەمەرقەنت مۇرىتلى-
رىنىڭ پېشۋاسىدۇر. قول بېرىپ پىر ئۇستاز تۇتقىنىمنىڭ يۈزد-
نى قىلىپمۇ بولسا مۇنۇ ئىنىم دېگەن گەردەنكەشكە ئىككى ئېغىز
نەسىھەت قىلماي قالماس. مەن دېگەن مەرھۇم بۇسەيىن سۇلتاد-
نىڭ قانۇنلۇق تەخت ۋارىسىمەن. گەرچە خۇراسانىنى مىرزا ھۈسە-
يىن بايقاراغا تارتتۇرۇپ قويغان بولسامۇ، يەنىلا ماۋەرائۇننەھر ۋە
پەرغانە ۋادىسىنىڭ يېگانە تاجدارىمەن. ئىنى بولغۇچىنىڭ ئاغى-
سىغا پەرمانبەردارلىق قىلىش يولى بار. ھېلىمۇ ئۇنىڭغا كۆپ يول
قويدۇم. ئولپان، باج ـ خىراجلارنى كېچىكتۈرسىمۇ، ئوردىغا كې-
لىپ سالام بەجا كەلتۈرمىسىمۇ كۆڭلۈمگە ئالمىدىم. ئەمما تەسەر-
رۇپىمدىكى شەھەر ـ ۋىلايەتلەرنى كىمگە بۆيرۇپ بېرىش مېنىڭ
ئىختىيارىمدا بولۇشى كېرەك. تاشكەنتنى قېيىنئاتام سۇلتان يۈ-
نۇسخان ئالىيلىرىغا بېرىشكە توغرا كەلسە، مۇنۇ ئىنىم ئەمەس،
مەن بۆيرۇپ بېرىشىم كېرەك. ئۇنىڭ بۇ باشتۇڭلۇقىنى ھەرگىز
كەچۈرۈشكە بولمايدۇ. يەنە سۈكۈت قىلسام ئەتە ـ ئۆگۈن تەختىگا-
ھىمغىمۇ كۆز تىكىشى مۇمكىن. قېيىنئاتام باياتتىن بېرى چاد-
دۇرماسلىققا تىرىشىپ ئىللىق چىراي ئولتۇرغاندەك قىلغىنى بى-
لەن، كۆڭلىدە ماڭا نارازى بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق. لېكىن مېنىڭ
ئەھۋالىمنىمۇ چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. تاج ئىگىسىنىڭمۇ ئۆزد-
گە تۇشلۇق شانۇ شەۋكىتى بولۇشى كېرەك ـ دە، ئۇ ھە دېسە ئى-
نىمغا بولۇشقاچقا، دىمىقى ئاشۇنداق ئۈستۈن بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

مەنمۇ كۆيۈ ئوغلىغۇ؟ نېمىشقا ئىككى كۆيۈ ئوغۇلغا بىر كۆزدە قارىمايدۇ...»

مۇشۇلارنى خىيال قىلىپ يۈشۈلداپ ئولتۇرغان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ بىر تاغار قورساق كۆپۈكى باردەك قىلاتتى.

قېينئاتىسى سۇلتان يۇنۇسخاننى تاغدەك يۆلەنچۈك دەپ بىلگەن ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇ تاپتا قىلچىلىك خەۋپسىرەش ئالامەتلىرى يوق ئىدى.

«ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئاغىلىق، سۇلتانلىق ھۆرمىتىگە رىئايە قىلىپ كەلدىم. جەننەتماكان پەدەرىمدىن قالغان بۈيۈك سەلتەنەت رىياغا يۈزلەنمىسۇن، قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدا نىزا پەيدا بولۇپ، تەسەررۇپ پارچىلىنىپ كەتمىسۇن دەپ ھەرقانداق خورلۇقلارغا بەرداشلىق بەردىم. ئۆز ۋاقتىدا جەننەتماكان خان ئاتام مېنى كابۇلدىن قايتۇرۇپ كېلىپ پەرغانە ۋىلايىتىگە ئەۋەتكەندە، تاشكەنتنىمۇ ماڭا بۇيرۇپ بەرگەنىدى، گەرچە تاشكەنت دورغىسى شەيخ جامالىددىن خەر ئۆزىنى مەن بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇپ بىۋاستە سەمەرقەنت تەختگاھىغا پەرمانبەردارلىق قىلغان بولسىمۇ، خان ئاتام ئۇنىڭ تەلپىگە قوشۇلۇپ رەسمىي يارلىق چۈشۈرمىگەنىدى. شۇڭا ئول شەيخ جامالىددىن خەر ئۆلگەندىن كېيىن تاشكەنتكە مېنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشىم مۇقەررەر ئىش ئىدى. بىراق ئاغام بۇنىڭغا رازى بولمىدى، ھەتتا لەشكەر تارتىپ كېلىشتىن خىجىلمۇ بولمىدى، قېينئاتام سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىدىن ھېيىقمىغان بولسا، بۇ چاغقا نېمە كۈنلەرنى كۆرەر بولغىيتىم ـ تاڭ!؟ ئەجەبا خۇراساندەك بىپايان تەسەررۇپىمىزنى، ھىرات، بەلخ، تەك كاتتا شەھەرلىرىمىزنى ھۇسەيىن بايقارا تارتىۋالسا غىڭ قىلماي، ئۇنىڭ سەلتەنەتىنى خىجىل بولماي ئېتىراپ قىلىدۇ ـ يۇ، ئەمما تاشكەنتنى مەندەك بىر تۇغقان ئىنىسىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتىشتىن ئايانمايدۇ. بۇ قانداق ئادالەت ئۆزى؟ تاشكەنتنى تارتىۋالىمەن دەپ ھەرگىز خام خىيال قىلمىسۇن، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، ھەرگىز يول قويمايمەن. تېخى سە-

مەرقەنت تەختگاھىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقىنىم يوق. مۇ ـ
نۇ ئىشان ھەزرەت ئالايىتەن كېلىپ تاشكەنتنى ئاغامغا بۇيرۇپ
بېرىپمۇ ئولتۇرماس، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ نەسىھەتلىرى مەن ئۈچۈن
بەربىر، ئۇنى پۇتكۇل تەسەررۇپىمىزدىكى ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ
پىر بۇزرۇكى، سۇلۇك پېشۋاسى دەپ بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ئەل ـ
يۇرتنىڭ ياغى بالاسىدا قېلىشىغا قاراپ تۇرماس، ئىككى ئېغىز
ھەق سۆزلەپ ئاغامغا نەسىھەت قىلار، دەپ دەرگاھىغا مۇھەممەد
ھەيدەر مىرزىنى ئەۋەتكەنمەن. شۇڭا، نەسىھەت قىلغۇسى بولسا
ماڭا ئەمەس، ئاغامغا قىلىشى كېرەك...»

ئاپئاق ساقال خوجا ناسىرىددىن ئەبەيدۇللا ئىشانىنىڭ ئىنـ ـ
چىكە، قۇۋۋەتسىز ئاپئاق بارماقلىرى تەسۋىنىڭ يوغان كەھرىۋا
ئۇرۇقچىلىرىنى تىنىمسىز سىيرىيتتى. ھەئە، كەھرىۋا تەسۋى
ئىشانىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدا تىنىمسىز ئايلىناتتى. ئۇنىڭ خىـ ـ
ياللىرىمۇ ئاشۇ تەسۋىنىڭ ئۇرۇقچىلىرىغا ئوخشاش تىنىمسىز
ئىدى.

«بىر ـ بىرىگە مۇخالىپ بولغان بۇ ئۈچ پادىشاھ گوياكى
بىر ـ بىرلىرى بىلەن جەڭگە چۈشمەكچى بولغان ئۈچ مەست تۆ ـ
گىگە ئوخشايدۇ. بۇغرىسى تۇتۇپ مەست بولغان تۆگىنى باشقۇرماق
نەقەدەر تەس ـ ھە. ئەمما، مەن شۇ تاپتا بىر ئەمەس، ئۈچ بۇغرا ـ
نىڭ ئارىسىدا مەن. ئى ھەزرىتى ئىززەت، قۇدرەتلىك كارامىتىڭ،
تۈگىمەس ئىنايىتىڭ باردۇر. كەمىنە ئاجىز قۇلۇڭغا مۇنۇ ئۈچ
مەست تۆگىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى مەھكەم تۇتالىغۇدەك كۈچ ـ قۇدرەت
ئاتا قىلغايسەن. ئۇلار سېنىڭ شاپائىتىڭ، مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن
بىر مەۋقەگە كېلىپ ئىتتىپاقلاشقاي. مەن پەقەت ئۇلارنى سۈلھە ـ
گىلا دەۋەت قىلالايمەن. چۈنكى، ئۇلارغا پەرمان بېرىش قولۇمدىن
كەلمەيدۇ، ياشىنىپ قالدىم، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. بۇ
دەۋانى بۇنىڭدىن ئارتۇق ھەل قىلالمايمەن....»

ئىشان ئارىدىكى ئېغىر سۈكۈناتنى گېلىنى قىرىش بىلەن
بۇزدى. ھەممەيلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئىشانغا

تەڭلا تىكىلگەن بۇ كۆزلەردىن ئاللىقانداق بىر ئۈمىد نۇرلىرى بالقىيتتى.

ــ رەسۇلى ئەكرەم، نەبى مۆھتەرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلام مۇبارەك لەبزىلىرىدىن شۇنداق دۇر ـ گۆھەرلەرنى چېچىپتۇرلەركىم: «ھۇببۇل ۋەتەنى مىنەل ئىمان»، يەنى «ۋەتەن سۆيمەك ئىماندىندۇر»، ــ دەپ ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆز باشلىدى ئىشان، ــ ھەر كىشىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى شول كىشىنىڭ ۋەتىنىدۇر. ئۇشبۇ سەۋەبتىن ھەركىم تۇغۇلغان، ئۆسكەن يېرىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. كىمەرسىكىم ئول كىشىنىڭ يۇرتىنى يامان سۆزلەر بىلەن سۆپەتلىسە، مازاقلىسا، ھاقارەتلىسە گويا ئۆزى ھاقارەتلەنگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ غەزەپلىنۇر. ياتلارنىڭ تەئەرروزىغا بولسا زىنھار يول قويماس. ئول تەئەرروزنى جېنىنى تىكىپ توسار. ماۋەرائۇننەھر، پەرغانە ۋە خۇراسان ۋادىسى ئەزەلدىن جانابى سۇلتانلارنىڭ ئاتا مىراس زېمىنى ــ ۋەتىنى، بول تەسەررۇپلاردىكى تۈركىي قەۋملەر ساداقەتمەن پۇقرالىرى بولۇپ كەلگەن. مەرھۇم جەننەتماكان بۈيۈك جاھانگىر تۇغلۇق تۆمۈرخان ئائىلىلىرى بىلەن مەرھۇم جەننەتماكان ھەزرىتى ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانى ئائىلىلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇ تەسەررۇپنىڭ تەخت ئىگىسى بولۇپ كەلدى ۋە قېرىنداشلىق، تۇغقاندارچىلىق مېھرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈشۈپ، ئەل ـ يۇرتقا ئاسايىشلىق ئاتا قىلدى. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سۇلتان يۇنۇسخان ئائىلىلىرى مەرھۇم جەننەتماكان بۇسەيىن سۇلتان ئائىلىرىنىڭ ئارسلانلىرى بولمىش جانابى سۇلتانلارغا ھايات بېغىنىڭ نازۇك چىمەنلىرى بولمىش مەلىكىلىرىنى نىكاھلاپ بېرىپ بول ئۇدۇمنى ھەقدادىغا يەتكۈزدى، دوستلۇق گۈللىرىنى تۇغقاندارچىلىق شەربىتى بىلەن سۇغاردى. ھايھات! جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ مۇستەھكەم تۇغقاندارچىلىق مېھرى بولمىسا كېرەك. ھەر كىمنىڭ ھىممىتى يۇقىرى بولسا ئول كىشى خەلقىئالەم ئىچىدە ئەزىز ۋە مۆھتەرەم بولغۇسىدۇر.

جانابى رەسۇلۇللا: «ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىنكى
ئەمەللەرنىڭ كاتتىسى بەندىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت قىل ـ
مىقىدۇر» دېگەنىكەن.

ئىشان گېپىنىڭ قانداقراق تەسىر قىلغانلىقىنى بىل ـ
مەكچى بولغاندەك ئالدىدا ئولتۇرغان ئۈچ ھۆكۈمدارغا تەكشى بىر
قارىۋەتكەندىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى:

ـــ خۇلاسە كالام. سىلەر تۇغقانلا ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ بالا،
ئاغا ـ ئىنى قېرىنداشلار سىلەر. ھەر بىرىڭلارنىڭ ئىلكىدە ۋەتەن
تىمسالى بولمىش بىپايان تەسەررۇپىڭلار، كاتتا ـ كاتتا شەھەرلە ـ
رىڭلار باردۇر. شۇنداق تۇرۇپ ئاشۇ بىرگىنە تاشكەنتنى تالىشىپ
تۇمەنلەپ لەشكەر تارتىشقا، قىلىچ يالىڭاچلاپ قان تۆكۈشكە ھا ـ
زىرلىنىشقا نە ھاجەتكى؟ ئول شەھىرى تاشكەنت قايسىڭلارنىڭ
تەسەررۇپىدا بولسا ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەر ـ
نىڭ قېرىنداشلىق مېھرىڭلاردىن مۇستەھكەملەنگەن ئىتتىپا ـ
قىڭلار مۇخالىپلىرىڭلارنى قان يىغلاتسا، بەھۇدە مۇخالىپەتچىلە ـ
كىڭلار ئول ئەغيارلىرىڭلارنى قەھ ـ قەھلىتىپ كۈلدۈرىدۇ، ئۇلار
ھەم سىلەردىن شۇنى كۈتىدۇ. ئاقىل كىشى مال ـ دۇنيانىڭ بار ـ
يوقىغا قايغۇرمايدۇ، ئارتۇقچە بايلىق تېپىشقا ئىنتىلمەيدۇ. مال ـ
دۇنيا ئۈچۈن جاھىل كىشىلەرلا پايپاسلايدۇ، نەپسى شەيتاننىڭ
كەينىگە كىرىپ، جاپا ـ كۈلپەت چېكىدۇ، دوستلىرىغا، قې ـ
رىنداشلىرىغا ئازار بېرىدۇ. نائىنساپ كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدى پەيلى
شەيتاننىڭ جەننىتىدۇر. جانابى سۇلتانلار ھەقتائاللاھنىڭ ئاجىز
قۇلى بولمىش كەمىنەنىڭ ئىككى قوۋۇز كالامىنى ئاڭلاشنى مەق ـ
بۇل كۆرسە، كۆڭلۇمگە پۈككەنلىرىمنى دەپ باقماقچىمەن. ناۋادا
سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسۇنلار، ئۆز ئىشلىرىمىزنى ئۆزد ـ
مىز بىر تەرەپ قىلماقچىمىز، دەپ قېلىشسىلا ئۇمۇ مەيلى، ئۆ ـ
زۈمنى بول دەرگاھقا كەلمىگەن ھېسابلاپ سەمەرقەنتتىكى غې ـ
رىبخانامغا كېتىپ ئىبادىتىمنى قىلىۋېرىمەن.

ـــ قۇلىقىمىز جانابى ئىشان ھەزرەتلىرىدە، كالاملىرىنى ئا ـ

يىمىغايلا، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان تەۋازۇ بىلەن بېشىنى ئېگىپ.

ــ تەسەررۇپىمىزدىكى پۇتكۇل ئاۋام ـ رەئىيەت ئىشان پىرىمىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا قايىلدۇر. بۇزرۇكۋارىمىنىڭ كالامىنى يەرىشقا ھەددىم ئەمەس، ــ دېدى سۇلتان ئەھمەد مىرزىمۇ دەرھال ئېغىز ئېچىپ.

ــ تەڭرى دەرگاھىغا يەتكەن ئەۋلىيا ھەزرەتىنىڭ مۇبارەك كالامىنى ئاڭلاش بىز ئۈچۈن چەكسىز بەختتۇر، ــ دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزىمۇ ئىپادە بىلدۈرۈپ.

ئۈچ ھۆكۈمدارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ جانابى تاج ئىگىلىرى كەمىنەگە شۇنچىلىك ئىشەنچ باغلىغانىكەن، ئۇنداقتا كۆڭلۈمدىكىنى ئۇدۇللا دەۋېرەي. ئالدى بىلەن ئۇچىلىرى كۆڭۈللىرىدىكى ئاداۋەت كىرلىرىنى پاك ـ پاكىز يۇيۇۋېتىشكەيلا. چۈنكى، بارچە بۇزۇق ئىشلارنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولىدىغان جايى ئاداۋەتخور كۆڭۈلدۇر. ئاداۋەت نەپسانىيەتتىن تۇغۇلىدۇ. نەپسانىيەت بولسا پەرىشتىلەرنىڭ ئۇستازى بولغان ئازازىلغا نەپسىنى باشقۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن شەيتانىرەجىم، يەنى لەنىتى شەيتان نامىنى بەرگەنكى، ئول ئىبلىسنىڭ پەيلىدىن ھەرقاچان ساقلانماق ۋاجىپتۇر. بۇنىڭ ئىلاجى ئىنساب ۋە ۋىجدان ئۆزرە قەلىنىدىغان ھەكىمانە تەدبىر ۋە ھەرىكىتىمىزگە باغلىقتۇر. ھەر بىرلىرىگە ئايدىڭدۇركى، ئاداۋەت دەرىخى خۇسۇمەت يېمىشىنى بېرىدۇ. مەگەركى ئاداۋەت دەرىخى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلەنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سەمىمىيەت كۆچىتى تىكىلسە، ئۇنىڭدىن مۇھەببەت ۋە ئۇلپەت مېۋىسى نىشانە بەرگەيلەر. خوش، شۇنداق قىلىشقا جانابى تاجدارلارنىڭ رىغبىتى بارمىكىن؟

ئۇچەيلەن تەڭلا جاۋاب بېرىشتى:

ــ ئاللاھ گۇۋاھ بولسۇن، ئۇشبۇ سائەتتىن ئېتىبارەن كۆڭلىمىزدە زەررىچە ئاداۋەت دېگى قالمىغاي.

— ئۇلۇۋۋۇل ھىممەتى مىنەل ئىمان، يەنى ئالىي ھىممەت-
لىك بولۇش ئىماندىندۇر، — دېدى ئىشان مەمنۇنلۇق بىلەن تە-
بەسسۇم قىلىپ، — شول تاپتا ئالىي ھىممەت ئىگىلىرىنىڭ
سۆھبىتىدە ئولتۇرغىنىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختىيار ھېس
قىلماقتىمەن. ئۇشبۇ ھىممەتتىن ئەل - يۇرت ئاسايىشلىققا يۈز-
لىنىپ، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشتىن ساقلانغاي. ئەسلىي مۇددىئاغا
كەلسەم، سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى ھەر ئىككىلىرى ئۈچۈن
ئوخشاشلا ئاتىدۇر. ئاتىدىن نېمەت تالىبىشىش پەرزەنتكە راۋا ئە-
مەستۇر. كەمىنە ئاجىز بىر قۇل يېگانە قۇدرەت ئىگىسىنىڭ مە-
دىتى بىلەن ئۈچ تاجدارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەۋاغا شۇنداق ھۆكۈم
چىقىرىمەنكى، تاشكەنت سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىغا تەۋە بول-
غاي. ھەممىلىرىگە مەلۇم، ئاتىنىڭ دەرگاھى پەرزەنتىنىڭ ئۆيىدۇر.
دېمەك، ئاتا دەرگاھى تاشكەنتمۇ ھەر ئىككىلىرىنىڭ ئۆيىدۇر.
ئۇشبۇ سەۋەبتىن ئىككىلىرى تاشكەنتنى سېنىڭ - مېنىڭ دې-
يىشمەي، خالىغان ۋاقىتتا بەھۇزۇر قەدەم تەشرىپ قىلىشقايلا ۋە
ئاتا دۇئاسىنى ئېلىپ ساۋاب تېپىشقايلا.

خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان ئاغا - ئىنىلەر غىڭ قىلالمىغۇدەك
پەتىۋا چىقارغانىدى. ئۇ بۇ ئۈچ سۇلتان ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنى
يوقىتىپ، ئەل - يۇرتنى ئۇرۇش بالايىئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ
بىردىنبىر تەدبىرى تاشكەنتنى سۇلتان يۇنۇسخانغا بۆيرۈپ بې-
رىشتىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈمنى سەمەرقەنتتىن يولغا چىقىشتىن
ئاۋۋاللا كۆڭلىگە پۈككەنىدى. چۈنكى، تاشكەنتنى ئاكا - ئىنىدىن
قايسىغا بۆيرۈپ بەرمىسۇن، يەنە بىر تەرەپ قايىل بولمايتتى.

سۇلتان يۇنۇسخان ئىككى كۆيۈ ئوغلىغا يالت ئېتىپ قاراپ
قويۇپ لام - جىم دېمىدى.

— ئىشان ھەزرەتلىرى تەرىقەت پېشۋاسىدۇر، پىرنىڭ ئەمى-
رى خۇدانىڭ ئەمرىدۇر، — دېدى سۇلتان ئەھمەد مىرزا سۆز ئې-
لىپ، — بول دەۋاغا جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئادىل پەتىۋا بولماس.
جانابى بۇزرۇكۋارىم گۆھەردەك بىباھا كالامىلىرى بىلەن دىلىمىز-

نى روشەن قىلدى. ئاتىسىدىن شەھەر تالىشىپتۇ، دېگەن تۇزكورانە ئاتاقى قىلىشتىن پەرۋاردىگارىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

— خان ئاغامنىڭ ھىممىتىگە تەسەننا، — دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا سۆز ئېلىپ، — كەمىنە ئەقىلسىز ئىنىلىرىدىن ھۆرمەتسىزلىك كەتكەن بولسا ئەپۇ قىلغايلا. بول ئەرزىمەس بېشىم ھەرقاچان ئادالەت قىلىچلىرىنىڭ سايىسىدادۇر.

— ئۇنداق دېمىسىلە قەدىرلىك ئىنىم، — دېدى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ھاياجانلانغان ھالدا، — كەمىنە ئاغىلىرىدىن ئۆتكەن يەرلەر بولسا كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋەتكەيلا.

— ئىككى كۈيۇ ئوغلۇمنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت، ياراتقان ئىگىسى سەلتەنەت - دۆلىتىڭلارنى تېخىمۇ زىيادە قىلغاي. مەن سىلەردىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى. تۇگۇلگەن مۇشت بولۇپ ياشىغايسىلەر. جانابى ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ يىراقنى كۆزلەپ چىقارغان ھۆكمىگىمۇ مىڭ - مىڭ تەسەننا. مەن پەقەت تاشكەنتنىڭ قارانچۇقىدۇرمەن. ھەقىقىي ئىگىلىرى يەنىلا سىلەر — ئەزىز پەرزەنتلىرىمدۇرسىلەر.

— ئاتا - ئانىسىنى سۆيگەن ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتمىغان، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قوۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولغان كىشى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر بولغۇسىدۇر، — دېدى ئىشان، — ھەرقانداق ۋەدىنىڭ شەرتى ۋاپادۇر. كەمىنە ھەر بىرلىرىنىڭ ھالال لەۋزىگە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇشبۇ ۋەدىلەرنى قەغەزگە پۈتۈم قىلىشنى لايىق تاپمىدىم. چۈنكى، ۋاپا ئەھلى ئۈچۈن قەسەم ۋە پۈتۈم بىھاجەتتۇر. ھەر بىرلىرىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى خار قىلغۇزۇپ، غېرىبانە ئالچۇقۇم[1]غا تەكلىپ قىلىپتىمەنۇ، بىراق ئالدىلىرىغا بىر پىيالە سوغۇق سۇمۇ كەلتۇرمەپتىمەن.

— ئىشان بىر تەرەپتە قول باغلاپ تۇرغان سوپى خىزمەتكارغا قارىدى، — قېنى، ئەمدى داستىخان سېلىپ، مەزە تارتىل-

① ئالچۇق — كەپە.

سۇن. ئاللاھ ئىگەم بۈگۈن جاھان مەردلىرى بىلەن بىر داستى- خاندا تۈز يېيىشكە نېسىپ قىلىپتۇ. شۈكرى، يۈزمىڭ قەتلە شۈكرى.

بايىراقتا ئاداۋەت ئۇچقۇنلىرى چاچرىغان كۆزلەردىن شۇ تاپتا مېھىر نۇرلىرى بالقىيتتى. قېيىنئاتا، ئاغا ـ ئىنىلەر بىر ـ بىرىگە ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، دەپ ھۆرمەت ـ تەۋازۇ قىلىشىپ قول چايقاشتى.

مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ بولغان سوپى خىزمەتكار پەتنۇسقا تىزىلغان ياغاچ چۆچەكتىكى ھالۋىلارنى ئېھتىرام بىلەن تۇتتى، ئاندىن بىر تەۋەك قازان قاتلىمىسىنى ئەكېلىپ داستىخان- غا قويدى. خوجا ناسىرىددىن ئەبەيدۇللا ئىشانىنىڭ بۇ ئۈچ سۇلتان- غا تەييارلىغان زىياپىتى پەقەت مۇشۇلا ئىدى.

— قېنى خوش، مەزەگە قول كەلتۈرۈشكەيلا، — دېدى ئىشان، ئاندىن سوپى خىزمەتكارغا قارىدى، — مەۋلانە مۇھەممەد قازىنى چا- قىرسۇنلار، جانابى سۇلتانلار بىلەن ھەمداستىخان بولغاي.

ھايال بولماي يېتىپ كەلگەن مەۋلانە مۇھەممەد قازى قول باغلىغىنىچە سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. جانابى سۇلتانلارغا ئېھتىرام بول- غاي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

قېيىنئاتىسىنىڭ ئورنىدىن تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئاكا ـ ئۇ- كىلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

— كەلسىلە مەۋلانە، — دېدى خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان ئۇنىڭ- غا ئولتۇرۇشقا جاي كۆرسىتىپ.

مەۋلانە مۇھەممەد قازى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ تۆۋەن تەر- پىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن قىسقىلا پاتىھە قىلىپ مېھمانلاردىن تىنچ ـ ئامانلىق سورىدى.

ــ ئىككىلىرىگە تونۇشتۇرۇپ قويای، ــ دېدى ئىشان سۇل-تان يۇنۇسخان بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزىغا قاراپ، ــ مەۋلانەنىڭ شەرەپلىك ئىسمىلىرى مۇھەممەد ئىبنى بۇرھانىددىندۇر. سەمەر-قەنتنىڭ خاس كىشىلىرىدىن بولمىش قازى ئىمامدىن ئىبنى مىسكىنىنىڭ پەرزەنتىدۇر. تەرىقەت يولىغا كىرىش ئارزۇسى بىلەن ئاۋۋال بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا، كېيىن ھاۋالىمىز بىلەن مۇر-شىدلارنىڭ پېشۋاسى، يول باشلىغۇچىلارنىڭ سەرۋەرى، پىر بۇز-رۇكىمىز مەۋلانە سەئىددىن كاشغەرىينىڭ ئوغلى ھەزرىتى خوجە-كاننىڭ تەربىيەسىدە بولدى. ھازىر دەرگاھىمىزنىڭ مۇتەسەددى[1] سىدۇر. رىيازەت، تارىخ ئىلىملىرىنىڭ پازىللىرىدىندۇر.

ــ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزا ئالىيلىرىنىڭ دىدارىغا مۇشەررەپ بولغىنىمدىن تولىمۇ بەختىيار-مەن، ــ دېدى مەۋلانە مۇھەممەد قازى تەۋازۇ بىلەن باش ئېگىپ تۇرۇپ، ــ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ئىلمۇ كامالىتى ۋە پەزىلىتىنى باغداد، شىرازلاردىكى ئىلىم دەرگاھلىرىدا كۆپ ئاڭ-لىغانمەن. ئۇل ئىلىم دەرگاھلىرىدىكى ئالىم ـ ئۆلىمالار خان ئا-لىيلىرىنى ھېلىھەم «ئۇستاز يۇنۇس» دەپ تىلغا ئېلىشارىكەن.

ــ ئۇنچىلىك تەرىپلەشكە لايىق ئەمەسمەن، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان خىجىللىقىنى بىلدۇرۇپ، ــ سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن مەلىكە بولۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن توختاپ قالغىلى ھەلەم بولدى.

ئۇلار زىغىر يېغىدا پىشۇرۇلغان قازان قاتلىمىسىنى ياغاچ چۆچەكتىكى ھالۋىغا مىلەپ يېگەچ بىرپەس تاغدىن ـ باغدىن مۇڭداشتى. كېيىن گەپنىڭ تېمىسى تەرىقەت سۇلۇكىگە يۆتكەل-دى. ئىشان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ ئۈچ ھۆكۈمدارغا تەرىقەت سۇلۇكىنىڭ مەنىسى، تەرىقەتنىڭ مەقامەت[2]لىرى، تەرىقەتنىڭ

① مۇتەسەددى ــ باشقۇرغۇچى، خوجىدار.
② مەقامەت ــ باسقۇچ.

ئەركانى، تەرىقەتنىڭ سۈننىتى، تەرىقەتنىڭ مۇستەھەبى[1]، تەرد-
قەتنىڭ نەھيىسى[2]، تەرىقەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەبجەدلىرى، تە-
رىقەتنىڭ ئىمانى، تەكبىرى، تەرىقەتنىڭ ئابرۇيى ھەققىدە كۆيۈپ ـ
پىشىپ سۆزلىدى.

— يامانلىقتىن ھەزەر قىلماق ئاۋامنىڭ تەۋبەسىدۇر؛ ئۆزد-
دىن، ئۆزلىكىدىن پاكلاش خاسلارنىڭ تەۋبەسىدۇر، — دەپ نۇتقى-
نى خۇلاسىلىدى ئىشان، — قورقۇش — گۇناھتىن، شەرىئەتكە
خىلاپ ئىشلاردىن، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، رىيازەتنىڭ ئازابلىرد-
دىن، پىرنىڭ قارغىشىدىن قورقۇش كېرەك. ئۇستى ۋە ئاستىد-
كى ئىككى نەپسىنى، يەنى تەمەگەر نەپسى بىلەن بالاگەر نەپسىنى
تىزگىنلەپ، ئالتە كۈنلۈك قونالغۇ بولمىش بول نەيرەڭۋاز دۇنيا-
نىڭ تۇرلۇك قىزىقتۇرۇشلىرىدىن ئۆزىنى چەكلەپ، مال ـ دۇنيا،
راھەت ـ پاراغەت، مەئىشەت قوغلاشماي، ئىنسانىي كامىللىققا يې-
تىش ئۈچۈن بارلىق قۇدرىتىنى سەرپ قىلالىغان ئىنسان ئۆزىنى
تەرىقەتكە مەنسۇپ دەپ بىلسە بولىدۇ. كىمەرسىكىم ئىت يېمى بى-
لەن بېقىشقا تېگىشلىك ۋۇجۇدىدىن قۇتىرىغان تەلەپلەرنى زەبۇن
ئەيلەپ، ھۆسنى مۇتلەقنىڭ ئىشقىدا كېچە ـ كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ،
سۇلۇككە كىرىپ، سۇلۇك پېشۋالىرى بولمىش مەقامى ئەۋلىيالار-
نى پىر تۇتۇپ، ئۇلارنى رەھنەما ئەيلەپ ياشىسا، قولىغا سەككىز
جەننەتنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئالغايلار. ھەقنىڭ دەرگاھى بولمىش
خانىقالار ئۆزرە مەجلىسلەردىكى ھەلقە ـ سامالاردا زەباندىن ئا-
تەش كەبى ئېتىلىپ چىققان جەررىلەرنىڭ ساۋابىدىن ئاخىرەتتە
يوللىرى نۇرلارغا كۆمۈلگەي...

ئىشاننىڭ نۇتقىنى چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان سۇل-
تان يۇنۇسخان بىردىنلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بېشىنى تۆۋەن سال-
غىنىچە كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى. بۇ نۇتۇق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا
دەھشەتلىك ۋەھىمە سالغان بولۇپ، ئۆزىنى گويا ھازىرلا مۇنكىر ـ

① مۇستەھەبى — مەقبۇل ئۇدۇملىرى.
② نەھيىسى — مەنئىي قىلىنغان ئىشلار.

نەكىرلەر سۆرەپ ئاپىرىپ لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان دوزاخقا تاشلايدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. يېشى يەتمىشتىن ئاش-قان سۇلتان يۇنۇسخان مۇشۇ يىللاردا بۇ دۇنيانىڭ غېمىدىن كۆرە ئۇ دۇنيانىڭ غېمىنى بەكرەك قىلىدىغان، ئولتۇرسا ـ قوپسا ئۆ-لۈم، ئاخىرەت، بېھىش ـ دوزاخ ھەققىدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خى-يال سۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئىشاننىڭ تەرىقەت يولىغا دەۋەت قىلىپ ئېيتقان سۆلۈك تەرغىباتلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكى قايتىدىن ئېزىلىپ كەتكەن، ئىشاننى پىر تۇتۇپ سۆلۈككە كىرسىلا ھازىرلا قولىغا جەننەتنىڭ ئاچقۇچىنى ئالالايدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قال-غانىدى. شۇڭا، سۆلۈك تەرغىباتلىرى ئاخىرلىشىشى ھامان ئۆمى-لەپ بارغىنىچە خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ كەھرىۋا تەسۋى تۇتۇپ ئولتۇرغان قوللىرىغا ئاۋۋال سۆيدى، ئاندىن مەڭزىنى ياقتى.

— ئى كاتتا مەرتىۋىلىك ئەۋلىيالارنىڭ، مۇرشىدلارنىڭ پېشۋاسى، دىنىمىزنىڭ نۇرى، تەرىقەت سۆلۈكىنىڭ رەھنەماسى سۇلتانۇل ئۆلۈما ھەزرەتلىرى، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان يۈزىنى ئىشاننىڭ قولىغا سۈركەپ تۇرۇپ، — پۇتكۇل ۋۇجۇدى گۇناھى كەبىرلەرنىڭ نىجاسەتلىرى بىلەن بۇلغانغان كەمىنە گۇناھكار بەندىنىڭ تۆۋبەسىنى قوبۇل قىلىپ، سائادەتمەن تەرىقەتكە مۇ-شەررەپ قىلغايلا. كۆزىمىزگە يورۇقلۇق، قاراڭغۇ دىلىمىزغا زىيا ئاتا قىلغايلا. ھىممەت ئىنايەتلىرىنى ئايىماي، پىر تۇتۇش ئارزۇ-يىمىزنى مەقبۇل كۆرۈپ، مۇرادىمىزنى ھاسىل قىلغايلا.

ئىشان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ يەلكىسىدىن مېھرى بىلەن پە-پىلەپ تۇرۇپ تۇرغۇزدى.

— باشلىرىنى كۆتۈرگەيلا ئى سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ، — سائادەتمەن يول باشچىلارنىڭ سەرۋەرى، تەرىقەت مۇرشىد-لىرىنىڭ پېشۋاسى، تەڭرىگە يېقىنلىشىش زەنجىرىنىڭ باش ھال-قىسى پىر بۇزرۇكىمىز خوجا باھاۋىدىن نەقشىبەندى ھەزرەتلىرى قاراڭغۇدا تەمتىرەپ قالغان ئازغۇنلارغا يول كۆرسىتىڭلار، ئۇلار-نىڭ يوللىرىنى، زىندان كەبى دىللىرىنى ئوتقاش بولۇپ يورۇ-

تۆڭلار، دەپ تەلىم بەرگەن. ئەلۋەتتە ئۇل جەننەتماكان پىرىمىز
تىلغا ئالغان يول ۋە ئۇتقاش بىتەھقىقكى تەرىقەتتۇر. تەرىقەت يولى
ئىزدەپ ئېتەكلىرىمىزگە ئېسىلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ قولىنى
سىلكىۋېتىشكە ھەققىمىز يوقتۇر. بۇ ئاۋۋال پىر رىزاسى، ئاندىن
ئاللاھ رىزاسىدۇر.

— بەرھەق. ھەقتائاللاھنىڭ دەرگاھىغا يەتكەن ھەزرىتى
ئىشان پىرىمىز تەرىقەتكە ئۆزىنى ئاتىغان بارلىق ئازغۇنلارنىڭ
رەھنەماسىدۇر، — دەپ ئېغىز ئاچتى باياتىن بېرى بىر چەتتە يۇ-
كۈنگىنىچە ئەدەپ ساقلاپ ئولتۇرغان مەۋلانە مۇھەممەد قازى، —
ھەر كىشى ئاللاھتائاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرىدىن بىرەر پىر بۇز-
رۇكۋارغا مۇرىت بولۇشقا تىرىشقاي، ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى سە-
ۋەبىدىن ئەگەشكۈچىگىمۇ، يولباشچىغىمۇ ساۋاب ھاسىل بولغۇ-
سى. بول دۇنيا يولۇچىلار چۈشۈپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭدۇر. بول ئۆ-
تەڭگە كەلگەن يولۇچى يولنى ئازماي مېڭىشى ئۈچۈن بىر كارۋان
بېشىغا موھتاجدۇر. كارۋان بېشىنى تاپالىغانلار مەنزىلگە ئازماي
يېتىپ بارۇر. تاپالمىغانلار، تاپسىمۇ تونۇمىغانلار، تونۇسىمۇ ئە-
گەشمىگەنلەر زەبۇنلۇق چۆلىدە تەمتىرەپ، خارۇ زار بولۇر. بول
دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرى بۈگۈن بار، ئەتە يوق. سەندە بارى ئەتە ئۇ-
نىڭ قولىغا ئۆتۇر. كۆپ نەرسە ئازىيۇر، تەل نەرسە كېمىيۇر. بىر
ئاۋاتلىقنىڭ بىر خارابلىقى بولۇر. زېمىن، مالۇ دۇنيا، خاتۇن تا-
لىشىپ سىغىشمىغانلار، بول نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى مەن، دەپ
ھەقنى تونۇمىغانلار، ئاخىرقى ھېسابتا يەنە قۇرۇق قول كېتىپ
قالۇر. ئەلمىساقتىن تارتىپ نۇرغۇن قۇدرەتلىك شاھ ـ سۇل-
تانلار، تەخت ساھىبى، تاج ئىگىلىرى ياشىدى. قېنى ئۇلار؟ ھەم-
مىسى تۇپراققا يەم بولدى. روھلىرى تىرىكلىكىدە قىلغان ياخ-
شى ـ يامان ئىش ـ ئەمەللىرىنىڭ ھېساب ـ كىتابىنى بېرىش
ئۈچۈن ھەقنىڭ ئالدىغا كەتمىدىمۇ؟! بول دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىگە
زىنھار مەپتۇن بولمىغايمىز. چۈنكى، بول دۇنيانىڭ بىر قولىدا
ھەسەل، بىر قولىدا زەھەر باردۇر. ئاۋۋال ھەسەل بېرىپ ئېغىزنى

تاتلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن زەھەر قويۇلغان قەدەھنى سۇنار. پۈتۈنلۈك، مۆكەممەللىك، تەللىك، ئاخىرلاشماس مەئىشەت، خۇشاللىق پەقەت ئاخىرەتتىدۇر. يەنى ئۇل دۇنيادىدۇر. پەقەت تەرىقەت پېشۋالىرى بولمىش پىرلارلا كىشىلەرنى ئاشۇ سائادەت مەنزىلىگە باشلاپ بارار. مەگەر تەرىقەت ئىزدىگۈچى چىن ئىخلاسمەن بولسا، بىر پىركامىلنىڭ پېشىگە ئېسىلىشنى چىن يۈرىكىدىن تەلەپ قىلسا، ھەقىقىي ئىرادىسى بولسا، ئۇل كىشى مەشرىقتە، پىر بۇزرۇك مەغرىپتە بولغان تەقدىردىمۇ، تەڭرىتائالاھ ئۇل پىرنى تارتىپ ـ تارتىپ ئىختىيارسىز ئۇل كىشىنىڭ قېشىغا كەلتۈرۈر. مەگەر ئۇل كىشىنىڭ تەلىپى ھەقىقىي بولمىسا، پىر تۇتۇشنى چىن يۈرىكىدىن تەلەپ قىلمىسا، گەرچە ئۇل پىركامىل بىلەن بىر ئۆيدە بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەس ۋە بول سائادەتكە مۇيەسسەر بولالماس. مانا جانابى خان ئالىيلىرىنىڭ ئىخلاسمەنلىكىدىن ئاللاھتائاللا مۇشۇنداق بىر سەۋەب بىلەن ھەزرىتى ئىشان پىرىمىزنى سەمەرقەنتتەك يىراق بىر شەھەردىن بول دەرگاھقا كەلتۈردى. ئى خان ئالىيلىرى، ھەزرىتى ئىشان پىرىمىزنىڭ ئېتەكلىرىگە ئېسىلغان قوللىرىنى زىنھار قويۇپ بەرمىگەيلا.

باياتىن بېرى ئىككى تايىن بولۇپ ئولتۇرغان ئۆمەر شەيخ مىرزىمۇ دەرھال ئۆملەپ بارغىنىچە سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ يېنىغا كېلىپ خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ ئېتىكىگە يۈزىنى ياقتى.

— ئىشان ھەزرىتىمنى پىر تۇتۇپ ئۆزىمىزگە رەھنەما قىلدۇق. بىزنى ھەرقاچان سۆھبەتلىرىگە داخىل قىلىپ بەرىكەتلىك دۇئالىرىنى ئايىمىغايلا. تەرىقەت يولىغا كەلتۈرگەن پايە ـ قەدەملىرىمىزنى ئۇل دۇئالىرىنىڭ بەركاتى بىلەن ئىقبال قۇياشى يورۇتۇپ تۇرغاي.

— ئېتەكلىرىنىڭ پېشىگە ئېسىلدۇق. بۇ يولدىن زىنھار يېنىشمىز يوقتۇر، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان يەنە ئىلتىجا قىلىپ، — بىز كەبى ئازغۇنلۇق چۆلىدە سەرسان بولغانلارنىڭ كۆزىگە نىجاتلىق يولىنى كۆرسىتىپ، قوللىرىمىزغا مۇراد گۈللە-

رىنى تۇتقۇزغايلا بىزدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزمۇ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تەرىقەت يولىنى تۇتۇپ مۇراد تاپقاي.

شۇ تاپتا خوجا ئەبەيدۇللا ئىشانغا ئايىغىغا يىقىلغان ئىككى ھۆكۈمدارنىڭ ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىلتىجالىرى ھاجەت ئەمەس ئىدى.

— تىلىمەكتىن ئاۋۋال ئۆزىنى بېغىشلىماق نىيەتنىڭ ئەۋزىلىدۇر، — دېدى ئىشان بارماقلىرى بىلەن ساقاللىرىنى تاراپ تۇرۇپ، — بىز پەقەت قاراڭغۇدا قالغانلارغا چىراغپايلا بولۇپ بېرەلەيمىز. ئۇشبۇ چىراغپايىنىڭ ئۈستىدە يورۇپ تۇرغان تەرىقەت چىرىغىدىن نۇر ـ زىيا ئېلىش جانابى سۇلتانلارنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىغا باغلىق.

— ئالىيلىرى تاھارەت يېڭىلىۋالغان بولسىلا، — دېدى مەۋلانە مۇھەممەد قازى سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزىغا تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ، — مۇرىت ـ مۇرشىدلىق ۋاستىسى تاھارەت بىلەن پاكلىنىپ تۇرۇپ لەۋزى ـ قەسەم قىلىنسا مەقامىغا يەتكەي.

سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن بىر ئىۋرىقتىن سۇنى كۆتۈرۈپ دالدىغا مېڭىشتى.

خوجا ئەبەيدۇللا ئىشان سەمەرقەنتتىن ئالدىراپ ـ تېنەپ يولغا چىققان ۋاقىتتا بۇ ئىككى ھۆكۈمدارنى مۇرىت قىلىۋېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ پات يېقىندا تەرىقەت سۇلۇكىنى يىراق موغۇلىستان شەھەر ـ قىشلاقلىرىغىچە كېڭەيتىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغىنىدىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

ئىشان تاھارەت ئېلىپ كېلىپ، ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزىغا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى:

— ئى تەڭرىم، چىن ۋە ھەقىقىي قەدەم بىلەن تەرىقەت يو-

لىغا كىرىپ، تەلەپ ۋادىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، مەقسەتلىرىنىڭ
مەنزىلىگە ئۇلاشقان ۋە گۇمراھلارنى نىجاتلىق نىشانىغا باشلىغان
زاتلارنىڭ ھۆرمىتىدىن، ئۈمىد كېمىسىنى چېچىلاڭغۇلۇق ۋە تەپ-
رىقىچىلىك گىردابىدىن نىجاتلىق ساھىلىغا تارتقان، خارۇزارلىق
چۆلىنىڭ تەشنالىرىغا سائادەت بۇلىقىنى كۆرسەتكەن ئۇلۇغلارنىڭ
ھۆرمىتىدىن، ئول ئازغۇنلارنى نىجاتلىق يولىغا باشلىغايسەن.
مەھرۇملۇق، يىراقلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك ۋادىسىدا چاڭقىغان ئول
تەشنالارغا رەھمەت دەرياىىڭدىن ۋە مەغپىرەت بۇلىقىڭدىن تامچە
ئاتا قىلغايسەن.

# 93

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يەنە بىر كۆكلەم يەڭگۈشلىنىپ، ياز-
نىڭ تۇنجى نېمىتى بولغان ئۈجمە مەي باغلاپ پىشىشقا باشلىغا-
نىدى. ئاشۇ سۇلھىدىن كېيىن ئىككى كۈيۈ ئوغلى ئوتتۇرىسىدى-
كى نىزا ـ ئاداۋەتلەرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن خاتىرجەملىك ھېس
قىلغان سۇلتان يۇنۇسخان هاردۇق يەتكەندەك بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ
يېتىپ قالدى. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچە ئۇزۇن يېتىپ قېلىشىنى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ھەئە، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چى-
قالماي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا بىر يىل بولاي دەپ قالغا-
نىدى. بۇ ئارىدا ئىككى كۈيۈ ئوغلى ئەندىجان، سەمەرقەنت، بۇ-
خارا، ھەتتا ھىراتتىن ئۇقۇشۇپ ئەۋەتكەن تېۋىپ ـ ھەكىملەرمۇ
ئۇنىڭ كېسىلىگە ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى. كۆز كۆرگەن،
قۇلاق ئاڭلىغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بېقىشتى. ئەمما
ئۇنىڭ يەر دەسسىيەلمەي ياتقىنى ياتقانىدى. بۇ بىر يىلدىن بېرى
ئۇنىڭغا ئاساسەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋا-

تاتتى. ئۇنىڭ تېبابەتتىن خېلى ئەتراپلىق بىلىمى بار ئىدى. شۇ-
ڭا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ دورىلىرىنى قاينىتىش، ئىچۈرۈش، ھە-
كىملەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە دورا تەييارلاش قاتارلىق ئىشلار-
نى ئۆزى قول تىقىپ قىلاتتى ياكى خىزمەتكارلارنىڭ بېشىدا قاراپ
تۇرۇپ تەييارلىتاتتى. كېسەلدىن ساقىيىش ئۈمىدى ئۈزۈلگەن
سۇلتان يۇنۇسخان ئادەم خالىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، سۆيۈمـ-
لۈك ئىككى خانىشىنىمۇ يېنىدا ئۇزاق تۇرغىلى قويمايتتى، پەقەت
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىلا ئۇنىڭ بىردىنبىر سىرداشى بولۇپ قال-
غانىدى. ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى كۆرسىلا ئېچىلىپ قالات-
تى، گەپ قىلغۇسى كېلەتتى، خىزمەتكارلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇ-
نىڭ بىلەن خاس ئولتۇرۇپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن مۇڭدىشاتتى.

ئىككى كۈندىن بېرى سۇلتان يۇنۇسخان باشقىچە خىيالچان
بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن سەھەردىلا ئەھۋال سوراپ كىرگەن مۇ-
ھەممەد ھەيدەر مىرزىغا سۇس كۈلۈمسىرەش بىلەن جاۋاب قايتۇر-
دى، گەپ سورىمىدى.

«خان ئالىيلىرىنىڭ بۈگۈن پاراڭلىشىشقا رەغدى يوقتەك
قىلىدۇ. يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشنى خالاپ قالغان بولسا
كېرەك. ئەڭ ياخشىسى، ئوي ـ خىياللىرىنى چاچمىغىنىم ياخ-
شىدەك قىلىدۇ...»

— ئالدىراش ئىشلىرى بارمىدى سەر ئەمىر؟ — ئالدىراپ
سورىدى سۇلتان يۇنۇسخان پەم بىلەن سىرتقا چىقىشقا تەمشىلىپ
تۇرغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا قاراپ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەرھال كەينىگە ياندى.

— يوقسۇ ئالىيلىرى.

— ئەمىسە تالاغا ئالدىرايلىغۇ؟

— قىبلىگاھىمنىڭ ئارامىنى بۇزماي دېدىم.

— ئۇنداق بولسا چىقىپ كەتمىسىلە.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئاياغ تەرىپىد-
گە كېلىپ ئولتۇردى.

ـــ مېنى يۆلەپ قويسىلا، بىردەم ئولتۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ.
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ قولتۇقىدىن ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن ئىككى تال پەر ياستۇقنى ئارقىسىغا تاشلاپ پەم بىلەن يۆلەندۈردى.
ـــ ئەپلىشىپ ئولتۇرالىدىلىمۇ ئالىيلىرى؟
ـــ ناھايىتىمۇ بەلەن ئولتۇردۇم، ـــ سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ چىرايىدا ئازابلىق بىر كۈلكە جىلۋە قىلدى، ـــ قېرىغاندا بوۋاقتا ئوخشاش بولۇپ قالسا ئەجەب سەت تۇرىدىكەن. يەنە قاچانغىچە مۇشۇنداق سۆرىلىپ يۈرىيمەنكىن ـ تاڭ.
ـــ ئۇنداق دېمىسىلە ئالىيلىرى. ياراتقان ئىگىسى ئۆزى سالغان كېسەلگە يەنە ئۆزى شىپالىق بېرىدۇ. ھەقنىڭ مۆجىزىلىرى بىھېسابتۇر. كىم بىلىدۇ، ئەتە ئەتىگەندە دەس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتەمدىلا تېخى.
ـــ راست ئېيتىدىلا. خۇداۋەندە ئىگەمنىڭ مۆجىزىلىرى ھەقىقەتەن نۇرغۇن. ئەمما ئۇمىدىم ئۇل مۆجىزىلەردە ئەمەس، بەلكىم كارغا كەلمەس مۇنۇ تەندىكى ئامانەتنى تېزرەك تاپشۇرۇپ، جانابى ھۆسنى مۇتلەقنىڭ دەرگاھىغا بېرىش.
يىل بويى مىدىرلىماي ياتقان سۇلتان يۇنۇسخان قاتتىق چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنىدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا بوسۇغا تۇۋىدە خانزادە مەھمۇدخان بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا پەيدا بولدى.
ـــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ـــ دېدى ئىككىسى تەڭلا قوللىرىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ.
سۇلتان يۇنۇسخان ئۇلارغا قاراپ سۇس كۈلۈمسىرىدى.
ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كىرىڭلار ئارسلانلىرىم.
يىگىرمە ئۈچ ـ يىگىرمە تۆت ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان خانزادە مەھمۇدخان بىلەن ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ھۇجرىغا كىرىپ

تەۋازۇ بىلەن قول باغلاپ تۇرۇشتى. گەرچە مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا خانزادە مەھمۇدخاندىن بەش ـ ئالتە ياش كىچىك بولسىمۇ بوي ـ بەستى ئەجدادىنى تارتقان بولغاچقا، بويى خانزادىدىن خېلى ئېگىز ئىدى.

سۇلتان يۇنۇسخان ئىككى يىگىتكە مەسلىكى كېلىپ بىرپەس قاراپ كەتتى.

ــ ئولتۇرۇڭلار.

ئىككى يىگىت خانغا تەشەككۇر بىلدۇرۇپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

ــ خوش، ــ دېدى يۇنۇسخان ئىككى يىگىتنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنى بىلمەكچى بولۇپ.

ــ يېزنەم ئۆمەر شەيخ مىرزا جانابلىرىنىڭ باراۋەت شىكارىغا كۆڭلى تارتىپ قالغان چېغى، ــ دېدى خانزادە مەھمۇدخان جاۋاب بېرىپ، ــ كەمىنە ئوغۇللىرىنى ئول شىكارغا تەكلىپ ئېيتىپ چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ. ئۆزلىرىدىن ئىجازەت سوراپ كېلىشىم.

سۇلتان يۇنۇسخان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بىر يىلدىن بېرى خانزادە مەھمۇدخان تاشكەنتتىن ئايرىلماي ئوردا ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. شۇڭىمۇ سەلتەنەت ئىشلىرىدىن ئاز ـ چە غەم قىلىپ كەتمەيتتى. بۇ بىر يىلدىن بېرى ئىككى كۈيئوغلى ئوتتۇرىسىدىمۇ سوركىلىش ياكى ئۇششاق گەپ ـ سۆزلەر بولۇنمىدى. بۇنىڭدىن ئۇ بەكمۇ خۇشال ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ كۈيئوغۇللىرى بىلەن ئىككى ئوغلىنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، خۇددى بىر تۇغقان ئاكا ـ ئۇكىلاردەك ئىناق ـ ئىجىل ئۆتۈشىنى ئارزۇ قىلىشتىن باشقا ئارمىنىمۇ يوق ئىدى. مانا كۈيئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزا چوڭ خانزادىنى باراۋەتكە تەكلىپ قىلىپتۇ. قېرىنداشلىق، تۇغقاندارچىلىق مېھرى دېگەن مېھماندارچىلىق ۋاستىسى بىلەن تېخىمۇ چىڭىپ بارىدۇ ئەمەسمۇ؟

ــ يېزنە ئاغىلىرى تەكلىپ ئەتكەن بولسا بېرىپ كەلسىلە، ــ

دېدى ئىجازەت بېرىپ، — مەندىن يېزنە ئاغىلىرىغا، ئىگىچىلىرى قۇتلۇقنىگار خېنىمغا، ئوماق نەۋرىلىرىم خانزادە خېنىم بىلەن بابۇرجانغا سالام دېگەيلا.

— مەنمۇ خانزادە بىلەن بىللە بارسام بولامدۇ ئاتا؟ — دېدى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا دادىسىغا قاراپ.

— سىلى دېگەن ھازىر ئوردا مەھرىمى، شۇڭلاشقا مەندىن ئەمەس، خان ئالىيلىرىدىن ئىجازەت سورىسىلا، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا.

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا سۇلتان يۇنۇسخانغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ سايىسى تۇرسا، تەن بىلەن سايىنى قانداقمۇ ئايرىۋەتكىلى بولسۇن، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان كۈلۈپ، — سىلىگىمۇ ئىجازەت ئەمىرزادەم.

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ تەشەككۈر بىلدۈردى:

— قىبلىگاھىمىز مەرھەمەتلىكتۇر!

خانزادە مەھمۇدخان بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ئوتتۇرىسىدا تەسۋىرلىگۈسىز بىر دوستلۇق بار ئىدى. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن تارتىپ بىللە چوڭ بولغاچقىمۇ بىر - بىرىدىن پەقەتلا ئايرىلمايتتى. خوجا ئەبەيدۇللا ئىشانىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن قېيىنئاتا ۋە كۈيۈ ئوغۇللار قايتا يارىشىۋالغاندىن كېيىن، تاشكەنتكە ئالدىن لەشكەر تارتىپ كەلگەن خانزادە مەھمۇدخان ئەندىجاندا تۇرۇۋاتقان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنى تاشكەنتكە ئەكەلدۈرۈۋالغانىدى. ئىككى يىل ئايرىلىپ تۇرغان بۇ يىگىتلەرنىڭ قايتا يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن دوستلۇق رىشتى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك چىڭىپ كەتكەنىدى. سۇلتان يۇنۇسخانمۇ ئۇلارنى بىر - بىرىگە ھەمدەم بولۇپ سەلتەنەت ئىشلىرىغا قاراشسۇن دەپ، مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغا لەشكىري دىۋاندىن مەنسەپ بېرىپ، ئوردا ئەمىرلىرى قاتارىدىن ئورۇن بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىر -

بىرىگە شۇ قەدەر يېقىنلىقىغا مەستلىكى كېلىپ ئۇلارنى: «بۇلار بىر ـ بىرىنىڭ سايىسى» دەپ تەرىپلەيتتى ۋە «دوستلۇق، بۇرا ـ دەرچىلىك دېگەن مانا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. سەر ئەمىر بىلەن ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى پەرزەنتىمىزگە ئۈلگە بولدى» دەپ ماخ ـ تىناتتى.

— قاچان يولغا چىقاي دەيدىلا؟

— ئاللاھ خالىسا ئەتە بامداتتىن يېنىپ.

— سوۋغا ـ پېشكەش تەييارلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، — دېدى سۇلتان يۇنۇسخان، — مېھماندارچىلىقتا قۇرۇق قول بېرىش ياخشى پەزىلەت ئەمەس، ھەتتا رەقىبىنىڭ ئۆيىگىمۇ ھەم شۇنداق، يېزنلىرى بىلەن ئىنگچىلىرى بىر مەھەل ئايرىلىشقا قىيالىسا نەۋرەم خانزادە خېنىم بىلەن بابۇرجاننى ئەۋەتىپ بەرسۇن. ئۇل كۆز نۇرلىرىمنى خويمۇ سېغىنىپ كەتتىم.

— يىراقتىكى نەۋرىلىرىنى سېغىنىۋەرمەي، يانلىرىدىكى نەۋرىلىرىنىمۇ سېغىنىپ قويسىلا ئاتاجان، — دېدى خانزادە مەھ ـ مۇدخان ئەركىلەپ.

— يېنىمدىكىسىنىمۇ ئەلۋەتتە سېغىنىمەن، لېكىن ھەر نەۋرىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئوتى بولىدۇ ئوغلۇم. بۇنى سىلىمۇ نەۋرىلىك بولغاندا ئاندىن ھېس قىلىدىلا.

خانزادە مەھمۇدخان كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى ئەگدى:

— ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرسىلە ئاتا. سىلى بىلەن ئانچە ـ كىم چىقىشىپ قويدۇم. ئۇل ئىككى نەۋرىلىرىنى چوقۇم ئەۋەتكۈ ـ زۈپ بېرىمەن. ئۇلارنى سىلىلا ئەمەس، كەمىنىلىرىنىڭ ئوغلىمۇ سېغىنىدى. پات ـ پات بابۇرجان ئاغىسىنىڭ قەغىشىنى قىلىدۇ. نەۋرىلەر كىچىكىدىن تارتىپ پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ خوش، مەن سەپەر تەييارلىقىنى قىلاي ئەمىسە.

ئىككى يىگىت خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

سۇلتان يۇنۇسخان ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ خۇرسىنىپ قويدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرىگە قاراپ

ئېھتىيات بىلەن سورىدى:

ــ پەمىمچە ئانەزرىتىمىنىڭ بىرەر ئىچ پۇشۇقى بولسا كېرەك.

ــ نېمىسىنى دەي سەر ئەمىر، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ــ مەرھۇم جەننەتماكان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئالىيلىرى بىلەن ئاغىلىرى ــ مەرھۇم جەننەتماكان سانىز مىرزا جانابلىرى ھەمدە سىلىنىڭ مەدەتكار بولۇشلىرى بىلەن ئاتا مىراس تەسەررۇپۇمنى، تاجۇ تەختىمنى قولۇمغا ئالغاندىن بېرى بېشىمدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلار ئۆتۈپتۇ. سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەش، ئەل ـ يۇرتنى ئاسايىشلىقتا يۇزلەندۇرۇش ئۇچۇن چامىمىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپتىمەن. رىياكار مىرزا ئابابەكرى ئىسيانىنى تىنچىتىش ئۇچۇن شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساقمۇ، لېكىن بۇ نىيىتىمىز ئەمەلگە ئاشمىدى. مىرزا ئابابەكرى ماڭلايسۆيەدە ئۆز ئالدىغا سەلتەنەت تىكلىۋالغىنىنى ئاز دەپ نەزەرىنى باشقا زېمىنلىرىمىزغا تىكمەكتە. ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مېنىڭ ئەھۋالىم مانا مۇشۇ، ياۋغا تاقابىل تۇرۇش ئەمەس، ھەتتا چېۋىن قورۇشقىمۇ ماغدۇرۇم يەتمەيدۇ.

ــ كۆڭۈللىرىنى زىنھار يېرىم قىلمىغايلا، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، ــ ھەممە ئىش جانابى قۇدرەت ئىگىسىنىڭ تەقدىرگە يازمىشى بىلەن بولىدۇ. رىياكار ـ تۇزكورلارنىڭ نۇسرىتى ھېچقاچان ئەبەدىي بولغان ئەمەس. چوڭ خانزادە بىر يىلدىن بېرى يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى تۇتۇپ، ئالىيلىرىنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغىنىنى بىلىندۇرمەي تەخت ـ سەلتەنەتكە پاسىبانلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئىستېداتىدىن چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەر تولىمۇ خۇرسەن. ھازىرغىچە بىرەر ئەرز ـ شىكايەت ئاڭلىغىنىمىز يوق. كىچىك خانزادە ئەھمەدخان بولسا تولىمۇ زېرەك، تەدبىرلىك ھەم جاسارەتلىك چوڭ بولدى. دەرگاھىمىزغا يوللىغان مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ياش بولغىنىغا قارىماي ئارلات، قالۇچى قوۋ-

مېنىڭ سۈيىقەست، تەئەررۇزلىرىنى تارمار قىلىپ، چېگرىنى مۇستەھكەملەپ، سەلتەنەتىمىزنىڭ شانۇ شەۋكىتىنى ئاشۇرۇپتۇ. ھازىر ئەغيارلىرىمىز تەسەررۇپىمىزنىڭ چېگرىلىرىغا يېقىنلىشىشقا پېتىنالمايدىكەن. كۆڭۈللىرىنى توق تۇتۇپ، قىلچىلىك نادامەت چەكمىسىلە. ئول ئىككى خانزادە ئىككى قاناتلىرىدۇر، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزنى شۇلار ئەمەلگە ئاشۇرغاي.

— ئىلاھىم دېگەنلىرىدەك بولغاي، — سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كۆڭلى بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك قىلاتتى، — سىلىدىن گەپ يوشۇرمايمەن سەر ئەمىر، مېنىڭ ھازىرقى ئەندىشەم ئول ئىككى خانزادەمدە ئەمەس، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئاغا ـ ئىنىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈپ، ئىناق ئۆتۈشىگە ئىشەنچىم كامىل. ئەمما كۈيۈ ئوغۇللىرىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ـ نىزا تىكەنلىرىنىڭ يەنە كۆكلەپ قېلىشىدىن تولىمۇ ۋايىم يەيمەن. ئەگەر ئاشۇنداق بولۇپ قالسا، بۇنىڭ تەسىرى ئۆز ئوغۇللىرىمغىمۇ بولىدۇ. سەمەرقەنت ھۆكۈمدارى بولمىش چوڭ كۈيۈ ئوغلۇم سۇلتان ئەھمەد مىرزا قىزىم مەلىكە مېھرىنىگار خېنىمدىن تېخىچە پەرزەنتلىك بولالمىدى. شول سەۋەبتىنمۇ ماڭا ۋە پەرزەنتلىرىمگە ئانچە مېھرى يوق. قۇدرەتلىك ئىگەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىمۇ بىرەر پەرزەنت ئاپىرىدە قىلغان بولسا بۇنچە ۋايىم يەپ كەتمەيتتىم.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بېشىنى تۆۋەن سالدى. سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ گېپىنىڭ ھەقىقەتەن ئاساسى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئاكا ـ ئۇكا ئۈچ كۈيۈ ئوغۇللىرىدىن پەرغانە ئەمىرى ئۆمەر شەيخ مىرزا مەلىكە قۇتلۇقنىگار خېنىمدىن بىر قىز، بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان. بەدەخشان، قۇندۇز، ھىسار ئەمىرى سۇلتان مەھمۇد مىرزا مەلىكە سۇلتانىنىگار خېنىمدىن مىرزاخان ئىسىملىك بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغانىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ياتلىق قىلغان چوڭ قىزى مەلىكە مېھرىنىگار خېنىملا شۇنچە يىللاردىن بېرى قورساق كۆتۈرمىگەنىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن سۇلتان يۇنۇسخان چوڭ كۈيۈ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزىدىن

بەكرەك ۋايىم يەيتتى.

ــ ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، ياراتقان ئاللاھ ئىگەم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب، تەۋپىق ئاتا قىلغاي، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا مۇجمەللا قىلىپ.

ــ مەنمۇ جانابى ھەقتىن شۇنى تىلەيمەن، ــ دېدى يۇنۇسخان ئويچانلىق بىلەن، ــ بەندىنىڭ ئۆمرى دېگەن تولىمۇ قىسقا بولىدىكەن. بەلكىم مېنىڭمۇ بۈگۈن ـ ئەتىلىك رىزقىم قالغاندۇ. بابا ئىچ پۇشۇقۇمنى سوراپ قالدىلا. ماڭلايسۆيەنى ئۆز قولۇم بىلەن تەسەررۇپىمىزغا قايتۇرۇپ كېلەلمىگەنلىكىم ئول ئىچ پۇشۇقىمنىڭ بىر تەرىپى بولسا، مۇنۇ پەرزەنتلىرىمنىڭ كېيىنكى غەملىرى ئول ئىچ پۇشۇقىمنىڭ يەنە بىر تەرىپىدۇر. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەرزەنت، كۈيئو ئوغۇللارنىڭ تاجۇ تەخت دەۋاسى قىلىپ دۈشمەنلىشىشى، ئەل ـ يۇرتنى پارچىلاپ، سەلتەنەتنى خاراب قىلىشى ئالدىمىزدا ئۆتكەن بىرقانچە خانلىقلاردا يۈز بەرگەن پاجىئەدۇر. مەرھۇم مىرزا ئۇلۇغبەگ ئالىيلىرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەرزەنت ۋە كۈيئو ئوغۇللار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ياغىلار بۇنىڭ جانلىق تىمسالىدۇر. شۇڭا كۈيئو ئوغۇللىرىم بىلەن پەرزەنتلىرىم ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق، تۇغقاندارچىلىق مېھرىنى تېخىمۇ چىڭىتسام ھەقنىڭ دەرگاھىغا خاتىرجەم كېتەتتىم.

سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ گېپىنىڭ تېگىدە بىرەر مۇددىئاسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كوچىلاپ سورىدى:

ــ ئانھەزرىتىمنىڭ بۇ ھەقتە كۆڭلىگە پۈككىنى باردۇر.

سۇلتان يۇنۇسخان بىرپەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

ــ ئەلۋەتتە بار. ئىككى كۈندىن بېرى مۇشۇ ئىشنى مەسلەھەتلىرىگە سېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم.

ــ خوش، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دىققىتىنى يى-

غىپ.

ــ كۆيۈ ئوغلۇم سۇلتان ئەھمەد مىرزا باشقا خانىش ـ ئا ـ
غىچىلىرىدىن بەش پەرزەنتلىك بولغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەمـ ـ
مىسى قىز، ئۇنىڭ بىرەر ئوغۇل پەرزەنتى يوقتۇر. بۇنى سىلىمۇ
ئوبدان بىلىدىلا. قىز پەرزەنت دېگەننىڭ غېمى كۆپ بولىدىكەن.
بولۇپمۇ خان ـ سۇلتانلار ئۇچۇن مەلىكىلىرىنى ياتلىق قىلىش
تولىمۇ باش ئاغرىتىدىغان ئىش. ئىلگىرى سەمەرقەنتكە بارغىد ـ
نىمدا سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ تۇتۇق بېگىم ئىسىملىك خانىد ـ
شىدىن بولغان چوڭ مەلىكىسى رابىيە سۇلتان خېنىم كۆزۈمگە
بەكلا ئىسسىق كۆرۈنگەنىدى. پەمىچە، ھازىر رەسىدە بولدىغۇ
دەيمەن.

ــ شۇنداق ئانھەزرىتىم، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا
خاننىڭ مۇددىئاسىنى ئاز ـ تولا پەملەپ، ــ سۇلتان ئەھمەد
مىرزا بۇ چوڭ مەلىكىسىگە باشقىچە ئامراق. ئۇنى ئىسمىنى ئاتىد ـ
ماي: «قاراكۆز بېگىم» دەپ ئەركىلىتىدۇ. شۇڭىمۇ ھۆسن ـ جاما ـ
لى تەڭداشسىز بولغان رابىيە سۇلتان بېگىمنىڭ سەمەرقەنتتە
«قارا كۆز بېگىم» دېگەن نامى تولىمۇ مەشھۇردۇر.

ــ ئول قاراكۆز بېگىمنى چوڭ خانزادىگە ئېلىپ بېرىپ
كېلىن قىلىشۇالايمىكىن دەيمەن، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان مەقـ ـ
سىتىنى ئوچۇق بىلدۈرۈپ، ــ بۇ ئىش روياپقا چىقسا چوڭ
خانزادە بىلەن چوڭ كۆيۈ ئوغلۇم ئاتا ـ بالا بولۇپ قالىدۇ ـ دە،
تۇغقاندارلىق مېھرى باشقىچە چىڭىيدۇ. مۇشۇ قۇتلۇق نىكاھنىڭ
سەۋەبىدىن كېيىنچە پەرزەنت ـ كۆيۈ ئوغۇللىرىم ئارىسىدا زېـ ـ
مىن ـ ۋىلايەت دەۋاسىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ قالسا
ئەجەب ئەمەس.

ــ تولىمۇ ئەتراپلىق ئويلاپتىلا، ــ دېدى مۇھەممەد ھەيدەر
مىرزا مەمنۇنلۇق بىلەن، ــ چوڭ خانزادە بىلەن قاراكۆز بېگىم
بىر ـ بىرىگە مەيلى نەسەب، مەيلى ياش ـ قۇرام جەھەتتىن تولد ـ
مۇ ماس كېلىدۇ. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرى بول مۇددىئا ـ

لىرىدىن خەۋەر تاپسا چوقۇم خۇش بولىدۇ.

ــ ئەسلىدە كىچىك خانزادىگە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئىككىنچى مەلىكىسى سالىھە سۇلتان بېگىمنى سورىتىپ، ئىككى خانزادىنىڭ تويىنى بىراقلا قىلىۋېتەرمەن دەپ ئويلىۋېدىم. ئەمدى خەۋەر بېرەيلى دېسەك ئارىلىق يىراق، ۋاقىت ـ پۇرسەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. مېنىڭ ئەھۋالىم بۇ ھالدا، ئۆمرۈم يار بەرمەسلىكى مۇمكىن. يىلدا بىرنەچچە قېتىم خەت ـ خەۋەر ئېلىشىۋاتىمىز. ھە راست، تۇرپاندىن بۇرناكۇنى خەت كەلدى. كىچىك خانزادە يەنە بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇپتۇ. خېتىدە ئۇل پەرزەنتكە مېنىڭ ئىسمىم قويۇپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپتۇ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بېشىنى تەۋازۇ بىلەن ئېگىپ خاننى قۇتلۇقلىدى:

ــ نەۋرە قۇتلۇق بولغاي. ئۆمرى ئۇزۇن، دۆلەت ـ سەلتەنە-تى زىيادە بولغاي. كىچىك خانزادىنىڭ قايسى ئاغىچىسىنىڭ كۆزى يورىدىكىن؟

ــ ئۈچ ئەمرى مىرجاپپار بەردى بەگنىڭ سىڭلىسى سا-ھىبدۆلەت خېنىمدىن تۇغۇلۇپتۇ.

ــ ئۇل نەۋرە خانزادىگە قايسى ئىسىمنى لايىق كۆردىلە-كىن؟

ــ «سەئىدخان» دەپ ئىسىم قويۇپ بەردىم ھەم كۆرۈملۈكى بىلەن قوشۇپ مەكتۇپ يوللىدىم.

ــ تولىمۇ قۇتلۇق ئىسىم تاللاپلا ئالىيلىرى. تولىمۇ ئەپ-سۇس، كىچىك خانزادە ئەھمەدخانغا بىرەر خان ـ سۇلتانلارنىڭ مەلىكىسى نېسىپ بولمىدى ـ دە.

ــ ئۇغۇ شۇنداق. ئىشقىلىپ كىچىك خانزادىدىن تولىمۇ خا-تىرجەممەن. قۇدرەتلىك ئاللاھ ئىگەم ئۇنىڭغا ھازىرغا قەدەر ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت نېسىپ قىلدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئىك-كىنچى مەلىكىسىنى كىچىك خانزادىگە سوراتساق، مەلىكىسىنى تۇرپاندەك يىراق شەھەرگە ئەۋەتىشكە قىيماسلىقى مۇمكىن. ئەمدى

بۇ ئىشنى قويۇپ، چوڭ خانزادىنىڭ ئىشىغا باش قاتۇرايلى.

ــ ئەگەر ئانھەزرىتىم لايىق كۆرسە، بۇ نىكاھ ئىشىنىڭ ئەلچىلىكىنى كەمىنىلىرى ئۈستۈمگە ئالاي.

ــ بول ئىشقا سىلىدىن باشقا يەنە كىم لايىق كېلەتتى، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان مەمنۇنلۇق بىلەن، ــ تويلۇق سوۋغات ـ پېشكەشلەرنى تەييارلاپ ئالدىمىزدىكى ھەپتە يولغا چىقسىلا.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىدى:

ــ باش ئۈستىگە!

※ ※ ※

سەمەرقەنت.

قېيىنئاتىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ قۇدىلىشىش مۇددىئاسىدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان ئەھمەد مىرزا دەماللىققا جاۋاب بەرمەي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ قۇدىلىشىش ئىشىنىڭ دەخلىسىز روياپقا چىقىشىغا كۆڭلىدە تولۇق ئىشەنچ باغلىغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭ خىيالچان تۇرقىغا قاراپ بىر ئاز تەئەججۇپلەندى.

«ئەجەب لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرىدۇ ـ يا، ياكى قېيىنئاتىسى بىلەن قۇدىلىشىش مىرزىغا تاسادىپىي تۇيۇلۇپ قالدىمۇ ـ يا؟ ئەمەلىيەتتىغۇ بۇ ھەيران قالغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس، مەلىكە قارا كۆز بېگىم ئۈچۈن خانزادە مەھمۇدخاندىنمۇ مۇۋاپىق لايىق يوق، ياكى باشقا بىر يەرگە ماقۇللۇق بېرىپ قويغان بولسا تەڭلىكتە قېلىۋاتامدىغاندۇ؟ بۇنىمۇ يىراق دېگىلى بولمايدۇ. خان ـ سۇلتانلار بىلەن قۇدىلىشىشنى كىممۇ خالىمىسۇن؟ تەسەررۇپىدىكى ئەمىرلەردىن ياكى قوشنا ئەلنىڭ سۇلتانلىرىدىن بىرەرى بىلەن قۇدىلىششقا ماقۇللىشىپ قويغان بولسا ئىككى تايىن بولۇپ قېلىۋاتامدىكىن؟ باشقىلارغا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ قويغان بولسا ناما-

قۇللۇق بىلدۈرۈپ يېنىشىپ كەتسە بولۇۋېرىدۇ. ماۋەرائۇننەھر سۇلتانى بىلەن موغۇلىستان سۇلتانىنىڭ شەۋكىتى ئالدىدا كىم-مۇ غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلالىسۇن؟! ئاۋۋال ئۆز ئاغزىدىن ئىككى ئې-غىز گەپ ئاڭلاپ باقاي، ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا نەسىھەت قىلارمەن...»

قېيىنئاتىسىنىڭ قۇدىلىشىش تەكلىپىنى خىيالغا كەلتۈ-رۈپ باقمىغان سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ خىيالى بولسا باشقىچە ئىدى.

«قېيىنئاتامنىڭ بۇ قۇدىلىشىش ئىشىنى ئوتتۇرىغا چىقىرى-شىدا قانداق مۇددىئاسى باركىن؟ ئۆتكەن يىلىغۇ قېيىنئاتىلىق ھۆرمىتىگە رىئايە قىلغانلىقىم ھەم پىر بۇزرۇك خوجا ناسىرىددىن ئەبەيدۇللا ئىشان ھەزرەتلىرىنىڭ لەۋزىنى يېرالمىغانلىقىم ئۈچۈن تاشكەنتنى بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەسلىدە ئىنساب قىلىپ كۆ-يۇ ئوغۇللىرىدىن شەھەر تالاشماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ تە-سەررۇپىدا شەھەر ـ ۋىلايەتلەر ئازمىدى. قاراپ تۇرۇپ تەختگاھىنى تاشكەنتكە يۆتكىۋالدى. ئەمدى قوپۇپ قىزىڭنى ئوغلۇمغا بەر، قۇ-دىلىشىمىز، دەپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئوغۇل پەرزەنتىمنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭغا ئايان. كىمىكى چوڭ مەلىكە قارا كۆز بېگىمگە ئۆيلىنىپ كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشسە، سەمەرقەنت تەختگاھىدا بىر ئۈلۈش ھەققى بولىدۇ ياكى قېيىنئاتام مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن تەخت-گاھىمغا كۆز تىكىۋاتامدۇ ـ يا؟ توغرا، بۇ تەرىپىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. گەرچە ئوغۇل پەرزەنتىم بولمىغىنى بىلەن ئوسمان مىرزا، سۇلتان ۋەلەد مىرزا، مەلىك مۇھەممەد مىرزىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىنىم ھامىيلىقىمدا تۇرماقتا. ئۇلار مەر-ھۇم جەننەتماكان خان ئاتامدىن كىچىك قالغاچقا تەربىيەمدە ئۆز پەرزەنتىمدەك چوڭ بولۇۋاتىدۇ. تاجۇ تەخت، تەسەررۇپىمنى كۈيئو ئوغلۇمغا بەرگەندىن كۆرە ئول ئىنىلىرىمدىن بىرىنى ۋەلىئەھد قىلىپ، مىراس قالدۇرسام ياخشى ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنداق قىلسام

نەسىبىمىزمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، ئۇ ئالەمگە بارغاندا مەرھۇم ئاتام-
نىڭ روھىغىمۇ يۈز كېلەلەيمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن خان ـ سۇلتانلار
بىلەن قۇدىلاشماسلىقىم، قول ئاستىمدىكى ئەمىرلەرنىڭ ئە-
مىرزادىلىرىنى كۈيۈ ئوغۇل قىلىپ تاللىشىم كېرەك. ئۇلار كۈ-
رەگانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشسە مەندىن مىننەتدار بولىدۇ، سەل-
تەنەتكە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلىدۇ، ئىنىلىرىمدىن
تاجۇ تەخت تالاشمايدۇ. ماۋەرائۇننەھرگە مىرانشاھ ئەۋلادى ئەبە-
دىلئەبەد ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. يەنە كېلىپ مەلىكە قارا كۆز بې-
گىممۇ چوڭ ئاغىچىلىق مەرتىۋىسى بىلەن ياشايدۇ. ھەئە، بۈيۈك
سەمەرقەنت ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مەلىكىسى بىراۋلارغا توقال خانىش
بولسا ھەرگىز بولمايدۇ. ئول قېيىنئىنىم بولمىش خانزادە مەھ-
مۇدخاننىڭ ھەرىمىگە مەلىكەمنى ئۇزاتسام ئۇ توقال خانىش بولۇپ
قالىدۇ، چوڭ خانىشنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالىدۇ. قىزىمنى ھەر-
گىزمۇ بۇ ئوتقا ئىتتىرمەيمەن... »

سۇلتان ئەھمەد مىرزا خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ئىچكى تۇي-
غۇسىنى يوشۇرۇپ سۇس كۈلۈمسىرىدى :

— سەر ئەمىر جانابلىرى يول ئازابى تارتىپ چارچاپ كەتتى-
لە، ئاۋۋال ھاردۇق ئالغايلا.

كۈتكىنىدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا
يەنە تىرەجىدى:

— سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى جاۋابىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋا-
تىدۇ. كەمىنىلىرى ئەلچىلىك مەجبۇرىيىتىمنىڭ ئاداسىدىن نى-
شان بېرىپ تاشكەنتكە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن چاپارمەن
ماڭغۇزۇۋەتسەم تولۇق خاتىرجەم بولاتتىم.

سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئانچە ئېرەنشىمەيلا جاۋاب بەردى:

— ئوغۇل ئۆيلەش، قىز ياتلىق قىلىش كىچىك ئىش ئە-
مەس. گەرچە مەن ئاتا بولساممۇ، قاراكۆز بېگىمنى تۇغۇپ چوڭ
قىلغان يەنىلا تۇتۇق ئاغىچىدۇر. ئۇنى بول چوڭ ئىشتىن خەۋەر-

لەندۇرمەيلا جاۋاب بېرىۋەتسەم دىلى ئازار يەپ قالۇر. ئالدىرىمىسىلا، مەسلىھەت بىلەن جاۋابىنى بېرەي. خۇدانىڭ كۆڭلىرى ئۈزۈنغۇ تېخى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى جاۋاب بېرىشكە قىستىيالمايتتى، قىستىسا رەنجىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، ئاكىسى مىرزا ئابابەكرى تەرىپىدىن كۆزى كور قىلىنغان ئۆگەي ئوغلى ئۆمەر مىرزا تا ھازىرغىچە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ھامىيلىقىدا يۇقىرى ئىمتىياز بىلەن خاتىرجەم ياشاۋاتاتتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تاشكەنتكە كەلگەندىن كېيىن ئايجامال ئاغىچىنى ئېلىپ ئۆمەر مىرزىنى يوقلىغاچ سەمەرقەنتكە بىر قېتىم كەلگەنىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇنى خۇددى بىر ئەلنىڭ خان ـ سۇلتانلىرىنىڭ ئالدىغا چىققاندىكىدەك ئىستىقبالىغا چىقىپ كاتتا ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالغان، قايتىپ كەتكۈچە كۆندە دېگۈدەك ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانىدى. شۇڭىمۇ سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ مەردلىك، مېھرىبانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن قايىل ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى.

شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جاۋاب كۈتۈپ سەمەرقەنتتە ئىككى ئايغا يېقىن تۇرۇپ قالدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇنى خوجا ئەبەيدۇللا ئىشاننىڭ قەسرىگە بىللە زىيارەتكە ئېلىپ باردى. شەرىپىگە ھەر كۈنى دېگۈدەك زىياپەت، باراۋەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. گاھى ئوردىسىدا، گاھى باراۋەتلەردە بولسۇن، ئۇنى چوڭ ئىنىسى ئوسمان مىرزىدىن تۆۋەن، كىچىك ئىنىسى سۇلتان ۋەلەد مىرزا بىلەن مەلىك مۇھەممەد مىرزىدىن يۇقىرى ئورۇندا ئولتۇرغۇزۇپ يۈز ـ ئابرۇيىنى قىلدى. ئەمما بۇ جەرياندا قىزى مەلىكە قارا كۆز بېگىمنىڭ توي ئىشى توغرۇلۇق پەقەتلا ئېغىز ئاچمىدى. تۇرقىدىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇچۇن جاۋابىنى ئېلىش مۇھىم بولغان بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

※ ※ ※

مېھرىنىگار خېنىم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆزىگە گۇمانسىراپ قارىدى. ناۋات رەڭ چېھرىدىن ئۇنىڭ خاس كۆرۈشۈشكە چاقىرتىلغىنىدىن تەئەججۈپلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ھەئە، سۇلتان ئەھمەد مىرزىدىن يەنە قايتا سوراشنى بىئەپ ھېس قىلغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ساقلاۋېرىشتىن زېرىكىپ ئاخىرى مېھرىنىگار خېنىم ئارقىلىق جاۋابقا ئېرىشىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

— تاشكەنتكە قايتمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۇ مەقسىتىنى قىسقىلا بايان قىلغاندىن كېيىن، — سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى خەۋىرىمنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمما سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرى تېخىچە جاۋاب بەرمەيۋاتىدۇ. ئەمدى يەنە ساقلاۋېرىشكە تاقىتىم يوق. سۇلتان ئالىيلىرىدىن بىر جاۋاب ئېلىپ بەرگەن بولسىلا بەك ياخشى بولاتتى. خانزادە ئۆز ئىنىلىرى بولغاندىكىن بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈشلىرى كېرەك ئىدى.

— بۇ ئىشتىن پەقەتلا خەۋىرىم يوق ئىكەن، — دېدى مېھرىنىگار خېنىم ئەجەبلەنگەن ھالدا.

— توۋا دېسىلە مەلىكەم، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھەيران بولغان ھالدا، — قانداقسىگە خەۋەرلىرىدە بولماي قالىدۇ.

— راستىنلا بۇ ئىشنى سىلىدىن ئاڭلاۋاتىمەن، — مېھرىنىگار خېنىم بىرپەس خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — ئەھۋالدىن قارىغاندا سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ بۇ ئىشنى مېنىڭ سەمىمگە سالغۇسى كەلمىگەن ئوخشايدۇ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سەمەرقەنتكە كەلگەندىن بېرى مېھرىنىگار خېنىم بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشكەن بولسىمۇ، سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئالدىدا مەقسىتىنى دېيىشنى بىئەپ كۆرگەنىدى. قارا كۆز بېگىمنىڭ نىكاھ مەسلىھەتى بولسا مېھرىنىگار خېنىممۇ خەۋەردار بولىدۇ دەپ ئويلىغانىدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا گاڭگىرىدى:
ـــ ئەجەب...
ـــ بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك يېرى يوق سەر ئەمىر، ـــ دېدى مېھرىنىگار خېنىم مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى سۆزلىگىلى قويـ.ـ ماي، ـــ چۈنكى، بىرىنچىدىن، مەلىكە قاراكۆز بېگىمگە مەن ئۆـ.ـ گەي ئانا ھېسابلىنىمەن؛ ئىككىنچىدىن، ھەرەمدە مەن توقال خاـ.ـ نىش ھېسابلىنىمەن؛ گەرچە خان ئالىيلىرى ھۆرمىتىمنى قىلىپ تۇرسىمۇ، قورساق كۆتۈرمىگەنلىكىم ئۈچۈن باشقا ئاغىچىلاردىن مەرتىۋەم ئۈستۈن ئەمەستۇر؛ ئۈچىنچىدىن، ئانھەزرىتىمنىڭ بول نىكاھ ئىشىغا رازىلىقى يوق ئوخشايدۇ، ئەگەر رازىلىقى بولغان بولسا ئەلۋەتتە مېنى خەۋەرلەندۈرەتتى؛ تۆتىنچىدىن، قارا كۆز بېـ.ـ گىمنىڭ ۋالىدەسى بولمىش تۇتۇق ئاغىچىنىڭمۇ خەۋىرى يوق ئوخشايدۇ. تۇتۇق ئاغىچا مەندىن تا ھازىرغىچە سىر يوشۇرغان ئەـ.ـ مەس. بۇنداق ئەھۋالدا ئانھەزرىتىمنى جاۋاب بېرىشكە قىستاپ تەڭلىك قىلالمايمەن. سىلى تاشكەنتكە قايتىۋەرسىلە. ناۋادا ئانـ.ـ ھەزرىتىم بۇ ئىشنى ئۆزى تىلغا ئېلىپ قالسا جاۋاب ئېلىشقا تىرـ.ـ رىشىپ كۆرەرمەن. خان ئاتامنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، ياراشتۇرۇپراق بىر گەپ قىلىپ قويالا.
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ يوققا چىقتى.

※ ※ ※

ـــ نېمانچە ئالدىرايدىلا سەر ئەمىر، ـــ دېدى سۇلتان ئەھـ.ـ مەد مىرزا تاشكەنتكە قايتىشقا ئىجازەت سورىغان مۇھەممەد ھەيـ.ـ دەر مىرزىغا قاراپ، ـــ يەنە بىر مەزگىل تۇرسىلا.
ـــ ھېلىمۇ سەمەرقەنتتە تۇرغىنىمغا ئىككى ئايدىن ئېشىپـ.ـ تۇ، ـــ دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان ۋاقتىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ، ـــ سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ سالامەتلىكىدە

پەقەتلا ياخشىلىنىش بولمايۋاتىدۇ، ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمەن. قىشىدا-
دىراق تۇراي.
ــ جانابى قېيىنئاتامنى شىپى كەلتۈرۈپ تۇرۇۋالسىلا، سىد-
لىنى ئەپقېلىشقا ئامالىم يوق ئوخشايدۇ. بۈگۈنلا ماڭىمەن دەپ
تۇرۇۋالمىسىلا، ئەتە ئەتىگەن يولغا سېلىپ قوياي. كەچتە ئايرىم
بىر مۇڭدىشىۋالايلى.

ئۇ سۇلتان ئەھمەد مىرزىنى ئەلچىلىككە جاۋاب بېرەرمىكىن
دېگەن تەمەدە يەنە بىر كۈن تۇرۇشقا ماقۇل بولدى. ئەمما كەچتە
مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كاتتا زىياپەت
راسلىغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا قىزى بىلەن قېيىنئىنىسىنىڭ
توي ئىشى توغرۇلۇق پەقەتلا ئېغىز ئاچمىدى.

※ ※ ※

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تاشكەنتكە قايتىپ كەلگەندە كۈز
پەسلى ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. ئۇ جاۋاب كۈتۈپ ياتقان سۇلتان
يۇنۇسخانغا پەسلىگە دۆڭگەپ مۇجمەللا جاۋاب بەردى:
ــ سۇلتان ئەھمەد مىرزا مۇددىئالىرىنى ئاڭلاپ تولىمۇ
خۇشال بولغانىدى، بىراق، توي تەييارلىقى قىلىمىز دەپ بولغۇچە
قىش كىرىپ قالغۇدەك، توينى تايىنلىق كېلەر يىلى يازدا قىلايلى
دەپ تۇرۇۋالدى، كەمىنىلىرى زورلاشقا پېتىنالمىدىم.

كۆزنى تورۇسقا تىكىپ ياتقان سۇلتان يۇنۇسخان بۇ جاۋاب-
تىن ئانچە قانائەتلەنمىگەندەك قىلاتتى. بۇ تۆت ـ بەش ئايدىن بې-
رى ئۇنىڭ كېسىلى خېلىلا ئېغىرلىشىپ، تېنى كۆرۈنەرلىك ئا-
جىزلاپ كەتكەنىدى.
ــ شەپقەتلىك ئاللاھ ئىگەم كېلەر يىلى يازغىچە ياشىغىلى
نېسىپ قىلار، ــ دېدى سۇلتان يۇنۇسخان خورسىنغان ھالدا، ــ
نائامال، قۇدىنى مەجبۇرلىيالمايمىز. سىلىمۇ كۆپ جاپا چەكتىلە،
بېرىپ ئارام ئالسىلا، ئەتە كەڭتاشا مۇڭدىشارمىز.

سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كەيپىياتىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىـ
كىنى ھېس قىلغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئارتۇق گەپ قىلماي
ئاستا كەينىگە ياندى.

※ ※ ※

مىلادىيە 1487 ـ يىلى، ئەتىياز.

شاكىلى قېتىشىپ، سۇزۇلۇشكە باشلىغان ئۆرۈك غورىلىرى يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ماراپ، ھويلا ـ ئاراملاردىكى تۇرلۇك گۇل ـ لەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، تاشكەنت شەھىرىگە سەرەتاننىڭ شەپىسى كېلىشكە باشلىغانىدى. قېلىن جەندە ـ كۇلاھلارنى كىيىۋالغان قەلەندەر ـ دەرۋىشلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يېنىك كىيىنىۋېلىشقانىدى. يىللاردىكىدىن بۇرۇنلا تىجارەت باشلىۋالغان دوغچىلار دوغ، مۇز قايماق، شەربەتلەرگە خېرىدار چاقىرىشاتتى. ۋائىز ـ مەدداھلار ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ جەڭنامە سۆزلەۋاتاتتى. شەھەر تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە تىنىمسىز چېپىپ يۈرگەن كىـ شىلەر بىلەن قىزىپ كەتكەنىدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئەرك ئوردا قەلئەسى تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. ئالىي ئەمىرلەردىن تار ـ تىپ ئاددىي خىزمەتكارلارغىچە سولغۇن، پەرىشان كۆرۈنەتتى. ھە ـ ئە، ئىككى يىلدىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان سۇلتان يۇ ـ نۇسخاننىڭ كېسىلى بىردىنلا ئېغىرلىشىپ ئۈچ كۈندىن بېرى زۇۋاندىن، ئاش ـ تائامدىن قالغانىدى. جىددىيلىشىپ باشقىچە ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ئوردىنىڭ ئىچ ـ ھەكىملىرى توختى ـ ماي رېتسېپ يەڭگۈشلەپ دورا تەييارلايتتى، قولىدىن كېلىدىغان ئامالالارنى قىلىۋاتاتتى، موللا، داخان ـ پىرىخونلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈز كىرىپىك قاقماي ئوقۇغان دۇئا ـ سۈپكۈچلىرى، قىلغان سەۋەبلىرىمۇ كار قىلمايۋاتاتتى.

ئۈچ كۈندىن بېرى دادىسىنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمەي ئول ـ

تۇرغان خانزادە مەھمۇدخاننىڭ ئۇيقۇسىراپ كەتكەن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئامالسىزلىقىنى بىلدۇرۇپ شۇمشىيىپ تۇرغان ھەكىملەرگە ۋارقىرايتتى. ئۇ داخان ـ پېرىخونلارنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. جان قايغۇسىدا قالـ غان ھەكىملەر ئۇنىڭ ئالدىدا بىر چىشلەم بولۇپ قالغانىدى. سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ جانسىز قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان مۇھەمـ مەد ھەيدەر مىرزا ھېلى ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ باقاتتى، ھېلى قۇلىقىنى يېقىپ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ باقاتتى، ھېلى پۇتىـ نى تۇتۇپ باقاتتى. ئەتىگەندىن بېرى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ پۇت ـ قوللىرى مۇزلاپ كەتكەن بولۇپ، يۈرەك سوقۇشىمۇ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى.

جانان چىنىدىكى دېمىدە سۇيىگە چىلانغان داكىنى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىگە ئاۋايلاپ سۈرتۈۋاتقان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تۇيۇقسىز يۇنۇسخاننىڭ كىرپىكلىرىنىڭ مىدىرلىغىنىنى سېزىپ قالدى. ئۈچ كۈندىن بېرى سۇلتان يۇـ نۇسخان كۆزىنىمۇ ئاچمىغانىدى. ئۇ دەرھال قۇلىقىنى خاننىڭ كۆكرىكىگە ياقتى ـ دە، يۈرەك سوقۇشىنىڭ بىردىنلا ئىتتىكلەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ــ ئانھەزرىتىم كۆزىنى ئېچىشقا تەمشەلگەندەك قىلىدۇ.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بوش ئاۋازى تىمتاس سارايىنىڭ ئىچىدە جاراڭلاپ كەتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى سۇلتان يۇنۇسخانغا ئاغدۇرۇلدى. خانزادە مەھمۇدخان دەرھال دادىسىنىڭ باش تەرىپىـ گە ئۆتتى.

ــ ئاتا... ئاتا... كۆزلىرىنى ئاچسىلا، ئاڭلاۋاتامدىلا...

سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ لەۋلىرى، كىرپىكى بىلىنەر ـ بىلـ ىنمەس مىدىرلىدى، لېكىن كۆزىنى ئاچالمىدى، دەقىقە ئۆتمەي نەپەس ئېلىشى ئىتتىكلەشتى، تۇيۇقسىز خارت ـ خۇرت قىلىپ بىرنەچچىنى تىنىپ جىمىپ قالدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇـ نىڭ تومۇرىنى تۇتتى، ئىككى بارمىقىنى بۇرنىغا ئەكەلدى.

— كۆرگۈ، كۆرگۈ بېرىڭلار.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەندى.

مۇلازىملار دەرھال ئەينەك ئېلىپ كەلدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەينەكنى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ تۇتتى، ئەينەك پەقەتلا ھوردالمىدى، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئاللىقانداق بىر مۇدھىش بېشارەتنى غۇۋا ھېس قىلغان خانزادە مەھمۇدخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا چۆچۈپ قارىدى:

— ئېيتسىلا سەر ئەمىر، خان ئاتام...

خانزادە گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. تاراملاپ ياش تۆكۈلگەن كۆزلىرىنى خانزادىگە تىككىنىچە ئاستا پىچىرلىدى:

— قالۇ ئىننالىللاھى ۋە ئىننائىلەيھى راجىئۇن[1]، قىبلىگاھىمىزنىڭ مۇبارەك روھلىرىنىڭ لاچىنى پاكلىق ئالەمدە پەرۋاز قىلىپ، جانابى ھەقنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىپتۇ.

— ياق - ياق! يېڭىلىشتىلا... ئاتا!...

خانزادە مەھمۇدخان شۇنداق دېگىنىچە ئۆزىنى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئۈستىگە ئاتتى. شۇ ھامان ساراي ئىچىنى يىغا - زار قاپلىدى.

يەنىلا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ مېيىتىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاۋاتقان خانزادىنى ئاستا يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى.

— ئەسسەبرۇ مىفتا ھۇلفەرەھ[2]، — دېدى ئۇ خانزادىگە تەسەللى بېرىپ، — سەۋر قىلسىلا خانزادە ئالىيلىرى. بۇنداق پەرياد كۆتۈرسىلە جانابى ھەق بىلەن دەۋالاشقان بولۇپ قالىدىلا. ھەممىمىز رەھمەت دەرياسىنىڭ شەربىتىنى ئىتتىغۇچىلارمىز، —

① مەنىسى: بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

② مەنىسى: سەۋر شادلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

ئۇ سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ پۈتىنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقان ئوغلى مۇ ـ
ھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغا قارىدى، ــ سىلىمۇ سەۋر قىلىسىلا ئە ـ
مىرزادەم، ھازىنى توختىتىپ، خانزادە ئالىيلىرىغا تەسەللى بەر ـ
سىلە.

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ خانزادىنىڭ
قېشىغا كەلدى، لېكىن تەسەللى بېرىشنىڭ ئورنىغا خانزادىنىڭ
بوينىغا ئېسىلىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئىككى يىگىتكە بىر دەقىقە قارىۋال ـ
غاندىن كېيىن، ئەتراپتىكى ئەمىرلەرنى شەرەتلەپ تاشقىرىقى
سارايغا چىقتى.

ــ ھەممىلىرى سەۋر قىلىشقايلا، ــ دېدى ئۇ يىغلامسىرىغان
ھالدا، ــ ھاۋا بەك ئىسسىق، خان ئالىيلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ
تەييارلىقىنى دەرھال قىلمىساق بولمايدۇ. سىلى، ــ دېدى ئۇ ئە ـ
مىر لەشكەر بۇيانقۇلىغا قاراپ، ــ يەرلىك ئېلىش ئىشلىرىغا مۇ ـ
ئەككەل بولغايلا، ــ سىلى، ــ دېدى ئۇ مىرزا دىۋاننىڭ ئەمىرىگە
قاراپ، ــ تۇرپاندىكى كىچىك خانزادە سۇلتان ئەھمەدخانغا، سە ـ
مەرقەنتتىكى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا، بەدەخشاندىكى سۇلتان
مەھمۇد مىرزىغا، ئەندىجاندىكى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا دەرھال مۇ ـ
سىبەتنامە تەييارلاپ ئەۋەتكەيلا. ئەل ـ يۇرتقا دەرھال مۇسىبەت
جاكارلانغاي.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەمىرلەرگە بىر ـ بىرلەپ ۋەزىپە
تاپشۇرغاندىن كېيىن سۇلتان يۇنۇسخاننى يەرلىككە قويۇپ بو ـ
لۇپلا چوڭ خانزادە مەھمۇدخاننى دەرھال تەختتە ئولتۇرغۇزۇشنى
كۆڭلىگە پۈكتى.

ئەتىسى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ مېيىتى تاشكەنت شەھىرىدى ـ
كى مەشھۇر زاراتگاھلىقتىن بىرى بولغان ھەزرىتى خاۋەنتەھۇر
مازىرىغا دەپنە قىلىندى. ئاندىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئالىي
ئەمىرلەر بىلەن قىسقىلا كېڭەش ئۆتكۈزۈپ «تاجۇ تەخت بىر كۈن
پاسىبانسىز قالسا بولمايدۇ» دېگەن قارارنى چىقىرىشتى ـ دە،

خانزادە مەھمۇدخاننى تۈركىي قوۋملەرنىڭ رەسىم ـ قائىدىسى بو ـ
يىچە ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، تاج كىيدۈردى.

## 94

كۆز ئوتتۇرى بولغىنىغا قارىماي تاشكەنت ھاۋاسى خېلىلا
تىنچىق ئىدى، ئەمما كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ھاۋا بىر ئاز سال ـ
قىنداپ قالاتتى. پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا يەر ياستۇقتا يۆلە ـ
نىپ ياتقان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاللىقانداق بىتاقەتلىك بىلەن
تاشقىرى قەسىرنىڭ دەرۋازىسى تەرەپكە پات ـ پات قاراپ قوياتتى.
پۇت ـ قوللىرىنى يەڭگىل تۇتۇۋاتقان ئون سەككىز ـ يىگىرمە
ياشلار چامىسىدىكى ئىككى نەپەر مۇلازىم يىگىت ئۇنى جورۇتمايلا
ھېلى ئوڭ تەرەپكە، ھېلى سول تەرەپكە پات ـ پات ئۆرۈلدۈرۈپ
قوياتتى.

ھەئە، زىيادە چارچاپ كەتكەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا مۇدۇ ـ
رۇپ يېقىلىپ چۈشكەن باھانە بىلەن بىر كېچە ـ كۈندۈز ھوش ـ
سىز ياتقاندىن كېيىن تىلى سۆزلىمەس، پۇتى باسماس بولۇپ قال ـ
غانىدى. گەرچە تېۋىپلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن
ئاستا ـ ئاستا گەپ قىلالىغۇدەك بولغان بولسىمۇ، پۇتى پەقەتلا
ھەرىكەتكە كەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ ھالەتتە ياتقىنىغا بىرنەچ ـ
چە ئاي بولۇپ قالغانىدى.

شۇ تاپتا ئۇ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىنىڭ يو ـ
لىغا بىتاقەتلىك بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئوغلى كەلمىگەن ـ
سېرى تەشۋىشلىك خىياللىرى كۈچىيىپ كېتىپ باراتتى.

«ئەمىرزادەم نېمىشقا شۇ چاغقىچە كەلمەيدىغاندۇ؟ ھازىر با ـ
رىمەن، دەپ گەپ ئەۋەتكىنىگىمۇ ئىككى ئاش پىشىم بولاي دەپ

قالدى، ياكى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنى ئەشتە قەلئەسگە ھۇجۇم قىلىش نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ئامال تاپالماي يۈرەمدى. كىن؟ ئاللاھ ئىگەم خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بېرىپ بول خاتا نىيىتىدىن ياندۇرغاي. ئۇ ھازىر دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئېتەلمەيۋاتىدۇ. بىر قىسىم بەتنىيەتلەرنىڭ پىتنىلىرىگە ئىشىنىپ ئاتا يوللۇق مۆتىۋەر ئەمىرلەرنى ئۆلتۈرگىنىنى ئاز دەپ قېرىنداشلىرىنى ئۆزىگە دۈشمەن ساناۋاتىدۇ. ئۇنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ بول نىيىتىدىن توسۇش كېرەك ئىدى، ئەپسۇس، مېنىڭ ئەھۋالىم مۇشۇنداق. بۇ ئىشنى پەقەت ئوغلۇم مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىدىن باشقا يەنە كىمگە ئىشىنىپ تاپشۇرالايمەن؟ شۇنداق، سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى ھازىر ئوردىدا پېشقەدەم ئەمىرلەرگە ئېتىبار بەرمەس بولۇپ قاپتۇدەك. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ نەسىھەتىگە ھەرگىز قۇلاق سالمايدۇ، ئاشۇ بەتنىيەتلەرنىڭ خۇشامەتلىرى، ماختاشلىرى، كۆككە كۆتۈرۈشلىرى قۇلىقىغا چىرايلىق ئاڭلىنىدۇ...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ھەسرەتلىك يۆشقىندى، كۆزىنى ئاۋۋال پېشايۋاننىڭ نەقىشلىك ئەگمىسىگە، ئاندىن چەكسىز ئاسمان گۈمبىزىگە تىكتى. ئەتە ھاۋانىڭ ئوچۇق بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇمەنلىگەن يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى.

«مەرھۇم جەننەتماكان سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرى مېنى سەمەرقەنتكە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ چوڭ خانزادىگە كۈيۈ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ مەلىكىسى قارا كۆز بېگىمنى سورانقىندا، ئۆزىدىن كېيىن قالغاندا پەرزەنت ـ كۈيۈ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق نىزا ـ دۈشمەنلىكنىڭ يۈز بېرىشىنى ئالدىن پەرەز قىلغانىدى. چوڭ خانزادە بىلەن كۈيۈ ئوغلى ئوتتۇرىسىدا ئاتا ـ بالىلىق رىشتىنى ئورنىتىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مېھرىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەشنى نىيەت قىلغانىدى. ئەپسۇس، خان ئالىيلىرى ئارماندا كەتتى. شول چاغدا بول نىكاھ ئىشىغا سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرى ماقۇل بولغان

بولسا...ھەي، جاھاننىڭ ئىشلىرىغا نىمە دېگۈلۈك؟...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ نىمجان ۋۇجۇدىنى ئاچچىق ئەسلىمىلەر چۇلغىۋالدى.

ھەئە، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئايغاقچىلار بىر ـ بىرىدىن يامان خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى.

ــ دەشتى قىپچاق دالىسىدىكى مۇھەممەد شەيبانىخان جەنـنەتماكان خان ئالىيلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن سەلتەنەت دەۋاسى ئۈچۈن قىلىچ بىلەۋېتىپتۇ.

ــ قىبلىگاھىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقان مىرزا ئابابەكرى تامامى لەشكەرلىرىنى جەمئىي قىلىپ كۇچاغا قاراپ لەشـكەر تارتىپتۇ. ئەسلىدە كىچىك خانزادە ئالاچەخان[1] ئالىيلىرى مەرھۇم خان ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىنى ئادا قىلغاچ ئاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىغا سالام بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تاشكەنتكە كېلىشكە تەييارلانغانىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ كۇچاغا لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، مۇددىئاسىنى ئۆزگەرتىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۇقابىلىسىگە چىقىشقا ھازىرلىق كۆرۈۋاتىدۇ.

ــ سەمەرقەنت ئوردىسىدا تاشكەنت غوۋغاسى يەنە كۆتۈرۈلـدى. بىر قىسىم ئەمىرلەر سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىنى كۇشكۇرتۇپ تاشكەنتنى تارتىۋېلىشقا ئۈندەۋاتىدۇ. مىرزىنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئاشۇنداق بىر غەيرىي نىيەت قوزغىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇـنىڭ تاشكەنتكە لەشكەر تارتىپ كېلىش ئېھتىمالى زور، ئېھتىيات قىلماق كېرەك.

دادىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان سۇلتان مەھمۇدخان ئايغاقچىلارنىڭ بۇ خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ئاۋۋال مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا، ئاندىن ئەمىرلىرىگە قارىدى.

[1] ئالاچەخان ــ سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ لەقىمى. «جان ئالغۇچى، ئۆلـتۈرگۈچى، قاتىل» دېگەن مەنىدە. بۇ لەقەمنى ئۇنىڭغا موغۇللار بەرگەن.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ شەيبانىخان بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ دۈشمەنلىك ناغرىسىنى چېلىشقا باشلىغانلىقىدىن ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، بىراق چوڭ كۆيۈ ئوغۇل بولمىش سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قېيىنئاتىسى بىلەن قىلىشقان قەسەم ـ ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ قايتىدىن تاشكەنتكە لەشكەر تارتماقچى بولغانلىقىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. ھەئە، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئۆلۈم پەتىسگە ئاشۇ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا كۆيۈ ئوغۇللاردىن ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئالاھىدە كەلگەن، كۆيۈ ئوغۇللۇق سالاھىيىتى بىلەن ھازا ئاچقان بولسىمۇ، پەقەت سۇلتان ئەھمەد مىرزىلا يوقىلاڭ باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئايالى مېھرىنىگار خېنىمنى ئەۋەتىپ قويۇپ ئۆزى كەلمىگەندى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئىككى ئىنىسى خېلىلا رەنجىگەن، بولۇپمۇ ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇنى خېلىلا قاتتىق ئەيىبلىگەندى. شۇ چاغدا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئاغزىدىن چىقارمىغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئۇزاق ئۆتمەي قېيىنئاتىسى بىلەن قىلىشقان ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىشىنى غۇۋا پەرەز قىلغانىدى، بىراق بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇنى زىيادە گۇمانخورلۇقتا جورۇپ ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى.

— جانابى ئاللاھ: «بول ئاخىرەت ماكانىنى يەنى بېھىشنى پانىيدا چوڭچىلىقنى ۋە بۇزغۇنچىلىقنى كۆزلىمەيدىغان بەندىلىرىم ئۈچۈن ياراتتىم» دېگەنىكەن، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا تەختتە غەمكىن ئولتۇرغان سۇلتان مەھمۇدخانغا قاراپ، — بۇنىڭدىن بىلمەك كېرەككى، تەڭرىتائالاھ بەندىلىرىنى چوڭچىلىق قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ۋە مەنسەپ ـ مەرتىۋە تالىشىشتىن توسۇغان. مۇتلەق دانا ۋە ھەقىقىي ھۆكۈمران بولغۇچى تەڭرى ئۇلۇغلۇق قۇدرىتى، غالىب ھۆكمى بىلەن خالىسا بىراۋنى تاج ۋە سەلتەنەت بېرىپ، ئەزىزلەپ، زاماندىشلىرى ئارىسىدا يېگانە قىلىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بەندىنىڭ ياكى ياخشى، ياكى يامان ئا-

قىۋىتى باردۇر. ياخشى ئاقىۋەت ھەرقاچان پەزىلەت ئىگىلىرىگە
نېسىپ بولغۇسى. شەيبانىخان بىلەن مىرزا ئابابەكرى ئەزەلدىن
سەلتەنەتىمىزگە زاۋاللىق تىلەۋاتقان ۋە ئۇشبۇ شۇم مەقسەتلىرى
ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئەشەددىي رەقىبلىرىمىزدۇر. پەمىمە-
چە، دەشتى قىپچاقتىكى تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن قوۋمنى
ئەتراپىغا توپلاۋاتقان شەيبانىخانىنىڭ بولسا بۇ يېقىندا تەسەررۇپىد-
مىزغا باستۇرۇپ كەلگۈدەك، سەلتەنەتىمىزگە تەھدىت سالغۇدەك
كۈچ ـ قۇدرىتى يوقتۇر. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلغى-
نىمىز، ئايغاقچىلار ئارقىلىق ئەھۋالنى بىلىپ تۇرمىقىمىز زۆ-
رۈردۇر. چۈنكى، يىلاننىڭ بالىسىنىڭمۇ نەشتىرى بولىدۇ ئەمەس-
مۇ؟ مىرزا ئابابەكرىگە كەلسەك، شۇنچە قۇدرەتلىك مۇغۇللارنى
دىر ـ دىر تىترىتىپ، ئۇلارنىڭ قايىللىق لەۋزىلىرىدىن «ئالاچە-
خان» لەقىمىنى ئالغان خانزادە سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرى ئۇ-
نىڭ مۇقابىلىسىگە چىقالايدۇ ۋە بەلكىم ئول ئاسىي مۇناپىقنى
جازالاپ، مەرھۇم جەننەتماكان خان ئالىيلىرىنىڭ ئارزۇسىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرالايدۇ. كەمىنىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەندىشىسى سۇلتان
ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىدىدۇر. ناۋادا ئول يېزنىلىرى راستتىنلا
مەرھۇم خان ئالىيلىرى بىلەن تۈزۈشكەن سۈلھىنى بۇزۇپ، تاش-
كەنت دەۋاسى ئۈچۈن لەشكەر تارتىشنى ئىختىيار قىلىپ قالسا،
بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەك تولىمۇ قىيىن. چۈنكى، قې-
رىنداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئوتتۇرىسىغا نىزا چۈشسە پايدىنى
ياتلار ئالىدۇ. كەمىنىلىرى ھەرھالدا سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىي-
لىرى دەرگاھىغا مەكتۇپ يوللاپ، پايدا ـ زىياننى چۈشەندۈرۈپ
باقاي، ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىقنى، مەرھۇم خان ئالىيلىرى بىلەن
قىلىشقان ئەھدىنى ئېسىگە سېلىپ باقاي، نىيىتىدىن يېنىپ
قالسا ئەجەب ئەمەس. ئۇنىڭغىچە جانابى قىبلىگاھىمىز يېزنىلى-
رىنىڭ بۇ نىيىتىنى بىلمىگەن بولۇپ، ئاغا ـ ئىنىلىق رىشتىلى-
رىنى سەمىمىي نىيەتلىرى بىلەن ئىزھار قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەت-
سىلە. شۇنىڭ بىلەن بىللە لەشكىرىي دىۋان تاشكەنت قەلئەسىنىڭ

مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملىگەي.

ــ جانابى سەر ئەمىرنىڭ دېگىنىدەك قىلايلى، ــ دېدى خېـ. لىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغان سۇلتان مەھمۇدخان.

ــ ئەنىدىجانغا چاپارمەن مـاڭدۇرۇپ بول ئىـشلاردىن ئۆمـەر شەيخ مىرزا ئالىيلىرىنىمۇ خەۋەرلەندۇرۇپ قويايلى، ــ دېدى مۇ. ھەمـمەد ھۈسەيىن مىرزا سۆز ئېلىپ، ــ بەلكىم مەسلىھەت، تەد. بىرلىرىنى ئايىماس.

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلماي بـولمايدۇ، ــ دېدى مۇھەمـمـەد ھەيدەر مىرزا ئوغلىنىڭ تەكلىپىنى قۇۋۋەتلەپ، ــ بەلكىم ئاغـد. سىنىڭ نىيىتىدىن ئۆمەر شەيخ مىرزا ئالىيلىرىمۇ خەۋەر تېپىـپ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

كېڭەش ئەنە ئاشۇ مەسلىھەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

مۇھەمـمەد ھەيدەر مىرزىنىڭ يازغان مەكتۇپىنىڭ قىلچىلىك ئۈنۈمى بولمىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا مـەكتۇپ ئېلىـپ بارغـۇ. چىنى جاۋابسىز ياندۇرغانىدى.

تاشكەنتكە ئالايىتەن يېتىپ كەلگەن ئۆمـەر شەيخ مىرزا بـول. سا ئاكىسىغا نەسىھەت قىلىشنى خالىمىدى.

ــ ئاغام سەر ئەمىر جانابلىرىنىڭ مەكتۇپىغا جاۋاب بەرمـد. گەن بولسا، مېنىڭ نەسىھەتىمگە زىنھار قۇلاق سالمايدۇ، ــ دېدى ئۆمەر شەيخ مىرزا قاپىقىنى تۈرۈپ، ــ ئاقىللار، جاھـىللارغا نـە. سىھەت كار قىلماس، دەپتىكەن. يەنە ئۈرۈنساق، جانابى ئاغامنىـڭ بىزنى يېلىنغان ئوخشايدۇ، دەپ چۈشىنىپ قېلىـپ، خورىكى تېـ. خىمۇ ئۆسـۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىـن كۆرە مۇداپىـئەنى چىڭىتىـپ، پۇختا ھازىرلىق كۆرەيلى. مەن ئەنىدىجاندىن كۆمەكلىشىشكە سەر. كەردە ـ لەشكەرلىرىمنى ئەۋەتەي. ئۇلار كېلىپ ئەشتە قەلئەسىگە جايلاشسۇن. ناۋادا ئاغام دۇشمەنلىك ناغرىسىـنى چېلىـپ لەشكـەر تارتىپ كېلىپ قالسا، بىرلىكتە تاقابىل تۇرايلى.

ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ بۇ تەكلىپىـنى سۇلتـان مەھمۇدخـان بىلەن مۇھەمـمەد ھەيدەر مـىرزا بىردەك قـوللىدى. شۇ سەۋەبتىـن

ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ خىللانغان سەركەردە ـ لەشكەرلىرى تاش-
كەنتكە كېلىپ مۇستەھكەم قورغان ـــ ئەشتە قەلئەسىگە جايلاش-
قاندى.

بۇ ئارىلىقتا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كېلىشمەسلىككە
ئۇچراپ پالەچ بولۇپ يېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئوردا ـ سەل-
تەنەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش سۇلتان مەھمۇدخانغا ئوڭچە
يۈكلىنىپ قالدى.

ئايغاقچىلار سەمەرقەنتتىن سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ لەش-
كىرىي ھازىرلىق كۆرۈۋاتقانلىقى توغرۇلۇق پات ـ پات مەلۇمات
يوللاۋاتاتتى، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر تاشكەنتكە رەسمىي لەشكەر
تارتمايۋاتاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ تاشكەنتتىكىلەر-
نىڭ سەمەرقەنتلىكلەردىن بولغان ئەندىشىسى بارا ـ بارا پەسەي-
يىشكە باشلىدى، جىددىي ھالەتتىكى لەشكىرىي مۇداپىئەمۇ بارا ـ
بارا بوشاشتى. دەسلەپتە ھەر كۈنى دېگۈدەك سۇلتان ئەھمەد مىر-
زىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇرىدىغان سۇلتان مەھمۇد-
خانمۇ ھەپتە ـ ئون كۈندە بىر قېتىممۇ سۈرۈشتە قىلمايدىغان
بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىلىرى ئاستا ـ ئاستا
كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندى. يېڭىدىن تەختكە چىققان بۇ ياش ھۆ-
كۈمدارغا ياخشى كۆرۈنۈشنى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭ يېقىن
مەھرىمىگە ئايلىنىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بىر قىسىم جان
باقتى ئەمىرلەر ھە دېسە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ دىققىتىنى
بەزمە ـ باراۋەت، ئويۇن ـ تاماشا، كەيپ ـ ساپاغا بۇرايتتى، ئۇ-
نىڭغا خۇشامەت، ماختاش سۆزلىرىنى يامغۇردەك ياغدۇراتتى.

ھەئە، ئويۇن ـ تاماشىلارغا باشقىچە بېرىلىپ كەتكەن سۇل-
تان مەھمۇدخاننىڭ كۆڭلىدىكى مۇسىبەت قايغۇسىمۇ، ياغى ئەن-
دىشىسىمۇ پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندى. ئۇ ئاشۇ خۇشامەتچى
ئەمىرلەر بىلەن كۈن ـ كۈنلەپ بىللە يۈرەتتى، بىر قىسىم پېش-
قەدەم ئەمىرلەرنىڭ نەسىھەتلىرى قۇلىقىغا خۇش ياقمايتتى، ھەتتا
ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇۋالغانىدى.

ھېلىقى خۇشامەتچى ئەمىرلەرنىڭ قولىدا نە لەشكىرى، نە مەمۇرى ھوقۇق يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئوردىدىكى مەرتىۋىسى تۆۋەن ئىدى. ئۇلار ياش خاننى تولۇق ئىندەككە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن قىزىل كۆزلىرىنى ئاشۇ مۆتىۋەر ئەمىرلەرنىڭ قولىدىكى مەنسەپ ـ مەرتىۋىلەرگە تىككەندى، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ تارتىۋېلىش ھەققىدە باش قاتۇرۇشاتتى. بىر ئاماللارنى قىلىپ ئاشۇ پېشقەدەم ئەمىرلەرنىڭ ئىشلىرىدىن، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىشاتتى. ئۇلارنى سۇلتان مەھمۇدخانغا چاندۇرماي چېقىشتۇراتتى.

ــ سەمەرقەنت تەرەپتىن زىيادە ئېھتىيات قىلىپ كېتىپ بارىمىزمۇ نېمە قىلىمىز؟

ــ مېنىڭچىمۇ شۇنداق.

ــ سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرى نېمىلا دېگەنبىلەن خان ئىنىچىسىنىڭ كۈيۈسى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەرھۇم جەننەتماكان خان ئالىيلىرى بىلەن ۋەدە ـ قەسەم قىلىشقان. قاراپ تۇرۇپ لەۋزىدىن يېنىۋالماس.

ــ ئارى، كەمىنىلىرىنىڭ كالتە پەمىمچىمۇ، بەزەنلەر سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئالىيلىرىنى تاشكەنتكە لەشكەر تارتماقچى، دېگەننى باھانە قىلىپ ئارىغا سوغۇقچىلىق سېلىش مۇددىئاسىغا يەتمەكچى بولغاندەك قىلىدۇ.

ــ ناۋادا ئاشۇنداق يامان نىيىتى بولغان بولسا ئاللىقاچان لەشكەر تارتىپ كېلەرىدى.

ــ ھازىرغىچە ھېچبىر شەپە يوق دېسىلە.

ــ ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى سوغۇقچىلىق سېلىشلا بولمىسا كېرەك.

ــ قانداق دەيدىلا جانابلىرى؟

ــ ئېنىق تۇرمامدۇ. مۇشۇنى باھانە قىلىپ خان ئالىيلىرىغا ئۆزلىرىنى سەلتەنەتنىڭ ھامىيسى قىلىپ كۆرسەتمەكچى.

ــ گويا تاجۇ تەختنى ئۆزلىرىلا قوغداۋاتقاندەك.

ــ ئۇلار بولمىسا سەلتەنەت ئىشلىرى يۈرۈشمەيدىغاندەك.
ــ شۇڭا خان ئالىيلىرىغا نەسىھەت قىلغان بولۇپ، تەنبىھ بېرىشكە پېتىنىۋاتىدۇ.
ــ بۇ دېگەن قۇدرەتلىك ئالەمپاناھىمىزنىڭ ئىستىبداتىدىن گۇمانلانغانلىق.
ــ ئانھەزرىتىمنى تېخىچىلا بالا چاغلاۋاتىدۇ.
ــ مەرھۇم جەننەتماكان خان ئالىيلىرى ئۇلارنى زىيادە ئەتىۋارلاپ كەتكەچكە تەكەببۇرلۇقىنى تاشلىمىغان گەپ.
ــ ھە دېسىلا قىبلىگاھىمىزغا نەسىھەت قىلىپ كېتىشلىرىنى دېمەمدىلا تېخى.
ــ خان ئالىيلىرى دېگەن زامانىمىزنىڭ يېگانە ئىستىبدات ئىگىسى.
ــ قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ تەڭ يېتىشكەن زامان پازىللىرىنىڭ رەھنەماسى.
ــ مۇشۇنداق قۇدرەت ئىگىسىنىڭ سەلتەنەتكە كىممۇ كۆز تىكىشكە پېتىنالىسۇن؟!
ــ سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ تاشكەنتنى قايتۇرۇۋېلىش خىيالى بولسىمۇ، لېكىن لەشكەر تارتىپ كېلىشكە زىنھار پېتىنالمايدۇ.
ــ ئۇلار مۇشۇنى باھانە قىلىپ ئادالەتپاناھىمىزنى تىزگىنلىمەكچى.
ــ ...

ئۇلار بىر ـ بىرىگە دوست تارتىشاتتى، لاپ ئۇرۇشاتتى، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ كۆزىچە ئۇنى ماختايتتى. ئىسمىنى تىلغا ئالماي تۇرۇپ، پېشقەدەم ئەمىرلەرگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى. سۇلتان ئەھمەدخان بولسا ئۇلارنىڭ بۇ پىتنە ـ پاساتلىرىغا، ماختاشلىرىغا كۆڭۈل قويۇپ قۇلاق سالاتتى. ئاخىرى ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇ ئاشۇ ئەمىرلەرنىڭ ھەرقانداق سۆزلىرىگە شەكسىز ئىشىنىدىغان، بەرگەن مەسلىھەتلىرىنى قو-

بۇل قىلىدىغان، ھەرقانداق تەلەپلىرىنى دەرھال ئورۇنلايدىغان بولدى.

ئۇلار سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپ ئورنىتىلغان قىل سىغماس دوستلۇقىنى بىلگەچكە، پەقەت مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭلا يامان گېپىنى قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇنىڭسىزمۇ پالەچ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالماس بولۇپ ياتقان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇلارغا ھېچقانداق خەۋپ كەلتۈرەلمەيتتى.

سۇلتان مەھمۇدخان تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنى لەشكىري دىۋانىنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىگەندى. مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ئۆزىنى ئىلگىرىكىدەك «ئاداش» دەپ چاقىرماي «ئالىيلىرى»، «ئانەزرىتىم»، «پاسىبانىم»، «قىبلىگاھىم» دەپ چاقىرىشىغا نارازى بولاتتى، ئىلگىرىكىدەك «ئاداش» دەپ ئاتىشىنى تەلەپ قىلاتتى. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغا بولغان دوستلۇق مېھرى ھەقىقەتەن زىيادە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالتۇن تەخت جايلاشقان شاھسۇپىغا ــ تەختنىڭ يېنىغا بىر پارچە زىلچا سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنى ئولتۇرغۇزدى؛ ھەرەمگە كىرمىگەن ۋاقىتلىرىدا ئارام ئالىدىغان ھۇجرىسىنىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش قىلىپ ھۇجرا ھازىرلاتقۇزۇپ بەردى. ھەر قېتىم يېڭىدىن تون ـ سەرپاي كىيسە، مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغىمۇ بىر قۇر ئۇستىباش تەييارلاتقۇزاتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق ۋاقىتتا تەكلىپ ـ تەكەللۇپسىز كۆرۈشۈشىنى، سۆزلىشىشىنى تەلەپ قىلاتتى. بەزمە ـ باراۋەتلەردە ئۇنى ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزاتتى. ھېلىقى خۇشامەتچى ئەمىرلەر شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىدىن ھېيىقاتتى، خانغا قانداق خۇشامەت قىلسا ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق خۇشامەت قىلاتتى.

بېشىدىن تۇزۇك ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزمىگەن مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا سۇلتان مەھمۇدخانغا ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ مۇددى ـ

ئاسىدىن بىخەۋەر ئىدى. خۇشامەت، ماختاشلار ئۇلارنىڭ كۆزلىرى-
نى قېلىن بىر قات پەردە بولۇپ توسۇۋالغانىدى. ئىش ـ ھەرىكەت-
لىرىگە كۆز ـ قۇلاق بولىدىغان، باشقۇرۇپ تۇرىدىغان، ياخشى ـ
يامانىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاتىلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن،
تومۇرلىرىدا يىگىتلىك قانلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ يىگىتلەرگە
ئاشۇ ئەمىرلەرنىڭ كۈندە دېگۈدەك ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرغان بەزمە ـ
باراۋەتلىرى بەكمۇ يېقىپ كەتكەنىدى.

ئوردىدىكى بىر قىسىم ئەمىرلەرنىڭ خۇشامەت، چېقىمچى-
لىقلىرىمۇ، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بىر قىسىم پېشقەدەم ئەمىر-
لەرنى ئوردا ئىشلىرىدىن چەتلەشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھو-
قۇقنى ئاشۇ ئەمىرلەرگە ئېلىپ بېرىشلىرىمۇ مۇھەممەد ھۇسەيىن
مىرزىغا قىلچىلىك غەيرىي تۇيۇلمىدى. چۈنكى، ئۇلارنى غەپلەت
باسقان، مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق ئىللەتلىرى ۋۇجۇدلىرىنى
چىرمىۋالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەنسەپ ـ مەرتىۋىلىرىنىڭ ئېتى
ئۇلۇغ، سۇپۇرىسى قۇرۇق بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقان
پېشقەدەم ئەمىرلەر يامانلىغاننى قىلىپ ئوردىغا كەلمەي قەسىر-
لىرىدە يېتىۋېلىشتى.

ـــ يار يامانلىغانغا خوش، مەن قۇتۇلغانغا، دېيىشكەن. ئوردى-
غا كەلمىسە تېخى ياخشى، كەم قالغان ئىبادەتلىرىنى قىلىۋال-
سۇن، ـــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى پەرۋايى-
غىمۇ ئالماي، باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ.

ياش سۇلتاننىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن ھاقارەت ھېس قىلغان
پېشقەدەم ئەمىرلەر قورساق كۆپۈكلىرىنى چىقىرىۋېلىش مەقسى-
تىدە بۇيانقۇلى باھادىرنىڭ قەسىرىگە كېلىشتى.

سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تەختكە چىققان
سۇلتان مەھمۇدخان يارلىق چۈشۈرۈپ خاس نۆكەرلىرىنى ئوردا
مۇھاپىزەت قوشۇنىنىڭ ياساۋۇللىرىغا قېتىۋەتكەنىدى. يېڭى خان-
نىڭ يېڭى نۆكىرى، يېڭى نۆكەر بېشى بار ئىدى. سۇلتان مەھ-
مۇدخان يېڭى نۆكەر بېشىنى ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنىنىڭ ئو-

رۇنباسار ئەمىرلىكىگە تەيىنلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىراق مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنى ئوردا لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىگەنىدى. مەرھۇم سۇلتان يۇنۇسخانىنىڭ خاس نۆكەر بېشى، ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنىنىڭ ئەمىرى، قوشۇمچە لەشكىرىي دىۋانىنىڭ ئەمىر لەشكەرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان بۇيانقۇلى باھادىر سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ بۇ پەرمانىنى قوللاپ، لەشكىرىي دىۋانىنى مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى.

— ئەمىرزادەم مۇشۇنداق ۋاقىتدا لەشكىرىي دىۋانغا باش بولۇپ، لەشكىرىي ئىشلارغا پىشسۇن. مەنمۇ ياشىنىپ قالدىم، بەردبىر ئارام ئالىدىغان ۋاقتىم يېقىنلىشىپ قالدى، — دېگەنىدى بۇيانقۇلى باھادىر نارازى بولغان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا چۈشەنچە بېرىپ.

— سىلى ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ئەمىرزادىنىڭ بۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇچىلىكى يوق، — دېدى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، — خان ئالىيلىرى ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقىنى نەزەرگە ئېلىپ ئاشۇنداق يارلىق چۈشۈرگەن چېغى.

— ئەمىرزادىگە ئىشەنسىلە سىز ئەمىر، يېتىشەلمىگەن تەرەپلىرىگە بىز بار ئەمەسمۇ؟

بۇيانقۇلى باھادىرنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جىم بولغانىدى.

بىراق، ئۇزاق ئۆتمەي مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. سۇلتان مەھمۇدخان بىر قىسىم پېشقەدەم ئەمىرلەرنىڭ ئورنىغا ئەتراپىدا خۇشامەت قىلىپ يۈرگەن ياش ئەمىرلەرنى ئالماشتۇرۇشقا باشلىدى. سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ بۇيانقۇلى باھادىرغا بولغان مۇئامىلىسىدە ئانچە ئۆزگىرىش بولمىدى، ئەمما بۇيانقۇلى باھادىر ھېلىقى ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان پېشقەدەم ئەمىرلەرنىڭ قورساق كۆپۈكىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى.

«خان ئالىيلىرى ھەرھالدا ماڭا يۈز ـ خاتىر قىلىپتۇ. مەنمۇ

ۋاقتىدا ئۆزۈمنى سورىۋالاي...»
ئۇ ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن تارتىشىپ تۇرمايلا ياشىنىپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ نۆكەر بېشىلىق، ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىك مەرتىۋىسىدىن ئىستېپا سورىۋىدى، سۇلتان مەھمۇدخانمۇ ئانچە تەكەللۇپ قىلمايلا ئىجازەت بەردى.
بۇيانقۇلى باھادىر قەسىرىگە تەرەپبالالا كەلگەن تۆت پېشقەدەم ئەمىرنى خۇش چىراي كۈتۈۋالدى.
ـــ مەرھابا، جانابى پېشۋالىرىمىزنىڭ پايە ـ قەدەملىرى غېرىبخانىمىزغا يېتىپتۇ، قۇتلۇق بولغاي.
سارايغا كىرىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغان ئەمىرلەر پاتىھە قىلىپ بولغاندىن كېيىن بەس ـ بەستە دادلاشقا باشلىدى:
ـــ پېشۋالىقىمىز قۇرۇسۇن. ھازىر بىز ئوردىدا كارغا كەلمەسلەردىن بولۇپ قالدۇق.
ـــ سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالدۇق.
ـــ ھېچكىمگە ھۆكمىمىز ئۆتمەس بولدى.
ـــ ئەمىرلىك نامىمىزلا قالدى.
ـــ ھەتتا خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈش سالاھىيىتىمىزمۇ يوق بولدى.
ـــ مەرھۇم خان ئالىيلىرىنىڭ دەۋرىدە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىمىز ئەمدىلىكتە يېڭى خاننىڭ نەزەرىگە ئېلىنمىدى.
بۇيانقۇلى باھادىر بۇ دادلاشلارنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. ئۇ بۇ مۆتىۋەرلەرنىڭ قورساق كۆپۈكىنى، دەردىنى چۈشىنەتتى. بىرنەچچە قېتىم ئوردىغا بېرىپ سۇلتان مەھمۇدخانغا ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، پېشقەدەم ئەمىرلەرنى رەنجىتمەسلىك، قەدىرلەش ھەققىدە ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىشنىمۇ ئويلىغاندى، لېكىن ئۆزىنىڭمۇ چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپ ئاشۇ مويسىپىتلاردىن پەرقسىز بولۇپ قالغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ

بۇرۇنلا مەرتىۋىسىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ «ناۋادا خانغا نەسىھەت قىلسام، مېنى ئوردىدىن كەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ، ئالدىمغا ھوقۇق، مەرتىۋە دەۋاسى قىلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن، دېمىسىمۇ بىز ئەمدى قېرىدۇق. سەلتەنەت ئىشلىرىنى ياش، ئىستېداتلىق ئەمىرلەر ئۈستىگە ئېلىپ، خانغا ھەمدەمدە بولغىنى ئەلا» دەپ ئويلاپ نىيىتىدىن يالتايغانىدى.

— بىز ھەقىقەتەن ياشىنىپ قالدۇق، — دېدى بۇيانقۇلى باھادىر سالماقلىق بىلەن ئېغىز ئېچىپ، — كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى، قېرىنىڭ ئورنىنى ياش ئېلىشى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇدۇمدۇر. ئەمما، ھەر بىرلىرىنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقلىرىمۇ كەمىندىلىرىگە بەش قولدەك ئايان. سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى ئەسلىدە بۇ ئىشنى ئۆز يولى، يارىشىقى بىلەن قىلىشى كېرەك ئىدى. ياش بولغاچقا ئالدىراقسانلىق قىلىپ ئىشنىڭ يولىنى بىلمەي قالدى. ئەمدىلىكتە خان ئالىيلىرى خاتالىقىنى زىنھار گەردىنىگە ئالغىلى ئۇنىمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزىمىزنى زىيادە ئۇپراتماي، ئاڭلىسىدۇ ـ ئاڭلىمىسىدۇ سەلتەنەت ئىشلىرىغا پايدىلىق مەسلىھەتىمىز بولسا مەلۇمات تەرىقىسىدە يوللاپ قويۇپ، ئارامخۇدا ئاخىرەتلىكىمىزنىڭ تەييارلىقىنى قىلايلى. ھامان ئىككى پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلاپ بولدىغۇ بىزنىڭ.

بۇيانقۇلى باھادىرنىڭ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئالدىدا ھېلىمۇ ھۆرمىتى بار ئىدى. چۈنكى، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ ساداقەتمەن بۇ سەركەردىسىدىن ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى تەپ تارتاتتى. ھەق ـ ناھەق قارىشى ئېنىق بۇ سەركەردە ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەرتىۋىسىگە، قاش ـ قاپىقىغا قاراپ ئولتۇرمايتتى. كۆڭلىدە قانداق گەپ بولسا يۇزىدىن يۇزىگە دەۋېرەتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر، سۇلتان مەھمۇدخان دادىسىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك نۆكىرىنىڭ ھېلىمۇ ھۆرمىتىنى قىلاتتى. باشقا پېشقەدەم ئەمىرلەرگە قىلغان سوغۇق مۇ-

ئامىلىسىنى ئۇنىڭغا قىلمايتتى. شۇڭا بۇ تۆت مۆتىۋەر ئەمىر بۇ-
يانقۇلى باھادىردىن پايدىلىنىپ سۇلتان مەھمۇدخانغا ئەرز سۇنۇش
قارارىغا كەلگەنىدى.
— بۇ دېگەنلىرىڭىز توغرا، — دېدى ئۇردا ئىشىك ئاغىسى
ئانچە قايىل بولماي، — لېكىن خان ئالىيلىرى مەنسىپىنى ئۆس-
تۈرگەن ئۇل ئەمىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تولىمۇ ئىستىبداتسىز
كىشىلەردۇر. سەلتەنەت ئىشلىرى ئۇلارنىڭ قولىغا قالسا تەسەر-
رۇپىمىزنىڭ روناق تېپىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھېچبول-
مىغاندا خان ئالىيلىرىغا مۇشۇنىمۇ بولسا بىلدۈرۈپ ئاگاھلاندۇ-
رۇپ قويۇشنى سەلتەنەتكە بولغان ساداقىتىمىزنىڭ ئىپادىسى دەپ
قارايمەن.
— ئارى، بىزنىڭ مۇددىئايىمىزمۇ شۇ، — دېدى باشقا ئە-
مىرلەرمۇ، — سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنى بەزمە ـ باراۋەت-
تىن كۆرە، سەلتەنەت ئىشلىرىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە ئۈندەپ
قويايلى دېگەنىدۇق.
بۇيانقۇلى باھادىر بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى، مەيدىسىگە
چۈشكەن ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ بىرپەس خىيال سۈردى. سۇلتان
مەھمۇدخاننىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىۋالغان ئاشۇ بىر توپ ئە-
مىرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يا قەلەمدە، يا ئەلەمدە تۈزۈك ماھارى-
تىنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭغىمۇ ئايان ئىدى.
— بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا، — دېدى ئۇ ئويچانلىق بىلەن، —
خان ئالىيلىرى تېخى ياش، بىر تۈركۈم ئىستىبدات ئىگىلىرى
ئوردا ئىشلىرىغا ھەممەدە بولمىسا سەلتەنەت ئىشلىرىغا نۇقسان
يېتىدۇ. سىر ئەمىر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جانابلىرىمۇ يامان
ۋاقتىدا ئاغرىپ يېتىپ قالدى. بولمىسا ئوردا ئىشلىرى بۇ دەرى-
جىدە يولدىن چىقىپ كەتمەيتتى. مەيلى شۇنداق قىلايلى. ھەر
بىرلىرىگە ئايان، كەمىنىلىرى ئىلىم قارىسى كۆرمىگەن تومپاي
ئادەممەن. جەننەتماكان خان ئالىيلىرىنىڭ تەربىيەسىدە خەت ـ
ساۋاتىمنى چىقىرىپ، دانىشمەنلەرنىڭ كىتابلىرىنى ئاز ـ تولا يا-

مىداپ باققان بولسامۇ تۇزۇك ئىستىپداتىم يوق، مەقسەت ـ مۇددىئالارنى ھەر بىرلىرىدەك راۋان قىلىپ يازالمايمەن. شۇڭا ھەر بىرلىرى بىر پارچە مەكتۇپ تەييارلىسىلا، بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ، خان ئالىيلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە كېپىللىك قىلاي.

ئۇلار شۇ ھامانلا بىر پارچە مەكتۇپ تەييارلاشتى. ئەتىسى سەھەردە مەكتۇپنى ئېلىپ ئوردىغا كەلگەن بۇيانقۇلى باھادىر شاھنىشىندا قوبۇل قىلىنىشنى كۈتۈپ چۈشكىچە ساقلىدى. لېكىن كېچىچە شاراب ئىچكەن سۇلتان مەھمۇدخان تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى. بەكمۇ تۈز، ساددا كەلگەن بۇيانقۇلى باھادىر مەكتۇپنى ھۆدەيچى بەگكە بېرىپ خانغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلاپ كېتىپ قالدى. لېكىن ئۇ بۇ مەكتۇپنىڭ ئوردىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان ئاشۇ سوخەنچى ئەمىرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇلار مەكتۇپنى ئوقۇپ چىقىپ بۇيانقۇلى باھادىر قاتارلىق ئاشۇ بەش نەپەر پېشقەدەم ئەمىرلەرنى كۆزدىن يوقاتمىسا ھامان بىر كۈنى باشلىرىغا بالا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشتى ـ دە، باشلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ سۇيىقەست پىلانلاشتى. ئاندىن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ شىركەيپ بولغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ناھايىتىمۇ جىددىي مەلۇمات يەتكۈزگەن قىياپەتتە بەس ـ بەستە سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ ئاگاھ ۋە دانا بولسىلاكى ئى ئادالەت پاناھىم، ئاسىيلار تاجۇ تەختلىرىگە سۇيىقەست قىلىشقا كىرىشىپتۇ.

ــ بۇيانقۇلى باھادىر قاتارلىق قېرى ئەمىرلەر مەنسەپ ـ مەرتىۋىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىقىغا تەن بەرمەي، جانابى قىبلىگاھىمىزدىن قاتتىق رەنجىپ ھەر يەردە كوتۇلداپ يۈرگىنىنى ئاز دەپ، تاجۇ تەختلىرىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن خۇپىيانە ھەرىكەت باشلاپتۇ.

ــ ئوچۇقراق گەپ قىلىڭلار، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇدخان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

ــ ئۇلار خاننى يەڭگۈشلەش قەستىگە چۈشۈپتۇ.

— چوڭ خانزادىلىرى مۇھەممەد سۇلتاننى تەختتە ئولتۇرغۇزۇشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— قىبلىگاھىمىزنى تىزگىنلىيەلمىگەندىكىن كۆزنى خانزادىگە تىكىپتۇ.

— توۋا، بۇ قەبىھلىكنى كۆرمەمدىغان.

— ئۇلار بۇ مۇددىئاسىنى ئەندىجاندىكى ئۆمەر شەيخ مىرزا ئائىلىرىغىمۇ بىلدۈرۈشۈپتۇ.

— ئۆمەر شەيخ مىرزا ئائىلىرى ئۇلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئەشتە قەلئەسىدە تۇرۇۋاتقان سەركەردە ـ لەشكەرلىرىگە بۇيانقۇلى باھادىرنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش كۆرۈش خۇسۇسىدا خۇپىيانە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

— بۇيانقۇلى باھادىر قاتارلىق قىرى ئەمىرلەرنىڭ ئەشتە قەلئەسىدىكى ئەندىجان سەركەردىلىرىگە يازغان خېتى قولىمىزغا چۈشۈپ قالدى.

— ئەندىجان لەشكەرلىرىنى ئەشتە قەلئەسىدىن ۋاقتىدا كەتكۈزۈۋېتىشىمىز كېرەك ئىدى.

— ...

چالا مەست ھالەتتە تۇرغان سۇلتان مەھمۇدخانغا مۇشۇنچىلىك گەپنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلاتتى. ئۇلار تۆھمەتلىرىنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك قىلىش ئۈچۈن ئەشتە قەلئەسىدە تۇرۇۋاتقان ئەندىجان لەشكەرلىرىنىمۇ چېتىۋالغانىدى. چۈنكى، ئۆمەر شەيخ مىرزىنىمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن چوڭ خەۋپ ھېسابلىغانىدى.

سۇلتان مەھمۇدخان بۇ ئەمىرلەرنىڭ گەپلىرىگە بەكلا ئىشىنەتتى. ئۇ بۇيانقۇلى باھادىر قاتارلىق پېشقەدەم ئەمىرلەرنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئوغلى خانزادە مۇھەممەدخاننى تەختكە ئولتۇرغۇزماقچى بولغانلىقىنى، بۇ رىياكارلىقنى يېزنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ قوللاپ، تاشكەنتنى قوغداش ئۈچۈن كېلىپ ئەشتە قەلئەسىدە تۇرۇۋاتقان سەركەردىلىرىگە مەخپىي يارلىق چۈشۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپلا قويدى، ھېلىقى

سۇخەنچى ئەمىرلەر پاكىت تەرىقىسىدە كۆتۈرۈۋالغان ساختا مەك-
تۇپنى كۆرۈپ بېقىشقىمۇ ھەپسىلىسى قالمىدى.

— پەرمان! — دېدى ئۇ كۆزلىرى قانغا تولغان ھالدا، —
خانغا، سەلتەنەتكە ئاسىيلىق قىلىش قەستىدە بولغان ئول مۇنا-
پىقلارنىڭ دەرھال كاللىسى ئېلىنسۇن.

ئۇنىڭ مۇشۇنچىلىك پەرمانى يېتەرلىك ئىدى. بۇ ئىشتىن
مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ خەۋەر تېپىپ خاننى توسۇپ قو-
يۇشىدىن ئەنسىرىگەن بۇ ئەمىرلەر دەرھال پەرماننى ئىجرا قىلى-
دى.

سۇلتان يۇنۇسخانغا ئەگىشىپ نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلىك
جەڭلەرنى قىلغان، تەخت ـ سەلتەنەت ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر ـ
تۆھپە كۆرسەتكەن بۇ پېشقەدەم ئەمىرلەر گۇناھىنىڭ نېمە ئىكەنى-
لىكىنى بىلمەيلا كاللىسىدىن جۇدا بولدى. تاشكەنت تاشكەنت
بولغاندىن بېرى بۇنداق دەھشەتلىك پاجىئە تېخى يۈز بەرمىگەنى-
دى.

سۇلتان مەھمۇدخان بەش نەپەر پېشقەدەم ئەمىرنىڭ كاللى-
سىنى ئالدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلى-
رىنى دەرھال ئەشتە قەلئەسىنى قورشاشقا پەرمان بەردى.

بۇ چاغدا مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا دادىسىنىڭ قېشىدا ئى-
دى.

— سۇلتان مەھمۇدخان ئەقلىدىن ئېزىپتۇ. بۇگۈن سىلىنى
يېنىمغا چاقىرتىۋالمىسام بوپتىكەن، ئىسىت، ـ ئىسىت، — دېدى
بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا لاغ ـ لاغ
تىترىگىنىچە كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — دەرھال خان ئالىي-
لىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ئەشتە قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىش-
تىن توسۇپ قالسىلا، بولمىسا خاتالىق ئۈستىگە تېخىمۇ چوڭ خا-
تالىق سادىر قىلغان بولۇپ قالىدۇ.

شۇ تاپتا ئوغلىنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ ياتقان مۇھەممەد ھەي-
دەر مىرزا سۇلتان يۇنۇسخان قازا قىلغاندىن كېيىن ئوردىدا يۈز

بەرگەن بىر قاتار ئىشلارنى ئەسلەپ چىققانىدى. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىدىن بولسا تېخىچىلا خەۋەر يوق ئىدى.

«ئەمىرزادەم سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنى نېمىتىدىن ياندۇرالارمۇ؟ ئەشتە قەلئەسىدىكى ئەندىجان لەشكەرلىرىنى كۆمەكلىشىشكە ئۆزىمىز چاقىرتقان ئەمەسمىدۇق؟ ئۇلار بىلەن تاشكەنت لەشكەرلىرى تۇتۇشۇپ قالسا قىرغىنچىلىقنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەك تەس. ئەڭ مۇھىمى، خان ئالىيلىرى بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزا ئالىيلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق مېھرىگە دەز كېتىدۇ. بەلكىم شول سەۋەبتىن دۈشمەنلىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىسى تېخىمۇ خەتەرلىك. نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىپ باردۇ ـ ھە؟ سۇلتان مەھمۇدخانمۇ ئەزەلدىن ئۆزۈمچى، تەكەببۇر، ئالدىراڭغۇ ئىدى، جاسارىتى بولغان بىلەن پاراستى كەم ئىدى. جەننەتماكان سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى بۇ ئەمەستىغۇ؟ ئىسست بۇيانقۇلى باھادىر... خان ئالىيلىرى نېمانچە ئەقىلسىزلىق قىلغاندۇ ـ ھە؟! بايا ئەمىرزادەم بىلەن خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا بىللە بارسام بوپتىكەن. قانداق قىلسام بولۇر ئەمدى...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىرپەس كۆزىنى يۇمۇپ ياتقاندىن كېيىن بىردىنلا كۆزىنى ئاچتى.

«توغرا، ئوردىدىكى ئەھۋالدىن خانىش ئايىملارنى خەۋەرلەندۈرەي. خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىم خان ئالىيلىرىنى گەپكە كىرگۈزەلەيدۇ. ھەرقانچە بولسىمۇ خان ۋالىدەلىرىنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلاپ قالار. ھەي... بۇ ئەقىل كاللامغا نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق كەلمىگەندۇ. ئۇلار ھەرەمدە بولغاچقا، بۇ پاجىئەدىن خەۋەرسىز قالدى ھەقچان. لېكىن ھازىر چاپارمەن ئەۋەتسەم، بۇ ۋاق بولغاندا ھەرەمگە قانداقمۇ كىرەلىسۇن؟ ھەرەمنىڭ دەرۋازىلىرى نامازشام بىلەن تەڭ تاقىلىدىغان تۇرسا... ئى قۇدرەتلىك تەڭرىم. ھەر بالا ـ قازادىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن...»

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كىچىكچە كىرپىك قاقماي چىقتى. تاڭنىڭ تېزرەك ئېتىشىنى تىلەيتتى. تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ھەرەمگە چاپارمەن ماڭدۇرۇپ، ئىككى خانىشنى ئوغلىغا نەسىھەت قىلدۇرۇشقا ئالدىرايتتى.

ناھايىتىمۇ ئەپسۇسكى، تاڭ ئاتماي تۇرۇپلا ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى.

ھەئە، تۇيۇقسىز قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان ئەندىجان سەركەردىلىرى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قەلئەنى تاپشۇرۇپ ئەندىجانغا قايتىپ كېتىش تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلغان ۋە ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن پەرمان بولمىغۇچە ئەشتە قەلئەسىدىن ھەرگىز ئايرىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەنىدى. بۇ جاۋابنىڭمۇ ئاساسى بار ئىدى. چۈنكى، ئۇلار سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەمەس، ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ پەرمانىنى ئېتىراپ قىلاتتى. قائىدە بويىچە سۇلتان مەھمۇدخان بۇ تەلەپنى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا قويۇشى كېرەك ئىدى. تەختتە ئولتۇرغاندىن بېرى خالىغىنىنى قىلىپ كۆنۈپ قالغان سۇلتان مەھمۇدخانغا بۇ جاۋاب تولىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇ ئاشۇ ئاچچىقتا تۇرغان ۋاقىتتا مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا يېتىپ كەلگەنىدى.

ــ ئالدىراقسانلىق قىلمايلى، ھەرنە ئىش بولسا ئاۋۋال تەھقىقلەپ كۆرۈپ...

سۇلتان مەھمۇدخان مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ گېپىنى قوپاللىق بىلەن بۆلۈۋەتتى:

ــ بولدى ئادىشىم. بۇ ئىشنىڭ تەھقىقلىگۈچىلىكى قالمىدى. ئۇل ئەندىجان سەركەردىلىرىنىڭ قورسىقىدا جىن بولمىسا، ماڭا بۇنچىلىك سەركەشلىك قىلىشقا پېتىنالارمىدى، ــ غەزەپلەنگەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ كۆزلىرىگە قان تولغانىدى. ئۇ سەركەردىلىرىگە قاراپ قولىنى شىلتىدى، ــ ھۇجۇم قىلىڭلار. ئۇل سەركەشلەرگە قىلچىلىك رەھىم ـ شەپقەت قىلماڭلار.

مۇھەممەد ھۇسەيىن مىرزا ھۇجۇمغا ئۆتكەن سەركەردە ـ

لەشكەرلەرنى توسۇشقا ئامالسىز قالدى. ئەندىجان لەشكەرلىرى جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ لەشكەرلەرگە تەڭ كېلەلمىدى. جەڭ ئەندىجان لەشكەرلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇلار تامامى دېگۈدەك قىرىلىپ كەتكەنىدى.

بۇ قىرغىنچىلىقتىن ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن خەۋەر تاپقان خانىش ئىسان دۆلەت خېنىم بىلەن شاھ بېگىم سۇلتان مەھمۇدخاننى بىر ھازا ئەيىبلىگەندىن كېيىن يامانلاپ ئەندىجانغا كەتتى.

كۇتۇلمىگەن بۇ پاجىئەدىن كېچىكىپ خەۋەر تاپقان ئۆمەر شەيخ مىرزا قېيىنئىنىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قىلغان بۇ ئەقىلسىزلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەندى. ئەمما ئۇنى ئەدەپلەش ئۈچۈن تاشكەنتكە لەشكەر تارتىشقا ئامالسىز قالدى. چۈنكى، ئەشتە قەلئەسىدە قىرىلىپ كەتكەن ئاشۇ بىر تۈمەن لەشكەر ئۇنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىدا تۈزۈك لەشكىرى قالمىغانىدى. ئىلاجسىز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ غەلىبىسىدىن ئۆزىنى جاھاندا تەڭداشسىز ھېسابلىغان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتكەنىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور : ئابلىمىت بارى
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

ياسىنجان سادىق چوغلان

# باھادىرنامە (4)

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013
تېلېفون نومۇرى : 010ـ64290862
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ شېڭتۇڭ باسما چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2010ـ يىل 8ـ ئايدا 1ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2014ـ يىل 3ـ ئايدا بېيجىڭدا 6ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 1230×880 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 13.375
باھاسى : 45.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-11012-4/I.2195（维317）

图书在版编目(CIP)数据

诸王传.4：维吾尔文/亚生江·沙地克著.—北京：民族出版社，2010.7（2014.3重印）
ISBN 978-7-105-11012-4

Ⅰ.①诸... Ⅱ.①亚…Ⅲ.①历史小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第130125号

责任编辑：牙库甫
责任校对：阿布力米提·巴日
封面设计：艾克拜尔·萨力赫
出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街14号 邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京盛通印刷股份有限公司
版　　次：2010年8月第1版 2014年3月北京第6次印刷
开　　本：880×1230毫米 大32开
印　　张：13.375
定　　价：45.00元

ISBN 978-7-105-11012-4/I.2195（维317）